ئۇيغۇر ۋەزىيىتىگە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى




# ئۇيغۇرلار
# دوچ كېلىۋاتقان قىسمەتلەر

(ئىككىنچى كىتاب)

2018-يىلى، ئىيۇل

# بېغىشلىما

بۇ كىتاب 3000 يىللىق يىلتىزى بار، ئورتاق نىيەتتە تىرىشىسلا يەر شارىدا يەنە مىڭ يىللاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان بىر مىللەتكە بېغىشلاندى. بۇ مىللەتنىڭ ئىسمى ئۇيغۇر.

ماقالە ئاپتورلىرىدىن
2018-يىلى ، ئىيۇل

# كىرىش سۆز

2018-يىلى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە  زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن باشقىچە بىر يىل بولدى....2018-يىلى ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ئەڭ ئېغىر زۇلۇم سىياسىتى داۋاملىشىۋاتقان ، دۇنيادا بولسا دېموكراتىك تۈزۈملەر كەسكىن سىناقلارغا دۈچ كېلىۋاتقان بىر يىل بولغان بولسىمۇ، مەيدانغا كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ئۈمىدلەرنى ئۈزۈپ قويمىدى.

2018- يىل بارلىق ئۇيغۇر خەلقى تارىختىكى ئەڭ ئېغىر مۇسىبەتكە مۇپتىلا بولغان، تارىختىكى ئەڭ ئېغىر ئازاب – ئوقۇبەت ۋە زۇلۇملارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان، بولۇپمۇ خىتاينىڭ دۆلەت تېررورلۇقى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنى يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن قىلغان جىنايىتى پەللىگە چىققان بىر يىل ئىدى. بۇ يىل يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى ناتىسىت لاگېرلىرىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ خورلانغان يەھۇدىي خەلقىنىڭ كۆلپەتلىك قىسمەتلىرىنى تارىخنىڭ يېڭى بېتىدە قايتا نامايان قىلغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ غەزىپى ۋە قارغىشى، شۇنداقلا جازالىشىغا مۇيەسسەر بولغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىيەتكە خىلاپ جىنايەتنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدە يۈرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ تىنچلىق دەۋرىگە ھاقارەت ئېلىپ كەلگەن بىر يىل بولدى. شۇنداق،  تارىخىي جىنايەت بۈگۈنكى تىنچلىق دەۋرىدىمۇ قايتا  تەكرارلاندى ھەم داۋاملىشىۋاتماقتا........

پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى مىللەت سۈپىتىدە مانا مۇشۇنداق كەڭ كۆلەملىك ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى بۇ ئېغىر كۈنلەردە ھەممىمىزنىڭ ئويلاشقا تېگىشلىك بولغىنى پەقەت بىرلا ئىش، ئۇ بولسىمۇ خىتايغا قارشى تۇرالايدىغان بارلىق يوللار بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە خەلقىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش يوللىرى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش.

خىتاي ھاكىمىيىتى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىشغالىيىتىگە ئالغان 68يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ  زېمىنلىرىنى، بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلغان، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغان، ھەتتا مىللەت سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشتەك رەزىل نىيىتىنى ئاشكارا سىياسەتلىرى بىلەن نومۇسسىزلارچە پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزىدىلا ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن بىر مىللەتنى بارلىق ئىنسانىي ھەق – ھوقۇقلىرىدىن ئايرىپ ، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ، خالىغىنىچە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان قىلمىشلىرى دۇنيا جامائىتىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، نارازىلىقىغا سەۋەب بولسىمۇ، ھەتتا  خەلقئارا جامائەت تەرىپىدىن ئەيىبلەنسىمۇ،ئىنسانىيەت تارىخىدىكى خاتالىقلارنى تەكرارلاپ، جىنايىتىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھىيلىگەر ۋە نومۇسسىز دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، خەلقىمىزنى نۆۋەتتىكى ئېغىر كۈنلەردىن قانداق قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئالدىمىزدا ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا .

<ئۇيغۇرلار دۈچ كېلىۋاتقان كرىزىسلار>ناملىق كىتابىمىزنىڭ 2-قىسمىدا نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر دەۋا قوشۇنى دۈچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەر ۋە  ھەل قىلىش چارىلىرى ھەققىدىكى تەكلىپ، قاراشلار،  شۇنداقلا دەۋاغا ئالاقىدار ئىزدىنىشلەر ھەققىدىكى نادىر  ئەسەرلەر جەملەنگەن بولۇپ، بۇ ماقالىلەر خەلقىمىزنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش، ئۆزىنى چۈشىنىش ، دەۋايىمىزدا ساقلىنىۋاتقان نۇقسانلار ھەققىدە بىر قەدەر روشەن بولغان چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىش ، باشقىلارنىڭ دەۋايىمىز ھەققىدىكى قاراشلىرى،باھا ۋە تەكلىپلىرى، ئۇيغۇرلار بىر قەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ئۇنىڭ شۇ دۆلەتلەردىكى

ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى، دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە ئۇنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دۈشمەننى تونۇش ۋە ئۆزىمىزنى بىلىش. ئۆزىمىزدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىش ۋە پىكىر قىلىش. ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئېنىق تونۇش ۋە تۈزىتىش، ئارتۇقچىلىقىمىزدىن ياخشى پايدىلىنىش. سىياسىي دەۋا قىلىۋاتقان بىر مىللەت سۈپىتىمىزدە، بار كۈچىمىز بىلەن سىياسىي دەۋاغا ئارىلىشىش، سىياسىي ۋەزىيەتنى چۈشىنىش، كۆزىتىش ھەمدە تەھلىل قىلىش، شۇنداقلا دۇنيا ۋەزىيىتىدىن ئۆزىمىزگە پايدىلىق پۇرسەتلەرنى تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتۇر.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنىڭ روياپقا چىقىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان بارلىق ئىش ئىگىلىرىگە، نادىر ماقالىلەر بىلەن تەمىنلىگەن بارلىق ئەسەر ئىگىلىرىگە چوڭقۇر رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورلىرى ۋە باشقا تۆھپىكارلىرىدىن

2018-يىلى 8-ئاينىڭ 5-كۈنى

## مۇندەرىجە

ئۇيۇشۇش- مەڭگۈلۈك چاقىرىق ........ 1
مىللى سەزگۈرلىگىم يۇقۇرى دەۋاتقان جاناپلارغا ئىككى كەلىمە سۆز ........ 4
قۇربانلىقا يارالغانمىدىڭ، ئاچا! ........ 7
بىلىم- بىزنى ئازاد قىلىدىغان كۈچ........ 9
مۇستەقىللىق بىزدىن قانچىلىك يىراقتا؟ ........ 10
مىللىي مۇستەقىللىق ئۇيغۇرلاردىن قانچىلىك ئۇزاقتا؟ ........ 18
داۋايىمىزدا ئورتاق مەنزىل ........ 22
بۈگۈنكى مەۋجۇتلۇقىمىزنى چۈشىنىش........ 24
بىرلىك -ئىتتىپاقلىق  مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى ........ 28
نورۇز ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمى ........ 30
مۇسۇلمان خانىم - قىزلار قانداق ئورۇنۇشى كېرەك؟ ........ 32
بىر ئاۋاز بىر قەدەم نامايىشىدىن ئالغان تەسىراتىم ۋە تەكلىۋىم ........ 41
مۇراجەتنامىدىن تۇغۇلغان ھېسلار ........ 46
مۇراجەتنامىلەر نېمە ئۈچۈن موھىم؟........ 47
ئىستانبۇلدىكى قارا چۈمبەللىك  ئاچا-سىڭىللارغا سەمىمى تەكلىپ........ 48
بىر ئاۋاز، بىر قەدەم، بىر ھىكمەت........ 53
مىدىيالاردا بىز ........ 60
خىتاي زۇلۇمىغا ئۇچراش ھېكايىلىرىمىزنى چەت ئەل تىلىدا سۆزلەش ئىنتايىن مۇھىم ........ 67
ئىسلام، ئىسلامىزم ۋە ئىسلام مىللەتچىلىكى........ 69
بىر قېتىملىق نامايىش تەغدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ........ 83
مۇراجەتنامىلەر نېمىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؟........ 86
«يۇمشاق نامايىش» ۋە ئۇيغۇر داۋاسى ........ 89
تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (1)........ 95
تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (2)........ 99
تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (3)........ 105
تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (4)........ 109
بىز تېخىچە ھېسسىي مىللەتمۇ؟........ 114
سىياسىي پائالىيەتلەردە ئوبراز قۇرۇلۇشى........ 119
نامايىش: ھاياجان ۋە قىزغىنلىق........ 128
بىر گوللاندىيەلىك بىلەن بولغان قىسقىچە سۆھبەت ........ 134
ئانامنىڭ خېتى........ 136
قۇرئاندا مىللەت ۋە ئۈممەت........ 143
خەلىپە ۋە خەلىپىلىك........ 146
ئىمان ۋە ۋەتەن ........ 148

كۇردىستاندىن تۈركىستانغا نەزەر ........................................................ 152
ئۆزگىرىش ئىچىدە چىكىنىش(1) ......................................................... 160
ئۆزگىرىش ئىچىدە چېكىنىش(2) ......................................................... 162
تۇيۇق يولغا قايتا نەزەر ........................................................................ 165
"قوش مەسجىد" ................................................................................ 169
ھەسەن مەخسۇمدىن ئابدۇقادىر ياپچانغىچە ............................................. 173
ھىسسىي ئۆچمەنلىك، ئەقلىي مۇھەببەت............................................... 187
سۈرە رۇم ۋە ئۇيغۇرلار ......................................................................... 194
قەينۇقا غازىتى ۋە ئۇيغۇرلار.................................................................. 199
خىتايلار يوشۇرغان تارىخ -1.................................................................. 205
خىتاي يوشۇرغان تارىخ -2..................................................................... 209
دۈشمەن كىم؟................................................................................... 213

# ئۇيۇشۇش- مەڭگۈلۈك چاقىرىق

**مەشئەل گۇرۇپپىسى**

2018-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى

بىر ئىشنى ئويلىيالىغان ۋە ئۇنى قىلالىغان ئادەم مەقسەتكە يېتەلەيدىغان ئەركىن ئادەم بولىدۇ. بىر ئىشنى ئويلىيالىغان لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىغان ئادەم مەقسىدىگە يېتەلمەيدىغان ئۈمۈتسىز ئادەم بولىدۇ. بىزدە ھەممە ئادەم ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆملۈكنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ ئەمما بەزى ئادەملەر دېگىنىگە ئەمەل قىلمايدۇ ياكى ئۆز قىلمىشىنى بىلمەيدۇ. بىزدەك ئىتتىپاقلىققا ۋە ئۆملۈككە شۇ قەدەر مۇھتاج بىر خەلقنىڭ بۇ قەدەر كۆپ ئىختىلاپ قىلىشىمىز ئەقىلگە سىغمايدۇ. بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن پاجىئە ۋە بالا-قازا شۇ قەدەر چوڭ ئىكەنكى، ئۇنى ھەقىقى بىلگىنىمىزدە ھەممىنى تاشلاپ خىتايغا قارشى بىرلىشەتتۇق. ۋەتەندە تۈرمىگە ئازاب چېكىۋاتقانلارنىڭ ئازابلىرىنى تەسسەۋۋۇر قىلىمىز، ئەمما بىلمەيمىز. لاگىرلاردىكى خورلۇقلارنى ئاڭلىدۇق، كۆرمىدۇق. شۇڭا ھەرزامان نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەندە دۇشمەن بىر يەردە قېلىپ بىر بىرىمىزنى تالاۋاتىمىز. 5-ئىيۇل قىرغىنچىلىقىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە خىتاي دېموكراتلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆي بېسىپ تۇتىۋاتقان بىر سىنئالغۇ خاتىرىسىنى كۆرۈپ ھەممىمىزنىڭ دېمى ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.بىز ئۇ ئىشلارنى ئويلىغان، ئاڭلىغان، تەسسەۋۋۇر قىلغان ئەمما كۆرمىگەن. كۆرگەن ئەنە شۇنداق يامان بولىدىكەن، كۆرۈپ قايتا ئويغانغاندەك بولغان ئىدۇق. شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەتەندە ھازىر بولىۋاتقان زۇلۇملارنى بىز بەك چەكلىك دائىرىدىلا بىلىمىز، ھەقىقى ئەھۋالنىڭ قانچىلىك ئېچىنىشلىق ۋە ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. خىتاي ۋەتىنىمىزدىكى تۈرمىلەردە ۋە يېپىق لاگىرلاردا بولىۋاتقان جىنايەتلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىنى 100% كوترول قىلىپ بولدى. بىز ۋەتەندىكى زۇلۇمنى ھېس قىلالايمىز لېكىن كۆرەلمەيمىز. بىر بىرىمىز بىلەن ئەرزىمەس ئىشلار ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، بىر باشچى يەنە بىر يېتەكچىنى ھاقارەتلەۋاتقان چاغدا، بىر گۇرۇھ يەنە بىر تەشكىلاتنى ئەيىپلەۋاتقان پەيتتە ۋەتەندە نەچچە يۈزلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۈرەك ۋە بۆرەكلىرى سۇغۇرۇۋېلىنغان بولىدۇ، نەچچە مىڭ قېرىندىشىمىز يېڭىدىن تۇتۇلغان بولىدۇ، نۇرغۇن قىز -ئاياللىرىمىز دەپسەندە قىلىنغان بولىدۇ.

ۋەتەندىكىلەرنىڭ بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئەركىن دۇنيادىكى قېرىنداشلىرىدىن ئەڭ كۈتىدىغان ئىشى بارلىق ئىختىلاپ ۋە تالاش-تارتىشنى قايرىپ قويۇپ خىتايغا قارشى بىرلىشىش ۋە ۋەتەندىكىلەرنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئورتاق نىشانى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتۇر. بىزنىڭ مىللىتىمىز بىر، تىلىمىز بىر، ۋەتىنىمىز بىر، دىنىمىز بىر، بايرىقىمىز بىر، دۈشمىنىمىز بىر، يەنە نېمە ئۈچۈن پېتىشمايمىز. بىزنى بىرلەشتۈرۈشكە سەۋەب بولىۋاتقان ئىشلار بىزنى ئىختىلاپ قىلىشقا سەۋەب بولىۋاتقان ئامىللاردىن تولىمۇ بۈيۈك ۋە يۈكسەك ئىشلاردۇر. تارىخنى بىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى بىر خاتالىقنى يەنە سادىر قىلماسلىق ئۈچۈندۇر.

گەرچە بىزنىڭ بەزى جەھەتلەردىن پەرقلىرىمىز بولسىمۇ بىز يەنىلا بىر مىللەت،بىز ئۇيغۇرلار. بىز دۈشمەن ئەمەس قېرىنداش.بىزنىڭ بىر بىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈش مەجبۇرىيىتىمىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى بىر بىرىمىزگە ئەپۇچان بولۇش ۋە ئۆز-ئارا ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھەققىمىزمۇ بار.

ئۇيغۇرلاردىن ئۆز دۆلىتىنى ئازاد قىلىش ئىرادىسى بولغانلار شۇ مەقسەتكە يېتىدۇ. بىز چوقۇم ئۆز تۇپرىقىمىزدا

ئەركىن ياشاپ، ئۆز ئۆيىمىزدە خاتىرجەم كۆز يۇممىمىز. بۇنىڭسىز ھاياتىمىزنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. بىز ئەركىنلىككە ئېرىشىشىمىز بىلەن دۇنيا تېخىمۇ ئازاد بولىدۇ، دۇنياغا تېخىمۇ گۈزەل نەرسىلەر قوشۇلىدۇ. بىزنىڭ بۈيۈك غەلبىمىز بىلەن دۇنيا تېخىمۇ سەلتەنەتلىك بولىدۇ. بىزنىڭ ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن ھەر بىر

تىرىشچانلىقىمىز دۇنياغا ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلار سۈپىتىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىدۇ.

خىتاي بىزنى ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىدىن مەڭگۈ يوقۇتۇش ھەرىكەتلىرىنى ئاللاقاچان باشلاپ بولدى. كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى پارچىلاپ بىر بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئىشپىلانلىرى باشلىنىپ بولدى. خىتاي بىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك نۇقتىمىز بولغان ئىتتىپاقلىقىمىزغا ئەڭ ئاجىز بولغان ھالقىمىز ئەقىلسىزلىك ۋە مەنمەنلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەقىل ئىشلەتمەي، ئويلانماي بىردەملىك ھېسسىياتى ۋە مەنمەنلىكىنى يېڭەلمىگەن شەخسى غورۇرى بىلەن ئىش قىلىدىغانلار ئۆزلىرىمۇ بىلمەي خىتايغا ياردەمچى بولۇپ قالىدۇ. ئىجتىمائى ئالاقە قوراللىرى كەڭ ئومۇملاشقان ، دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار ئاسانلا ئۇيۇشالايدىغان قولايلىق شارائىتلاردا خىتاينىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە ئادەملىرىمىزدىكى ئىللەتلەر بىزگە ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئاداۋەتلەرنىڭ يېڭى شەكىللىرىنى ئېلىپ كەلمەكتە. ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائى تاراتقۇلار ئارقىلىق قالايمىقانچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلگەن ھەر بىر ئادەم خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىجتىمائى تاراتقۇلار ئارقىلىق ئۇرۇشقا سالالايدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە ھۇشيار بولۇشى كېرەك. بىر بىرىمىزنى ساتقىنغا، خائىنغا چىقىرىش بىر بولسا ئەقىلسىز كىشلەرنىڭ، يەنە بىر بولسا ئەقىدە-ئىمانسىز كىشلەرنىڭ ئىشى. ئەقلىمىز ۋە ئىمانىمىز بىزنى بىر ئىشقا ھۆكۈم چىقىرىشتا ئوبدان ئېنىقلاپ بېقىشقا بۇيرۇيدۇ.

بىزنىڭ بىر بىرىمىزگە ئىشەنمەسلىكتىن تارتىدىغان زىيانلىرىمىز بىر بىرىمىزگە ئىشەنگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان ئېھتىمالەن زىيانلاردىن ھەسسىلەپ چوڭ بولىدۇ. مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنىڭ كاپالىتى بىزنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىمىزنىڭ قانچىلىك كۈچلۈكلىكىگە باغلىق.

دۇنيادا بىزگە ئوخشاش بۈيۈك ئەجدادلىرى ۋە شانلىق تارىخى بولغان مىللەتلەر كۆپ ئەمەس. بىز شەرقى تۈركىستاندىن، تارىم ۋە ئالتاي تۇپراقلىرىدىن كۆكلىدۇق. تارىختا دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقالدۇق. بۈگۈن ھالا شۇ تۇپراقلاردا ياشىماقتىمىز. ئۆزىمىزنىڭ شۇ شانلىق تارىخىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىمىزنى، بۇ بۈيۈك مىللەتنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىمىزنى ، بۈگۈنكى بۇ ئۇلۇغ تارىخى كۆرەشنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەنگەن چېغىمىزدا دۇنيادا بىزگە قارشى تۇرالايدىغان ھېچبىر كۈچ بولمايدۇ. بىز ئادالەتپەرۋەر ۋە جەسۇر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھەرقانداق يەردىكى ، ھەرقانداق زۇلۇمغا قارشى سۈكۈت قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىز ئادالەت تەرەپتە تۇرىمىز. تەرەپسىزلىك پەقەت زالىملارغا ياردەم بېرىدۇ، ھەرگىزمۇ ئېزىلگۈچىلەرگە ئەمەس.

بىز باشتىن كەچۈرىۋاتقان ئىختىلاپلار ۋە ئىتتىپاقسىزلىقلارنى بىزنىڭ ھالىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرمۇ باشتىن كەچۈرگەن. ئۆز خەلقىنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى ۋە نادانلىقىدىن باشقىلارمۇ زارلانغان، ئازاپلانغان. گېرمانلارنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى گيوتې " گېرمان خەلقىگە قارىسام كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. شەخس سۈپىتىدە قارىسام خېلى ئېسىل كۆرۈنىدىغان ئادەملەر بار، ئەمما مىللەت سۈپىتىدە تولىمۇ بىچارە. گېرمانلارنى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغان چېغىمدا ھەر كۈنى دېگۈدەك مېنى قىينايدىغان ئازابلارنى ھېس قىلىمەن." دېگەن.

ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە دۆلەت ئاتىسى تېئودۇر ھېرزل يەھۇدىلارنىڭ قالاقلىقى ۋە چېچىلاڭغۇلۇقى ھەققىدە توختالغاندا " بىز يەھۇدىلار قالاقلىقتىلا، يولنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا قالدۇقلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپادىكى ئىنسانلارنىڭ قېنىنىمۇ بۇلغىۋەتتۇق. يەھۇدىلار بارلىق ئىرقلارنىڭ داشقاللىرىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن كەلگەن. " دېگەن.

بۈگۈنكى كۈندە گېرمان ۋە يەھۇدىلارنىڭ قانداق كۈچلۈك ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. باشقا مىللەتلەر ھەل قىلالىغان مەسىلىلەرنى بىزمۇ ھەل قىلالايمىز. بارلىق كۈچ- قۇۋۋەت، ئەقىل -پاراسەت، ۋە بايلىق ئۆز ھۇجۇدىمىزدا. شەرقى تۈركىستاندا بايلىق ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ئەڭ زور بايلىق ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئادەملىرىمىز، ئۇيغۇرلاردۇر.

**مەشئەل گۇرۇپپىسى تەييارلىغان 11 پارچە مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويۇپ بېرىڭ:**

https://www.change.org/search?q=Torchlight%20Uyghur%20Group&lang=en_US

**ئىمزا قويۇش ئۇسۇلى:**

http://www.freedomsherald.org/ET/cmp/Imza_qoyush.mp4

رەھمەت!

# مىللى سەزگۈرلىگىم يۇقۇرى دەۋاتقان جاناپلارغا ئىككى كەلىمە سۆز

## كاسسىنى(cassini)

مىللى سەزگۈرلۈك دىگەن نىمە؟ مىللى سەزگۈرلۈك دىگىنىمىز ھىسسى ۋە ھاياجاندىن شۇنداقلا قۇرۇق شۇئارۋازلىقتىن خالى، ئەقلىنى تەدبىر ئۇچۇن ئىشلىتىش، ئۆزىنىڭ ئورنىنى، دۈشمىنىنىڭ ئورنىنى، ئۆزىنىڭ كۈچىنى، دۈشمىنىنىڭ كۈچىنى، خەلقارا سەھنىلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سەھنىلەرنىڭ قەيىردە ئىكەنلىگىنى ھەرۋاقىت ھۇشيارلىق بىلەن مۆلاھىزە قىلىپ تۇرۇش ۋە تەدبىر ئېلىش مىللى سەزگۈرلۈك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۆزىنىڭ مىللى كىملىگى ھەققىدە يەنى قايسۇ دىنغا ئەتىقات قىلىدىغانلىغى، دۈشمىنىنىڭ كىملىگى، تۇققانلىرىنىڭ ياكى قەرىنداشلىرىنىڭ كىملىگى ھەققىدە بەك جىق داۋراڭ سالماسلىقمۇ مىللى سەزگۈرلۈك جۈملىسىدىندۇر. مىللى سەزگۈرلىك دائىرسگە كىرىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىنچىكە ئامىللار بولۇشى مۈمكىن بۇ ھەقتە ئىزدىنىدىغان دوستلار بولسا تولۇقلىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

ئىجدىمائى تاراتقۇلاردا، ئۆزىنى مىللى سەزگۈرلىكىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسى دەپ قارايدىغان بەزى لىكسىيەچىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار مىللى سەزگۈرلۈك ھەققىدە ئالغان مىساللىرىدا، بۇندىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئامېركىدا ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنى دىموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلەش كۇرسىدا يۈز بەرگەن، بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ قولىدىكى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىغىمىزنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشى ۋە يەنە بىر ئېنگىلىز ئايالنىڭ ئۇنى ئەخلەتكە تاشلىۋېتىشى ۋەقەسى ھەققىدە ئۇزۇن توختۇلىدۇ. بۇ مىللى سەزگۈرلىگى يۇقۇرى لىكسىيەچىنىڭ مۆلاھىزىسىچە بولغاندا، ئۇ ئەنگىلىز ئايال بايرىغىمىزنى ئەخلەتكە تاشلىۋەتكەن زامات ئۇيغۇر ئاياللىرى دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەي.......ئۇيغۇر ئاياللىرى بايرىغىمىز دەپسەندىچىلىككە ئۇچۇردى، جورۇڭلار كېتىمىز، بۇنداق يىغىنغا قاتناشمايمىز دەپ يىغىننى تەرك ئېتىشى ۋە كوڭۈلسىزلىك چىقىرىشى كەرەكمىش مانا مۇشۇنداق قىلىش ئۇيغۇرلار ئۇچۇن مىللى سەزگۈرلىكنىڭ يۇقۇرى پەللىسىمىش . بۇ مىسالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال كاللامغا كىچىك ۋاقتلىرىمىزدا مەھەللىلەردە بولىدىغان توي تۆكۈنلەردىكى، «مەن ئوغۇلنىڭ ئانىسى تۇرسام مېنىڭ پەتىنىسمگە سالغان ناۋات كىچىك بوپ قاپتۇ، ياكى پەتنۇسۇمدىكى كەمپۈتۈمنىڭ سانى ئاز بوپ قاپتۇ بۇ مېنى كوزگە ئىلمىغانلىق» دەپ يامانلاپ توينى بۇزىدىغان، ھەممە خوشاللىق ۋە ئارزۇ ئارمانلارنى كۆللىدە -چۆللىدە قىلىپ بىر ئۆمۈر خەقتىن قەيداپ، زارلاپلا ياشايدىغان بىچارە ساددە، جىدەرخور مەنمەنچى، باشقىلارنىڭ نىمە ئويلايدىغىنىنى قىلچە نەزەرگە ئالمايدىغان، جاھىل قەيىنى ئانىلار كەلدى. بۇنداق دىگەن ۋاقتىمدا، ئاتالمىش بۇ مىللى سەزگۈرلىگى يۇقۇرى جاناپلار ماڭا، «بۇ دىگەن قىممەتلىك بايرىقىمىز، بايرىقىمىزنى ناۋات بىلەن سېلىشتۇرما قىلما» دەپ، تۈركچە ئەيتقاندا «دۈيغۇ سۆمۈرگىسى» قىلماقچى بولىدۇ.

ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئايالنىڭ، ئۆزىنىڭ قولىدىكى قىممەتلىك بايراقنى ئوڭشاپ تۇتالماسلىغى ۋە يەرگە چۈشۈرۋېتىشى، شۇ ئايالدىكى مىللى سەزگۈرلىكنىڭ نۆل ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ. بايراق قوللاردا لەپىلدىگىنى ۋە كۆكلەردە جەۋلان قىلغانلىغى بىلەن بايراق. ئۇ يەرگە چۈشكەن زامان ئۇ بىر ئەخلەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئاددى ھەقىقەتنى ياخشى بىلگەن ئەڭىلىز ئايال، بۇ بايراقنى ئەخلەت چېلىگىگە تاشلىۋەتكەن. ئەمما ئارىمىزدىكى ساختا مىللى سەزگۈرلۈك تونىغا ئورۇنۇۋالغانلار، بولغان خېمىرنى قايتا چايلەپ ئارقىغا ياندۇرۇش ھىلى مىكرىنى قوللۇنۇپ، بايرىغىمىزنى ئەخلەتكە تاشلىۋەتتى دىگەن بىر ساختا «دۈيغۇ سۆمۈرگىسى» پەيدا قىلىپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى چەچىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر داۋاسىنى خەلقارانىڭ سەھنىسىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش، دۇنيانىڭ ھەرقانداق ئىشىگىنى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئەچىلماس قىلىۋەتىش ئويۇنى ئوينىماقتا .

يەنىمۇ چوڭقۇر مۆلاھىزە قىلغان ۋاختىمىزدا، ئەگەر مىللى سەزگۈرلىگى يۇقۇرى بىر ئادەم، بايرىغىغا، ۋەتىنىگە

ۋە مىللىتىنىڭ ئار نۇمۇسىغا دەخلى تەرۇز يەتكەن ھالەتتىمۇ، خەلقارالىق ئۇ سەھنىنى قەيداپ ياكى يامانلاپ تەرك ئەتمەيدۇ. بەلكى لىۋىنى چىڭ چىشلەپ، بايرىقىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ ۋە بۇ سەھنىلەرگە تارختىكى ھەرقانداق بىر ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئەھتىياجىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزى ۋە بايرىقىنى بۇ سەھنىلەردە تەخىمۇ تونۇتۇشى كەرەكلىكىدىن ئىبارەت ئاچچىق تەجربە ساۋاقىنى يەكۈنلەيدۇ. كۆرەش دەل مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر داۋاسى دەل مۇشۇ يەردە مىللى سەزگۈرلىككە ھاملدار بولغان بولىدۇ. مىللى مۇستەقىللىقنىڭ ئاچچىق تولغىقى دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

خەلقارا سەھنىلەر، دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆۋلەتلەر، خۇددى تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئوركەش ياساپ ئەقىۋاتقان بىر ئەزىم دەرياغا ئوخشايدۇ. بۇ ئەزىم دەرياغا سىز تاش ئاتىسىڭىزمۇ، ھەتتا تاغنىڭ ئۇستىدىن يوغان قورام تاشلارنى دۇمۇلتىۋەتسىڭىزمۇ، قەيدىسىڭىزمۇ، تۈكۈرسىڭىزمۇ ھەتتا نىجاسەت تۆكسىڭىزمۇ بۇ ئەزىم دەريانىڭ بىر پاي كارى يوق ئۆز مەنزىلىگە قاراپ ئوركەشلەپ ئاقىۋېرىدۇ. سىز ئۈچۈن ئىككى يول بار. بىرى بۇ غايەت زور ئەزىم دەرياغا ئەتىلغان چاۋا چاتقال بولۇپ، شامالنىڭ كۈچى بىلەن دەريانىڭ گىرۋەكلىرىدە مەڭگۈلۈك لەيلەپ قالىدىغان ئەرزىمەس نەرسە بولۇش، ئىككىنجىسى قانداق قىلىپ بۇ ئەزىم دەرياغا قوشۇلۇپ ئېقىشنى بىلىش ۋە بۇ ھەقتە ئىزلىنىش . مانا بۇ ھەقىقى مىللى سەزگۈرلۈك. مىللى سەزگۈرلىكتە قەيداش بولمايدۇ. مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر پەقەت ئۆزىنى ئۇرۇشلا مەۋجۇت.

سىز ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان ھەممە نەرسە باشقىلار ئۈچۈن قىممەتلىك بولماسلىقى مۇمكىن. كوپ ھاللاردا سىز قىممەتلىك دېگەن نەرسىلەرنى خەلقارا سەھنىلەر رەت قىلىشى، مازاق قىلىشى، كۈلىشى، ھەتتە سىز ئىسمىنى مۇقەددەس بىلىپ قەلبىڭىزدە ساخلايدىغان ئۇ ۋەتەنىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا ئۇلار بۇ قەيەر؟ دەپ سورىشى، سىزنىڭ بۇ ئىسمىنى دۇنيا سەھنىسىگە چۈشەندۈرىشىڭىز ئۈچۈن، پۈتۈن ھاياتىڭىز يەتمەسلىگى، ھەتتا بىر قانچە ئەۋلاتنىڭمۇ ھاياتى يەتمەسلىگى مۇمكىن. سىز قەدىرلەيدىغان ئۇ بايراق پەقەت سىز قەدىرلىگەنلىگىڭىز ئۈچۈنلا بايراق، ئەمما باشقىلار ئۈچۈن بىر ماتا پارچىسى خالاس. قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىزنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەجىر، سەبىر، تاقەت ۋە مېھنەت كۆرەش دەپ ئاتىلىدۇ. ھە دېگەندە خەلقارا سەھنىلەرنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ بارماي تۇرۇپ قەيداپ كېتىپ قېلىش، ئاخماقلىق، نادانلىق، دۆتلۈك، ساددىلىق، گىرىيلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرر خەلقى بۇنداق ئاخماقلىقنىڭ دەردىنى ھاغىچە تارتتى. بۇ ماھىيەتتە مىللى سەزگۈرلۈك ئەمەس بەلكى مىللى سەزگۈرلىككە قىلىنغان خىيانەتتۇر. ئەمما بەزى كىشىلىرىمىز بۇ خىل نادانلىقنى «مىللى سەزگۈرلۈك» دەپ سۇئىي پەدەزلەشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ .

مەسىلەن، چەركاۋ خىرىستىيانلارنىڭ قىممەتلىك نەرسىسى خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدىگە ئوخشاش. ئۇنداقتا تۈركىيەدىكى سۇلتان ئەخمەت جامسىنىڭ يەنىغا، خىرىستىيانلارنىڭ بىر چەركاۋى سېلىنسا تۈرك خەلقى بۇ مەسىلىگە قارىتا قانداق بىر رىئاكسيەدە بولار؟ قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامسىنىڭ يېنىغچۇ؟

ئۇنداقتا ئۇيغۇر دېگەن ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر مىللەتنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى ئامېركا سەھنىلىرىدە پەيدا بولۇپ قالغاندا يۈز بېرىدىغان رىئاكسيەمۇ ئىنتايىن نورمال بىر ئەھۋال.

1997- يىلى ناسا كاسسىنى ئىسىملىك بىر ئادەمسىز سەيياھنى ساتۇرىنى بىلىش ۋە چۈشۈنۈشكە ئەۋەتتى. يەر شارىدىن ئايرىلغان ساتۇرن بىر مىليارت ئېنگىلىگىز مىلى لىق مۇساپىنى بېسىپ ساتۇرىنغا يېتىپ بېرىپ ئىنسانىيەتكە، ھازىرغىچە ساتۇرىن ۋە ئۇنىڭغا ئائىت بىلىنمىگەن قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، 2017-يىلى 15- سەنتەبىر كۈنى يەنى 20 يىلدىن كېيىن،كاسسىنىنىڭ يېقىلغۇسى تۈگەپ، ئۆزىنى ساتۇرىنغا ئۇرۇپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى ۋە ساتۇرىننىڭ تۇپراقلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى.كاسسىنىنىڭ ناسا تەرىپىدىن بېرىلگەن ۋەزىپىسى،ساتۇرىننىڭ ھالقىلىرىنى، گۈزەللىگىنى، ساتۇرىننىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سىر ئەسرار مۆجىزىلىرىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش، يەر شارى بىلەن ساتۇرىن ئوتتۇرسىدا بىر

مۇناسىۋەت ۋە دوستلۇق ئورنۇتۇش ئىدى. كاسسىنى ناملىق بۇ جانىسىز سەيياھ، خۇددى پەرۋانە شام چىراققا ئۆزىنى ئۇرغاندەك ساتۇرىندىن ئىبارەت غايەت زور گاز شارىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ناسا نىڭ سامان يولى سەستىمىسىغا ئېلىپ بارىدىغان كۇرەشلىرى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇرغىدەك قىممەتلىك بىلىملەر قالدۇرۇپ كەتتى.ساتۇرىندىكى ئايلار، ئۇنىڭ رەڭگارەڭ ھالقىلىرى، مەتان دەريالىرى، ئامەتان دەڭىزلىرى، گاز، سۇ ......

2017-يىلى 15- سەنتەبىر كۈنى ناسا دىكى ئالىملار بىر يەرگە يىغىلىپ كاسسىنىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن قىلغان پىداكارلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى تەنتەنە قىلىشتى.

ئەمما مەن كاسسىنىنى خىيالىمدىكى ئۇيغۇر داۋاسىغا كەرەكلىك بىر قەھرىمان سۈپىتىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

كاسسىنىدا مىللى سەزگۈرلۈك، قەھرىمانلىق، بەدەل تۆلەش روھى، ئۆزىنى ئاتاش دىگەندەكلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولاتتى.

ئۇيغۇر داۋاسىدا كەم بولۇۋاتقىنى كاسسىنى روھى ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك پلان بولۇپ تۇرماقتا.

مەن ساتۇرنىنى بىر دۇنيا سەھنىسى، كاسسىنىنى مۇستەققىللىق ئارزۇسىغا يەتمەكچى بولغان ئۇيغۇرلار دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم.

ۋەتەن ۋە مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز خەلقارالىق ئورگانلار ۋە سەھنىلەرنىڭ ھىسداشلىقىغا تېخىمۇ بەتتەر ئېھتىياجلىقمىز. بۇنىڭدىن باشقا ھەم يولىمىز يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقارا سەھنىلەردىن ئاغرىنىدىغان ھەققىمىزمۇ يوق. نىشان ۋە مەخسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، ئەڭ ئۇزۇن مۇساپە، ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ۋايىسماي، مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرلەيدىغان كاسسىنى بولايلى ئەگەر ئۇنداق بولالمىساقمۇ ئاددى ۋە بىچارە مىللى سەزگۈرلۈك چۈشەنچىلىرىمىز بىلەن خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرمايلى.

تۇگدى

2018-يىلى 5-مارت

# قۇربانلىققا يارالغانمىدىڭ، ئاچا!

## ئابدۇۋەلى ئايۇپ

ئاچا، بۈگۈن خىتاي ئۇيغۇرلارنى يىغىۋالغان جازا لاگېرلىرى ھەققىدە يېزىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق ئېزىلدىم. خۇددى سەن ئەڭ ئۈچ كۆرىدىغان بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندەك- بىرىگە يىلىنىۋاتقاندەك، يالۋۇرىۋاتقاندەك، يىغلاۋاتقاندەك. بىلىمەن، بۇ ھەقتە بىر ئەمەس مىڭ پارچە دوكلات يازساممۇ سېنىڭ بىر كۆڭلۈك ئازابىڭغا، بىر تامچە كۆز يېشىڭغا دال بولالمايدۇ. بۇ يارىماس باماقلىرىم بىلەن مىليون خەت باسساممۇ ھېچكىم سېنىڭ ۋاقىتسىز ئاقارغان، يۇيۇقسىز پاخپايغان چېچىڭنى تارىيالمايدۇ.

ئۈچ كۈن بولدى، دوكلات يازىمەن دەپ توپلىغان سان سىپىر ۋە پاكىتلارغا قارىسام‌لا سېنى كۆرىمەن. زۇلۇم تەسۋىرلەنگەن ھەر تاۋۇشتىن، ھەر بىر ھەرىپتىن سېنىڭ مەسۇم چىرايىڭ، كۆزەينەكنىڭ كەينىدىكى ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزلىرىڭنى كۆرىمەن ئاچا. يېزىشىم كېرەك ئىدى، قانچە بۇرۇن پۈتكۈزسەم ساڭا يۈز كەلگىدەك بىر ئىش قىلىۋاتىمەن دەپ ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم، ئەمما ئاران تەستە توپلىغان، بىر يىل بۇرۇنقى پاكىتلارغا قاراپ بۈگۈنكى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان ۋەزىيەتتە خاراپ ھالىڭ، كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاپ كېتىۋاتقان كېسەللىرىڭ ئېسىمگە كېلىپ داۋام قىلالمايۋاتىمەن.

ئويلاپ باقسام ئۆمرۈڭ قۇربانلىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. باشلانغۇچنى مېنى باقىمەن دەپ سىنىپتا ئەمەس، سىنىپىنىڭ دەرىزىسى تۈۋىدە، بىر قولۇڭدا مېنى بىر قولۇڭدا كىتابىنى تۇتۇپ ئوقۇپ ئۆتكۈزۈپسەن. ئەقلىڭنى بىلىپ يىگەنلىرىڭ مەن ۋە سىڭلىم يەپ بولالمىغان، يىگىلى ئۇنىمىغان يىمەكلەر، كىيگەنلىرىڭ ئىككى ئاكامدىن ئاشقان كىيىملەر بوپتۇ. سەن «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالانغان بىر يىلى مۇكاپات سەھنىسىگە ئاكامنىڭ چوڭ كېلىپ قالغان چاپىنىنى كېيىپ چىققان ئىدىڭ. رىياسەتچى ئىسمىڭنى ئۈچ قېتىم چاقىرغاندا بېشىڭنىمۇ كۆتۈرمەي ئاران سەھنىگە چىقىپ چاپاننىڭ ئۇزۇن كېلىپ قالغان يەڭلىرىنى تولا تۈرۈپ مۇكاپات ئالغاندەك ئەمەس، سازايى قىلىنغاندەك كەيپىياتتا سەھنىدىن چۈشكەن ئىدىڭ.

قىزلارنىڭ بويى ئۆسۈپ بولغىچە سۆز-چۆچەكلەر باراقسان كۆكلەپ بولىدىغان مەھەللىمىزدە ئاكىلىرىم ساڭا بەك ئىگە بولاتتى. مەكتەپكە قاچان مېڭىپ قاچان قايتىشىڭ ئىككى ئاكامنىڭ نازارىتىدە ئىدى. قىزلار 15 ياشقىچە كىرىپ بولغىچە ئايال ئاتىلىپ بولىدىغان ئۇ يۇرتتا سەندەك بويى لوڭگىدە ئۆسۈپ رەڭ تۈزگەن قىزلارنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. ئاكىلىرىمنىڭ گەپكە قېلىشتىن قورقۇپ ساڭا ھەر زامان قاراۋۇللۇق قىلىشلىرى سېنى باشقا قىزلاردىن ئايرىپ دوستسىز يالغۇز قويدى، قىزلار دۇنياسىنىڭ رەڭدارلىقىدىن مەھرۇم قالدۇردى. قىز چاغلىرىڭ، گۈل پەسلىڭ تۆت ئوغۇلنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، تامقىنى ئېتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئاتا-ئانامنىڭ قۇراشتۇرىشى بىلەن ئۆي ئوچاقلىق بولدۇڭ، چاڭگا تىزغاندەك ئاۋايلاپ ياسىغان ئۇۋاڭ ئەمدى ئىسسىغاندا يولدىشىڭ قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلۈپ كەتمىدى ناھىيلىك پاتىكومنىڭ ماشىنىسىدا يەنچىپ ئۆلتۈرۈلدى. رەھمەتلىك دادام ئۇرۇمچىگە 13 قېتىم چىقىپمۇ ئەرىزنى ئاقتۇرالمىدى. فۇ چېڭگاڭ ئىسىملىك قاتىل خىتاي ھېلىمۇ شۇ يۇرتىمىزدا ياشاۋاتىدۇ. شۇ قاتىلنى قوغدىغان پارتكوم ھازىرمۇ سەندەك مىڭلىغان بىگۇناھ مەسۇملارنىڭ يۈرىگىنى مۇجۇپ غۇرۇرىنى يەنچىۋاتىدۇ.

يولدۇشىڭ تۈگەپ كەتكەندە ئىككى بالاڭ بىلەن قالدىڭ، كىچىكى تۆت ئايلىق، چوڭى ئالتە ياشتا ئىدى. سەن ئوتتۇزغىمۇ كىرمىگەن جۇۋان ئىدىڭ، بالام دېگەندە تىلىڭدىن تامىغان مېھرىنى، ئانام-دادام دېگەندە قەلبىڭدە يانغان مۇھەببەتنى باغرىڭغا بېسىپ يىگىرمە يىلنى تۇل ئۆتكۈزدۈڭ. ئاخىرى ئانامنىڭ ئارزۇسىنى دەپ مەندەك بارسا كەلمەس يولنى تاللىغان ۋاپاسىز ئىنىڭنى كۆرمەك ئۈچۈن تۈركىيەگە كەلدىڭ. تەلەيلىك ئانام بۇ ئېغىر كۈنلەر كېلىپ بولغىچە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە كەتتى، ئەمما سەن ماڭا قۇربانلىق بولدۇڭ، بارچە بالاغا سەن

قالدىڭ. مېنىڭ ئاچام بولغان گۇناھىڭ ئۈچۈن خىتاينىڭ قانخور تىرناقلىرى، يىرىك ئالقانلىرىغا مەھكۇم بولدۇڭ.

كىچىكىمدە قوي باقىقلى چىقساق ساڭا قويلارنى قويۇپ قاچاتتىم. ئوت ئالغىلى چىقساق سېۋەتنى، چۆپلەرنى تارتىۋېلىپ ئويۇنغا قاچاتتىم. تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتساڭ چېچىڭغا سەرەڭگە يېقىپ تۇتۇق بەرمەيتتىم. بۇ ئۆمرۈمدە سەندىن قېچىپتىمەن، بالا قازانى تېرىپ قويۇپ ساڭا تاشلاپ قېچىپلا يۈرۈپتىمەن. ياشانغان ئاتا-ئانامنى ساڭا تاشلاپ ئوقۇشقا قېچىپتىمەن. ئىككى بالىنىڭ غېمىگە سېنى يالغۇز قويۇپ چەتئەلگە قېچىپتىمەن. ئۆزۈم كۆتۈرەلمەيدىغان مەسئۇلىيەتكە، قەلبىم تەلپۈنگەن خىيالغا، بوۋىلىرىمىزنىڭ كۆزى تېشىلگەن مەنزىلگە يېتىمەن دەپ سېنى يالماۋۇزغا تاشلاپ قېچىپتىمەن.

قولۇمدىكى دوكىلاتنى يېزىپ بولسام نېمە بولىدۇ؟ ماڭا زۇلۇمغا قارشى داۋا بولىدۇ، بەلكىم ساڭا تېخىمۇ قاتتىق زۇلۇم بولىدۇ. يازمىسامچۇ، يازمىساممۇ خىتاي سېنى قويۇپ بەرمەيدۇ، ئەمما مۇشۇنچىلىك بىر ئىشنىمۇ قىلمىسام مەن ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقىڭغا ئۇۋال بولىدۇ، كۆرىدىغان كۈنلەر تېخىمۇ قارا، تېخىمۇ زاۋال بولىدۇ.

2018-يىلى 6-مارت، ئەنقەرە

# بىلىم- بىزنى ئازاد قىلىدىغان كۈچ

فاتىمە سەييياھ

بىلىم كۈچ قۇرۇق شوئار ئەمەس بەلكى كىشىنى ھەرخىل كىشەنلەردىن ئازاد قىلىدىغان ھەقىقىي قۇدرەتتۇر. نېمىشقا بۇنداق دەيمىز؟ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر مىسال ئالايلى.

ھازىرقى زامان پىسخىكا ئىلمىدا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپمۇ قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى باردى ـ كەلدىلەر ئىپتىدائى زامانىدىكى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن ئوخشاش خاراكتىرگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر زامانىۋى تۇرمۇشقا قەدەم قويغاندىن باشلاپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىۋاستە خىرىسلىرى ۋە قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ ئوۋ قىلىشتەك خەتەرلىك پائالىيەتلەر بىلەن كۆپ شۇغۇللانمايدىغان بولدى. ئەكسىچە بۇنىڭ ئورنىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋەت ئالدى، بۇ دېگەنلىك بىز ياشاۋاتقان ئىجتىمائى شارائىتتا ئىجتىمائى ئالاقە قىلىش خۇددى ئوۋ ئوۋلىغان دەملەردەك مۇرەككەپ ۋە قىيىن ھالەتكە ئوخشايدۇ.

بۇ خىل خىرىس خاراكتىرلىك پىسخىك ھالەتنىڭ كىشىلەرگە ئەپكېلىدىغان ئەڭ چوڭ خەتەرلىرىنىڭ بىرى بولسا ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا بويسۇنۇش ، بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت.

ئوۋ ئوۋلىيالـماي قايتىش بىر ئائىلىنى ئاچ قويغانغا ئوخشاش، بىز ئۆز ـ ئارا 'بويسۇندۇرۇلـماي' قالساق، ۋۇجۇدىمىزدىكى ھايۋانلىق خۇسۇسىيەت ئىپادىلىنىپ چىقىدۇدە، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنىڭ قەدىر ـ قىممەت، ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ھۇجۇم قىلىشتىن يانمايمىز. بۇ ئاچ قالغان كىشى ھەر نەرسىنى يېگەنگە مىسالدۇر. باشقىلارنىڭ ئىززىتىنى تۆۋەنلەتكىنىمىز ئەمەلدە ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىتىدىكى ھايۋانى ئاجىزلىقىنىڭ ئەقىل بىلەن كونترول قىلىنمىغانلىقىدەك بىر ئېچىنىشلىق ئەمەلىيەتنى بىزگە كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ نەزىرىدىكى ئۆزىمىزنى ياقتۇرماسلىق كېلىپ چىقىدۇ.

ئۆزىنى ياقتۇرمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىدىن كىشەنلىنىپ، يامانلىقتىن باشقىنى قىلالـمايدىغان چېغىم بار دەپ ئۆزىدىكى زۇلـمەتكە پېتىپ قالىدۇ.

ئەمىسە بۇنىڭدا بىلىمنىڭ كۈچ ئىكەنلىكى قانداق رول ئوينايدۇ؟ چۈنكى توغرا بولغان بىلىم بىزدىكى ھەر خىل تەبئى خۇسۇسىيەتلەرنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قېلىش ، قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىشنىڭ ئىنسان ھاياتىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ يىلتىزى تاكى ئۆلۈق بوۋا، مومىمىزغىچە بېرىپ تۇتىشىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇلارنىڭ خاتالىققا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ئۈلگە ئېلىش بولسا دەل بىلىمنىڭ كۈچكە ئايلىنىشى بولىدۇ. ئۇلار ئەپۇ سوراشنى، ئۆزىدىن ئۆتكەننى بويىنغا ئېلىشنى، خاتالىقى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشنى ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشنى بىزگە بىلىم قاتارىدا قالدۇرۇپ كەتكەن.

بىز ئۇلاردىكى ئىلىم جەۋھىرىنى بىلسەك ، ئۇگەنسەك ۋە ئۆزىمىزگە تەدبىقلىساق، بىزنى بېسىپ تۇرغان پۈتمەس ـ تۈگمەس ئۆزىمىزنى ئەيىپلەشلەردىن، باشقىلارنىڭ نېمە دەپ قېلىشلىرىدىن، خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان نوچى ئىدىممەن دەيدىغان ھاكاۋۇرلۇقتىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشىمىزغا ئۇدۇل ۋە توغرا نەزەردە قاريالايمىز.

بۇ يۈزلىنىش بىزنى ئۆزىمىزنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدىن ئازاد قىلىدىغان غايەت زور كۈچتۇر!

بىلىم ـئازادلىق كۈچى!

# مۇستەقىللىق بىزدىن قانچىلىك يىراقتا؟

## ئاسىيە ئۇيغۇر

### 1.مۇستەقىللىقنىڭ شەرتلىرى ۋە رېئاللىقىمىزدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەر

مىللىي مۇستەقىللىق بولسا ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان ھوقۇقى بولۇپ ، مۇستەملىكچى دۆلەتلەرنىڭ كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئاجىزلىغان 21-ئەسىردىمۇ يەنىلا نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى يەنىلا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سودا مەنپەئەتىگە يانداش بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ كونترول قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى دۇنيا جامائىتى بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان ھېچبىر مىللەت جامائەت ئىچىدىكى ئىشلاردىن مۇستەسنا بىرەر ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ.

ئۇنداقتا بىز يىراقنى قويۇپ يېقىنقى يەنى ئىككى مىڭىنجى يىللاردىن كېيىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرگە قاراپ باقايلى:

1.شەرقىي تىمور دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، 16-ئەسىردىن باشلاپ پورتىگالىيە تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان، كېيىن گوللاندىيە بىلەن بىرلىكتە مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەت بولۇپ، ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرقىي تىمور پورتوگالىيىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغان. 1975-يىلى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوزغىغان ۋە ئۇزۇن يىللار ئىزچىل كۈرەش قىلىش داۋامىدا 2002-يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

2.قارا تاغ جۇمھۇرىيىتى. 19-ئەسىردىلا مۇستەقىل دۆلەت بولغان ۋە ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بالقان ئارىلىغا جايلاشقان بۇ دۆلەت جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك نۇرغۇن دۆلەتلەرنى <بىر قىسمى>غا ئايلىنىپ قالغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يۈگۈسلاۋىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالغان. 90-يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن يۈگۈسلاۋىيە ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. قارا تاغ بولسا 2006- 5-ئاينىڭ 21-كۈنى ئومۇم خەلق ئاۋازىغا قويۇش ئارقىلىق 5پېرسەنتلىك كىچىككىنە ئۈستۈنلۈك بىلەن مۇستەقىل بولغان ۋە 6-ئاينىڭ 3-كۈنى 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مۇستەقىل دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. شۇ يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنى ب د ت غا رەسمىي ئەزا بولغان ۋە دۇنيا تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپقا ئېرىشكەن.

3.جەنۇبىي سۇدان جۇمھۇرىيىتى. ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بۇ دۆلەت سۇدان جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، 2011-يىلى 9-ئىيۇلدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ۋە ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى 54-دۆلەت بولغان شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ دۆلەت نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ياش دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.

يۇقارقى ئۈچ دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولالىشى بىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مۇستەقىللىق پەقەت بىر چۈشلا ئەمەس، بەلكى تارىخىي پۇرسەتلەرگە تولغان ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىدە پەقەت پۇرسەتنى كۈرۈپ يېتەلىسەكلا مۇستەقىللىق بىز ئۈچۈن ئانچە يىراق بولمىغان بىر مەنزىل خالاس!

### ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسى ئۈچۈن پۇرسەت كەلدىمۇ؟

بىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال ، بىزنىڭ پۇرسەتلىرىمىزنى ئۆزىدە يوشۇرغان دۇنيا ۋەزىيىتىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ ، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ باقايلى،پۇرسەت زادى قەيەردە؟

بىز ئىزچىل ھالدا دۈشمىنىمىز تاجاۋۇزچى خىتايلار دەپ تونۇۋالاپ كېلىۋاتىمىز، ئۇنداقتا بىز ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپتە بىلىشكە تېگىشلىكى دۈشمەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە.

## 1.خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى

خىتاي – ئامېرىكا سودا ئۇرۇشى نۆۋەتتە ھەتتا روسسىيەدە ئۇيۇشتۇرۇلغان"دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسى"دىنمۇ بەكرەك قىززىق نوقتىلىق مەسىلىگە ئايلاندى دېسەك ئارتۇق كەتمەس. چۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان بۇ ئىككى  ئىقتىسادىي چوڭ گەۋدە ئارىسىدىكى سودا تالاشلىرىنىڭ ئاقىۋەتتە سودا ئۇرۇشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ۋە سىياسىي خاراكتېرگە  ئىگە بولۇشى ھەم شۇنداقلا بۇ سودا ئۇرۇشى سەۋەبلىك خىتاي ئىقتىسادىدا داۋالغۇش بولۇشى ..........ۋەھاكازالار كىشىلەرگە ئەينى يىللاردىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا ئامېرىكا بىلەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى سودا ماجراسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى قاتارلىق بىر قاتار تارىخلارنى ئەسلەتتى. دەرۋەقە ئەينى يىللىرى ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزگەنلىك سەۋەب ئىقتىسادىيدا چېكىنىش بولغان ۋە ئاقىۋەت  پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مانا مۇشۇنداق تارىخىي پۇرسەتلەر سەۋەب بۈگۈنكى قازاقىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇستەقىللىقنىڭ بۈيۈك قەدىمىنى ئالالىغان.

ئۇنداقتا تارىخ تەكرارلىنامدۇ؟ كىمنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ ، مۇنداق بىر سۆز بولىدىغان:"تارىخ تەكرارلانمايدۇ، ئەمما بەزى تارىخلار بىر – بىرىگە كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ئوخشايدۇ". بەلكىم مانا مۇشۇنداق ئوخشاشلىقلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بۈگۈن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھېس قىلىشماقتا. ئامېرىكا قوزغىغان سودا ئۇرۇشى خىتاينىڭ ئىقتىسادىيغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان بولسا، خىتاي ئىچىدىكى كوممۇنىست پارتىيەگە قارشى نارازىلىق ھەرىكەتلىرى تېزدىن ئەۋج ئېلىپ بىۋاستە ھالدا خىتاي ھاكىمىيىتىگە تەھدىت ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاش ھەرىكىتى، يۈك ماشىنىشى شوپۇرلىرىنىڭ مەملىكەن خاراكتېرلىك تەشكىللىنىپ ئىش تاشلاش ھەرىكىتى، كونا ئەسكەرلەرنىڭ مەملىكەت بويىچە تەشكىللىنىپ نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەر كەينى – كەيندىن يۈز بەردى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا شىن جىنپىڭنىڭ رەسىمىگە سىياھ چېچىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ پۈتۈن خىتاي ئىچى – سىرتىدىكىلەر ئارىسىدا سىياھ چېچىش ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. مانا بۈگۈن خىتايدا چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىگە دائىر گەپ سۆزلەر ۋە مۆلاھىزىلەر پۈتۈن ئىنتېرنېت دۇنياسىنى بىر ئالدى.......

بىز ئامېرىكىنىڭ جۇڭشىڭ شىركىتىنى جازالاش ۋەقەسىدىن شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئۆزلىرىنى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن چوڭ دۆلەت دەپ جار سالغان ۋە 2025 پىلانى ئارقىلىق دۇنيا پەن – تېخنىكا ساھەسىدە يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈشنى پىلان قىلغان خىتاينىڭ ھەتتا كىچىككىنە "芯片" ئۆتكۈزگۈچ پىلاستىنكا ياساش تېخنىكىسىدىمۇ باشقىلارغا تايىنىدىغان دەرىجىدە پەن – تېخنىكىدا بەكلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. ئۇنداقتا پەن – تېخنىكىدا شۇنچە ئاجىز بىر دۆلەت قانداق قىلىپ دۇنيا پەن – تېخنىكا ساھەسىدە رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆتەلىشى مۇمكىن؟ بۇ دەل ئامېرىكىنىڭ خىتايغا سودا ئۇرۇشى ئېلان قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبدۇر. چۈنكى خىتاي تاكى بۈگۈنگە قەدەر يۇقىرى پەن – تېخنىكىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكىنى يوق، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس بولىۋاتقىنى ھەممىسلا غەربنىڭ يۇقىرى پەن – تېخنىكىسى ۋە خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى ئۇچۇر ۋە تېخنىكا جاسوسلىرىنىڭ تۆھپىسى خالاس. ئامېرىكا جۇڭشىڭنى جازالايمىز دېيىشى بىلەنلا جۇڭشىڭ پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، گەرچە خىتاي دەسلەپتە ئامېرىكىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باققان بولىسمۇ لېكىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىيلىكى نەتىجىسىدە جۇڭشىڭ ناھايىتى زور ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەش ۋە جۇڭشىڭ شىركىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇش ۋە ئامېرىكىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش شەرتى ئاستىدا جازانى بىكار قىلىش پۇرستىگە ئېرىشتى. بىز بۇ يەردە جۇڭشىڭنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇنداق كۆپ ئىقتىسادىي جازانى قوبۇل قىلىشنى ، شىركەتنى ۋەيران قىلىشتىن مۇھىم دەپ بىلگەنلىكى ۋە بۇ ئاتالمىش <شەخس شىركەت> نىڭ ئىشلىرىغا خىتاينىڭ بىر دۆلەت سۈپىتىدە قو ل تىقىپ ئارىلىششى نەتىجىسىدە بىز جۇڭشىڭنىڭ نوقۇل ھالدىكى شەخس شىركىتى ئەمەس بەلكى خىتاينىڭ ئۇچۇر ئالاقىسى ۋە  جاسوسلۇق

ساھەسىدىكى مۇھىم ئورگىنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق. يەنى ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسى ئىران بىلەن شىمالىي كورىيەگە سېتىپ ئامېرىكىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى – تەرۇز قىلغان جۇڭشىڭنىڭ كەينىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى بارلىقىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە شۇ سەۋەب ئامېرىكا خىتاي ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ۋە ئامېرىكىغا خىتايدىن ئوقۇشقا ۋە خىزمەت بىلەن كېلىدىغانلارنىڭ ۋىزا ئېلىش ئىشلىرىغا چەك قويۇش، ۋەتەنداشلىققا چەك قويۇش، خىتاي گراجدانلىرى ياكى ئامېرىكا گراجدانلىقىغا ئۆتكەن خىتايلارنىمۇ دۆلەتنىڭ تېخنىكىلىق مۇھىم خىزمەت ئورۇنلىرىغا قوبۇل قىلماسلىق، ھازىر ئىش ئورنىدا بولغانلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن چارە – تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى. شى جىنپىڭ گەرچە دەسلەپتە"قانغا قان ئالىمىز"دەپ چوڭ سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن تىرامپنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان، خىتايدىن قورقۇپ قالمايدىغان جەسۇر ۋە قەتئىيلىكى كېلىپ چىقىشى تىجارەتچى بولغان بىر پرېزدېنتنىڭ خىتاينىڭ قارشىدىكى"پۇلنى مۇھىم بىلىدۇ"قارشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دەرۋەقە خىتاي ھۆكۈمىتى تىرامپنى پەقەت"گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق" ئادەم دەپ پەرەز قىلىشقان ۋە شۇ پەرىزىگە ئاساسەن ستراتېگىيىسىنى تۈزگەن بولۇپ، تىرامپنىڭ ئويلىمىغان يەردىن بۇنداق قاتتىق قول پرېزدېنت بولۇشى خىتاينى چۆچۈتتى. 6-ئىيۇل كۈنى 50مىلياردلىق خىتاي مېلىغا باج ئالدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن خىتايمۇ ئامېرىكىنىڭ ئوخشاش مىقداردىكى مېلىغا ئوخشاش باج ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. خىتاينىڭ بۇ ئىپادىسى ئامېرىكىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى ۋە كەينىدىنلا تىرامپ يەنە 200مىليارد ۋە 300مىلياردلىق خىتاي ماللىرىغا باج ئالدىغانلىقى ھەققىدە بايانات بەردى. 6-ئىيۇل ئامېرىكا خىتاي ماللىرىغا رەسمىي يوسۇندا باج ئېلىشنى باشلىغاندا بولسا خىتاي پورتىدا ئامېرىكىنىڭ ماللىرى خىتاي پورتىدىن كىرەلمەي تۇرۇپ قالدى، چۈنكى خىتاي پورتىدىكىلەر تېخى ئامېرىكىنىڭ ماللىرىغا قانداق باج ئېلىش ھەققىدىمۇ ئېنىق بىر بۇيرۇققا ئېرىشمىگەنىدى......يەنى خىتاي بۇ سودا ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى ئوقىنىڭ چوقۇم ئېتىلىدىغانلىقىغا ئانچە ئىشەنمىگەن ۋە تەييارلىق كۆرمىگەن.....

ئۇنداقتا بۇ ئىشتىن نېمىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن؟ خىتاينىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىگىمۇ تەھدىت ئېلىپ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان سودا ئۇرۇشىدەك مۇشۇنداق چوڭ بىر ئىشتا خىتاينىڭ بۇنداق ھاماقەتلەرچە سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىشى خىتاينىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا يەنىلا تەدبىرسىزلىك ۋە مۇقىمسىز ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن.

نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكا – خىتاي سودا ئۇرۇشىنىڭ خىتاينى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرۈشكە ئانچە ئىشىنەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بۇ دېگەنلىك بۇنداق ئېھتىماللىق يوق دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئامېرىكا 2017-يىلى دۆلەت بىخەتەرلىك دوكلاتىدا خىتاي بىلەن روسسىيەنى بىرىنچى دەرىجىلىك دۈشمەن دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. يەنى 11-سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن تېرورلۇق كۈچلىرىنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان سىياسىي كۈچ دەپ قارىغان ئامېرىكا ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكىگە چوڭ تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان كۈچنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى تېرورلۇق كۈچلىرى ئەمەس بەلكى خىتاي ۋە كوممۇنىست ئىدىيىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئامېرىكا تىرامپنىڭ رەھبەرلىكىدە ئامېرىكا بىخەتەرلىكىگە زور تەھدىت پەيدا قىلغان شىمالىي كورىيەنىمۇ بويسۇندۇردى، مانا بۈگۈن پرېزدېنت تىرامپ بىلەن روسسىيە پرېزدېنتى پۇتىن ئۇچراشتى......بۇ ئۇچرىشىش روسسىيە بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن يېڭى بىر باشلىنىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. 20يىل ئاۋۋال ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى خىتاي بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە نىمە ئۈچۈن خىتايغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن روسسىيە بىلەن ھەمكارلاشمىسۇن؟ ئەگەر ئامېرىكا روسسىيە بىلەن ھەمكارلاشسا ، شىمالىي كورىيەنى بويسۇندۇرغان، تېرور كۈچلىرىنى يوقىتىپ بولغان تۇرسا ، ئامېرىكىنىڭ خىتايدىن باشقا دۈشمىنى قالامدۇ؟ ئامېرىكا نۆۋەتتە ئەلۋەتتە پۈتۈن كۈچىنى مانا بۇ ئەشەددىي دۈشمەننى يوقىتىشقا قارىتىدۇ.

بۇ ئەشەددىي دۈشمەن ئەلۋەتتە ئاجىز ۋە يۆلەكسىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز بولىدىغانلىقى ھەقىقەت. ئۇتۇق قازىنىمىز دەيدىكەنمىز ئەلۋەتتە دۈشمەن بىلەن دوستنى پەرق ئېتەلىگۈدەك ئەقىل ۋە كۆزىمىز بولۇشى كېرەك. چۈنكى بىز دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن دوستلارغا مۇھتاج بولغىنىمىزدەك، دۈشمەندىن غالىپ كېلىپ ئۆز دۆلىتىمىزنى قۇرغان مىنۇتلاردىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ دوستلارغا ئەلۋەتتە مۇھتاج بولىمىز. چۈنكى  مۇستەقىل بولساقمۇ بىز يەنىلا دۇنيا چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلايمىز.

ئۇنداقتا دۈشمىنىمىزنىڭ ئەھۋالى خاراپ، دۈشمەنلىرى كۈچلۈك ۋە كۆپ بولۇۋاتقان بۇ تارىخىي شارائىتتا بىزگە پۇرسەت كەلمىدى دېيىشكە يەنە قانداق سەۋەبىمىز بار؟

## 2.مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان ئىختىلاپلار مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئىختىلاپلاردىن شۇنى بايقىدىمكى ئىختىلاپلارنىڭ سەۋەبى، ئۇسۇلى ۋە نەتىجىسى چەتئەلدىكى خىتاي پائالىيەتچىلىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار بىلەن ئاساسىي جەھەتتە ئوخشاش ئىكەن. يەنى، بىر بىرىنى خائىن، جاسوس دەپ زارلاش، خەلققە پاش قىلىش، ئۆز ئارا قارىلاش ۋە ئېكرانغا چىقىپ ھېكايە سۆزلەش. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن تارتىپ ئادەتتىكى ئاۋام پۇخراغىچە ھەرخىل پىكىر ئېقىمىغا ئەگىشىش ۋە بۆلۈنۈش، بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى تەشكىلاتلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش.......قاتارلىقلار. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار خىتاي پائالىيەتچىلىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ قىلغانلىقىدۇر. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە خىتاينىڭ جوسوسلۇق ھەرىكىتى دۇنيادا خېلى ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، ئۆتكەن ئىككى يىل ئىچىدىكى خەلقئارادا يۈز بەرگەن خىتاينىڭ جاسوسلۇق ھەرىكەتلىرىگە دائىر ۋەقەلىكلەردىن كوڭزى مەكتىپى ۋەقەسى ، ئاۋسترالىيەدىكى بىر پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ئاشكارە باياناتى، گېرمانىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى 1000نەپەر خىتاي جاسوسى ۋەقەسى، كانادادىكى خىتاي كۈچىنىڭ ھۆكۈمەتكە تەسىر كۆرسىتىشى دېگەندەك بىر قاتار ۋەقەلەردىن خىتاينىڭ چەتئەلدىكى قارا قولىنىڭ نەقەدەر كەڭ يېيىلغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدۇق. ئۇنداقتا خىتاي قارا قولى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىغا تەسىر يەتكۈزۈش دەرىجىسىگە بارغان بۇنداق ئەھۋالدا بۇ قارا قوللارنىڭ چەتئەللەردىكى خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئارىسىغا يامىرىماسلىقى ئەقىلگە ئەلۋەتتە ئۇيغۇن ئەمەس. خىتاي ئەسلىدىمۇ ۋەتەندە كىشلەر ئارىسىغا پىتنە سېلىش، بىر بىرىنى چېقىش، نازارەت قىلدۇرۇش......قاتارلىق پەشكەش ئۇسۇللاردا خەلقنى نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىپ قۇل قىلغان. چەتئەللەردىمۇ ئوخشاش ئۇسۇللاردا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرقانداق ھەرىكەتلەرگە توسقۇنلۇق قىلىشى ئېنىق بولۇپلا قالماي يەنىلا شۇ كونا ئۇسلۇبىنى قوللىنىدۇ. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى پىتنە تېرىشنىڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىشەنچنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىناقسىزلىق كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق چوڭراق بىر كۈچلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى توسالايدىغانلىقىنى نۇرغۇن يىللىق تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا بەلكىم ئەتراپىڭىزدىكى پىتنە تېرىگۈچىلارنىڭ كۆپلىكىدىن خىتاينىڭ جاسوسلىرىمۇ بەك كۆپ بولسا كېرەك ياكى ھەممە ئادەم جاسوسلۇق قىلىشقا باشلىدىمۇ قانداق دېگەن ئويغىمۇ كېلىپ قالغانسىز - ھە؟ لېكىن ئەنسىرىمەڭ،چۈنكى پۈتۈنلەي ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. بىر خەلقنىڭ ئارىسىغا پىتنە سېلىش ئۈچۈن بىر ئېغىز گەپ، بىر نەچچە ئادەم بولسا مەقسەتكە يېتىش ئۇنچە تەس بولمىسا كېرەك. خىتاينىڭ ئۇزۇن يىللارچە باستۇرۇش سىياستى ئاستىدا ستوكخولم ئۇنىۋېرسال كېسىلىگە گىرىپدار بولۇش ئېھتىماللىقىمىز ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالدا خىتاينىڭ ئارىمىزغا بەك كۆپ كۈچىمەيمۇ مەقسىتىگە يېتىش ئىمكانى بار ئەلۋەتتە. (ستوكخولم ئۇنىۋېرسال كېسىلى بولسا بىر خىل روھىي كېسەللىك بولۇپ، يەنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ قىلمىشنى يوللۇق دەپ قاراش ۋە ئاقىۋەتتە زۇلۇم قىلغۇچىغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۆز قەۋمىگە زۇلۇم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە توردىن ئىزدەنسەڭلەر تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەنچىگە ئىگە بولىشىڭلار

مۇمكىن.

https://zh.wikipedia.org/wiki/%E6%96%AF%E5%BE%B7%E5%93%A5%E7%88%BE%E6%91%A9%E7%97%87%E5%80%99%E7%BE%A4

چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى يېقىن يىللاردىن بۇيان بۆلۈنۈش ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىدە بىر بىرىدىن گۇمان قىلىش، ھاقارەتلەش ھەتتا چەتئەل مېدىيالىرىغا <غەيۋەت >قىلىپ بېرىش.....تىن ئېغىرلاپ ئادەم توپلاش، يېڭىدىن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ، مەۋجۇت تەشكىلاتلارغا قارشى يوسۇندا ھەرىكەت قىلىش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ھەممە تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئىگە چىقالايدىغان بىردىنبىر تەشكىلات ئىكەنلىكىنى جار سالىدىغان غەلىتە ئەمما كىشى كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. يىللارچە داۋام قىلغان بۇ دە - تالاشلار ئۇيغۇر دەۋاسىغا قانداق پايدا ئېلىپ كەلدى؟ نۆۋەتتە بارلىق تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە تەشكىلاتلار ھەممە بارچە خەلق ئۆز ئارا تالاش تارتىش ۋە قارىلاشقا چۈشۈپ كېتىپ، دەۋا قىلىشتىكى مەقسەتنى ئۇنتۇپ قالدى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋە مەقسىتىمىز نىمە ئىدى؟ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلىش، مۇستەقىل قىلىش! مەقسىتىمىز خىتايغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ھالاك قىلىش ئىدى. نۆۋەتتە بىز قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى بارچە ئۇيغۇرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرلەشكىلى بولغۇدەك كۈچنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىردىنبىر دۈشمىنىمىز بولغان خىتايغا قارشى زور بىر قوشۇن شەكىللەندۈرۈش! مەيلى سىز قانچە ئىقتىدارلىق سىياسىئون، ئىقتىدارلىق رەھبەر ، ئىقتىدارلىق پائالىيەتچى بولۇڭ، سىز تالاشقان شۇ ھۆرمەت ۋە ئىمتىيازلار خىتاي ھالاك بولماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ سىزگە بېرىلمەيدۇ. تۆھپە تالىشىش مەيلى سىز خالاڭ ياكى خالىماڭ پەقەت ۋەتەن ئازاد ۋە مۇستەقىل بولغاندىلا ئاندىن بۇ يولدا كۆرەش قىلغانلارغا ئەمگىكىگە يارىشا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ۋەتەن بىر كۈن ئازاد بولمايدىكەن، سىز بۇ يەردە تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قېلىۋېرىسىز ۋە ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئارزۇيىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە گۆرگە ئېلىپ كېتىشىڭىزمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ تارىختىكى ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىز ھالاك بولماستا ئاشۇ دۆلىتىمىزنى قۇرۇش يولىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن تۆھپىكارلارنى خەلق بىلگەنمىدى؟ خىتايغا قارشى غۇلجا ۋەقەسى، ئۈرۈمچى ۋەقەسى، مارالبېشى ۋەقەسى، يەكەن ۋەقەلىرىدىكى قەھرىمانلارنى شۇ ۋەقەدىن بۇرۇن خەلق بىلگەنمىدى؟ شۇ ۋەقەلىكلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن شۇنداق بىر قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلغانلىقىنى ئاندىن بىلدۇق ۋە ئۇلارنى قەھرىمان دەپ تەرىپلەشتۇق. ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولغاندا ئەلۋەتتە بۇ قەھرىمانلىرىمىز تېگىشلىك تۆھپىلەر بىلەن تارىخىمىز سەھنىسىدە يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە ئىگە بولىدۇ.

### 3.نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىز

ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەتكە قارشى كۈچ ئالدى بىلەن سىياسي تۈس ئېلىشى كېرەك. يەنى تارىختىكى ئىنقىلابچىلىرىمىزمۇ مەلۇم بىر سىياسي ئىدىيە ئاساسىدا تەشكىللىنىپ ھەرىكەت قىلغان ۋە ئاقىۋەتتە ھاكىمىيەتكە قارشى غايەت زور كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلىگەن.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار يىللاردىن بۇيان خىلمۇ خىل تەشكىلاتلارنى قۇردى ھەم داۋاملىق قۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ- نىشانلىرى، ئېسىل پىلانلىرى بار ۋە بولغان. ئەمما نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دەۋاسىدا بۇسۇش خاراكتېرلىك زور نەتىجىلەر قولغا كېلىپ باقمىدى؟ بۇنىڭدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئۇلارنىڭ زەنجىرسىمان ئىش تەرتىپىنى شەكىللەندۈرەلمىگەنلىكىدۇر. ئەلۋەتتە بىر تەشكىلاتنى نورمال ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن غايەت زور ئىقتىسادقا ئېھتىياجلىق بولىمىز. ئۇنداقتا بىزدە ئىقتىساد يوقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئىقتىسادىي بار. ئەمما بۇ يەردىكى مەسىلە ھەر بىر تەشكىلات ئۆز ئىقتىسادىنى ئۆزى ئىشلىتىش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولماسلىق ھەتتا بىر بىرى بىلەن

رىقابەتلىشىش.......تەرەپدارى بولۇپ ئىقتىسادنى بىرلىككە كەلتۈرمىگەنلىكى ۋە ئىش بىرلىكى ھاسىل قىلمىغانلىقتۇر. شۇ سەۋەب، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن. گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر تەشكىلاتلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى خالىسىمۇ، ئەمما شۇنداق قىلىشقا ئىككىلىنىپ قالغان.بولۇپمۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئاشكارە بولماسلىقى، يىغىلغان ئىئانە ۋە ياردەملەرنىڭ ھېساۋاتى ئېنىق بولماسلىقى، تەشكىلات ئىچىدە ئىقتىسادىي خىيانەتچىلىك ئەھۋاللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلى تەشكىلاتلار خەلقنىڭ ۋە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغان. مۇشۇنداق شارائىتتا خىتايمۇ تەشكىلاتلار ئارىسىغا پىتنە سېلىشقا باشلىغان ۋە تەشكىلاتلارنى بىر بىرىگە قارشى تۇرىدىغان، بىر بىرىنى ياراتمايدىغان، تەشكىلات ئەزالىرى ئارىسىدىمۇ ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا بولۇپ، خەلق قايسى تەشكىلاتقا ئەگىشىش ياكى قوللاشتا قىينىلىپ قالغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان. مانا ھازىر بۇ مەسىلىلەر ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن ئىقتىسادىي كۈچ بولماسلىق، چوڭ بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمەسلىك، تەشكىلاتلار ئۆز ئارا بىر بىرىنى چەتكە قېقىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۆرۈندىن تارتىپ ئۇيغۇر دەۋاسى بېشىدىكى تەشكىلاتلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ كەلگەن نۇرغۇن شەخسلەرنىڭ دەۋا سېپىغا قوشۇلۇشىنى توسۇپ قويغان. ئۇنداقتا ئۇيلاپ باقايلى، ئۇيغۇر دەۋاسى شۇنچە يىللاردىن بېرى مانا مۇشۇ ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلدى. نەتىجە چىقمىدى، بىز يەنە ۋاقتنى ئىسراپ قىلىپ مۇشۇ ھالەتنى ساقلاپ مېڭىۋېرىشىمىز كېرەكمۇ؟ ناۋادا خىتايدا چوڭ بىر سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ۋەتەن مۇستەقىللىققە پۇرسەت يارىتىلىپ قالسا بىز قايسى ھالىتىمىزدە يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنى كۈتۈپ ئالالايمىز؟ بىزنىڭ كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىمىز بارمۇ؟ كېيىسپ ئېيتىمەنكى ئەمدى ۋاقىت يوق! ئەمدىكى كۆرەشتە مۇستەقىل بولۇش ياكى يوقىلىشتىن باشقا يولىمىز يوق. ئەگەر مۇستەقىل بولۇشقا تەييار بولمايدىكەنمىز ئۇنداقتا ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىر تارىخقا ئايلىنىشى مۇمكىن!

ھازىر قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز، مەيلى سىز قانداق ئادەم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر پەقەت خىتايغا قارشىلا بولسىڭىز، ھايات ۋاقتىڭىزدا ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەنسىز، قەلبىڭىزدىكى ئۆچمەنلىكنى، ئايرىمىچىلىقنى، تەكەببۇرلۇقنى، ياراتماسلىقنى ، دۈشمەنلىكنى ۋە ھەممە ناچار قىلمىشلىرىڭىزنى تاشلاپ پۈتۈن دىققىتىڭىزنى خىتايغا قارىتىڭ.ئەگەر شۇنداق قىلمايدىكەنسىز خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن چاپان ياپقان، ۋەتەن خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا توسقۇنلۇق قىلغان بولىسىز!

## 4.قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ دېگەن بۇ سوئال مەن ئۈچۈن سالمىقى تولىمۇ ئېغىر بولغان سوئال بولسىمۇ، لېكىن ئويلىغانلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىششنى مۇھىم ئىش دەپ بىلىمەن. قاراشلىرىمنى ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى بىلەن باشلايمەن.گەرچە ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى 200نەچچە يىللار بۇرۇن يېزىلغان ۋە ئۇيغۇر بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان بىر خىتابنامە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى پىكىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق دەپ قارايمەن. ئۇنداقتا بۇ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدە نېمىلەر دېيىلگەن ۋە ئۇنىڭ بىز بىلەن بولغان ئالاقىسىچۇ؟

### مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ مۇقەددىمىسى:

بىزنىڭ قارىشىمىزچە تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەرگە سۆز كەتمەيدۇ. ياراتقۇچى ئىنسانلارنى باراۋەر ياراتتى ۋە ئۇلارغا تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان ھوقۇقلارنى ئاتا قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھاياتلىق ھوقۇقى، ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە بەخت- سائادەتكە ئېرىشىش ھوقۇقلىرى بار. بۇ ھوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى بولسا بويسۇنغۇچىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن روياپقا چىقتى. ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەت پەقەت يوقارقى ھوقۇقلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن خەلقنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بىكار قىلىش ۋە قايتا ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش

هوقۇقى بولىدۇ. يېڭى هۆكۈمەت تايىنىدىغان پرىنسىپ بولسا هوقۇقنى كۆچىنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئەڭ زور دەرىجىدە خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بەختلىك ياشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. ھەقىقەتەن ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان بولساق يەڭگىلتەكلىك بىلەن كىچىككىنە ۋاقىتلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇزۇن يىللىق هۆكۈمەتنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆتمۈشتىكى بارلىق ساۋاقلاردىن شۇنى بىلدۇقكى، ھەرقانداق جاپا – مۇشەققەتلەر پەقەت بەرداشلىق بەرگىلى بولسىلا، ئىنسانلار ئادەتتە سەۋر قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇكى، ئۇزىلىرى ئۇزۇندىن بېرى كۆنۈپ قالغان بۇ هۆكۈمەتنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەق – هوقۇلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى خالىمايدۇ. لېكىن، هۆكۈمەت هوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، زورلۇق- زومبۇلۇق قىلسا ۋە ئىزچىل تۈردە بىرلا نىشانىنى كۆزلەپ ماڭغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ خەلقنى مۇتلەق مۇستەبىت هاكىمىيەت ئاستىغا ئالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا خەلقنىڭ بۇ هۆكۈمەتنى ئاغدۇرىۋېتىش ئارقىلىق كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭى بىر كاپالەت يارىتىش هوقۇقى بولىدۇ.

مانا يۇقارقىلار ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ بېشىدىكى مۇقەددىمە بولۇپ، بۇ ھەم ئامېرىكىنىڭ 200يىلدىن بېرى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان قانۇن – سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئاساسلار بولغاچقىلا قانۇن تۈزۈملەردە قانداقلا ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە بەختنى قوغلىشىش هوقۇقى دەخلىگە ئۇچرىمايدۇ ۋە ئۇچرىمىغان. بۇ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ يازغۇچىسى ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى توماس جېففېرسون بولۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئۇنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ ئاپتورى ئىكەنلىكى يېزىلغان بولۇپ، قىزىقارلىقى ئۇنىڭ يەنە ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتىمۇ بولغانلىقى پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغان.

بىز بۇ خىتابنامىگە قارايدىغان بولساق باشتا دېيىلگىنى ھەر بىر ئىنساننىڭ ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان تەبئىي هوقۇقلىرى بولىدىغانلىقى بولسا كەينىدە بۇ هوقۇقلارنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى ئۈچۈن هۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ هۆكۈمەتنىڭ هوقۇقى خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى سۆزلەنگەن. يەنى هۆكۈمەت بەرپا قىلىشتىكى سەۋەب، خەلقنىڭ هوقۇقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ هۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ياكى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ خىتابنامىدىكى بىزگە ئالاقىدار مەسىلە نىمە؟ ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلارغا ئالللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان تەبئىي هوقۇقلارنىڭ ھېچكىم دەخلى – تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغانلىقىدۇر. دېمەك بىز يارىلىشىمىزدىن ھۆر يارىتىلدۇق. بىزنىڭ ياشاش ۋە بەخت – سائادەتنى قوغلىشىش هوقۇقىمىز بار.

ئۇنداقتا بىزنىڭ هوقۇقلىرىمىز قېنى؟ ۋەتىنىمىزنى خىتاي مۇستەملىكە قىلغان 70يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خەلقىمىز ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان بۇ ھەق – هوقۇقلىرىدىن تامامەن مەھرۇم ھالەتتە ياشاپ كەلدى. شۇنداقلا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئىنسانلىقتىن ھالقىغان زورلۇق، خورلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. ئۇنداقتا مىللەتنىڭ بۇ هاكىمىيەتكە قارشى چىقىش، بۇ هاكىمىيەتنى يوقىتىش ھەققى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار! ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇيغۇر خەلقى ھەق – هوقۇقلىرىنى خەلقئارا قانۇنلار ئاساسىدا قوغدىشى ۋە ئۆز ھەق – هوقۇقلىرىنى قولغا ئېلىش يولىدا ئىزدىنىشى، كۆرەش قىلىشى كېرەك. ئۇنداقتا خەلقئارا قانۇنلاردا بىزگە كېرەكلىك بولغان پايدىلىنىشقا تېگىشلىك قانداق قانۇن – نىزاملار بار ياكى بولغان؟

مەن بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدىنىشلەردىن كېيىن ب د ت نىڭ 1514-نومۇرلۇق قارارىدا مۇنداق قۇرلارنى ئۇچراتتىم. يەنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1960-يىلى 14-دېكابىر مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەر ياكى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ئېلان قىلغان. يەنى بۇ 1514-نومۇرلۇق ھۆججەت تۆۋەندىكىدەك 7 تۈرلۈك قارارنى ماقۇللىغان بولۇپ،ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1.مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتەك ئەھۋاللار

نورمال ئىنسان ھوقۇقىنى رەت قىلغانلىق بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بىلەن بىرگە دۇنيانىڭ تېنچلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توسالغۇ بولىدۇ.

2.ھەرقانداق مىللەتنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ قارارغا ئاساسەن ئۇلار دەخلىسىز ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى بەلگىلىسە، ئەركىن ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، جەمىيەتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرسا بولىدۇ.

3.سىياسىي ، ئىقتىسادىي، جەمىيەت ۋە مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردە يېتەرلىك تەييارلىقى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مۇستەقىل بولۇشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

4.مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك خەلقكە قىلغان بارلىق قورallıق ھەرىكەتلىرى ۋە باستۇرۇشلىرىنى توسۇش ئارقىلىق شۇ خەلقنىڭ تېنچ ، ئەركىن ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللاش بىلەن بىرگە دۆلىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىنىشى لازىم.

5.باشقىلارنىڭ باشقۇرىشىدا تۇرغان، ئاپتونومىيىسى بولمىغان رايونلار ۋە تېخى مۇستەقىل بولمىغان باشقا رايونلاردىمۇ دەرھال شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى بويىچە مىللەت ، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئېرق ئايرىماستىن، شەرتسىز ۋە تولۇق ھالەتتە بارلىق ھوقۇقلارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى ئارقىلىق ئۇلارنى پۈتۈنلەي مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك.

6.ھەرقانداق بۆلەكنى ياكى بىر دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى پارچىلاش ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە دەخلى – تەرۇز قىلىش قىلمىشى ب د ت نىزامنامىسىگە خىلاپ قىلمىشتۇر.

7.ھەرقانداق بىر دۆلەت باراۋەر شەكىلدە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان ۋە بارلىق دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ب د ت نىزامنامىسىگە، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە بۇ خىتابنامىنىڭ تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك.

يۇقارقى ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ھەرقانداق بىر مىللەت مۇستەقىل بولۇشقا ھوقۇقلۇق. ئەگەر بىر مىللەت باشقىلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغاندىن كېيىن ئېزىلىش، باستۇرۇشلارغا ئۇچرىغاندا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار دېيىلگەن. يەنى ب د ت نىڭ 1514-نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن بىز خىتايدىن ئايرىلىپ ئۆز دۆلىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىللىنىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. (داۋامى بار)

ماقالەمنىڭ ئىككىنجى بۆلۈمدە تەشكىللىنىش ھەققدە مەخسۇس توختىلىمەن.

# مىللىي مۇستەقىللىق ئۇيغۇرلاردىن قانچىلىك ئۇزاقتا؟

ئاسىيە ئۇيغۇر

## 2.ئورتاق نىشان ئۈچۈن تەشكىللىنىشنىڭ رولى

ماقالەمنىڭ ئالدىنقى بۆلۈكىدە بىزدە مۇستەقىللىق شەرتلىرىنىڭ ئالللىبۇرۇن ھازىرلانغانلىقى ۋە ب د ت نىڭ 1514-نومۇرلۇق ھۆججىتى ھەققىدە توختالغانىدىم. بۇ بۆلۈمدە ئورتاق نىشانىمىز ئۈچۈن تەشكىللىنىشىمىزنىڭ دەۋايىمىزغا ئېلىپ كېلىدىغان ئىجابىي تەسىرى ھەققىدە توختىلىمەن.

تەشكىل دېگەن سۆز خىتاي مۇستەملىكىسىدە ياشاپ باققان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئانچە ناتونۇش سۆز بولمىسا كېرەك. چۈنكى خىتايلار ۋەتىنىمىزدە ھەممە ئىشتا تەشكىلىنىڭ يول- يورۇقى بويىچە ئىش قىلىش، تەشكىلگە بويسۇنۇشنى تەكىتلىشەتتى. ئىدارە ئورگانلىرىمۇ تەشكىلىي تۈزۈم ۋە تەشكىلچانلىق كۆپرەك تەكىتلىنەتتى. ئۇنداقتا تەشكىللىنىش دېگەن زادى نىمە؟ تەشكىللىنىش دېگىنىمىز كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا كۆپ خىل ئامىللارنىڭ بەلگىلىك يۈنۈلۈش بويىچە سىستېمىلىق بىرىكىشى بولۇپ، ئېنىقراق ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ مەلۇم مەقسەت ۋە نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋەب ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بىر كوللېكتىپ ياكى گۇرۇھتۇر. مەسلەن پارتىيە گۇرۇھلىرى، ئىشچىلار گۇرۇھى، كارخانا گورۇھى، ھەربىي گورۇھلار دېگەندەك. دېمەك تەشكىللىنىشنىڭ مەقستى ئومۇمنىڭ مەلۇم ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن گۇرۇھلىشىش ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە ئورتاق ئارزۇسى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار، ئۇ بولسىمۇ ۋەتەننى خىتاي مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە مۇستەقىللىققە ئېرىشىش. ئۇنداقتا بىز مۇشۇ نىشان ئۈچۈن تەشكىللەنسەك بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە بولىدۇ. يەنى ۋەتىنىمىز خىتاي مۇستەملىكىسگە ئۆتكەندىن بۇيان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر خىل يوسۇندىكى تەشكىلاتلار ئارقا ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا نىشان ئۈچۈن توپلانغانلار ئىدى. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى ماقالەمنىڭ بىرىنجى بۆلىكىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك دەۋا ئىشلىرىمىزدا كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك چوڭ نەتىجىلەر تېخى قولغا كەلتۈرۈلگىنى يوق. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە مەن مۇنداق قارايمەن. يەنى دەۋا يولىدىكى بۇ تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز، ئادەم كۈچى چەكلىك ۋە ئىش بېشىدىكىلەر ئايرىم ئايرىم جايلاردا تارقاق ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا ھەمدە دەۋا ئىشلىرى كۆپۈنچە كىشىلەرنىڭ ئۆز خىزمەت ۋە تۇرمۇشىدىن ئېشىنىپ قىلىدىغان ھەرىكەت بولغىنى سەۋەب چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغان. گەرچە <بارىن ئىنقىلاۋى>دەك چوڭ ئىنقىلابلاردىن كېيىن چەتئەللەردە بىر قىسىم سىياسىي چولپانلار مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىدا بىردىنلا جانلىنىش ھالىتى شەكىللەنگەن ۋە ئىقتىسادىي ياردەملەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ئەمما مەشغۇلاتتىكى خاتالىق ياكى باشقا نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلى بىر مەزگىللىك جانلىنىشتىن كېيىن چېكىنىش ياكى ئىزىدا توختاپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن. 2017- يىلىدىن باشلاپ ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۈزۈپ تاشلىنىشى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زور تۈركۈمدە لاگىرلارغا قامىلىشى قاتارلىق پەۋقۇللاددە ئېغىر ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدىن دەۋا ئىشلىرى قايتىدىن جانلىنىشقا يۈزلەندى. ئەمما ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئومۇمىي خەلق دەۋاغا ئاۋاز قوشۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە تەشكىلاتلاردىكى ئىناقسىزلىق ۋە دۈشمەنلىشىش ئەھۋالى خەلقىنىڭ دەۋاغا بولغان قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىش بىلەن بىرگە ئەسلىدىمۇ پىسخىكىسىدا ئومۇميۈزلۈك مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىغان بىرخەلقنىڭ روھىيىتىنى سۇندۇرىدىغان ۋە كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان پاسسىپ ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. خاتالىق زادى كىمدە؟ تەشكىلاتتىمۇ؟ شەخسلەردىمۇ؟ خەلقلەردىمۇ؟ ياكى دەۋايىمىزنى قوللاۋاتقان دۆلەتلەردىمۇ؟

بۇ ھەقتە مېنىڭ قاراشلىرىم مۇنداق، يەنى سەۋەب ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە. بىز خاتالىقنى يولۇققىنىمىزدا ئالدى بىلەن مەسلىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەپ بېقىشىمىز كېرەك. تەشكىلات رەھبەرلىرى بولسۇن ياكى ئەزالىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولسۇن، دەۋايىمىزدا مەسىلە كۆرۈلگەندە ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز كېرەك. بىز زادى نېمىنى خاتا قىلدۇق؟

مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىمىزدا، تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزدا چاتاق كۆرۈلدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەردىنمۇ؟

مەن بۇ خىلدىكى ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئامىلنىڭ سەۋەبىدىن دەپ ئويلايمەن. يەنى ،

1)ھەر قايسى تەشكىلاتلارنىڭ مۇستەقىل بىر گەۋدە شەكلىدە ئۆز ئالدىغا گۇرۇھ تەشكىللەپ، ئايرىم ئىش پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى. يەنى ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادىي بىرلىك، ئىش بىرلىكى بولماسلىقى؛

2)مەۋجۇت تەشكىلاتلارنىڭ بوسۇغىسى پەس، كىرمەك ئاسان بولۇشى سەۋەبلىك ھەرقانداق شەخسنىڭ ئەزا بولۇش ئىمكانىنىڭ يۇقىرىلىقى

تەشكىلاتلارنىڭ مۇستەقىل بىر بىرىدىن مۇستەسنا ھالدا ئايرىم ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى ئەسلىدىمۇ ئادەم كۈچى ئانچە زور بولمىغان ئۇيغۇر دەۋاسىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش دەۋا قىلىشقا قارىغاندا ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمايدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر بۇ ئوخشىمىغان تەشكىلاتلار ئۆز دائىرىسىدە ئوخشىمىغان ئىش پائالىيەتلەرنى قىلسىمۇ ئەمما ئورتاق بىر گەۋدىگە جەملىنىپ، زەنجىرسىمان ئىشلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمى بولاتتى .

تەشكىلاتلارنىڭ بوسۇغىسىنىڭ پەس بولۇشى بۇ تەشكىلاتلارغا ھەرقانداق قاتلامدىكى ھەرقانداق ئىدىيىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەتتا خىتاي جاسوسلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىغان. يەنى بۇنداق ئەھۋالدا خىتاينىڭ جاسوسلىرىمۇ خالىغان ۋاقتىتا خالىغان ئۇسۇلدا دەۋا سېپىغا سۇقۇنۇپ كىرەلىشى ۋە كىچىككىنە ئىختىلاپلارنى چوڭايتىپ، ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىش ۋە ھەتتا تەشكىلاتنى پالەچ ھالەتكە ئەكېلىپ قويۇشتەك رولنىمۇ ئويناپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى شۇنچە قۇدرەتلىك ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىغىمۇ ئىشپىيۇنلىرىنى سېلىپ، جەمىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلالىغان خىتاي چەتئەلدىكى ئازغىنە ئۇيغۇرنىڭ ئارىسىدا پىتنە سېلىش ۋە دەۋا سېپىنى قالايمىقان قىلىش ھەتتا دەۋانى سۇغا چىلاشتۇرۇشنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئۇنداقتا ئەھۋالىمىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك تەرتىپسىز، بوسۇغىسى تۆۋەن ۋە دۈشمەننىڭ پايدىلىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئەھۋالدا ئىكەن، بۇنداق ئەھۋالنى قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتەلەيمىز؟ مەن بۇ ھەقتە بەك كۆپ ئىزدەندىم . دەۋاسىدا ئۇتۇق قازانغان ۋە قازىنىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ  مۇستەقىللىق يولىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى، قازانغان ئۇتۇقلىرى ھەققىدە كۆپ ماتېرىياللارنى كۆردۈم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، سىياسىي دەۋادا ئۇتۇق قازانغانلاردىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك بولسا تەشكىللىنىپ ھەرىكەت قىلىش، ئورتاق نىشان تىكلەش ۋە ھەممىباپ يول تۇتۇش ئىكەن.  بۇ ھەقتە مەن ئالدىنقى ماقالەمدە تىلغا ئالغان ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. يەنى ئامېرىكا دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى 13 ئۆلكە بولۇپ، چەكتىن ئاشقان باج ۋە سېلىقلارنىڭ سەۋەبى ئۇلار مۇستەقىللىق ئۇرۇشى يولىنى تاللىغان ۋە ئاقىۋەت ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. غەلىبەدىن كېيىن بۇ 13 ئۆلكىنىڭ كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا يەنىلا بىر ھۆكۈمەتكە ئېھتىياجى بارلىقىنى ھېس قىلىشقان ۋە بۇ ھەقتە قاتتىق ئىزدەنگەن. ئاقىۋەتتە مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئامېرىكا دۆلىتىنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا تۈرتكە بولغىنى مۇستەملىكىلىكتىن قۇتۇلۇش بولغان بولسا، قۇدرەتلىك ئامېرىكا دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقالىشىدىكى سەۋەب تەشكىللىنىپ ئىش بىرلىكى ئېلىپ بېرىش ۋە ئىتتىپاقلىشىشنىڭ نەتىجىسىدىن ئېرىشكەن غەلىبىسى سەۋەبلىك بولغان.  دېمەك بىرلىكنىڭ ئۆزى كۈچ دېمەكتۇر. ھەممەيلەن <ئۇيغۇر خەلقى ئويغاندى>  دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرۈشمەيدۇ. توغرا

ئويغاندۇق. ئەمما ئويغانغاندىن كېيىنكى بۇ كۈچنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان بىر سىستېما بولمىسا قايتا ئۇخلاپ قېلىش ھادىدىسى كۆرۈلۈشمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

**ئۇنداقتا قانداق تەشكىللىنىمىز؟**

تەشكىللىنىشتىكى مەقسەت ئىتتىپاقلىشىش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى غايەت زور كۈچ پەيدا قىلىش. ئۇنداقتا بۇنداق بىر كۈچنى قانداق شەكىللەندۇرىمىز؟

**1)سىياسىي تەشكىللىنىش :** بۇ دەل بۈگۈنكى تېمىنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى بولۇپ، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق بولغان بولغان يولدۇر! تەشكىللىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بارلىق تەشكىلاتلار ۋە تەشكىلات ئەزالىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىل بولۇپ خىتاي بىلەن ۋەتەن دەۋاسىنى دۇنيا سەھنىسىدە ئېلىپ بارالايدىغان بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بەلكىم بۇ سۆزۈمدىن نۇرغۇن كىشىلەر نۆۋەتتىكى مەۋجۇت تەشكىلاتلىرىمىزدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت.......لەر بار تۇرسا يەنە ھۆكۈمەت قۇرامدۇ؟ دەپ ئويلاپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. ئەمما نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمىزدا خەلقنى قايىل قىلىش ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا بىردەك ئاۋاز قوشۇشى، شۇنداقلا ئادىل ۋە كۈچلۈك بولغان ، خەلقنى ئىشەندۇرەلەيدىغان بۈيۈك بىر دەۋا قوشۇنى بولۇپ شەكىللىنىش ئۈچۈن يېڭى بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. يەنى خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپقا ئېرىشىش، ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ھۆكۈمەت خەلقئارانىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇشى شەرت. ھۆكۈمەت بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن بىز ئاندىن خەلقئارادا خىتايغا قارشى بىر كۈچ سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىمىز ۋە باشقا دۆلەت ۋە شەخسلەرنىڭ ھەمكارلىشىش، ياردەم بېرىش، قوللاش ئوبيېكتىغا ئايلىنالايمىز.

**2)ھۆكۈمەت قۇرۇش تەرتىپى:** ئىشلارنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت قۇرۇش خىزمىتىگە بىزنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىمىز ئاتالغان د ۇ ق بارچە تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرىنى بىر يەرگە چاقىرىپ سايلام ئېلىپ بېرىشى كېرەك. (بۇ يەردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى بۇ ئىشقا باشلامچى بولۇش تەكلىپىنى بېرىشىم پەقەت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئېتىراپ قىلىدىغان ئۇيغۇر دەۋاسىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئورگان بولغانلىقى سەۋەبتىندۇر.)يەنى مۇھاجىرەتتىكى <ئۇيغۇر دەۋاسىغا يېتەكچىلىق قىلىش ئىقتىدارىمىز بار> دەپ قارايدىغان بارلىق تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ھەممىسى بۇ سايلامغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنىشى، بىرمۇ تەشكىلات ئايرىپ قويۇلماسلىقى، بىرمۇ شەخس سايلامنىڭ سىرتىدا قالماسلىقى كېرەك.

**3)سايلامغا تەييارلىق قىلىش تەرتىپى:** سايلامغا قاتناشماقچى بولغان بارلىق تەشكىلاتلار بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ خىتايغا قارشى پىلان لايىھەلىرىنى يازما ھالەتتە تۈزۈپ چىقىشى ۋە ئەركىن مېدىيالار ئارقىلىق خەلققە ئۆز پىلانلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشى ۋە لايىق قوللاشلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىششى كېرەك.

**4)سايلام ئۆتكۈزۈش تەرتىپى:** ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئۆز پىلانلىرى بويىچە سوشيال مېدىيالاردا نۇتۇق سۆزلەش ۋە قوللاشقا ئېرىشىش باسقۇچىنى تاماملىغاندىن كېيىن سايلام دۇق نىڭ يېتەكچىلىكىدە چاقىرىلىشى كېرەك.

**5)سايلام نازارىتى:** سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى سايلامغا قاتنىشىدىغان ھەربىر تەشكىلاتنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولغان خەلق ئىچىدىن ئىككى نەپەردىن سايلام نازارەتچىسى سايلاپ چىقىش، ئاندىن سايلاپ چىقىلغان بۇ نازارەتچىلەردىن تەشكىللەنگەن سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇش.

**6)سايلام نەتىجىسى:** بىر نەپەر خەلق سايلىغان پرېزدېنت، مەتبۇئات باياناتچىسى، تاشقىي ئىشلار مىنىستىرى دېگەنگە ئوخشاش رەھبەرلىك قاتلىمى سايلاپ چىقىلىشى كېرەك. بۇلاردىن باشقا ئىچكى كابىنېت ۋە كابىنېت ئەزالىرى سايلىنىشى ۋە كاتىپ بۆلۈمى، ھېساۋات بۆلۈمى تەسىس قىلىنىشى كېرەك. سايلام

تەرتىپى،سايلام ئۆتكۈزۈش مۇددىتى ، شەرتلىرى، قاتناشقۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ نىزامنامىسى......ۋەھاكازالار ئېلان قىلىنىشى لازىم.

**7)يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى:** مەيلى قايسى تەشكىلات بۇ سايلامدا ئۇتۇپ چىقسۇن باشقا تەشكىلاتلار ۋە بارچە خەلق سايلامدا ئۇتۇپ چىققان تەشكىلات ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭى ھۆكۈمەتكە ئەگىشىشى كېرەك. يېڭى ھۆكۈمەتمۇ ئەگەر ۋەتەن مۇستەقىللىقى قولغا كېلىش پۇرستى يېتىلسە دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان قانۇنلۇق ھۆكۈمەت سۈپىتىدە دۆلىتىمىزنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ھوقۇقلۇق بىر ھۆكۈمەت بولۇش شەرتىنى ھازىرلىشى كېرەك. يېڭى ھۆكۈمەت ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى سۈپىتىدە بارلىق دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە باغلىشى ھەمدە يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنى خەلقئارادا بىردەك قوللاشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

**خاتىمە:**

زۇلۇم چەكتىن ئاشقان ئەمما بىزدە زۇلۇمغا قارشى بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىنمىغان بۇ پەيتتە، ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋە دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلام ئېلىپ بېرىش نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىدۇر. ۋەتەننى ئازاد قىلىش ۋە ئەركىنلىك، مۇستەقىللىققە ئېرىشىش، شۇنداقلا دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش نورمال بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ۋە خەلقىمىزنى ئۆز زېمىنىدا ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئەركىن ۋە باراۋەر، باياشات ۋە بەختلىك ھاياتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا دۇنيادىكى زور كۆپ سانلىق دۆلەتلەر تۇتقان يولدا شۇلار بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشتە مېڭىشىمىز كېرەك. يەنى دىن بىلەن سىياسەتنى پۈتۈنلەي ئايرىشىمىز كېرەك. بۇ دېگەنلىك دىنني ئېتىقادىمىزدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئەمەس بەلكى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش ئاساسىدا دىنني ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ئالالاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھۆرلۈككە چىققان ھالەتتە ئۇ زېمىندا نەچچە ئەۋلات ياشاپ كەلگەن خىتاي پۇقرالىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ياكى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەيلى بىز قوبۇل قىلايلى ياكى قىلمايلى ھامان بىز يۈزلەنمىسەك بولمايدىغان ئاچچىق رېئاللىق. چۈنكى ھەر ئىككى ئۇسۇل خەلقئارا نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشتۇر. ناۋادا تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ خىتايلار ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ بېرىپ ھەممىسى چىقىپ كەتكەندىمۇ خىتايدىن ئۈيلەنگەن يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ۋە بىز بىلەن شۇ زېمىننىڭ تارىخىغا ئورتاق شاھىد بولۇپ ياشاپ كەلگەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرمۇ شۇ زېمىندا داۋاملىق ياشىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق -ھوقۇقلىرىمۇ قوغدىلىشى، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغىمۇ ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك. سىياسىي تۈزۈلمىمىز دۆلەت ئەھۋالىمىزغا ئۇيغۇن بولۇشى بىلەن بىرگە ھەممە ئورتاق قوبۇل قىلىشى كېرەك. يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت بولۇش سۈپىتىمىزدە قوشنا ئەللەر بىلەن دوستانە ئۆتەلەيدىغان، باشقىلارغا خەتەر تەھدىتى پەيدا قىلمايدىغان، ئۆزىمىزگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ خاتىرجەملىك بېرەلەيدىغان تۈزۈم يەنىلا دۇنيا ئېتىراپ قىلغان دېموكراتىك تۈزۈمدۇر. دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇش بىزنىڭلا رايىمىز بىلەن روياپقا چىقمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. مۇستەقىل دۆلىتىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىش دەۋاسىنى قىلىۋاتقىنىمىزدا بىزنىڭ دەۋايىمىزنى قوللايدىغان ۋە بىزنى ئېتىراپ قىلىدىغان دۆلەتلەرمۇ بولۇشى كېرەك. ئەگەر قوللاشقا ۋە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمەيدىكەنمىز دۆلەت قۇرۇش بىر چۈش بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال ئەلۋەتتە.

ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق دۆلەت قۇرۇش تەجرىبىمىزدىن مەلۇم بولدىكى دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۆز خەلقىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان بىر دۆلەت قۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى دۇنيا قوبۇل قىلىدىغان ۋە باشقىلارغا قورقۇنچ، ئەندىشە ئېلىپ كەلمەيدىغان، ھەممىباپ بىر تۈزۈمدىكى دۆلەت بولىشىمىز كېرەك. يەنە كونا سەنەم بويىچە ياكى پانئىسلام ياكى پانتۈركىزمنى مىللىي مەنپەئەتىمىزنىڭ ئۈستىگە قويىدىكەنمىز تارىخ يەنە تەكرارلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى ھېچكىم دۇنياغا تەھدىت بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان بىر دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى خالىمايدۇ!

# داۋايىمىزدا ئورتاق مەنزىل

**نامسىز**

كىشىلەرنى ئورتاق نىشانغا قاراپ ئىلگىرلەشكە سەۋەپ بولىدىغىنى مەنزىلنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىدۇر. بۇ بىر نىشانغا قاراپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى، ئىشەنچىنى، جاسارىتىنى ئۇرغۇتىدىغان موھىم ئامىللارنىڭ موھىمى. مەنزىل قانچە ئېنىق، قانچە ئاممىۋىي، جەلىپكار ۋە ئالقىشلىق بولسا، قانچىلىك كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولسا كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشى شۇنچە ئاشىدۇ. ھەممە بۇنداق ئالقىشلىق مەنزىل شۇنچە كۆپ كۈچنىڭ ھازىرقى رېئاللىقتىن ھالقىغان ئورتاق نىشانغا قاراپ ئىلگىرلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ داۋاسى تېگى تەكتىدىن ئۇيغۇرلار ۋە شەرقى تۈركىستاندا ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق داۋاسىدۇر. بۇ ھوقۇق كىشىلىك ھوقۇق، مىللەتلىك ھوقۇقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇق قاتارلىق تەرەپلەردە كونكىرتلىشىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقى بولۇپ بۇ قايسى دىنغا ئىشىنىش، قايسى تىلدا سۆزلەش، قايسى جايدا ياشاش، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىدە كۆرسىتىلگەن 30 ماددىلىق ھوقۇقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھوقۇقلار خىتاي ئاساسى قانۇنىدا بېرىلگەن ئەمما ئەمەلگە ئاشمىغان. نۆۋەتتە دۇنيانىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى ئۇيغۇرلار مەھرۇم قېلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى.

مىللەتلىك ھوقۇقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادىتى، تارىخى مىراسلىرى، ئېتقادىي ۋە زېمىنىغا ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي ئاساسى قانۇنىدا بۇ ھوقۇق بېرىلگەن. خىتاي ئاساسى قانۇنىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش بېكىتىلگەن. بۇ يەردىكى مىللى دېگەن سۆز مىللەتنى كۆرسىتىدۇ، تېرىتورىيە بولسا زېمىن، ئاپتونومىيە ئۆزىنى ئىدارە قىلىشتۇر. خىتاي بۇنى ئاممىباپ قىلىپ «ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆي ئىگىسى بولۇش ھوقۇقى بار» دەپ يېشىدۇ. بۇ يەردىكى ئاپتونومىيە ھەم مىللىي ھەم تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە بولۇپ بىرى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى شۇ زېمىنغان خوجايىن بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، خىتاينىڭ بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي ۋە چوڭچىڭغا بەرگەن ئاپتونومىيەسى تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە بولۇپ بۇ يەردە باشقۇرىدىغان مىللەتنىڭ كىم بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. دېمەك، خىتاي ئاساسى قانۇنى بويىچە بولغاندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنى دېگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم زېمىنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى، ھەم زېمىندا بىر ئايرىم مىللەت سۈپىتىدە خوجايىنلىق ھوقۇقى بار. ھالبۇكى كومۇنىست خىتاي قۇرۇلغاندىن باشلاپ بۇ ھوقۇقنى ھەقىقى مەنىدە بەرگەن ئەمەس.

بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇ قىلىۋاتقىنى ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتۇر. بۇرۇن مەۋجۇت بولغان مۇستەقىل دۆلەتنى مۇستەملىكىدىن قۇتقۇزۇشتۇر. ئۇنداقتا زادى قانداق دۆلەت قۇرۇلىدۇ؟ دۆلەتنىڭ ئىسمى نېمە بولىدۇ؟ تۈزۈمى ۋە شەكلى قانداق بولىدۇ؟ داۋا ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولغان ئىكەن. 2-جۇمھۇرىيەت ۋە بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىسمى شۇ پېتى بولىدۇ. تۈزۈممۇ سابىت داموللام، ئەلىخان تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىملار رەھبەرلىك قىلغان جۇمھۇرىيەت بولىدۇ. سابىق بېسىۋېلىنغان دۆلەت پادىشاھلىق ياكى پادىشاھلىق ئاساسى قانۇنلۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت بولمىغىنى ئۈچۈن يوق نەرسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. جۇمھۇرىيەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، بىرى پارلامېنت تۈزۈمىدىكى يەنە بىرى پېرېزدېنت تۈزۈمىدىكى. بىرىنچى جۇمھۇرىيەت پارلامېنت تۈزۈمىدىكى، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت پېرېزدېنت تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت ئىدى. ھازىرقى سۈرگۈندە ھۆكۈمەت پارلامېنت تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت بولۇپ پېرېزدېنت سىمۋۇل، ئەمەلىي ھوقۇق باش مىنىستىرنىڭ قولىدا.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندا دۆلەت بىرلىككە كەلگەن دۆلەت دېيىلگەن. ھېچ بىر رايون ياكى مىللەتكە ئاپتونومىيە بېرىلمىگەن. چۈنكى ئۇ چاغدا مىللەت ئۇقۇمى روشەن ئەمەس، تۈركى تىلدا سۆزلەيدىغان ئاساسلىق مىللەتلەر ئۆزىنى بىر مىللەت دەپ قارايتتى. بۈگۈنكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا بەرمەسلىك مەسىلە پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى خىتاي ئۇيغۇرغا ئاپتونومىيە بەرگەندىن كېيىنلا شەرقى تۈركىستاندىكى قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تۇڭگان، تاجىك، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرگە ئاپتونومىيە بەرگەن. بۇ ھالەت داۋاملاشقانغا بۇ يىل 63 يىل بولدى. دۆلەت قۇرۇش ئەمەلگە ئاشقاندا بۇ قالدۇرۇلسا تۈگىمەس زىددىيەتنىڭ ئۇرۇقى چېچىلىدۇ. چۈنكى قۇرۇلماقچى بولغان دۆلەت كومپاتىيە بەرگەننى تارتىۋېلىش ئەمەس، بەرمىگەننى بېرىش بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىشى كېرەك.

كەلگۈسى دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولماستىن يەرلىك ئاپتونومىيەلەرگە يول قويىدىغان دۆلەت بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شەرقى تۈركىستان قورالىق كۈچلىرى بىر شەرىئەت دۆلتى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارغىمۇ خەلق قوبۇل قىلغان بىر رايۇندا شۇنداق بىر ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ چىقىشقا پۇرسەت بېرىش كېرەك. دۆلەت دېموكراتىك بولغانكەن، ئاۋامنىڭ شەرىئەت بويىچە ياشاش ئىستىكىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇ مەنىلەردىن قارىغاندا قۇرۇلماقچى بولغان دۆلەت بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئەمەس، فېدىرال دۆلەت بولسا مۇۋاپىق.

ھازىر مەۋجۇت ئاساسلىق سىياسىي كۈچلەردىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندە ھۆكۈمىتى، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى ۋە شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى قاتارلىقلار بار. مۇشۇ ۋەزىيەتنى چىقىش قىلغاندىمۇ كەلگۈسىدىكى دۆلەت مۇشۇ كۈچلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى قورالىق كۈچ بولغان تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى تەلەپ قىلىدىغان دۆلەت شەرىئەت دۆلتى، بۇ تەلەپ قاندۇرۇلمىسا زىددىيەتنىڭ تېرىلىپ كېتىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇنىڭسىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر كەڭقورساق مىللەت بولۇشتەك ئالاھىدىكى بويىچە قارىغاندا ھەر خىل دىنىي پىكىردىكى كىشىلەرنىڭ بىر ئارىدا ياشاپ كېتەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەت تەخمىنىدىن يىراق ئەمەس.

ئورتاق مەنزىلىنىڭ كارتىنىسى مۇشۇنداق بىر رامكا ئىچىگە ئېلىپ كۆرستىلسە بىر تەلەپ قىلىۋاتقان ھەمكارلىق ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. بۈگۈن قىلىنىشقا تىگىشلىك ئىش كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەمەس، ئادەملەرنى بىر يىپقا تىزىش ئەمەس، بەلكى ھەمكارلىق. ھەممە تەشكىلات، ھەر بىر شەخس، ھەر بىر جامائەت بىر نىشان يەنى ئازاتلىق، بىر دۆلەت شەرقى تۈركىستان، بىر بايراق ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بىر ۋەزىيەتنى ياراتساق مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى كۈچلىنىدۇ. بۇ نىشانغا يېتىش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كەڭ جامائەت پىكرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

# بۇگۇنكى مەۋجۇتلۇقىمىزنى چۈشىنىش

**ئافراسىياپ**

بۇ يەردە ئىستىلماقچى بولغانلار قارىماققا ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق گەپلەر،مەۋجۇت رىئاللىقىمىز جۇملىدىن دۇشمەنىنىڭ بىزگە قىلىۋاتقانلىرى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق،دۇنيا پەرۋاسىز ،ئۆزىمىزنىڭ ئىنكاسى كۇچسىز .ئەمما چارە تېپىشتىن بۇرۇن ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئاممىباپ ۋە توغرا شەكىلدە چۈشىنىشىمىز كېرەك.

**بىرىنچى:**خىتتاينىڭ قىلمىش- ئەتمىشلىرى

1-خىتتاي دۆلىتى ئۇيغۇر دۆلىتىنى بېسىۋالدى.دۆلەتنى تارتقۇزۇپ قويۇشتا ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر.

2-زېمىنىمىز ۋە بايلىقىمىز خىتتاينىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ كەلدى.شۇڭا ئۇنى بار كۈچى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىدۇ ۋە ئۇ زېمىننى تارتىۋالماقچى دېگەن بىز ئۇيغۇرلارنى يوق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

3-دەل مۇشۇ چاغدا خىتتاي 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر تەتقىقاتچىسى، 500 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى كۈچ ،5 مىليوندىن ئارتۇق مەمۇرى خادىم ،500 مىڭدىن ئارتۇق ساقچى ،ياردەمچى ساقچى،جاسۇس ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنى تۈتۈش ،ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىش قەدىمىنى تېزلەتمەكتە ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارماقتا.

4-خىتتاينىڭ قارشى تۇرىۋاتقىنى ئىسلام ئەقىدىسى بولغان ئۇيغۇرلارلا ئەمەس،بارلىق ئۇيغۇرلار،جۇملىدىن مەمۇرى ئەمەلدارلار،تەتقىقاتچى ئالىم،كارخانىچى ۋە سودىگەر،ياشلار ۋەكىللىرى ،سەنئەتكارلار،دىنغا ئىخلاسمەن ئاما ھەممىسىنى تۇتماقتا،يوقاتماقتا.دىنى ئۆلىمالار بۇرۇنلا يوقىتىلغان بولۇپ ،نۆۋەتتە ئەڭ كۆپ تۇتۇلىۋاتقانلار مىللى مەدەنىيەت،مىللى ئىگىلىكنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىبارەتتۇر.

5-خىتتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ۋاقىت جەدۋىلى ئېنىق ،2030- يىلدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلۇق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىش ۋە تۇتۇش ئارقىلىق يوقىتىش ،باشقىلىرىنى خىتتايلار بىلەن ئىنتىقات،تىل-يېزىق،تۇرمۇش ،مەدەنىيەت جەھەتتە تولۇق ئاسسىلماتسىيە قىلىشتۇر.

6-خىتتاي ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمىنى قاماپ،يېرىمىنى خىتتايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋەتىنىمىزگە 2025-يىلدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ساندىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق خىتتاي كۆچمەن يۆتكىمەكچى.

7-خىتتاي ئىنتايىن كۈچلۈك ،نوپۇسى كۆپ،ئارمىيەسى كۈچلۈك ،يادرو قورالى بار،ۋە دۇنيانى ياردەم بېرىش،قەرز بېرىش،مەبلەغ سېلىش،سېتىۋېلىش ،يۇمشاق ۋە قاتتىق دىپلوماتىيە،قورال ۋە تەشۋىقات،جاسۇسلارنىڭ كۈچى بىلەن بويسۇندۇرماقتا.

**ئىككىنچى:**دۇنيانىڭ ئىنكاسى

8-پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ مەسىلىمىزنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ.مېدىيالار پەقەت مىڭدىن بىرىنى بايقايدۇ ۋە يەتكۈزىدۇ.دۇنيا خەلقى ئۇنىڭغا قانچىلىك قىزىقىدۇ ۋە قانچىلىك ئىشىنىدۇ ،قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدۇ بۇ ئايرىم مەسىلە.

9-ئامېرىكا ۋە باشقا غەرپ ئەللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى داۋاملىق «ئىنسانى ھوقۇق »مەسىلىسى سۈپىتىدە ئاڭلايدۇ.ئۇيغۇرلار تەييارلىغان نۇرغۇن دوكلات،تالاي يېغىنلار،مىڭلىغان پاكىتلىق خەۋەرلەردىن كېيىن بۇ ھۆكۈمەتلەر خىتتايغا قارىتا تەسىرى بولمايدىغان قىسقا باياناتلارنى ئېلان قىلىدۇ.ئىش تۈگەيدۇ.

10-دۆلەتلەر ،تەشكىلاتلار ۋە تاراتقۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىلىش خەۋپىگە تېخى دىققەت بەرمىدى.چۈنكى مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىش خەۋپىنى بىز بىلىۋاتىمىز ئەمما قولىمىزدا باشقىلارغا كۆرسەتكۈدەك يېتەرلىك ئىسپات يوق.

11-ھېچقانداق دۆلەت،دۆلەت رەھبىرى ياكى خەلقئارالىق تەشكىلات ياكى خەلقئارالىق تاراتقۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشنى،مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھەرىكىتىنى قوللاپ باقمىدى.

چۈنكى بۇ نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق ئەھدىنامىلەرگە خىلاپ دەپ قارىلىدۇ.ئۇلارنىڭ قوللىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانى ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بولۇپ،بۇ ئەلۋەتتە خىتتاينىڭ ۋەتىنىمىزگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ،ئۇيغۇرلارنى قوللىغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ قىلىپ بەرگەن ئەڭ چوڭ ئىشى خىتتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە قانۇنى ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

12-ئۇيغۇرلارنى خىتتايلارغا دەسلۋدە پاكىستان،قىرغىزستان،تاجىكىستان ئارقىدىن ئافغانىستاننىڭ كارزايى ھۆكۈمىتى ۋە سابىق تالىبان ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەمدە پۇلغا تېگىشتى ،ئۇيغۇرلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغۇزدى ۋە پايدىلاندى،كېين قازاقىستان،ئىران ،كامبودژا،تايلاند ،سۇرىيە باشار ھۆكۈمىتى،لىۋىيە قاتارلىقلار دۆلەتلەر ھسابسىز پۇلغا ساتتى ،كېين مىسىر ھۆكۈمىتى ،سەئۇدى ئەرەبىستان ،ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى خىتتاينىڭ بىر بەلباغ بىر يول سىياستىدىن نەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرنى سېتىش قوشۇنىغا ئۆزىنى ئاتتى،ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتتايلار بىلەن مەخپى كېلىشىملەرنى تۈزۈشى ،ئۇيغۇرلارنىڭ خىتتايغا قارشى ھەرىكىتىنى زور كۆلەمدە چەكلىشى ،ئاساسلىق مىدىيالاردا ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەۋەرلىرىنى چەكلىشى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىسىز بولدى.

13-مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ خىتتاي بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇپ،ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى تۇتقۇن قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ يارەدەمچىسى بولۇشى ،خېرىستان ۋە يەھۇدىلار تەسىرىدىكى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرلارغا ئىنسانى ياردەم قىلىشى، سىياسى سەھنە ،پۇل ۋە مىدىيا،جامائەت پىكرى ياردىمى تەمىن ئېتىشى روشەن سىلىشتۇرما بولۇپ قالدى.ئەمما بۇغەرپ دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار شۇ دۆلەتلەردە تۇرۇپ ،ئۇلارنى تىللاپ قارغايدۇ.

14-تېخى بىرەر دۆلەتنىڭ سىستىملىق ھالدا دۆلەت پارلامىنتىدىن ئۆتكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قانۇن لايىھىسى يوق .

ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ تېخىچە مۇنتىزىم ۋە تەۋرەنمەس ھالدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىق بىر «ئۇيغۇر سىياستى »يوق ،ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇر سىياستى تېخىچە «خىتتايدىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەر »«خىتتايدىكى ئىنسانى ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى»سىياستىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى،ھەممە ياردىمى ئىنسانى ھوقۇقنى مەركەز قىلىپ ،تەتقىقات ،مېدىيا،يېغىن ،ئاخبارات يېغىنى شەكىلدە داۋام قىلماقتا.

15-دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازى رادىكاللىق،قارا بايراق ئاسقان قوراللىقلار،قارا كىيمگە ئورانغان ئاياللارۋە يەنە بىر قىسمى غەرپتىكى كىشلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بىلەن تونۇلغان بولۇپ،مەدەنىيەتلىك،تارىخى بار،ئاڭلىق بىر ئۇيغۇر ئوبرازى ئاز ئۇچرايدۇ.بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يەنە بىر زىيانلىق دىپلوماتىيە كىرزىسىدىن ئىبارەتتۇر.

**ئۈچىنچى** :ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنكاسى :

16-چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى تەسىر كۈچى ۋە ئېقتسادى ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز .

ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەردە ئېقتساد،مەدەنىيەت ۋە مائارىپ تەرەققىياتىنى كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن تەمىنلەيدىغان رەسمى شەكىللەندۈرگەن بىر ئۇيغۇر شەھىرى،بازىسى يوق.

17-كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزىنى داۋا سېپدىن تارتىدۇ،ئاكتىپ قاتناشمايدۇ ،ئۆزى كۆرەش قىلماي تۇرۇپ ،كۆرەش قىلغانلارنى ياراتمايدۇ،داۋا سېپىدىكىلەردىن ئەيىپ ئىزلەيدۇ.

18-ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ پاسسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن داۋا ئىشنى ئازغىنا ئادەمگە تاشلاپ بەرگەن،چەتئەلدىكى ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلەرنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك داۋا سېپىدە يۈرىۋاتقانلىرى 10غا

يەتمەيدۇ.نۇرغۇنلار ئىشتىن سىرت قوشۇمچە قىلىدۇ.شۇڭا كىشلەر ئۇيغۇر داۋاسىنى «4-5 كىشىنىڭ ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتايدۇ.

19-ئۇيغۇرلار ئومومىيۈزلۈك ئىتتپاق-ئىناق ئەمەس،ئۆز-ئارا ھېچكىمنى ھېچكىم ياراتمايدۇ.ھەممىسى ئۆز ئالدىغا نوچى.باشلىق بولۇش ئارزۇسى مىللەتنى ئازات قىلىش ئارزۇسىدىن كۈچلۈك.ئۇزۇن مۇددەت مۇستەملىكە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسگە چوڭقۇر تەسر كۆرسەتكەن .

20-ئۇيغۇرلار ئارسىدا دىنى ئىلمدە تولۇق تەربىيە ئالماي تۇرۇپ ،دىنى مەزھەپ،تالاش-تارتىش دولقۇنى قوزغاش ،دىن نامىدىن بىر-بىرىنى ھاقارەت قىلىش،ئىجتىمائى مىدىيا ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش ،نورمال ئۇيغۇرلارنى كاپىرغا چىقىرىش ،مائارىپ ۋە تەرەققىياتقا،ئىقتسادى جەھەتتە كۈچلىنىشكە قارشى تۇرۇش ،ئۇيغۇر مەدەنىيتىنى يۇكسەلدۈرۈشكە  قارشى تۇرۇش دولقۇنى ئۇيغۇرلارنى ئىچىدىن چاك-چاك بۆلمەكتە ۋە ئارقىغا چېكىندۈرۈپ،يوقىلىشنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

21-ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلارغا ئىشەنمەيدۇ،ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ۋىجدانىغا ئىشەنمەيدۇ،ھەر قانداق ئۇيغۇرنى ياخشى كۆرمىسلا جاسۇس ،خىتاينىڭ ئادىمى دەپ تىللاپ،قىلغان بارلىق ئىش-ئىزلىرىنى يوققا چىقىرالايدۇ.ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشەنمەيدۇ،ئۇيغۇرلار باي بولۇپ كەتسە،بۇ باي بولۇپ كەتتىغۇ؟چوقۇم خىتتاي ياردەم قىلدى دەيدۇ.

22-مىللى ئەركىنلىك كۆرەش سېپىگە بايلار ،كەسپچان ئالىملار ،تەسرى بار سەنئەتكارلار،ئاكتىپ ۋە جۇشقۇن ياشلارنىڭ سالمىقى يوق دىيەرلىك.

23-كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزگە  دۈشمەن تېپىش بىلەن ئالدىراش،خىتايدەك نوپۇس سانى كۆپ،دۆلەت كۈچى كۈچلۈك بىر رەزىل دۈشمەنگە دۆلەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ،چەتئەلدىكى 50 مىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئىتتپاقلىشىشىدىن باشقا،ئامېرىكا،ياۋروپا ئىتتپاقى ،ھىندستان،روسيە،ئىسلام ۋە ئەرەب ئەللىرى،تۈركى مىللەتلەر بىردەك قوشۇلۇشى كېرەك ئىدى.لىكىن ئۇيغۇرلار ئۇلارنى خىرستىئان ،يەھۇدى،كاپىر دەپ قاراپ يېقىنمۇ كەلمەيدۇ،

ھەتتا ئۆز ئىچىدىنمۇ مىڭلىغان رامكىلارنى تۈزۈشۈپ بۆلەك-بۆلەكلەرگە ئايرىلغان.

24-ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەسلىدە زادى قايسى دەرىجىدە ياخشى ۋە ئېسىل  مىللەت ئىكەنلىكىنى ئەقلى ،تۇيغۇسى ۋە تەجرىبسى بىلەن تونۇپ يەتەلمىگەن ،شۇڭا ئۇلاردا ئۆز-ئارا مۇھەببەت كەمچىل.

25-ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئاخبارات قامال قىلىنغانلىقى ئۈچۈن خىتاينىڭ زادى قانچىلىك ۋەھشى ۋە ئىپلاسلەرچە ئىلىپ بىرىۋاتقان زۇلۇمىنى يەتەرلىك چۈشەنمەيدۇ.

26-ئۇيغۇرلاردا ئۆزى ئارىلاپ قاتنىشىپ قويغان يىغىن ،نامايىش دىگەنلەرنى ئىنقىلاپ ياكى ھەرىكەت دەپ چۈشىنىپ،ئۈنىڭدىن قانائەتلىنىدىغان ئەھۋاللار بار.

27-ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تىل-يېزىق مەدەنىيەت مەسلىسى كىرزىس ئىچىدە،ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرىنىڭ توي -تۇرمۇش مەسلىسى كىرزىس ئىچىدە،

27-ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى ئۇرۇش مەيدانى -فايىس بۇك،ئۇيغۇرلارنىڭ بىر-بىرىنى تىللايدىغان يىرى-فايىس بۇك ،ئۇيغۇرلارنىڭ دىن تەبلىغ قىلىدىغان يىرى فايىس بۇك،ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيتى ۋە تىلى -فايىس بۇك،ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتى فايىس بۇك بولۇپ ،بۇ يەردە نىمە دىسەڭ بولىدۇ،سورىقى بولمايدۇ.

**قاتمال ھالەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ چارىسى بارمۇ ؟**

ئەلۋەتتە بار،ھەر بىر ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇق كۆرىشگە تولۇق قاتنىششى كېرەك.

ھەر بىر ئۇيغۇر تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش كۆرىشگە تولۇق قاتنىششى كېرەك،

بىزنى پەقەت ئۆزىمىزلا قۇتقۇزىمىز.باشقا ھېچكىم ،ھېچقانداق كۈچ قۇتقازمايدۇ،ياراتقۇچى ئاللا قۇرئاندا :«بىر

قەۋمىنىڭ ئۆز ھالىتىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگۈچى ئاللا ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ»دېگىنىدەك،بىز ئەمدى ھەر بىرىمىز ئۆزىمىز تولۇق قارشىلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

شۇنداقلا ئۆزىمىزدە 1-ئىشەنچ 2-مۇھەببەت 3-مائارىپ 4-ئىقتىساد 5-ھەربى كۈچ ھازىرلاشنىڭ مەنىۋى تەييارلىقىنى باشلىشىمىز كېرەك.

# بىرلىك -ئىتتىپاقلىق مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى

**نەشتەرى**

ئايرىلغاننى ئېيىق يەيدۇ، بۆلۈنگەننى بۆرە–خەلق تەمسىلى

بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە مىللىتىمىزگە سۇ بىلەن ھاۋادەك زۆرۈر بولۇۋاتقىنى، قانداقتۇ تۇغۇلمىغان تەخەيگە قانداق مۆلە ئاتىپ، تۆشىنى قانداق ئارغامچىدا تاتىپ، كىم ئاۋۋال مىنىپ، قايسى تەرەپكە چېپىشقا دېگەندەك بەڭگىنىڭ خيالىنى قىلىپ ئولتۇرۇش ئەمەس،بەلكى قانداق قىلىپ ختاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان رەھىمسىز ئىرقىي يوقىتىش سىياسىتىنى قولىمىزدىن كېلىدىغان بارلىق ئامالالار بىلەن توختىتىپ، مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىش. ئۆمىسىزلىك ئۆرۈقى چېچىلىپ كەتكەن ئادەملەر توپىنىڭ ھەر قانداق ئىشى ھەسرەت بىلەن ئاقىۋەتلىنىدۇ، خالاس!

كىچىك بالىنىڭ ئۆكسىمۇ بىلىدىغان بىر ئاددىي ساۋات، بىر تال چىۋىقنى سۇندۇرماق ئاسان، بىر تۇتام چىۋىقنى سۇندۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. دېمەك، بىرلىك- ئىتتىپاقلىقتىن كۈچ ھاسىل بولىدۇ، كۈچتىن غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. «ئايرىلغاننى ئېيىق يەيدۇ، بۆلۈنگەننى بۆرە». بۇ ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھەقىقەتتۇر.

رېئاللىق بىدىن يىراق كەلگۈسىگە تەۋە مەسىلە ۋە ئىشلار ئۈستىدە دەتالاش قىلىپ يۈرمەي، « بىر ئاۋاز، بىر قەدەم »، « بەش مىڭ كىشىلىك نامايىش» ۋە باشقا شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پائالىيەتلەرگە ئوخشاش نان تېگىدىغان نەق ئىشلارنىڭ پىلانلىرى تۈزۈپ، تۆزگەندىمۇ ھې- ھاياجېنۇمىز بىلەن ئەمەس، ئەقىل-ئىدراكىمىز بىلەن تۈزۈپ ، ئۇنى « بىر ئاۋاز، بىر قەدەم »دە رويابقا چىقىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

چەتئەل ئۇيغۇر گەۋدىسى، مېنىڭ قارىشىمدا، مىللىي ئازاتلىقىنىڭ مەشئەلى، ۋەتەندىكى قان-قېرىنداشلارنىڭ ئۈمىد چىرىقى. ئويلاپ باقايلى، بىزدە ھازىر، ئەسىرلەردىن بۇيان قاتمۇ-قات قۇللۇق كىشەنلىرىنىڭ ئاسارىتىدە ياشاپ ھۆرلۈككە شۇ قەدەر تەشنا بوپكەتكەن سۆيۈملۈك مىللىتىمىزنى يورۇقلۇققا ئېپچىققۇدەك «دەسمايە» تولۇقمۇ؟

ئالايلۇق، تىبەتلەردە ھازىرلىنىپ بولغان ئۇنۇېرسال كۈچ ۋە ھەرتەرەپلىمە ئەۋزەللىك، يەنى مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ ھۆلى، قوشۇنى، سىياستى، ھاسىلاتى، مۇھىمى خەلقارادىن كېلىدىغان مەنىۋىي مەدەت ۋە ماددىي ياردەملەر بىزدە بارمۇ؟

«فالۇن» ئەقىدىچىلىرى جېنىدا دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىدا ختاي پارتىيىسىگە قارشى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان دەرت تۆكۈش، پاش قىلىش، قۇترىتىش، كۈچ كۆرسىتىش، نارازىلىق بىلدۈرۈشتەك پائالىيەتچانلىق ۋە ھارماس- تالماس روھ بىزدە بارمۇ؟ (مەن بۇ يەردە پەقەت ئۇلارنىڭ تىنىمسىز تەشۋىقات جەھەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن، ئەقىدىسى باشقا بىر گەپ)

ئۇلۇغ ئىشقا بۈيۈك بىرلىك لازىم.دېھقان تاغېرنى دانغا تولدۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال خامانغا مۇم قادايدۇ. ئۇلۇغ ئىشقىمۇ مۇستەھكەم «مۇم» كېرەك. بۇ بىزدە بارمۇ؟ بار دېسەك، بالىسى تەتۈر كېلگەن ئانىنىڭ تۇغۇتىدەك مىڭ تەستە دۇنياغا كەلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بار.ئۇنى يۆلەپ ، ئاسراپ، پەرۋىش قىلىپ، مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ پولات تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇش ئەسلى چەتئەلدە ياشاۋاتقان ھەممە ئۇيغۇرنىڭ مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيتى، ۋەتەن ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى ئىدى. ئەپسۇس، مىللەت ئۇدۇمىمىزغا مەككىنىڭ رودىپىيدەك چاپلىشىۋالغان ئىللەتلىرىمىز، مېكيانىنىڭ ئەمچەكسىز قېلىشىغا زامىن

بولغان شۇملۇقلىرىمىز ھېلىھەم ئۆز كاساپىتىنى كۆرسىتىپ، ئەۋج ئېلىۋاتقان كۇرەش يانغىنىنى ئۆچۈرىدىغان ئامىلغا ئايلىنىۋاتىدۇ.

بىر مىسال، گەدەنگە چىققان سۆگەل سۇپەت «ھۆكۈمەت-پۆكۈمەت»، «تەشكىلات- پەشكىلات» لارنى ئاز دەپ، مىللەتنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشتىمۇ نەلىكنىڭ باش بولۇشى، ئۆزىنىڭ نېمىچى ئاتىلىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش كۆرىدىغان بىر قىسىم ئىش بۇزدىلار دوستنى يىغلىتىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرىدىغان تاق پەردە، قوش كۆرۈنۈشلۈك بىر مەيدان ئويۇن تەييارلاۋېتىپتۇ، ھەتتا بوينى ئۆلچىمەيلا كىيىدىغان تونلىرىنى تىكتۈرۈشكە ئالدىرىشىۋاتقانمۇ ئوخشايدۇ. توۋا دەپ ياقا تۇتقاندىن باشقا، ئىككى كەلىمە خالىسانە تەۋسىيەمىزنى ئايىمايلى: ھەي قېرىنداشلىئار، سەھنىگە ئالدىراپ ئولتۇرالماي قالغان ئارتىسلاردەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرمەي، بىر چەينەك چاينى دەملەپ قويۇپ، مۇشۇ كۈنلەردە نېمە پايدىلىق، نېمە زىيانلىق، قانداق قىلىشىم كېرەك دېگەن سۇئاللار ئۈستىدە بىر قېتىم ۋىجدان كېڭىشى ئۆتكۈزۈپ باقساڭلار. قېنى، ۋىجدانىڭلار نېمە دەيدىكىن؟

بەزىدە مەنمۇ غەلىتە خىياللارنى قىلىدىغان بوپقالدىم، بىز ئۇيغۇرلاردىن بىئولوگىيە ساھەسىدىمۇ ئالەمشۇمۇل ئالىملار چىقىپتۇ، ناۋادا زادىلا بىرلىشەلمىسەك، شۇ ئالىملىرىمىزغا مىللەت نامىدىن مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، ئۇيغۇرلارنى بىرلەشكىلى قويمايدىغان لەنەتلىك گېن تەركىبلىرىنى ۋۇجۇدىمىزدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىدىغان بىرەر دورا كەشىپ قىلىپ، ھەممە ئۇيغۇرغا يېگۈزۈپ باقساق، خۇي- پەيلىمىز ئۆڭشىلىپ قالارمۇ-يە؟!

# نورۇز ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمى

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

نورۇز،پارسچە سۆز بولۇپ يېڭى كۈن دېگەن مەنىدە.نورۇز 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمى بايرام بولۇپ شەرقى تۈركىستان،غەربى تۈركىستان،ئىران،ئاۋغانىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردە قۇتلۇقلىنىپ كېلىنگەن بىر ئەنئەنىۋى بايرام.بۇ كۈندە كۈن تۈنگە تەڭلەشكەن،باھار باشلانغان كۈندۇر.بۇ بايرامنى تۈركى ۋە پارس تىللىق مىللەتلەر ئورتاق تەنتەنە بىلەن كۈتۈپ كەلگەن بولۇپ كېيىنچە ئوسمانىيە خاندانلىقىدىمۇ ئالاھىدە كۈن ئېلان قىلىنىپ پادىشاھلارنىڭ مۇھىم دۆلەت ئەمەلدارلىرىنى مەنسەپكە ئاتايدىغان،سوغا تەقدىم قىلىدىغان كۈن بولۇپ داۋاملاشقان ئىكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ پەقەت ئۈچ دانە دىنى بايرىمى بار؛ئۇ بولسىمۇ رامىزان بايرىمى،قۇربان بايرىمى ۋە جۈمە كۈنى.بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق دىنى بايرام پەيدا قىلىش دىنغا بىرەر ھۆكۈمنى ئىلاۋە قىلغانلىق بولۇپ ئىسلام دىنى ئاتالغۇسىدا بىدئەتتۇر.

تۆۋەندە بىدئەت توغرىسىدا كەلگەن بەزى ھەدىسلەرنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىشاي:

1- ئىرباد ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: سىلەردىن كىمكى مەندىن كېيىن ياشىسا، دىندا كۆپلىگەن نورمالسىزلىقلارنى كۆرىدۇ. سىلەر مېنىڭ سۈننىتىم ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى، ئىزباسار خەلىپىلىرىمنىڭ يولىيورۇق ۋە ئىش-ئىزلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇلدۇڭلار. دىندا ئەسلى يوق ئىشقا ھەرگىزمۇ يېقىنلاشماڭلار، دىندا پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق نەرسە ئازغۇنلۇقتۇر . بۇ ھەدىسنى، ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمىي، ھاكىم، ئىبنى ھىببانلار زىكىر قىلدۇ. شەيخ ئالبانى سەھىھ دەپ قارايدۇ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى دەيدۇ: ئاللاھ توغرا يولغا يېتەكلىگەن كىشىنى ئازدۇرغۇچى، ئاللاھ ئازغۇنلۇقتا تاشلاپ قويغان كىشىنى تېغرا يولغا ئېرىشتۈرگۈچى تېپىلمايدۇ. سۆزلەرنىڭ ئەڭ راستى ئاللاھنىڭ كالامى، ئەڭ ياخشى ئىش مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىدۇر. ئەمەللەرنىڭ ناچىرى دىندا يېڭىلىق پەيدا قىلىش. دىندا پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق يېڭىلىق بىدئەتتۇر مۇسلىم ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. نەسائى يۇقىرىقى ھەدىسنى ھەرقانداق ئازغۇنلۇق دوزاخقا ئىلىپ بارىدۇ دېگەن ئىبارىلەرنىڭ زىيادىلىكى بىلەن رىۋايەت قىلدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە: كىمكى دىنىمىزدا يوق ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: كىمكى دىنىمىزدا يوق ئەمەللەرنى ئىبادەت دەپ قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ .

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ، " دىندا پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق نەرسە ئازغۇنلۇقتۇر دېگەن ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: بۇ جۈملە شەرئى قائىدە بولۇپ، بىدئەت شەرئەتتىن ئەمەس، چۈنكى شەرئەتنىڭ ئومۇمى پرىنسىپلىرى ھىدايەتتۇر. بىدئەت ئازغۇنلۇق يولىدۇر. ئەمما ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىس زاھىرى ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ ناھايىتى كۆپ مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىدئەتچىنىڭ ئەمىلىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆلىمالار ئىككى خىل نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

بىرىنچى: بىدئەتچىنىڭ ئەمىلىنىڭ قوبۇل قىلىنماستىن ئۆزىگە قايتۇرىلىدىغانلىقى.

ئىككىنچى: بىدئەتچى ئاللاھنىڭ شەرئى ھۆكمىگە قارشى چىقىپ، دىندا ئەسلى يوق ئىشلارنى ئىبادەت ياكى دىنى پائالىيەتلەر تۈرىگە كىرگۈزدى".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، مەدىنىلىكلەردە بىر نەچچە تۈرلۈك دىنى ھېيت-بايراملار بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىز ئەھلى ئىسلامنىڭ ھېيت-بايرىمىمىز، روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتىدۇر دەپ، دىن تۈسىدىكى باشقا بايراملارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

بىدئەت دىن نامىدىن يېڭى بىر ئىشنى پەيدا قىلىش بولغانىكەن دېمەك نورۇزنى دىنى ئىبادەت دەپ قارالسا بۇ بىئەت.ئەمما دىنى ئىبادەت ياكى دىنى قائىدە يوسۇن ئەمەس مىللى ئۆرپ –ئادەت دەپ قارالغاچقا ھارام ئەمەس.ئاللاھ ھارام قىلمىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوچۇق تىلغا ئېلىپ چەكلىمىگەن بىرەر ئىشنى ھارام دېيىش ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئالدىپەشلىك قىلغانلىقتۇر.نورۇز پائالىيىتى جەريانىدا مەيلى ھاراق- شاراپ ئىچىش بولمىسۇن مەيلى شەھۋانىلىقا ياتىدىغان ، ئاللاھ ھارام قىلغان ھەرقانداق قىلمىشتىن ساقلانغان ئاساستا مىللى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ مىللەتنىڭ ۋە ئۈممەتنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشكە تۆرتكىلىك رول ئوينىسا ئەلۋەتتە بولىدۇ.ئەگەر نورۇز پائالىيىتىنى دىنى بىر مۇراسىم دەپ بىلىۋالسىڭىز ئۇ چاغدا بۇ ھارام.

مەسىلەن دۆلەت بايرىمى،باللار بايرىمى قاتارلىق نۇرغۇن مەدىنى ۋە ئىجتىمائىلىقا ياتىدىغان بايراملار دىنى بايرام سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلمىغاچقا مۇباھ بولغىنىدەك نورۇز بايرىمىمۇ نېمىشقا مۇباھ بولمىسۇن؟ سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئىككى ئەسلىيەچى ۋائىز چىقىپ «نورۇز قىپتىيلار ۋە پارىسلارنىڭ قەدىمقى بايرىمى ئىدى»دېيىشى بىلەن نورۇز ھارام بوپقالمايدۇ.

مىللى بايراملار بىر مىللەتنىڭ كۆۋرۈكى بولۇپ ئۇ مىللەت ئەزالىرىنى ئورتاق گەۋدىدە بىرلەشتۈرۈپ،پەخىرلىنىش ھىس-تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.نورۇز بايرىمى بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى خىتايلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ۋە ئاسمىلە بولۇپ يوقاپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن قورغان بولغانلىقتىن جاللات شېڭشىسەي نورۇز ئۆتكۈزۈشىمىزنى چەكلىگەن ئىكەن،ماۋ خىتايمۇ رۇخسەت قىلمىغان بولۇپ تاكى 1986.يىلىدىن باشلاپ ئەسلىگە كېلىپ مىللى خاسلىقىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈش پۇرستى تۇغۇلغان.ئەمدىلىكتە بولسا خىتاي ئالۋاستىلىرى نورۇز بايرىمىمىزنىمۇ تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە ئىشلەتمەكتە.شۇڭا بىز ئۇيقۇمىزنى ئېچىپ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئاتا-بوۋىلىرىمىز قۇتلۇقلاپ كەلگەن بۇ بۇھار بايرىمىنى بىزنى بىرلەشتۈرىدىغان مۇنبەرگە ئايلاندۇرۇپ مىللى مەۋجۇدىيىتىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك. بادام دوپپىمىزنى كىيىپ،ئەتلەس-شايى كۆڭلەكلىرىمىز بىلەن بېشىمىزغا ئايىۇلتۇرزلۇق كۆك شارپىمىزنى ئوراپ ئىستىقبالىمىزنى باھارغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىشىمىش لازىم.

# مۇسۇلمان خانىم - قىزلار قانداق ئورۇنۇشى كېرەك؟

## ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ئورۇنۇشى شەكلىدە، دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدىكى پاسلىنى قانداق چۈشىنىمىز؟

بىزنى يوقتىن بار قىلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردار قىلغان رەببىمىز ئۇلۇغ ئاللاھقا چەكسىز مەدھىيەلەر بولسۇن! ئىلاھى ۋەھيىنى بىز ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش شەرىپىگە ئېرىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجاتلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان ھالدا بىزگە ئۈلگە بولغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋە ساھابى كىراملارغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بارچە مۆئمىنلەرگە دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بۇ ماقالىدە مۇسۇلمان خانىم - قىزلارنىڭ ئورۇنۇشى ھەققىدە ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى كۆرسەتمىلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئەنئەنىسىدىكى ئورۇنۇش ئەنئەنىسى، شۇنداقلا ئورۇنۇشنىڭ چەك – چېگراسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

بۇ ئىزدىنىشتىكى غايە دىنىمىزنىڭ ئورۇنۇش ۋە شەرمى – ھايا ھەققىدىكى ئۆزگەرمەس ھۆكمىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بايان شەكلىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى قانداق ئورانسا دىمىزنىڭ تەلىۋىگە ئەڭ لايىق بولىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئورۇنۇش دىنى ھۆكۈم جەھەتتىن پەرز بولۇپ، ئۇ ئېتىقادى ئەمەس، بەلكى ئەمەل - ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر دىنى ھۆكۈم. تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا دىنى ئىستىلاھتا پۈرۈئاتقا تەئەللۇق بىر مەسىلە، بالاغەتكە يەتكەن بىر خانىم - قىزنىڭ بېشىنى ئوچۇق قويۇشى ئېغىر گۇناھ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن كاپىر بولۇپ مۇسۇلمانلىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئەمما گۇناھكار گۇناھكار بولىدۇ.

باشنى ئوراشنىڭ شەكلى دىنىمىزنىڭ ئەمەس ئۆرپ ئادەتنىڭ ۋە مودىنىڭ ئوبېكتى.شۇڭا بۇھەقتە شەكىل توغۇرلۇق ئارتۇقچە تالاش-تارتىش قىلىش بىھۇدە ئىش قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.شۇڭا يەرشارىلاشقان دۇنيادا ئورىنىشنىڭ شەكىللىرىگە قىزىقىدىغانلار بولسا قېنى مەرھەمەت.




( رەسىمدىكى شەكىللەر دۇنيا مىقياسىدا ئوخشىمىغان ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىگە ئاساسەن مۇسۇلمان خانىم – قىزلارنىڭ ياغلىق ئارتىش ئەنئەنىسى ۋە كىيىنىش ئادىتى )

مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر مۇسۇلمان خانىم – قىزلىرىمىز ئاللاھنىڭ ئورۇنۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا قۇلاق سېلىپ، ئاساسەن ئورۇنۇپ كەلگەن دېسەك خاتالاشمايمىز. ئاياللارنىڭ بېشىنىلام ئەمەس يۈز ۋە قولىدىن باشقا ئەزالىرىنى يۆگىشى ئاللاھنىڭ بۇيرىقى

بولۇپ، بۇنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداقلا چەكتىن ئېشىپ ئاللاھ بۇيرۇمىغان ئىشنى پەرز دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇۋېلىپ، دىنىمىزنى ياشىغىلى بولمايدىغان ھالەتكىمۇ كەلتۈرۈپ قويماسلىقىمىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى.

ئاللاھ تەئالا خانىم - قىزلارنىڭ ئورۇنۇشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُل لِّأَزْوَاجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَاء الْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِن جَلَابِيبِهِنَّ ذَلِكَ أَدْنَى أَن يُعْرَفْنَ فَلَا يُؤْذَيْنَ وَكَانَ اللَّهُ غَفُوراً رَّحِيماً**

**ئى نەبى! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، (باش ۋە بويۇنلىرىنى يۆگەش ئۈچۈن) پۈركەنجە (جىلباپ) بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن. بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ھۆر ئايال ئىكەنلىكى ئەڭ ئۇڭاي تونۇلىدۇ - دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ - مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئىنتايىن رەھىمدىلدۇر ( سۈرە ئەھزاپ، 59 - ئايەت ).**

ئىسلام ئالىملىرى پۈركەنجە (جىلباپ) توغرىسىدا مۇنداق قاراشلاردا بولۇپ كەلگەن:

1.بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كىيىم، پەرەنجە.

2.باش ۋە بويۇن قىسمىنى يېپىپ تۇرىدىغان شال.

3.باش قىسمىدىن كىندىككە قەدەر يۆگەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چۇمپەردە.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قاراشنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمان خانىم – قىزلار قولى ۋە يۈزىدىن باشقا ھەممە يېرىنى يېپىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

ئاللاھ تەئالا خانىم - قىزلارنىڭ ئورۇنۇشى ھەققىدە مەلۇم شەكىل ياكى رەڭ تەۋسىيە قىلماستىن، ئۇنى مۇسۇلمان خانىم - قىزلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئىسلام پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن دىن بولغاچقا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىنسانلارنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ئىنسانلارنىڭمۇ رەببىدۇر. بۇ سەۋەپتىن بىزگە قويغان تەلەپ ۋە چەكلىمىلەردە ھەممىگە ئاممىباپ پرىنسىپلارنى بېكىتكەن بولۇپ، ھەممىگە ئوخشاش پۇرسەت باراۋەرلىكى سۇنغان.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن خۇلاسە چىقارغان ئىسلام ئۆلىماسى تۆۋەندىكى يەكۈندە بىرلىككە كەلگەن:

خانىم - قىزلارنىڭ كىيىمى بەدىنىنىڭ ئىنچىكە جايلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان شەكىلدە بولماسلىقى، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك دەرىجىدە تار بولماسلىقى قاتارلىقلارنى تەۋسىيە قىلىشقان. دېمەك ، ئورۇنۇشتىكى تەلەپ ۋە ئۆلچەم ھەر مىللەت ئۆزى ياشىغان رايۇننىڭ كىيىنىش ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنۇشى، ئوچۇق - يالىڭاچ كىيىنمەسلىكى مەقسەت قىلىنغان.

يەنە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**وَقُل لِّلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاء بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاء بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُوْلِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاء وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِن زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعاً أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ**

مۇئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز

قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار)دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن. ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار( سۈرە نۇر، 31 - ئايەت ).

بۇ ئايەتتىكى » تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن « دېگەن جۈملىنى ھەنەفى مەزھەپ ئۆلىمالىرى »يۈز ۋە قول «دەپ تەبىر بېرىپ، بۇ ئەزالاردىن باشقا ئەزالىرىنى يېپىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى مۆئەييەنلەشتۈرگەن.

دېمەك، يۈزنى يېپىش ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدىكى قىسمەن رايونلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بولسىمۇ، بۇ دىنىنىڭ ئەمرى ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىنىڭ، تارىخى شەرت - شارائىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. جاھان مالىمانچىلىق بىلەن تولغان، دۆلەت پۇقرالارنىڭ جان بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايدىغان دەۋرلەردە خانىم - قىزلارنىڭ چىرايى ئۆزگە دۈشمەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا جان بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن يۈزنى يېپىش شەرت بولىدۇ. قارا رەڭلىك ئابايى ياكى چۈمبەل كىيىشمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ئەمەس، دەۋر توقۇمچىلىق، بوياقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ، شۇنداقلا شۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ بەلگىلىك رەڭلەرگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇ خۇددى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ كۆك رەڭلىك كىيىملەرنى ياقتۇرۇشىغا ئوخشايدۇ.

يەنە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

وَالْقَوَاعِدُ مِنَ النِّسَاء اللَّاتِي لَا يَرْجُونَ نِكَاحًا فَلَيْسَ عَلَيْهِنَّ جُنَاحٌ أَن يَضَعْنَ ثِيَابَهُنَّ غَيْرَ مُتَبَرِّجَاتٍ بِزِينَةٍ وَأَن يَسْتَعْفِفْنَ خَيْرٌ لَّهُنَّ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ

ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا (رىدا، نىمچىغا ئوخشاش) تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە (ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسە)، ھېچ گۇناھ يوقتۇر، تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن ساقلانسا ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(سۈرە نۇر 60.ئايەت)

بۈگۈن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىگە يات، يۈز - كۆزلىرىنى ئورۇۋېلىشنى تەقۋادارلىقنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارايدىغان، قارا ئابايى (چۈمبەل) كىيىپ يۈزنى نىقاپلىماسلىقنى پاسىقلىق دەپ قارايدىغان ئاشقۇن قاراشلارنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى ئەپسۇسلىنارلىق ئىچىدە كۆرىۋاتىمىز. قارا چۈمبەلنى ئۆزى ياقتۇرۇپ مودا دەپ بىلىش ئايرىم مەسىلە بولۇپ ئۇ ھەر كىمنىڭ شەخسى ئەركىنلىكى. ئەمما دىنىنىڭ ئەمرى دەپ جۆيلۈش ئارقىلىق گۇيا ئۇنى دىندارلىقنىڭ ئۆلچىمىدەك جار سېلىش باشقا مەسىلە.

قارا ئابايى كىيىپ يۈزنى نىقاپلىماسلىق سەئۇدى ئەرەبىستان، يەمەن ۋە ئافغانىستان قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئەپىلىنىشى نورمال ئەھۋال، چۈنكى ئۇ جايلاردىكى ئاۋام خەلقنىڭ كىيىم ئادىتى ئەنە شۇنداق بولغاچقا يۈزى ئوچۇق، ھەتتا رەڭلىك كىيىم كەيگەن ۋە ئالليپۇللۇ ياغلىق ئارتقان خانىم – قىزلار كوچا رەستىدە باشقىچە كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. شۇ رايونلاردا ياشاپ باققان كىشىلەر بۇنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى دىنى قائىدىدىن ئەمەس، ئەنئەنىنىڭ مەھسۇلى دەپ چۈشەنمەي، مەزكۇر رايونلارنىڭ مىللى كىيىم – كېچەكلىرىنى دىنىمىزنىڭ پىرىنسى دەپ قوبۇل قىلساق خاتالاشقان بولىمىز. بەلكىم نۇرغۇنلىرىڭلار مېنى ئەيىپلىشىڭلارمۇ مۇمكىن، ئەمما ھەقنى دېيىش مېنىڭ ئەقەللى مۇسۇلماندارچىلىق بۇرچۇم. تۈركىيە ۋە غەرب ئەللىرىدە ئاللاھ پەرز قىلغان ئورۇنۇش بۇيرۇقىنى بىجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلاش بىلەن بىرگە، شۇ رايۇندىكى نورمال كىيىم – كېچەك ئادىتىگە ماسلاشمىغاندا يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقىنى

كەلتۈرۈلگەن ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. خۇسۇسەن غەرب ئەللىرىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆندە دېگۈدەك چىقىۋاتقان قارا چۈمبەلنى دائىشىنىڭ سىمووۇلى سۈپىتىدە كۆرسىتىشلىرى نەتىجىسىدە قارا چۈمبەل ئارتىۋالغان مۇسۇلمان خانىم - قىزلارغا يامان نازەر بىلەن قارايدىغان ئەھۋاللار ئەۋج ئالدى. بۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇر خانىم – قىزلىرىمىز تەقۋادارلىقنى يۈز - كۆزلىرىنى ئېتىۋېلىپ قارا كىيىمگە بۇرۇنۇشتىن ئەمەس، ئالالاھقا ھەقىقى تەقۋادارلىق بولغان ئىخلاستا، ئەمەلى ئىش -ھەرىكەتتە، ياخشى ئەخلاقتا، ھالال مېھنەت بىلەن تەر ئاققۇزۇپ جەمئىيەتكە ھەسسە قوشۇشتىن ئىزدىشى كېرەك. ئالالاھنىڭ چەكتىن ئاشماسلىق ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ شەكىلدە ئەمەس، ئەمەلى تىرىشچانلىقتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

ئەگەر تەقۋادارلىق قارا ئابايىدە، چۈمبەلگە ئورۇنۇپ جەمئىيەتتىن ۋە ئىنسانلار توپىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىمىز مەيدانغا كەلتۈرگەن كىچىك دۇنيارىمىزدا ياشاش، بۇرقۇنتۇلۇق ئىچىدە راھىپ ھاتتا تەركى دۇنيا بويكەتكەن دەرۋىشلىكتە بولىدىغان بولسا ئىسرائىلىيەدە نۇرغۇن ئورتادوكس يەھۇدىي ئايالللىرىمۇ يۈز - كۆزلىرىنى ئېتىۋېلىپ قارا ئابايى كىيىدىغۇ؟ ئەمما ئۇلار ئىمانسىزغۇ؟ تەقۋادارلىق يوغان سەللىدە بولىدىغان ئىش بولسا ھىندىستاندىكى سىھلارنىڭ سەللىسى كاللىسى كۆتىرەلمىگۈدەك دەرىجىدە يوغانغۇ؟...ئۆتمۈشتە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئېقىمىدىن چەتنەپ كەتكەن ئاتالمىش دەرۋىش ئاپاق خوجىنىڭ مىللىتىمىزگە ئېلىپ كەلگەن بالايى – ئاپەتلىرىدىن ئىبرەت ئالامدۇق؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالالاھ تەئالانىڭ شەكىل، تەقى - تۇرقىمىزغا قاراپ ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ چىن ئىمانىمىز ۋە دۇرۇس ياشاش ئادىتىمىز بويىچە باھالايدىغانلىقىنى شەرھىلەپ مۇنداق دېگەن:» ئالالاھ سىلەرنىڭ تەقى - تۇرقۇڭلارغا ۋە مال - مۈلكىڭلارغا قارىمايدۇ، ئەكسىچە سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا ۋە ئىش - ھەرىكىتىڭلارغا قارايدۇ «(مۇسلىم).

ئالالاھ تەئالا ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ئۆز مەيلىمىزچە ھارام دەۋېلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: يا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُحَرِّمُواْ طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللّهُ لَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُواْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئالالاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلىۋالماڭلار، چەكتىن ئاشماڭلار. ئالالاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ ( سۈرە مائىدە،87 - ئايەت ).

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە قارايدىغان بولساق، مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئۇچرىتىمىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر قىسىم كىشلەر ئۆزلىرىچە قاتتىق دىندار بولۇش ئويىدا دۇنيا ھاياتىنىڭ ھۇزۇر – ھالاۋىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، مەڭگۈ ئۆيلەنمەسلىك نىيىتى بىلەن ئۆزلىرىنى ئاختا قىلىۋېتىش، ھايۋاناتلارغا ئىچ ئاغرىتىپ گۆش يېمەسلىك قاتارلىق خاھىشلاردا بولۇشىدۇ - دە، بۇ ئايەت نازىل بولۇپ تەركى دۇنيالىقنىڭ ۋە چەكتىن ئېشىپ كېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىز دىنىمىزنى ئالالاھ كۆرسەتكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭغان يولدىن مېڭىپ ياشىمىساق، ھەقىقى تۈردە مۇسۇلمان بولالمايمىز. شەكىلنى دەپ ماھىيەتنى ئۇنۇتساق، قۇرئان - سۈننەتكە ئەمەس، ھاۋايى – ھەۋەسكە ئەگەشكەن بولىمىز. بۇ دىنىنىڭ ئىگىسى ئالالاھ بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە ياراتقۇچىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىزنىڭ ئەگىشىشتەرىمىزدۇر، ھايات قۇللانمىمىزدۇر.

دىنىمىزدىكى بىدئەت ئۇقۇمىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمىز. بىدئەت - دىندا بولمىغان بىرەر پىرىنسىپنى دىن نامىدىن ئۇيدۇرۇپ چىقىرىپ دىندا يېڭىلىق پەيدا قىلىش؛ ئىبادەت ئەمەس، ئىش – ھەرىكەتنى ئىبادەت دەپ قارىۋېلىش. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھورمونلانغان دىن چۈشەنچىسى پەيدا قىلىشتۇر.

تۆۋەندىكىسى ئوتتۇرا شەرقتىكى 7ئىسلام دۆلىتىدە مۇسۇلمان خانىم – قىزلارنىڭ ئورۇنۇش ئەنئەنىسى ۋە ئىستاتىستىكىلىق سانلىق رەقەم.



| | Burka | Niqab | Chador | al-Amira | Hijab | None |
|---|---|---|---|---|---|---|
| Tunisia | 1% | 2% | 3% | 57% | 23% | 15% |
| Egypt | 1% | 9% | 20% | 52% | 13% | 4% |
| Turkey | 0% | 2% | 2% | 46% | 17% | 32% |
| Iraq | 4% | 8% | 32% | 44% | 10% | 3% |
| Lebanon | 2% | 1% | 3% | 32% | 12% | 49% |
| Pakistan | 3% | 32% | 31% | 24% | 8% | 2% |
| Saudi Arabia | 11% | 63% | 8% | 10% | 5% | 3% |
| Median | 2% | 8% | 8% | 44% | 12% | 4% |

دېمەك، ئاللاھ كۆرسەتكەن يولىۇرۇقنى ئەسلى مەقسىتىدىن ئاشۇرۇشمۇ دىنىمىزدا قاتتىق چەكلەنگەن.

يەنە ئاللاھ تەئالا ئورۇنۇشتىنمۇ بەكرەك مۇھىم مەسىلىنىڭ تەقۋادارلىق ( ئاللاھقا نىسبەتەن ئاڭلىق بولۇش ) ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

**يَا بَنِي آدَمَ قَدْ أَنزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاسًا يُوَارِي سَوْءَاتِكُمْ وَرِيشًا وَلِبَاسُ التَّقْوَىَ ذَلِكَ خَيْرٌ ذَلِكَ مِنْ آيَاتِ اللّهِ لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ**

ئى ئادەم باللىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان كىيىمنى ۋە زىنەتلىنىدىغان لىباسنى (ياساش قابىلىيىتى) بەخش ئەتتۇق. تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىندۇر. ئۇمىتكى ئىنسانلار ساۋاق ئالغاي! (سۈرە ئەئراف،26 - ئايەت).

دېمەك، ئورۇنۇش پەقەتلا نامەھرەمدىن ئۆزىنى ساقلاشلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى تەقۋادار ياشاشتۇر. ئاڭلىق مۇسۇلمان بولۇشتۇر، ئىپپەت-نومۇسنى ساقلاشتۇر. تەقۋادارلىقنىڭ يىلتىزى يۈرەكتە، گەۋدىسى ئاللاھقا بولغان مۇستەھكەم رىشتىدە، كۆرۈنىشى بولسا بەدىنىمىزدىدۇر.

### ئوسمانىيە دەۋرىدە قارا چۈمپەردە

قارا چۈمپەردە ( ئابايى ) 19 - ئەسىردە كۆرۈنۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئاناتولىيە1گە كەلگەن تارىخى 150 يىلدىن ئاشمايدىكەن. ئاناتولىيەدىن ھەرەمگە ھەج قىلىش ئۈچۈن بارغان ئاياللارنىڭ ئىرانلىق ھاجى خانىم –قىزلاردىن ئۆگەنگەنلىكى پەرەز قىلىنماقتا. دەسلەپتە مۇسۇلمانلار دىنغا زىت كىيىم – كېچەك دەپ قاراپ بىدئەت دېيىشكەن بولسىمۇ، بارا - بارا بۇ خىل كىيىم ئۇمۇملىششىقا باشلىغان. كېيىن ئوسمانىيە پادىشاھى سۇلتان 2. ئابدۇلھەمىتخان بۇ خىل كىيىم - كېچەكنىڭ ئىسلام دىنىغا زىت ئىكەنلىكىنى ۋە قارا چۈمبەل كىيگەن كىشىلەرنى ئەرمۇ ياكى ئايالمۇ ئايرىش قىيىن بولىدىغانلىقىدەك بىخەتەرلىك سەۋەپتىن چەكلىمە قويغان ئىكەن. نىھايەت 1913.يىللىرى رۇمېلى ۋە بالقانلاردىن تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلگەن خرىستىيان ئورتادوكس مەزھىبىدىكى ۋە بىر قىسىم يەھۇدى دىنىدىكى ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ئارقىلىق بۇ خىل كىيىنىش ئادىتى بارا - بارا كەڭ تارقالغانلىقى مەلۇم.2

[1] .ئاناتولىيە دېگەندە تۈركىيەنىڭ ئاسىيا قىتئەسىگە جايلاشقان رايۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[2] .دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى



ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**لَا يَحِلُّ لَكَ النِّسَاءُ مِن بَعْدُ وَلَا أَن تَبَدَّلَ بِهِنَّ مِنْ أَزْوَاجٍ وَلَوْ أَعْجَبَكَ حُسْنُهُنَّ إِلَّا مَا مَلَكَتْ يَمِينُكَ وَكَانَ اللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ رَّقِيبًا**

(ئى پەيغەمبەر! ئىلگىرىكى ئاياللىرىڭدىن باشقا) ئەمدى يەنە خوتۇن ئالساڭ، ساڭا ھالال بولمايدۇ، باشقا ئاياللارنىڭ ھۆسنى- جامالى سېنى ھەيران قالدۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يەڭگۈشلەش (ساڭا ھالال بولمايدۇ). پەقەت سېنىڭ ئىلگىرىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر(سۈرە ئەھزاپ 52.ئايەت)

مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تەئالا » ئاياللارنىڭ ھۆسنى - جامالى سېنى ھەيران قالدۇرغان تەقدىردىمۇ « دېگىنىگە قارىغاندا ساھابە خانىم - قىزلىرىنىڭ يۈزى ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ساھابىلارنىڭ يۈز - كۆزى ئېتىك بولغان بولسا ھۆسنى - جامالىنى قانداق كۆرۈپ، قانداق ھەيران قالغان بولاتتى؟

بەزى دىنسىز ياكى دىنى سۈس ئاشقۇنلار غا ئەسكەرتمە:

بىر قىسىم يەھۇدى ۋە خرىستىيانلاردىكى كىيىم ئەنئەنىسىگە قاراپ قارا چۈمبەل ئارتقان مۇسۇلمان خانىم – قىزلاردىن نەپرەتلىنىدىغان، ئۆزى بولسا بەدىنىنىڭ ھەر تەرىپىنى كۆرگەزمە قىلىپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى ئېچىپ قويۇشنى مەدەنىيەت ۋە زامانىۋىلىق ھېساپلايدىغان ئاشقۇنلارمۇ ئاز ئەمەس. ئاللاھنىڭ ئورۇنۇش ھەققىدىكى بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلالمىغانلىق گۇناھىنى تونۇشنى ۋە بۇنىڭ ھېچقانداق بانا – سەۋەبى بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيمەن. گۈلقەقەلىرىڭلار ئېچىلىپ كەتمىسۇن. بۇ ماقالىنى يېزىشىمدىكى سەۋەپ تاكى ئادەم پەيغەمبەردىن باشلانغان ئىسلام دىنىدىكى ئورۇنۇش پرىنسىپىنى قانداقتۇ بىرەر شەكىلگە، رامكىغا سولاپ ئۆزىنىڭ ياقتۇرغان مودىسىنى دىنىمىزنىڭ بۇيرۇقى دەپ چۈشۈنۈۋالغانلارغا بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويۇش خالاس. دەرۋەقە ئورۇنۇش بۇرۇنقى ۋەھىيلەردىمۇ تەكىتلەنگەن ئىدى. شۇڭا ئۆزلىرىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغانلار دەۋالغان يەھۇدىلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىمۇ ھېلىھەم ئورۇنۇش قائىدىسى داۋاملاشماقتا، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى خۇدا دەۋالغان خرىستىيانلارمۇ ئۇلۇغ بىلىدىغان مەريەم مەريەم ئانا پورترىتلىرىدىمۇ ياغلىق ئارتىۋالغان مەريەم رەسمى سىزىلماقتا ۋە كاتولىك ۋە ئورتادوكس قاتارلىق بىر قىسىم مەزھەپلىرىدە ئورۇنۇش دىنىنىڭ مۇھىم تەلىۋى دەپ قارالماقتا.



(ئورتادوكس يەھۇدىلىرىدىكى ئورىنىشتىن بىر كۆرۈنۈش)



(ئورتادوكس خىرىستىيانلىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش)



(ئۇيغۇر خانىم – قىزلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئورۇنۇش ئۇسۇلى)



(ۋەتىنىمىزنىڭ كېرىيە ۋە چىرىيەگە خاس مىللى باش كىيىملىرى)



(ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبدا ئورانغان ئۇيغۇر ئانىلار)



(كۆنىمىزدىكى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خانىم – قىزلىرىمىزنىڭ ئورۇنۇش ئۇسۇلى)

ھەرقانداق پىكىر تەكلىپ ۋە تەنقىتلىرىڭلار بولسا تۆۋەندىكى ئېلخەت بويىچە ئالاقىلىشىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز.

uygur@luukku.com

# بىر ئاۋاز بىر قەدەم نامايىشىدىن ئالغان تەسىراتىم ۋە تەكلىۋىم

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ئۇدۇن ئەۋلادى

چەتئەلگە چىققىنىمغىمۇ ئۇزۇن يىللار بوپتۇ.مەن تۇنجى بولۇپ قاتناشقان ۋە مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرغان نامايىش بولسا 1997.يىلى 5. فېئورالدا شەرقى تۈركىستانىمىزنىڭ غولجا ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن ھەقلىق نامايىشنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈلۈپ شۇ كۈنلەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىستانبۇلدىكى كەڭ كۆلەملىك بىر نامايىش ئىدى.

تۈركىيەگە يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتلىرىم بولغاچ ئىستانبۇلنىڭ ئاقسارايدىكى يۇسۇپپاشاغا جايلاشقان شەرقى تۈركىستان ۋەخپىنىڭ ئىشخانىسىغا ھەركۈنى دېگۈدەك كېلىپ رەھمەتلىك گېنرال مەھمەت رىزا پاشا،ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر، ھامۇت كۆكتۈرۈك ۋە ئىسمايىل چىنگىزلارنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن شاھىت بولاتتىم،چايلىرىنى دەملەپ،يۈگۈر – يېتىم ئىشلىرىغا ھەمكارلىشاتتىم.شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە غولجىدا تېنچلىق نامايىشىغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئوققا تۇتۇلۇپ،نامايىشچىلارنىڭ يېقىن-يورۇق،ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭمۇ تۇتقۇن قىلىنغانلىق خەۋىرى تۈركىيەگە يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ شەرقى تۈركىستان ۋەخپىنىڭ تېلىفۇنلىرى كېچە-كۈندۈز ئۈزۈلمەي سايرايتتى.تۈركىيەنىڭ ھەرتەرىپىدىن،ئوخشىمىغان تەبىقىدىكى تۈرك قېرىنداشلار/ئانادولۇ تۈركلىرى تېلىفۇن ئۇرۇپ «ئۇيغۇ رتۈركلىرى ئۈچۈن مەن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟ »دەپ ھېسداشلىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ ئەھۋال سورىشاتتى.ۋەخپىنىڭ ئىشخانىسىمۇ خۇددى ماتەم بولغان ئۆيدەك لىق ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ ئاندا- ساندا مۇخبىرلارمۇ ۋەتىنىمىز توغۇرلۇق مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن رىزا پاشام بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋاقىت ئېلىپ ئىنتىزارلىق بىلەن زالدا كۈتۈشەتتى.

ئۇچاغلاردا ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاران نەچچە يۈز ئەتراپىدا بولغاچقا ئۇيغۇرلارمۇ ئاساسەن بىر-بىرىنى تۇناتتىكەن،خەۋەرلىشىش تەس بولغاچقىمىكىن نامايىشقا چىققۇدەك ئۇيغۇرلارمۇ بەك ئاز ئىكەنتۇق.دېمىسىمۇ بىز ئۇيغۇرلار نامايىشنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بەك بىلىپ كەتمەيمىزغۇ.ئاساسەن تۈركىيەلىك قېرىنداشلارنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ نامايىش مەجىدىيەكۆيدىكى خىتاي دۆلىتىنىڭ باشكونسۇلخانىسى ئالدىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.نامايىشچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان مەجىدىيەكۆي مەيدانى ۋە كوچا-رەستىلىرى «لەنەت بولسۇن قىزىل چىن»،ئۇيغۇرلارا ئۇزانان ئەللەر قىرىلسىن!»قاتارلىق گۈلدۈراقسان شۇئارلار ياڭراپ جوشقۇن كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. پېقىرمۇ ھاياجىنىمنى باسالماي ھۆكرەپ يىغلاپ خىتاي دۆلىتىگە بولغان غەزەپ نەپرىتىم ۋۇلقانغا ئايلانغان ئىدى . خىتاي كونسۇلخانىسى تۇخۇم بومباردىمانىغا تۇتۇلۇپ تاملار سېرىق بويىلىپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.ئەنە شۇ چاغدا تۈركىيە خەلقىنىڭ شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىگە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم .ئاخىرى غەزىۋىنى تۇتالمىغان ھاپىز ئوسمان[3] ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ياش خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ھويلىسىغا بۆسۈپ كىرىپ تۆۋرۈككە يامىشىپ چىقىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان، خىتاي دۆلىتىنىڭ سىموۋۇلى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى.تۈركىيە ساقچىلىرى رەسمىيەت يۈزىسىدىن تۇتۇپ سولاپ قويغان بولسىمۇ بىردەمدىن كېيىن قويۇپ بەرگەنلىكىمۇ باياتىنقىدەك ئېسىمدە.

ئەنە شۇ كۈنلەردىن بۇيان ئىستانبۇل،ئەنقەرە ۋە قەيسەرىلەردە ئۆتكۈزۈلگەن نەچچە يۈزلىگەن نامايىش ۋە پائالىيەتلەرگە قاتناشتىم.بەزى نامايىشلارنى ئۇيۇشتۇرغىنىمىزدا چىقىدىغانىغا ئۇيغۇر تاپالماي ئۈلكۈچى[4] تۈرك

---

[3].ھازىرمۇ ئاكتىپ پائالىيەتچى

[4].ئۈلكۈچى تۈركىيەدىكى مىللەتپەرۋەر بىر سىياسى پارتىيەنىڭ ياش-ئۆسمۈرلەر ياچېكىسى

قېرىنداشلار بىلەن چىققان ۋاقىتلىرىمىزمۇ كۆپ بولدى.«مىللەتچىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرمايمىز» دەپ يالتىيىپ تۇرۇۋالىدىغان نۇرغۇن سەپداشلارنىڭ كۈنىمىزدە ئۇلكۇچى ياشلار بىلەن مۇرىنى – مۇرىگە تىرەپ مەيدانلاردا بىللە بولغانلىقىمۇ مېنى خۇرسەن قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرى دېسەممۇ بولىدۇ.ئۇممەتچىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ ئۇلكۇچى شۇئارى تووۋلايدىغان قېرىنداشلارمۇ بىزدە كۆپ.بۇنى يېزىۋېتىپ بىر غەلىتە ئەش ئېسىمگە كەلدى:2009.يىلى 5.تۇمۇز ئۇرۇمچىدە يۈزبەرگەن ئۇيغۇر ئىرقى قىرغىنچىلىق ۋەقەسى تۈركىيەنى تەۋرىتىۋەتكەن ئىدى.ھەتتا شۇچاغدا تۈركىيەنىڭ باش مىنىستىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان رەجەپ تايىپ ئەردوغان خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغانلىقىنى قاتتىق ئەيىپلەپ «بۇ بىر ئىرقى قىرغىنچىلىقتۇر،بۇ مەسىلىنى بىرلەشكەن مىللەتلەت تەشكىلاتىغا ئېلىپ چىقىمەن»دېگەن باياناتى مەتبۇئاتلاردا كەڭ ئورۇن ئالغان ئىدى.مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئەردوغانىنىڭ رەقىپ پارتىيىلىرىدىن بىرى بولغان «پەزىلەت پارتىيىسى»مەجىدىيەكۆيدىكى چاغلايان مەيدانىدا 30.000 كىشىلىك بىر نامايىش تەشكىللىدى.بۇ نامايىشتا پارتىيىنىڭ رەئىسى نۇمان قۇرتۇلمۇش نۇتۇق سۆزلەپ بولۇپ سەيىت تۇمتۇرۇك ئاكىغا مىكروپۇننى بەرگەن ئىدى.سەيىتكام سەھۋەنلىكتىن ،پەزىلەت پارتىيىسىنىڭ رەقىبى بولغان ئاق پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ سالغان ئەھۋالمۇ يۈز بەرگەن ئىدى.شۇڭا دېموكراتىك ۋە كۆپ پارتىيىلىك دۆلەتلەردە كىمنىڭ سورۇنىدا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان دەڭسېلىپ نۇتۇق ئاتمىسا تىڭشىغۇچىلارنىڭ كۆلكىسىگە،ھەتتا نارازىلىقىغا دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار.



مەن شۇدەمدە ياشاۋاتقان مەلۇم بىر غەرىپ دۆلىتىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ دۆلەتتىمۇ قۇربىتىمىزنىڭ يېتىشىچە گاھ 5 ئۇيغۇر،گاھ 15 ئۇيغۇر بولساقمۇ ئۇمىتسىزلەنمەي نامايىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز.شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى،ھەر نامايىش ۋە پائالىيەت پەقەتلا خىتاي دۆلىتىنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىگە قارشى دېموكراتىك نارازىلىق بولۇپلا قالماي شۇنداقلا ئىشتىراكچىلارنىڭ داۋاغا بولغان روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتىدىغان بىر مۇنبەردۇر،بىر كۈچ بىرىكتۈرۈش مەشىقىدۇر. شۇڭا نامايىشقا قاتناشماي تۇرۇپ نامايىشچىلارنىڭ ھىسياتىنى چۈشەنگىلى،شەرھىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ .مەن دەيمەنكى نامايىش قىلىپ ۋەتەن ئازات قىلغىلى بولمايدۇ دەپ مەسخىرە قىلىدىغانلار ياكى ياراتمايدىغانلار ئەسلىدىلا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەر توپىغا تەۋەدۇر.نامايىش قىلىپ ۋەتەن ئازات بولمىغان بىلەن مايىش قىلىپ ئىدىيە ئازات بولىشى مۇمكىن،چەتئەللىكلەرگە ئاھۇ-زارىمىزنى يەتكۈزەلىشىمىز مۇمكىن.ئەينى چاغدا بوۋىمىز مەمتىمىن بۇغرا ۋە ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەر مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنى قىلىپ تۈركىيەدە بىزنى تونۇتمىغان بولسا بەلكىم مەن بۇ يازمىنى يېزىپ ئولتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشمىگەن بۇلاتتىم.شۇڭا نامايىشقا سەل قارىماسلىق كېرەك،مۇشۇنداق نامايىش ئۇچقۇنلىرى ھامان بىر كۈنى ئاتەشكە ئايلىنىپ بېيجىڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىتەمدۇ تېخى؟ ئۇنىسىنى بىر نېمە دېيىش ھازىرچە تەس.



نۆۋەتتە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە غالجىرلىشىپ مىللىتىمىزگە سېلىۋاتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى ئىمان ئۇياقتا تۇرسۇن يۇرىكىدە زەررىچىلىك ئىنسانىي ھىس تۇيغۇسى بار بولغان ھەرقانداق ئۇيغۇرنى بىئارام قىلماي قويمىدى.ئۇيغۇر ئۇچۇن قانداقتۇ بىرەر ياخشى ئىش قىلىۋاتقان كىشىلەرگە يېقىن تۇرسام ياكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ھەمدەمدە بولسام،خىتاي كونسۇلخانىسىدىن ۋىزا ئېلىپ ۋەتەنگە بېرىپ - كېلىشىم توسالغۇغا ئۇچرايدۇ دەپ ئويلايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يولى ئېتىلىپ ھەتتا كۆپىنچىلىرىنىڭ ۋەتەندىكى يېقىن –يۇرۇقلىرى تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلدى؛ خەنزۇ،جۇڭگۇ دەپ سىپايە تەلەپپۇز قىلماي خىتاي دىيەلەيدىغان ۋە تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشۇپ كۆك بايراقنى قولىغا ئېلىپ نامايىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان كەيپىياتلار شەكىللىنىشكە باشلىدى،ھەتتا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارئارىسىدا ۋەتەن،مىللەت،بايراقنىڭ قەدىر-قىممىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەڭ يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى دېسەكمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.



ئامرىكىدا ياشاۋاتقان داڭلىق پائالىيەتچى رۇشەن ئابباس خانىمنىڭ چاقىرىقى بىلەن دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلماقچى بولۇنغان«بىر ئاۋاز بىر قەدەم» نامايىشى كۈتۈلگەندىنمۇ كەڭ- كۆلەملىك ۋە سۈپەتلىك ئېلىپ بېرىلدى.ئىلگىرى دەۋا سېپىگە كىرمىگەن ياكى مەيدانىغا چىقمىغان نۇرغۇن ياشلار بۇ قېتىمقى نامايىشتا رەستىگە چىقىپ كۈچىمىزگە كۈچ قاتتى،يەنە باشقا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قايتىشتى بۇ نامايىشتىن.مانا بۇ غەزەپنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ پۈتۈن دۇنياغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھۇ-زارىنى ئاڭلىتىش ھەركىتى بولدى، ھەم شۇنداقلا خىتايغا نىسبەتەن «بىز ساڭا تېز پۈكمەيمىز،تاكى ئاداققىچە ھەققانى كۆرىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېگەن ۋەدىنامىنىڭ جاكارلىنىشى ئىدى بۇ ھەركەت.

**نامايىشتىن ئويلىغانلىرىم**

ئىگەللىنىشچە ،خىتاي قىزىل ئارمىيىسى شەرقى تۈركىستانغا تۇنجى قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ بۇ نىڭغا قارىتا ئەڭ دادىل قارشى چىقىپ كەلگەن ئاممىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دىندار كىشىلەر ئىكەن.يېتەكلىگۈچىلەرنىڭمۇ زور كۆپچىلىكى ئاساسەن دىنى زاتلار دېسەكمۇ بولىدۇ.تا ھازىرغا قەدەر مەيلى

ۋەتەن ئىچىدە مەيلى ۋەتەن سىرتىدا بولسۇن دەۋانىڭ ئالدىنقى سېپىدە مېڭىپ بەدەل تۆلەۋەتقانلار يەنىلا دىنى ئەقىدىسى كۈچلۈك،كەلگۈسىدىن ئۈمىتۋار كىشىلەر ئىكەنلىكى كۆز ئالدىمىزدا تۇرماقتا.مانا بۈگۈن ھەممىلا دۆلەتتە نامايىشقا چىققان خانىم-قىزلارنىڭ دېگۈدەك بېشىغا رومال ئارتقانلىقى بۇ قارىشىمنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.ئەلۋەتتە ئادەتتە بېشى ئوچۇق يۈرۈيدىغان بىرقىسىملىرى ئۆزىنى يۇشۇرۇش ئۈچۈن يۈزىنى ئەتكەنلىكىمۇ بىر رېئاللىق.

مەن ياشاۋاتقان دۆلەتتە بۇ قېتىم 20 دەك ئايال نامايىشچىلارنىڭ قاتناشقانلىقىنى كۆردۈم،ئىلگىرىكى بېشىمدىن ئۆتكەن رەسىمگە رەسىمگە چىقىشنى خالىماسلىقتەك نازۇك مەسىلى تۈپەيلى ۋىدېئو كامېرامنى قەتئى ئىشلەتمەي ئىشتىراكچى سۈپىتىدە مېڭىشىپ بەردىم.ئىلگىرى نامايىشلارغا قەتئى يېقىن كەلگىلى ئۇنىمايدىغان بىرقانچە خانىم – قىزلارنىڭ بۇ نامايىشقا كېلەلىگىنىدىن ئىچىمدە تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم.نەزەر سالسام ئاساسەن ھەممىسى ئادەتتە بەش ۋاخ ناماز ئۆتەيدىغان ۋە ئورانغىنىغا قارىغاندا دىنى كۈچلۈك خانىم -قىزلار ئىدى. قارىسام نامايىش چاقىرىقىمىزغا ئاۋاز قوشالمىغان يەنە نۇرغۇنلىرىنىڭ بۇرۇنقىدەكلا بانا-سەۋەپلىرى بارئىكەن:نامايىشقا چىقىپ قالسام ۋەتەندىكى ئۇرۇق تۇققانلىرىمغا ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ،نامايىشتىن نېمە چىقاتتى؟....

خۇددى دەۋانىڭ ئالدىنقى سېپىدە مېڭىپ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەۋاتقانلار، نامايىشقا چىققان ۋە چىقىۋاتقانلارنىڭ ۋەتەندە ئۇرۇق-تۇققانلىرى يوق يا بولمىسا ئۇلارئورماندىن ئۈنۈپ قالغاندەك.

دېمەك ئىسلام دىنىمىزدىكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بولغان «زۇلۇمغا قولدىن كېلىشىچە قارشى تۇرۇش،ئېزىلىۋاتقان قەۋمى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش»پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلالىغان ئاڭلىق ھەرقانداق ئۇيغۇر دەۋاغا ئاتلىنالايدىكەن،دىنى ئېڭى سۇس ياكى مىللىتىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىدىن خىتاي قورقۇسى كۈچلۈك ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى راھەتلەندۇرۇش ئۈچۈن بىرەر بانا سەۋەپ تاپىدىكەن نامايىشقا چىقماسلىق ئۈچۈن.دەۋا سېپىمىزگە ئاكتىپ ھەسسە قوشۇۋاتقان دىنى ئەقىدىسى بىر قەدەر سۇس بولسىمۇ مىللى ئېڭى كۈچلۈك ئاز ساندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئەمگىكىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز ئەلۋەتتە.

مېنى خۇرسەن قىلىۋاتقىنى ئىلگىرى نامايىشتىن نېمە چىقىدۇ؟دەپ ياراتمايدىغان خېلى بىر قىسىم ئۆلىمالىرىمىزنىڭمۇ ئەمدىلىكتە ئۇيغىنىپ نامايىش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى دىنى نۇقتىدىن شەرھلەپ تەبلىغ قىلىشقا باشلىغانلىقى ۋە ئۆزلىرىمۇ ئىشتىراك قىلىۋاتقانلىقى بولدى.دېمەك ئاڭ ئۆزگەرسە ئىش-ھەرىكەتمۇ ئۆزگىرەيدىكەن،قارىسام تۈنجى ساھابىلەرنى ئا قالسۇن نامايىشچى ساھەبە دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە يېقىن نۇتۇقلار ئېيتىلىشقا باشلاپتۇ تور تەشۋىقاتلىرىدىكى سىن ھۆججەتلىرىدە.ئەسلىدە دىنى پىرىنسىپ بويىچە بىر خاتا ئىشنى كۆرسە ئۇنىڭغا قەتئى قارشى تۇرۇش كېرەكلىكى قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئورۇندا تەكىتلەنگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرىدا بۇنىڭ مىساللىرى خېلى كۆپ.مەن بۇ نوقتىدا ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئايرىم بىر ماقالىدە توختىلىمەن خۇدايىم بۇيرىسا.

**نامايىشتا ئوبراز مەسىلىسى**

بۇ قېتىمقى نامايىشتا كۆزۈمگە چېلىققىنى غەرپ ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بەكرەك تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «بىر ئاۋاز بىر قەدەم» ناملىق ئايالللار نامايىشىدا نەچچە مىڭلىغان خانىم – قىزلار ئاكتىپلىق بىلەن نامايىشقا قاتناشتى.بۇ نامىيش ئۇيغۇر خانىم- قىزلىرىنىڭ تۈركىيەدە ئېلىپ بارغان ھازىرغا قەدەركى ئەڭ زور كۆلەملىك نامايىشى بولۇپ تارىخ بەتلىرىن ئورۇن ئالدى. نامايىشتا توۋلانغان شۇئارلار ، كۆتۈرۈلگەن لوزۇنكىلار ۋە مېڭىش تەرتىپى جەھەتتىن رەتلىك ۋە سۈپەتلىك نامايىش بولدى دېيىشكە بولىدۇ.مۇستەقىل شۇئارىمىز تېخى ئۇمۇملاشمىغىنى ئۈچۈنمىكىن«باش بۇغ بۇرادا، ئىنسان ھەقلىرى نەرەدە» دېگەن مىللەتچى ھەركەت پارتىيىسىنىڭ شۇئارىمۇ ياڭراۋاتاتتى.بىراق نامايىشتا قارا چۈمبەل بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىشلار،يەنە كېلىپ بايانات ئېلان قىلغان خانىمنىڭ يۈز كۆزىنى ئېتىۋالغان ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى ئاخبارات

ۋە تاراتقۇلاردا گۇيا پەلەستىندىكى ھاماسنىڭ ئايال پىدائىلىرىنى ئەسلىتەتتى.نامايىشقا چىقىپ خىتايغا قارشى مەيدانىنى ئېنىق جاكالىغان بۇ ئەزىمەتلىرىمىزگە ئايرىم-ئايرىم رەخمەت ئېيتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

بۇخىل كۆرۈنۈش بىزگە ياخشى بولمىغان نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.دىنىمىزدا پەرز بولغىنى نورمال ئورۇنۇش ئىكەنلىكىدە بىزمۇ ئىمان ئېيتتۇق،لېكىن بۇ شەكىلدىكىسى سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك. سىز سەئۇدى ئەرەبىستاندا،پەلەستىن ياكى ھىندونوزىيە ۋە ئىراندەك دۆلەتلەردە ئەمەس تۈركىيەدەك 70 يىلدىن بۇيان ياۋرۇپالىششىنى قوغلىشىۋاتقان بىر خەلقنىڭ يۇرتىدا نامايىش قىلىۋاتقىنىڭىزنى ئەستىن چىقىرىپ قويماڭ .مېنىڭ بۇ قۇرلىرىمنى ئوقۇۋېتىپ تىللاپ كېتىدىغان قېرىنداشلارنىڭ چىقىشىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن.ئەمما مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنىڭ تېگىگە كېيىنچە يېتىسلەر. ئەگەر تۈركىيەگە ماسلىشىپ ياشايمەن دەيدىكەنسىلەر كىيىم- كېچەكتە تۈركىيەدىكى ئوتتۇرايولنى تۇتۇپ ماڭغان دىندار خانىم-قىزلاردەك كىيىنىشنى ئۆگەنمىسەڭلار، تۈرك قېرىنداشلارنىڭ ھىسداشلىقى بارغانسىرى ئازلاپ كېتىشى مۇمكىن.مەن ھەرقانداق كىيىم- كېچەك مودىسىغا ھۆرمەت قىلىمەن،قانداق كىيىنىشڭلار يەنىلا ئۆزەڭلارنىڭ ئىختىيارىدىكى بىر مەسىلە.شۇنداقتىمۇ تۈركىيەنىڭ يۇرۇش- تۇرۇش ۋە كىيىم-كېچەك ئادەتلىرىگە بىرئاز رئايە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەسكەرتكۈم كەلدى خالاس.ئاخىردا بۇ نامايىش پىكرىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ،تەشكىللەپ ماددى ۋە مەنىۋى ئاز بولمىغان ئەمگەكلەرنى سىڭدۈرگەن ھەربىر شەخسكە ئالاھىدە رەخمىتىمنى بىلدۈرىمەن.يەنە بىر نامايىشتا تېخىمۇ سۈپەتلىك ۋە ئىجابى تەسىرچانلىقى يوقۇرى تەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە تىلەكداشمەن.

# مۇراجەتنامىدىن تۇغۇلغان ھېسلار

تارھان ئىلتەبىر

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇم ئېغىزدا ئېيتىلغان بىلەن قەغەز يۈزىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنماقتا.

كۈنىمىزدە قەلەم كۆرىشى ئەلەم كۆرىشىنىڭ ئالدىنقى شەرت بولۇپ كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولماقتا.

يېقىنقى بىر قانچە ئايدىن بۇيان تور مۇھىتىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان مەشئەل گۇرۇپپىسى ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇملارنى پاش قىلىپ ئارقىمۇ ئارقا مۇراجەتنامە چىقىرىپ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى بۇ زۇلۇملارغا شاھىت بولۇشقا چاقىرغان بولسىمۇ، بۇ چاقىرىق «خىتايلار بىزگە زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، ئىنسان ھەقلىرى قەيەردە؟» دەپ شۇئار تولاۋاتقان داۋا ئىگىلىرى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنماقتا.

دۇنيا ئىنتېرنېت تېخنىكىسى بىلەن كىچىك يېزىغا ئايلىنىپ قالغان كۈنىمىزدە مەۋھۇم تور دۇنياسىغا يوللانغان ھەر نەرسە بىرەر دەلىل، مەلۇماتقا ئايلىنىدۇ.

ۋەتەندىكى زۇلۇمغا قارشى مۇھاجىرەتتىكىلەرنىڭ قەغەز يۈزىدە شاھىت بولۇشنى رەت قىلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇردۇ.

كىشىلەر سانلىق مەلۇماتلارغا، يازما دەلىللەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشماسلىق، باشقىلارغا خىتايدىكى زۇلۇمنىڭ ئېيتىلغاندەك ئۇنچە ئېغىر ئەمەسلىكى، بۇنىڭ پەقەت بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ سەپسەتىسى ئىكەنلىكى، كۆپ سانلىق ئۇيغۇرنىڭمۇ بۇ بىر ئۇچۇم كىشىلەرنى قوللىماسلىق بىلەن ئەمەلىي جاۋاپ بېرىۋاتقانلىقى تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا ئېغىزدىكى سۆزنى ئەمەس، رەسمىيەتكە ئىگە بولغان ھۆججەتنى نەزەرگە ئالىدۇ.

بۇ چاقىرىقلارغا قول قويغانلىق ۋەتەندە بولىۋاتقان زۇلۇمغا شاھىت بولغانلىقتۇر. بۇ شاھىتلىق بىلەن خەلقئارادا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغىلى، ۋەتەندە يۈز بەرگۈسى قارشىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ تېررورلۇق ھەرىكىتى ئەمەس، يوللۇق قوغدىنىش، كىشىلىك ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش كۆرىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا مۇھىم رول ئوينايلا قالماستىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېرورچى قىلىپ كۆرستىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

بەزى قېرىنداشلارنىڭ بۇ مۇراجەتنامە بىلەن ھېچ ئىش ھەل بولمايدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك بولىۋاتىمەن.

بەلكىم شۇنداقتۇ، دېگىنىڭىزدەك بىر مەسىلە ھەل بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما نەمرۇت ئىبراھىم ئۈچۈن ياققان گۈلخان ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بىر تامچە سۇنى ئېلىپ ئاتلانغان چۈمىلە ( ياكى قۇش) ئۇ گۈلخاننىڭ بىر تامچە سۇ بىلەن ئۆچمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن مەيدانىم ئېنىق بولسۇن دەپ يولغا راۋان بولغانىدى.

بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما تارىخ بولۇپ قالىدۇ. ئەمما بىر كۈنلەر كېلىپ بالىڭىز ياكى نەۋرىڭىز ۋەياكى باشقا بىرسى سىزدىن بۇ «ئېغىر كۈندە قاندىشىڭ، ۋەتەندىشىڭ، دىندىشىڭ ئۈچۈن سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ » دەپ سورىغاندا بەرگۈدەك بىر جاۋابىڭىز بولسۇن!

سەۋەپ بىزدىن نەتىجە ئاللاھتىن!

ئىمزا قويۇش تور ئادرەسى ۋە ئىمزا قويۇش ئۇسۇلى::

https://www.change.org/search?q=Torchlight%20Uyghur%20Group&lang=en_US

http://www.freedomsherald.org/ET/cmp/Imza-qoyush.mp4

# مۇراجەتنامىلەر نېمە ئۈچۈن موھىم؟

**ئابدۇۋەلى ئايۇپ**

ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى قىلىۋاتقان نامىيىش، ئەرىز ۋە ئىمزا پائالىيەتلىرى 2018-يىلدىن كېيىن بىر دولقۇن ياراتتى. سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق بۇنىڭ ئىچىدە 2018-يىلى يانۋاردىن باشلانغان مۇراجەتنامە ئېلان قىلىپ ئىمزا توپلاش پائالىيىتى بارغانچە قوللاشتىن قېلىپ، نەزەردىن ساقىت بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتقىچە بەش قېتىم مۇراجەت ئېلان قىلىندى. ئىمزا سانى بارغاچە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ.

ھەر قېتىملىق مۇراجەتتە ئەجەللىك بىر مەسىلە پاكىتلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ مۇراجەتلەر دۇنيا جامائىتىگە ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىنى بىلدۇردى، ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنىڭ خەتىرىنى چۈشەندۈردى، ئۇيغۇر خەلقىنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقاتماقچى بولغان خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىۋاتقان زۇلۇمىنى پاكىت بىلەن ئاچتى. بۇ مۇراجەتلەر تەشكىلاتلىرىمىزنى كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىغا، خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ۋە ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىغا سۇنىدىغان دوكىلات بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇ مۇراجەتلەر ئۇيغۇرچە، ئېنگىلىزچە، فرانسوزچە، ئەرەبچە، تۈركچە، ئىسپانچە، خىتايچە قاتارلىق سەككىز خىل تىلدا تارقىتىلىۋاتىدۇ.

مۇراجەتنامىلەرگە ئۇيغۇرنىڭ ئىمزا قويۇشى نېمە ئۈچۈن موھىم؟

مۇراجەتنامىلەرگە ئىمزا قويۇش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراجەتنامىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شۇ پاكىتلارغا قوشۇلىدىغان، شۇ ئەرىزلەرنى مېنىڭمۇ ئەرزىم دەپ بىلىدىغان، شۇ زىيانكەشلىكلەرگە مەنمۇ ئۇچرىۋاتىمەن دەيدىغان شاھىتلىقنى نامايەن قىلىدۇ.

مۇراجەت ئۇيغۇرلار ھەققىدە بولغاچقا بۇنى تارقىتىدىغان، تەشۋىق قىلىدىغان، باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بولۇشى دۇنياغا بىزنىڭ ھەقىقى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. بىز دەردىمىز بار دەپ مەيدانغا چىقمىساق، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتىمىز دەپ شاھىت بولمىساق، زۇلۇمنىڭ ئەمەلىي پاكىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىساق، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ھەققىدە ئىزدەنمىسەك زۇلۇم ئۆزلۈگىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ.

مۇراجەتتە ئەكىس ئەتكىنى ئەقىل بىلەن، قەلەم بىلەن، تىنچلىق بىلەن قىلىنىدىغان كۈرەشنىڭ سىمۋولى. مەن ئۇيغۇرنىڭ دۇنياغا يىغا ئاۋازى، تەكبىر ساداسى، مىللىتىق ناۋاسى بىلەن ئەمەس قولىدا ھەققانى داۋانىڭ پاكىتلىرىنى كۆتۈرگەن، ئاغزىدا ئىنسانىيەتكە بولغان سۆيگۈ، ئادالەتكە بولغان ئىشەنچ ۋە ئەركىنلىككە بولغان شەرتسىز تەلەپلىرىنى جاكارلىغان ھالدا تونۇلىشىنى ئارمان قىلىمەن. شۇڭا توختىماي ئەرىز قىلىش، توختىماي مۇراجەت قىلىش، توختىماي ھەقنى سۆزلەش ھەممىمىز ئۈچۈن ھەر دائىم موھىم.

## ئىستانبۇلدىكى قارا چۈمبەللىك ئاچا-سىڭىللارغا سەممىي تەكلىپ

### كاسسىنى(cassini)

مەن بىر ئاۋاز بىر قەدەم دۇنيا ئايالالار نامايىشىنىڭ ئىستانبۇل تارمىقىنى خوشاللىق ۋە هاياجان ئىچىدە كۆرۈۋاتاتتىم. ئايالالار سانىنىڭ ھەرقايسى دۆۋلەتلەردىكىگە سەلىشتۇرغاندا پەۋقۇلئاددە جىقلىغى ، لەپىلدەۋاتقان ئاي يۇلتۇزلۇق هاۋارەڭ بايراققا ياندىاش بىر خىل ئارتىلغان هاۋا رەڭ شارپىلاردىن قەلبىم يورۇپ ئىچىم خوشاللىققا چۆمگەن ئىدى. تۇيۇقسىز يۈز كۆزىنى قارا چۈمبەل بىلەن ئورىۋالغان خانىملارغا كۆزۈم چۈشتى. ئىچىمنى قانداقتۇر ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئەندىشە ۋە بىر بىارامچىلىق قاپلىۋالدى. بۇ يەردە بىلىپ بىلمەي دۈشمىنىمىز خىتاينىڭ سىياسى ئويۇنى ۋە نەيرەڭۋازلىغىنىڭ پايدىسى يۈنۈلۈشىگە كېتىۋاتقان بىر قىياپەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەلبەتتە مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھۆكمى بويىچە ئەيتقاندا، باشقىلارنىڭ كىيىم كەچىگى ھەققىدە گەپ قىلىش ھەتتا يەرىم يالىڭاچ كىيىنگەن بىرسىنىڭ كىيىمى ھەققىدە گەپ قىلىشمۇ ئىنتايىن ئەغىر گۇنا. مەن، خۇددى ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندى مەلۇم بىر لىكسىيەسىدە ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتكىنىدەك'ئىسلام بار، مۇسۇلمىنى يوق' بىر دۆۋلەتتە ياشايمەن. بۇ دۆۋلەتتە بىر كىشى مەيلى يۈز كۆزىنى ئورىۋالغان بولسۇن ،مەيلى يەرىم يالىڭاچ بولسۇن، باشقىلارنىڭ كىيىم كەچىگى ھەققىدە گەپ قىلىشنى، ۋە كىيىم كەچىگىگە قاراپ باشقىلارغا باها بەرىشنى ئىنتايىن ئەيىپ ۋە ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى قارا پەرەنجىلىك ئاچا-سىڭىللارنىڭ قارا پەرەنجىلىرى ھەققىدە گەپ قىلىش ۋە بۇنى كىيمە دىيىش ھەددىم ئەمەس.

ئەي قارا پەرەنجىلىك ئاچا سىڭىللار، سىلەرنىڭ سىرتىڭلارنىڭ خۇددى تۈن كەچىسىدەك قارا بولغىنى بىلەن، ئىچىڭلارنىڭ ۋەتەن مىللەت غەمى بىلە ئوت بولۇپ يانغان بىر گۈلخان بىر ۋولقان ئىكەنلىگىنى ياخشى بىلىمەن. سىلەرنىڭ قەلبىمدىكى ئورنۇڭلار، قول پۈتلىرىنى مەدىكۇرە- پەدىچۇرە قىلىپ، ئۆزىنى ياساپ، ھېلى ئېرى ئېلىپ بەرگەن ئۈزۈك بىلەن ھېلى ھەشەمەتلىك ئۆي ۋە ماشىنىلار بىلەن ماختىنىپ يۈرۈيدىغان، قەلبىدە زەررىچە ۋەتەن مىللەت ھىسسىياتى بولمىغان ئايالالاردىن نەچچە مىڭ ھەسسە يۇقۇرى. سىلەر ئۆز ئەقىدەڭلار ، ئۆز دىنىڭلاردا ئاللاغا بولغان ساداقەتمەنلىگىڭلاردا ئىنتايىن چىڭ تۇرغۇچىلار. شەرقى تۈركىستانىنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدىن تاكى مالايشىيا، تايلاند، ۋە تۈركىيەگىچە بولغان بۇ خەتەرلىك جۇغراپىيەدە، ھەم ئالدانغان ھەم تاۋلانغان، ھەم يۈرىگى يارا بولغان، ھەم ۋەتەن مىللەت داۋاسىنى خەلقارا سەھنىلەرگە ئېلىپ چىققان، قەھرىمانسىلەر. سىلەر يۈننەن، كۈنمىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقلىرىدىن تاكى مالايشىيا تايلاند تۈپراقلىرىغىچە، قوللىرىڭلاردا ئەمتىۋاتقان باللىرىڭلار بىلەن، ئەرلەر بىلەن باراۋەر پىيادە يول يۈرۈپ ئەركىنلىك ئىزدىگەن قەھرىمان ئەركىنلىك جەڭچىسىسىلەر. سىلەر بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇنلىغان 'ئەجەبا؟ دىگەن سواللار ئەگىشىپ يۈرمەكتە. بۇ سواللار سىلەرگە ئەمەس سىلەرنى مۇشۇ يولغا باشلىغان، ساختا ئىنقىلاپچى ساختا مىللەتچىلەرگە قويۇلغان.بەزىلىرىڭلارنىڭ سەبى باللىرى بۇ يولدا هاياتىدىن ئايرىلدى بەزىلىرىڭلارنىڭ ئەرلىرىڭلار خىتاي تەرىپىدىن باشلىرىغا تاغار كىيگۈزۈلۈپ خىتايغا قايتۇرۇلدى. بەزىلىرىڭلارنىڭ ئەرلىرى كۆرۈنمەس قوللار ئارقىلىق ISIS قا ئەۋەتىلدى. سىلەر پۈل تېپىش مەخسىدىدە بۇ رەزىل ئويۇننى باشلىغان ئادەم بىدىكلىرىنىڭ ئالدىشىغا ئۇچۇرغان بىغۇبار، پاك ئاچا سىڭىللارسىلەر. سىلەر ھەق ئادالەت كۈرەشلىرىنىڭ، نامايىشلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان قەيسەر كۈرەشچىلەرسىلەر.سىلەرگە هورمىتىم چەكسىز.

ئەمما سىلەر تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى ئويلۇشۇپ بېقىشىڭلار كېرەك دەپ قارايمەن.

بۇ ھەرگىز مېنىڭ ئايالالارنىڭ ئىسلامچە كىيىنىشنى رەت قىلغانلىغىم ئەمەس. مەن ئىسلام دىنىمىزدا

ئاياللارنىڭ ياغلىق چىگىشىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى، ئەمما قارا چۈمبەلنىڭ ئەمەسلىكىنى ياخشى بىلىمىز.

1- ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولغاندەك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭمۇ تارختىن بۇيان ياراتقان كىيىم كەچەك مەدەنىيىتى بار. ھەر بىر ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ بۇ مەدەنىيەتنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ مەدەنىيەت قارا پەرەنجە ياكى قارا چۈمبەل مەدەنىيىتى ئەمەس. قارا پەرەنجە ئەرەپ مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ۋاھابىلارنىڭ كىيىم كېچەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا ئۇيغۇر دەردى ئوت بولۇپ يەنىۋاتقان بىلەن، سىرتىڭلاردا ئەرەپ مەدەنىيىتىنى ياقلاشتەك بىر ۋەزىيەت كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. يا دىگىنىڭلاردەك بولۇڭلار ياكى كۆرۈۋىنىڭلاردەك. سىلەرچە بولغاندا ئۇيغۇر كىيىم كەچەكلىرىنى، ئىسلامچە كىيىم كېچەك قىلىپ كيگىلى بولمامدىكەن؟ يېنىڭلاردىكى تۈرك ئاياللىرىغا قاراڭلار ئۇلار، نىمە دىگەن چىرايلىق ھالەتتە، تۈرك كىيىم كەچەك مەدەنىيىتىنى ساخلاپ قالغان ئاساستا ئىسلامچە كىينگەن ھە؟ ئەجابا سىلەرنىڭ تۈرك ئاياللىرىنىڭ كىيىم-كەچەك مەدەنىيىتىدىن ئەندىزە ئالماي ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەپ ۋاھابىلىرىنىڭ تاشلىۋەتىش ئالدىدا تۇرغان قارا چۈمبەللىرىنى تاللىۋېلىشىڭلارنىڭ ئاستىغا باشقا بىر نەرسە يوشۇرۇنغانمۇ-يە؟

2- ئەگەر ھەممە ئاياللار سىلەرنىڭ ئەيتقىنىڭلار بويىنچە ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى قارا پەرەنجىگە چۈمكۈنۈش بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولسا، بىزنىڭ جۇلالىق ئەتلەسلىرىمىز، بىزنىڭ ھەر خىل گۈزەل دوپپىلىرىمىز، بىزنىڭ ھەر خىل ئىپەك، شىپىڭ دۇخاۋا كۆينەكلىرىمىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئاسارە –ئەتىقىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا خىتاينىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جاپا تارتىپ يوق قىلىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىشىغىمۇ ئورۇن قالمىغان بىز ئۆز قولىمىز بىلەن، ئۇيغۇر مىللى كىيىم كەچەكلىرىمىزنى يوق قىلىپ بەرگەن بولىمىز.

3- مەن بىرقانچىلىغان ئۇيغۇر داموللاملار ۋە قارا پەرەنجەنى ئۆزىنىڭ مىللى كىيىمى قىلىپ تاللىۋالغان (يەنى ئۇيغۇر كىيىم كېچەكلىرىنى رەت قىلغان) خانىملار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم. ئۇلارنىڭ ئەيتىشىچە ئىسلام دىنىدا خانىم قىزلارنىڭ قارا پەرەنجە يەنى چۈمبەلگە ئورۇنىۋېلىشى پەرىز ئەمەسكەن. ئەگەر بۇنداق كىينمىسە گۇناھ بولمايدىكەن، كىينسە ساۋاپ بولىدىكەن. ئەمما ئەي قارا چۈمبەللىك ئۇيغۇر ئاچا سىڭىللىرىم سىلەر مۇشۇ قارا چۈمبەللىرىڭلار بىلەن ئاللا ساۋاپ بەرىدىغان يەنىمۇ نۇرغۇنلىغان ئورۇنلارغا كىرەلمەيۋاتىسىلەر.

4- كىيىم كەچەكتە چەكتىن ئاشۇرۋەتكۈچىلەر ئىزچىل ھالدا ئىنسانلارنى بارام قىپ كەلدى. مەيلى ئۇلار يەرىم يالىڭاچ كىينگەنلەر بولسۇن ۋە ياكى ئىككى كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ قارا چۈمبەلگە چۈمكۈنىۋالغالار بولسۇن. ئاللا ھەم قۇرئاندا ئەنىق قىلىپ مەن چەكتىن ئاشۇرغۇچىلارنى خالىمايمەن دەيدۇ. سىلەر ئەلبەتتە يەرىم يالىڭاچ كىينگەنلەردىن قانداق بارام بولساڭلار ، باشقىلارمۇ سىلەرنىڭ قارا چۈمبەلگە ئورۇنۇپ سىرلىق كۆرۈنۈشىڭلاردىن بارام بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قارا پەرەنگە ئوغرى قاراقچىلارنىڭمۇ، رادىكال تەرورىستلارنىڭمۇ كىيىمى.باشقىلارغا ئۇلارنى بارام قىلمىغان بىر شەكىلدە، گۈزەل ۋە دوستانە كۆرۈنۈشمۇ ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنىڭ بىرى.

5- بۇ نۇقتا مەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقارادا ئىسلامى رادىكالىزىمچىلار دەپ قارىلىپ قەلىشى مەسىلىسى. چۈنكى خەلقارادا قارا چۈمبەل ئىسلامى رادىكالىزىمنىڭ سىمبولى سۈپىتىدە ئوتتۇرغا چىققىنىغا ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن شۇنداق دەپ مۇەييەنلەشتۈرۈلگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولدى. يېقىندا خىتاي چەتئەلگە چىقارغان ۋەكىللەر ئۆمگى، خىتايدىكى يېپىق تەربىيەلەش مەركەزلىرىنى ئاخلاپ، ئۇيغۇرلار دىنى جەھەتتە ئىنتايىن رادىكال بوپ كەتتى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئىلىم پەن ۋە توغرا بولغان دىنى قاراش بىلەن تەربىيەلەش ئۈچۈن بۇنداق مەركەزلەرنى ئاچتۇق دىدى ۋە بۇنىڭ پاكتى سۈپىتىدە، قارا پەرەنجىگە چۈمكەلگەن ئاياللارنىڭ رەسىمىنى كۆرسەتتى. خىتاي دۆۋلەت ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى دىنى رادىكال قىلىپ كۆرسىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى خەلقاراغا ئۇيغۇرلار رادىكال ئىسلامچى دىگەن تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرماقچى ۋە بۇنىڭ پاكتى سۈپىتىدە، يۇقۇردا تىلغا ئېلىنغان خانىملارنى كورسەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر خىتاي بۇ تەشۋىقاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ

دۇنيا مىقياسىدا كۆچمەن بولۇش مەسىلىلىرى شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقلىق داۋاسى زور سەلبى تەسىرگە ئۇچۇرغان بولىدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندىمۇ مەلۇم بىر لىكسىيەسىدە ئۆزىنىڭ ئەندىشىلىرىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى.

6- ئۆزلىرىنىڭ مىللى كىيىم كەچەكلىرىگە ۋە مەدىنىيىتىگە ئىگە چىقىش جەھەتتە مەن پاكىستانلىق ۋە ھىندىستانلىق خانىم قىزلارغا قايىل بولىمەن. دوسلارغا مەلۇم بولغىنىدەك ئەنگىلىيە ئۆزۈن يىل ھىندىستان ۋە پاكىستاننى بېسىۋالغان. ئەمما پاكىستان ۋە ھىندىستاندىكى خانىم قىزلار ئۆزلىرىنىڭ مىللى كىيىم كېچەكلىرىدىن ھەرقاداق بىر ئىغىر ۋاقتىتمۇ ۋاز كەچكىنى يوق. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ كىيىم كېچەكلىرىنى چالدۇرۇڭ- جۇلدۇرۇڭ دەپ زاڭلىق قىلىدىغان بولسىڭىز ئۇلار سىزنى تويغۇزۇپ قويىدۇ. چۈنكى مىللى كىيىم كېچەكلىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى. ئەلبەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇلالىق ئىپپەك خان ئەتلەسلىرىنى ۋە باشقا ئىپەك رەختلىرىدىن ئىسلام دىنىغا لايىق كىيىم كىچەكلەرنى تىككىلى، نۇرغۇنلىغان گۈزەل دوپپىلىرىمىزنى ياغلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھەم ئۇيغۇرلىغىمىزنى ھەم مۇسۇلمان ئىكەنلىگىمىزنى ئىپادىلەيدىغان بىر باش كىيىمى ئىجات قىلساق تامامەن بولىدۇ.

7- يېقىندا Facebook تا بىر تۈرك قەرىندىشىمىز ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىستانبۇلدا كىيىۋالغان قارا چۈمبەلنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقارادىكى داۋا ئىشلىرىغا سەلبى تەسىر كورسۈتىدىغانلىغىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. يېقىندىن بۇيان ئىجدىماي تاراتقۇلاردا، ختاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ساھەسىدە ئىنتايىن يوشۇرۇن قارا قولى بارلىغىنى، ئەرەبىستان، تۈركىيەدىكى مەلۇم كۈچلەر ۋە باشقا دۆۋلەتلەردىن تەشكىللەنگەن كۈچلۈك بىر قارا كۈچىنىڭ، ئاۋال دىنى ئۇن ئالغۇ پىلاستىنكىلىرىنى ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە بىمالال تارقاتقانلىغىنى، ئاندىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى تايلاند مالايشىياغا باشلىغانلىغىنى ئاندىن سۈرىيە ۋە ISIS نىڭ يولىنى ئاچقانلىغىغا ئاىت ماقالىلار يېزىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى رابىيە قادىر خانىممۇ ئاۋستىرالىيەدە مەتىمىن ئەلانىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالدى. ئىچىمدە بىر ۋەھىمە بار ئۇ بولسىمۇ ختاي مانا مۇشۇنداق قارا قوللار ئارقىلىق سىلەردەك سەبى –ئاق كۆڭۈل ئاچا سىڭىللىرىمىزنىڭ قارا چۈمبەلگە يۆگەپ قويۇپ، ئاندىن خەلقارادا ئۇيغۇر دەۋاسىنى رادىكال دىگەن تۆھمەت بىلەن يوق قىلىش قەدىمىنى ئالللىقاچان بەسىپ بولدى . شۇڭا سەگەك بولۇشىمىز، ئەقىللىق بولۇشىمىز، ھىسسى ۋە ھاياجاندىن ئۇزاق تۇرۇشىمىز، ئويۇنلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمەسلىگىمىز لازىم.

8- سويۇملۇك قارا چۈمبەللىك ئاچا-سىڭىللار، خۇددى قاراڭغۇ ئورمانغا كىرىشتىن بۇرۇن، بۇ ئورماننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە خەتەرلىك ئىكەنلىگىنى بىلىش ھەققىمىز بولغاندەك، سىلەرنىڭ كىيىم كېچەكلىرىڭلارمۇ ئەگەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇتلىغىغا كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ قويۇش ئەھتىماللىغى كۆرۈلگەن ئەھۋال ئاستىدا بۇ كىيىم كېچەكلەرنى دەرھال نورمال كىيىم كەچەكلەرگە ئۆزگەرتىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار. چۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللى مەۋجۇتلىغى ۋە خەلقارادىك ئوبرازىنى قوللاش ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ باش تارتىپ بىلمايدىغان مەجبۇرىيتى.

9- ئىستانبۇلدا ياشايدىغان مۇنەۋۋەر ئۆز ئۇيغۇر خانىمنىڭ، تۈركىيە رەئىسى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى كىيىم كەچەك قىياپىتى مېنى ئىنتايىن ئۇمۇتسىزلەندۈردى. ئۇنىڭ كىيىم كېچىگى ئۇيغۇر كىيىم-كېچىگى ئەمەس بەلكى ئېرەپ ۋاھابىلىرىنىڭ قارا چۈمبىلى ئىدى. ئۇنى ئەرەپ بىر ئايال ياكى ISIS ئۇرۇش مەيدانىدىن ھازىرلا ئىستانبۇلغا كەلگەن بىر ئايال مۇجاھىت بولسا كېرەك دەپ چۈشۈنۈپ قېلىشىمىزتامامەن مۇمكىن ئىدى. مېنىڭچە رەجەپ تايىپ ئەردوغانمۇ ئۇنىڭ قارا چۈمبىلىنى تازا ياخشى كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۆزلەرنى قىلغان ۋاختىمدا، بەزىلەر بۇ ئەركىنلىگىم دىيىشى مۇمكىن ئەمما رەجەپ تاييىپ ئەردوغاننىڭ بىر سۆزى بار دەموكراتىيە دىگەن بىر تىرەنگە ئوخشايدۇ، ھامان بىر بىكەتتە چۈشۈپ قېلىشقا مەجبۇر بولىسەن دەيدىغان. بۇنداقلارغا مەنىڭمۇ بىر سۆزۈم بار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەلقارادىكى ئوبرازىغا زەررىچە تەسىر يېتىپ قالىدىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق ئەركىنلىگىنى ئەخلەتكە تاشلىۋەت ئاداش.

10-دۇنيانىڭ مەركىزى ھەساپلانغان ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان، قارا چۈمبەللىك ئاچا- سىڭىللارنى، دۇنيا ۋەزىيتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىشنى، دۇنيانىڭ نەدىن نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ھەر زامان تەھلىل قىلىپ تۇرۇشنى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاينى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلا ئۈستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان قاربىلاش سىياستىنى تولۇق چۈشۈنۈشنى ئۈمۈت قىلىمەن. ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بار. قارا چۈمبەل ئەرەپنىڭ خاس نەرسىسى ئۇيغۇرنىڭ خاس نەرسىسى ئەتلەس ۋە باشقىلار.

10- يېقىندا ئامېركا CBS تېلۋىزىيەسىدە ئەرەپ ئاياللىرىنىڭ كىيىم كەچەكلىرىگە قارىتا تارىخى خارەكتىرلىق سۆز قىلغان، سەۋدى ئەرەبىستانىنىڭ شاھزادىسى مۇھەممەت بىن سالمان: ئاياللار ئەدەپلىك ۋە باشقىلارنى ھۆرمەت قىلغان ئاساستا كىيىنىشى كېرەكلىگىنى، ئەمما قارا چۈمبەل كىيىشنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىگىنى، شەرىئەت قانۇنىنىنىڭ بۇ نۇقتىدا ئىنتايىن ئەنىق كۆرسەتكەنلىگىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، شەرىئەتتە قارا چۈمبەل دىگەن بىر نەرسىنىڭ يوقلىغىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئەرەبىستاندا ئاياللارنىڭ كىيىم كېچەكگە قارىتا دەۋر بۆلگۈچ ئىسلاھاتنى باشلىدى. ئەمما بىرمۇنچىلىغان جاھىل موللاملار شاھزادە مۇھەممەت بىن سالماننىڭ بۇ سۆزنى، ئامەركىنىڭ غالچىلىغىنى قىلغانلىق دەپ قارىغان بولسىمۇ ، نۇرغۇنلىغان دىنى ئۆلىمالار بىردەك قارا چۈمبەلنىڭ شەرىئەتتە يوقلىغىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. دىمەككە يېقىن كەلەچەكتە، ئەرەپ ۋاھابىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم كەچىگى دەپ كىيىپ كەلگەن قارا چۈمبەلنى پىقىرتىپ تاشلىۋەتكەن تەغدىردىمۇ، ئىستانبۇلدىكى ئاچا-سىڭىللار دۇنيانىڭ بىردەك رەت قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان بۇ قارا چۈمبەلنى جاھىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرارسىلەرمۇ؟

ئىستانبۇلدىكى ئۆلىمالار بىرلىگىدە چاتاق بارمۇ قانداق؟

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق ئىككى نەرسە ئاسان كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇنىڭ بىرى تۈركىيەدە شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلارغا ئۆزىدىن يوغان ناملار ئۇڭاي ۋە ئويلاشمايلا بېرىلىدۇ. يەنە بىرى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار بەك ۋاقىراپ گەپ قىلىدۇ. خۇددى قانچە كۈچلۈك ۋاقىرسا شۇنچە ھەقلىق بولىدىغاندەك.

ئەسلىدە ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقارادىكى ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان قارا چۈمبەل مەسىلىسى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەگەشمە مەسىلىلەرنى ئۆلىمالار بىرلىگى ھەل قىلىمەن دىسە بىردەمدە ھەل قىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئەمما ئۇلار بىر كۆزنى قىسىۋېلىغلىق. قارا چۈمبەل مەسىلىسىدىلا ئەمەس بەلكى خېلى نۇرغۇن ئىشلاردا بىر كۆزنى قىسىۋەلىغلىق.

ئەسلىدە ماقالەمدە ئۆلىما دىگەننىڭ نىملىگى، ئۆلىمانىڭ مىللەتنىڭ سىياسى تەغدىرىدىكى سەزگۈرلىگى ھەققىدەمۇ توختالماقچى ئىدىم ئەمما، ۋاز كەچتىم زىددىيەتلىك تىمىلارغا كىرىپ، گەپ سوز چۇچەكنى ئاۋۇتقۇم يوق ئەمما، ئۆلىمالار بىرلىگىگە كۆڭلۈمدە نۇرغۇن سوئاللىرىم بار. بەلكىم بۇ سوئاللىرىمنىڭ بەزىلىرىگە ۋاقىت جاۋاپ بەرەر، بەزىلىرىنى تەخمۇ ياخشى مۇكەممەللەشتۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرغا قويۇشۇم مۇمكىن.

سۆيۈملۈك قارا چۈمبەللىك ئاچا سىڭىللار، ھازىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلىۋاتقان كۈلپەتلەر، ئەينى يىللاردا يەھۇدىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت دەرىجىسىگە يەتتى ۋە بەزى نۇقتىلاردا ئۇنىڭدىنمۇ ئەشىپ كەتتى. بىز ئەقىللىق بولايلى.

بىز دىننى توغرا چۈشىنەيلى توغرا مۇلاھىزە قىلايلى. خەلقارا ۋەزىيەت، خىتاي ۋەزىيتى، ئۇيغۇر ۋەزىيتى، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ئورنى قاتارلىقلارنى ھەر زامان ئۇگىنىپ تۇرايلى، ئۇيغۇر كىيىم كەچەك مەدەنىيتىمىزگە ئىگە چىقايلى. ئۇ بىزنىڭ كىيمەسلىگىمىز سەۋەبىدىن ئاسارە ئەتىقىگە ئايلىنىپ قالمىسۇن.قۇرئانغا مەھكەم يېپىشايلى ۋە ئاللا بۇيرىغان ياغلىقلىرىمىز بىلەن ئەۋرەتلىرىمىزنى ياپايلى ئەمما قارا چۈمبەل بىلەن ئەمەس.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدە قارا چۈمبەلگە ئورۇنۇۋالسىڭىز بۇ ئۆزىڭىزنىڭ شەخسى ئىشىڭىز قاتارىغا كىرىدۇ. ئەمما سىز تاراتقۇلا، مەدىيالار ئالدىدا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، مۇناسىۋەتلىك دۆۋلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارغا سىمبول بولۇپ كۆرۈشكەندە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىيىم كەچەك مەدەنىيتىگە يات ۋە كىيىم

كەچەك ئەخلاقىغا يات ھالەتتە ئوتتۇرغا چىقىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى، مىللى كىملىگى ۋە مەۋجۇتلىغىغا سەلبى تەسىر ئېلىپ كېلىدىكەنسىز بىزنىڭ سىزگە: "بۇ كىيمىڭنى ئالماشتۇرۇۋەت" دىيىش ھەققى ۋە ھوقۇقىمىز بار.

ئەسلىدە بىزدىنمۇ ئاۋال مەشھۇر ئۆلىمالار بىرلىگىنىڭ، دىن نامىدا قالايمىقان سوزلەپ ئىجدىمای تاراتقۇلارنى قالايمىقان قىلىۋاتقانلار، شۇنداقلا قارا چۈمبەل ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى رادىكال ئىسلامچى كورسۇتۇشكە تىرىشىپ ختاينىڭ نېنىغا بىلىپ بىلمەي قايماق سۈركەپ بەرىۋاتقانلارنى توسۇش مەجبۇرىيتى بار ئىدى. ياكى ئۇلار بىرەر تەدبىر ئالغان بولسىمۇ مەن بىلمەي قالدىممۇ قانداق، ئەمما بىر پاسسىپ ۋەزىيەت مەۋجۇت. ياكى ئۆلىمالار بىرلىگى پۈتۈن مۇسۇلمانئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ قارا چۈمبەلگە ئورۇنۇۋېلىشىنى تەشەببۇس قىلامدۇ قانداق بۇ ھەقتە ھىچ بىر باياناتىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق.

ھازىر ئۇيغۇرلار دۇنيا ۋەزىيتىدە چاخچاق قىلىدىغان بىر ۋەزىيەتتە ئەمەس. ئەگەر قارا چۈمبەللىك خانىملار مۇشۇنداق كۆپىيىپ كېتىدىغان بولسا، دۇنيا بىزنى ھازىر ئۇيغۇرلار دەپ ئاتاۋاتقان بولسا كەلەچەكتە "ئۇيغۇر رادىكال مۇسۇلمانلار" دەپ ئاتىشى مۇمكىن.

2018-يىلى 1-ئاپرىل.

# بىر ئاۋاز، بىر قەدەم، بىر ھىكمەت

**ئاپتورى: سەھەر**

ئەدەبىي خاتىرە

(15- مارت بىر ئاۋاز، بىر قەدەم دۇنيا ئاياللار نامايىشىنىڭ نيۇ-يوركتىكى نامايىش مەيدانىدىن ئالغان تەسىراتىم)

ۋولقانلار ۋە يانار تاغلار يەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنىڭ ماگمىلارغا ئېلىپ كەلگەن زۇلمىنىڭ مەھسۇلى.

يەر قاتلاملىرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى قىستىشى بىلەن دەھشەتلىك پارتلاشلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ يەر شارىدا خۇددى دوزاخنى ئەسلىتىدىغان يانار تاغلاردىن پەيدا بولغان، ئاتەش سەللىرىدىن ھاسىل بولغان تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ خۇددى ھالۋىدەك ئاقىدىغان ئوت دەرياسى بىلەن، زىمىستان قىش سوغۇقلىرىدا توڭلىغان ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىلىرىدا پەيدا بولغان قار مۇزلارنىڭ باھار كېلىشى بىلەن ئېرىپ سەللەرنى ھاسىل قىلىشى، ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭ بىر ھىكمىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئوتتىن تەركىب تاپقان بىر سەل بىلەن سۇدىن تەركىب تاپقان بىر سەل پۈتۈنلەي بىر بىرىگە قارمۇ-قارشى ئىككى ئۇقۇم.

سۇدىن تەركىب تاپقان سەل قەھرى غەزەپ جەھەتتىن يانار تاغلار ئاپىرىدە قىلغان ئوتتىن تەركىب تاپقان سەللەرگە قارىغاندا، يەر شارىدا يېڭى بىر ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلىش جەھەتتە، ۋولقانلاردىن ئاجىز ئورۇندا تۇرىدۇ.

گەرچە سۇ سەللىرى نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنى ئېقىتىپ يەر شارىدا يېڭى بىر زىلزىلە پەيدا قىلسىمۇ ئەمما يەنىلا دەريا دېڭىزلارغا ياۋاشلىق بىلەن قۇيۇلۇپ ئاخىرىدا تىنچىپ قالىدۇ.ئەمما ئەڭ قاتتىق تاغۇ-تاشلار قوينىنى يېرىپ چىققان ۋولقانلار ئۇنداق ئەمەس. يانار تاغلاردىن دەھشەتلىك پارتلاپ چىققان ۋولقانلار يەر شارىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايدۇ. مەسىلەن يەر تەۋرەش، tsunami(دېڭىز تاشقىنى) قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ، قىپقىزىل ئاتەش دەريالىرى تۈرۈلۈپ تۈرۈلۈپ ئېقىپ چەكسىز كەتكەن دېڭىزلارغا قۇيۇلۇش نەتىجىسىدە ياپونىيەدەك چوڭلۇقتىكى ئارال دۆلەتلىرىنى شەكىللەندۇرەلەيدۇ. يەر شارىدا بۇنداق يېڭى ھاياتى مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە، يەر قاتلاملىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سۈكۈنات ئىچىدە قانچىلىغان ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزگەن ماگمىلارنىڭ پارتلىشى سەۋەبچى بولغان.

مەن 2018-يىلى 15-مارت كۈنى دۇنيادىكى 14 دۆلەت 18 شەھەردە بىرلا ۋاقىتتا ئىنتايىن سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بىر ئاۋاز، بىر قەدەم نامايىشىنى ئەنە شۇ دۇنيا جۇغراپىيەسىدە، دۇنيا خەرىتىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلالايدىغان يانار تاغ ۋولقانلىرىنىڭ پارتلىشىغا ۋە پارتلىغاندىن كېيىنكى قىپقىزىل چوغ دەرياسىنىڭ ئۆز يولى ۋە نىشانىنى بويلاپ بىر مەنزىلگە قاراپ ئېقىشىغا ئوخشىتىمەن. شۇنداقلا يۇركى ئاشۇ يانار تاغلاردىن ئېتىلىپ چىققان ۋولقانلاردەك قىزىل چوغ، قوللىرىدا كۆتۈرگىنى ھاۋانىڭ رەڭگىدىكى بايراق بولغان ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ دۇنيا خەرىتىسىدە، دۇنيا جۇغراپىيەسىدە بىر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىمەن.2018-يىلى 15-مارتتىن ئىلگىرى بۇ قارارىمغا بىر ئاز شەك بىلەن قارايدىغان بولساممۇ ئەمما 15- مارتتىكى، دۇنيانى قاپلىغان بىر ئاۋاز ۋە بىر قەدەمدىن كېيىن مەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ دۇنيادا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشەنديم. ۋە بۇ ئاۋاز بۇ قەدەملەردە بىر ئالاھىدە ھېكمەتنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن. شۇڭلاشقا ماقالەمنىڭ ماۋزۇسىنى «بىر ئاۋاز بىر قەدەم، بىر ھېكمەت» دەپ قويدۇم.

مەنمۇ بۇ ۋولقان دەرياسىغا قوشۇلۇش مەقسىتىدە ئۆزۈم تۇرۇشلۇق دۆلەتتىن ئايروپىلان بىلەن ئاۋۋال

ۋاشىنگتونغا ئاندىن نيۇ-يورك قا بېرىپ بۇ نامايىشقا قاتناشتىم.

ھەيران قالارلىق «ھەمكارلىشىپ ئىشلەش» روھى يەنى «teamwork»

ئىلگىرى يازغان بىر ماقالەمدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك، شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىدە سىز ئادەتتىكى بىر ئىش ئورۇنلىرىغا كىرىپ ئىشلىمەكچى بولسىڭىز ئۇلار سىزدىن، «سىزدە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيدىغان تەجرىبە بارمۇ» دەپ سورايدۇ.

«team work» يەنى ئۇيغۇرچە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەش ياكى ئىشلىيەلمەسلىك غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات سىرلىرىنىڭ بىرى.

ئەپسۇس ئۇيغۇرلاردا،ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدا بۇنداق ھەمكارلىشىپ ئىشلەش، بىر-بىرىگە يول قويۇپ ئىشلەش تولىمۇ كەمچىل . ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەت تارىخىدا تۇنجى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خانىم قىزلىرى، «team work» يەنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر كۈن بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، 14 دۆلەت ۋە18 شەھەردىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىشخانىسى ، ياۋروپا بىرلىكى ئىشخانىسى ۋە خىتاي كونسۇلخانىلىرى ئالدىدا، ئوخشاش بايراق، ئوخشاش شوئار، ئوخشاش غەزەپ نەپرەت چۇقانلىرى بىلەن، ھەق ئادالەت نامايىشى قىلىپ تەق بولدى. ئۇلاردا نە شۆھرەت نام ئابرۇي تالىشىش نە ئاپپارات ۋە سىن ئالغۇلارنى قولتۇقىغا قىسىپ توختىماي ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئىللەتلەر يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ سىرتى ئاسمان كەبى زەڭگەر بولغىنى بىلەن، ئىچى بىر پارچە ئوت بىر يالقۇن، بىر يانار تاغ ئىدى.بۇ ئوت ، بۇ چۇقان، قېرىنداشلىرىنىڭ خىتاي تۈرمىسىدە ئىڭراۋاتقان نالىسى ئۇلارنى بىر دوقمۇشتا ئۇچراشتۇردى. بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچەملەر بويىچە داۋا قىلىش يولىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە بۇ داۋا يولدا قانداق مۇشكۇلاتلار بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.ئۇلار ئالدى بىلەن whatsup تورپلىرىنى قۇرۇپ بىر مەركىزى ئالاقىلىشىش سىستېمىسى بەرپا قىلدى. ئارقىدىن ھەرقايسى دۆلەتلەردە تارماق گۇرۇپپىلارنى قۇردى.

**ھەمكارلىشىپ ئىشلەش(گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەش) نىڭ 7 خىل مۇھىم ئەھمىيىتى**

ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مەزلۇم مىللەتلەر ئالدى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى ئۆگىنىشى كېرەك. يالغۇز ئىشلىگەندە، ئۈنۈم ۋە نەتىجە ئاستا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ھە دېسە تەشكىلات قۇرۇشقا ئامراق مىللەت . ئەمما تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ قۇرۇق لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى، قالپاققا چۈشلۈق قىرغىزنىڭ يوقلىقىنى كورىمىز. بۇ شۇ تەشكىلاتتا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش يەنى گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشنىڭ كاملىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان مەسىلە.ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشكە تۈركلەرمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تۈركلەر ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشنى «ékip chalishmasi» دەپ ئاتايدۇ. ھەمكارلىشىپ ئىشلەشتە مۇھىمى قانداق ئىشلەشنى ۋە قانداق ئىشلىتىشنى بىلىش. ئوخشىمىغان ئادەملەرنىڭ ئوخشىمىغان ئىقتىدارى، ئوخشىمىغان پىسخىك خاراكتېرى بار. ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ تۆۋەندىكىدەك 7 چوڭ ئەھمىيىتى بار.

1-تېزلىك– ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلىگەندە ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى، نىشانغا تەز يەتكىلى بولىدۇ

2-ئىشەنچ– ئۆزۈن مەزگىللىك ھەمكارلىشىپ ئىشلەش بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە بولغان ئىشەنچنى ئاشۇرسا يەنە بىر تەرەپتىن بۇ گۇرۇپپا قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئىشەنچلىك قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. چۈنكى كىشىلەر بىر ئادەم قىلغان ئىشقا قارىغاندا كۆپلىگەن كىشىلەر قىلغان ئىشقا بەكرەك ئىشىنىدۇ.

3-قوللاش– باشقىلارنى قوللاش ئىشقا ئاشقان ۋاقىتتا، شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك ئازايغان بولىدۇ. گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشنىڭ باشلىنىشى قوللاشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ باشقىلارنىڭ يەنى گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئۆز-ئارا قوشۇلۇشى ۋە قوللىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىش نەتىجىلىك بولىدۇ. قوللاش ئاساسەن پىكىردە قوللاش ۋە ئىش قىلىشتا قوللاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4-ئىلھاملاندۇرۇش–ئىلھاملاندۇرۇش گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. پەقەت كەڭ قورساق سەممىمىي ئادەملەرلا باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرالايدۇ.ئىلھاملاندۇرۇشقا ئەسلىدە بەك چوڭ كۈچ كەتمەيدۇ. پەقەت «سەن بۇ ئىشنى چوقۇم قىلالايسەن» دېگەن بىر جۈملە سۆزلا كېتىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ جۈملىنى ئېغىزىدىن چىقىرالايدىغانلار بەك ئاز.

5-يېڭىلىق–دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش، سىناش ۋە تەتبىقلاش. گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلىگەندە، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆپلىگەن يېڭى پىكىر يېڭى كۆز قاراشلىرى بىلەن ئورتاقلاشقىلى، يېڭى يول ، يېڭى پىكىر ۋە يېڭى ئىدىيەلەرنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

6-بىرلىشىش–ھەمكارلىشىپ ئىشلىگۈچىلەر بىر مەقسەت ۋە بىر نىيەتتە ئۆز-ئارا بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن، نەتىجە ۋە ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بىلىدۇ.

7-ئىجادچانلىق–گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلىگەندە ئىجادچانلىقنى يېڭىلىق يارىتىشنى تەز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ۋە باشقىلارنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆرگەن ھەمكارلىشىپ، گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشنىڭ مېغىزىنى چاقىقان ئىككى گۇرۇپپىنى بىلىمەن ئۇنىڭ بىرى «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى» يەنە بىرى بىر ئاۋاز بىر قەدەم ھەرىكىتى گۇرۇپپىسى. «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى» مۇ change.org دا ھازىرغا قەدەر 6 مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى. ئۇلار بۇ مۇراجىئەتنامىلەرنى ھەم مۇراجىئەت ھەم دۇنياغا سۇنۇلغان دوكلات تەرىقىسىدە تەييارلىغان بولۇپ بەزىلىرى 9 خىل دۇنياۋى تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. مانا بۇ گۇرۇپپا بولۇپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ مەھسۇلى.

بىر ئاۋاز بىر قەدەم ئايالالار ھەرىكىتى، يۇقىرىدىكى ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇردى شۇڭا ئۇلارنىڭ، بۇ نامايىش ھەرىكىتىنى دۇنيا مىقياسىدىكى تۆۋەندىكى ئەللىك نەچچە ئاخبارات ئورگىنى خەۋەر قىلدى. سىلەرگە ئاپىرىن ئۇيغۇر ئاياللىرى.

1. Time
2. New York Times
3. Washington POst
4. Fox News
5. US News
6. Kansas city News
7. Merced sun star
8. China digital times
9. Associated Press
10. MSN News
11. Orlando TV (WFTV-ABC Orlando)
12. Chicago Tribune
13. MSN World news
14. NBC News
15. On Focus Hong Kong
16. Asahi Shimbun

17. South China Morning Post
18. El Debate (Espanche)
19. The Muslim Vibe
20. Pittsburgh news (WPXI)
21. The Muslim Times
22. Start ATT News
23. KPVI NBC News
24. The Brownsville Herald
25. RT Hong Kong
26. French Marianne
27. Las Vegas Sun
28. Enid News & Eagle
29. Union Bulletin
30. Hastings Tribune
31. Voice of Alexandria
32. Medicine News
33. Fredericksburg News
34. VIDS Press
35. Business Standard
36. WDEF World News
37. Times Daily
38. Feed Publish
39. Courier Express
40. Gazette
41. Bulgarian News Agency
42. Central Asia Program
43. KHIO TV
44. Missourian News
45. ABC News

زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغان، بىر ئاۋاز، بىر قەدەم نامايىشىنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى روشەن ئابباس خانىم مۇنداق دەيدۇ: «بىز دۇنيانىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي ۋەزىيەتكە نىسبەتەن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىتا ، بۇ سۈكۈناتنى بۇزۇش مەقسىتىدە يولغا چىقتۇق. بۇ ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇملارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ ھېچقانچە نەتىجە ئەمەس، ئەمما تىرىشچانلىقىمىزنىڭ ئازراق بولسىمۇ رولى بولغاندەك تۇردۇ. بىر ئاۋاز، بىر قەدەم دېگەن بۇ بىر ھەرىكەت، بۇ پەقەت بىر قېتىملىق نامايىش بىلەنلا تۈگەپ قالمايدۇ. بىز بۇندىن كېيىن، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بىر ئاۋازدا بولۇپ، ئوخشاش قەدەم ئېلىپ، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ

بوشلۇقلىرىنى تولۇقلاپ، ئىشلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىمىز».

## ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلارغا ئىككى كەلىمە ئاچچىق-چۈچۈك سۆز

بىر ئاۋاز، بىر قەدەم ئۇيغۇر ئاياللار نامايىشىنىڭ باش شتابى ھېسابلانغان، نيۇ-يوركتىكى نامايىش مەيدانىدا، ئىككى ئايالنىڭ ئۆز-ئارا قىلىشىۋاتقان تۆۋەندىكىدەك سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

«دۇنيانىڭ سىياسىي مەركىزى ھېسابلانغان، ئامرىكىدەك بىر دۆلەتتە، ۋەتىنىمىز مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتسىمۇ، مىڭدەك ئۇيغۇر بۇ نامايىشقا كەلمىسە، مۇستەقىللىقىمىزدىن قانداقمۇ سوز ئاچقىلى بولسۇن>> دېدى بىر خانىم يېنىدىكى يەنە بىر خانىمغا.

«شۇنى دېگىنە ئاداش ، ھەتتا ئاشۇ كانادانىڭ بىرقانچە شەھەرلىرىدىن دۆلەت ئاتلاپ بۇ نامايىشقا كەلگەن يەردە، ۋاشىنگتون DC دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنچىلىك ئاز كەلگىى مېنى بىئارام قىلىۋاتىدۇ» دېدى يەنە بىر خانىم جاۋابەن.

«قانچىلىك چىقار بۇگۈنكى نامايىشتىكى ئادەم؟» دەپ سورىدى يەنە بىر خانىم يېنىدىكى دوستىدىن. ئۇ خانىم ئەتراپىقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، 200 ياكى 250 تەك چىقامدىكىن دېدى جاۋابەن.

«DC دىكى بىرەر تويغىمۇ بۇنىڭدىن جىق ئادەم كېلىدۇ ئادەتتە» دېدى ئۇ خانىم مەمنۇن بولمىغان بىر قىياپەتتە.

«كۆپىنچىسى ئۆزىنى زىيالىي دەپ ئاتىۋالغان بىلەن، ئۇ سورۇن بۇ سورۇندا ۋەتەننى ھېلىلا ئازاد قىلىۋېتىدىغاندەك سۆزلىگىنى بىلەن، مۇشۇنداق ھەقىقىي ۋىجدانىنى تارازىغا سالىدىغان چاغدا بىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ ئۇ نېمىلەرنىڭ» دەپ غۇدۇردى يەنە بىر ئايال نارازىلىق بىلەن.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ۋاشىنگتون DC دا 4 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر بارلىقى مەلۇم. ئەمما نامايىش مەيدانلىرىدا 200 ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئاز.

ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندى بىر لېكسيەسىدە، مېھماندارچىلىقتىن باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ، «سورۇن ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتكەن. مەن ئويلايمەن ۋە قىياس قىلىمەنكى بۇ سورۇن ئۇيغۇرلىرى ۋاشىنگتون DC دا بىر قەدەر كۆپ ئىكەن. نۆۋەتتە «سورۇن ئۇيغۇرلىرى»نى نامايىش ئۇيغۇرلىرىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ۋاقتى سائىتى يېتىپ كەلدى ھەتتا ئۆتۈپ كەتتى دەپ قارىساق بولىدۇ. دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسى ھېسابلانغان، بىر ئاۋاز بىر قەدەم نامايىشىنىڭ باش شتابى ھېسابلانغان ئامېرىكىدىكى نامايىش مەيدانىدا، ئادەم سانىنىڭ بۇنداق ئاز بولۇشى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

## بىر ئاۋاز، بىر قەدەمگە يوشۇرۇنغان بىر ھېكمەت

كىچىك چاغلىرىمدا موماممىنىڭ، ئۆلۈم-يېتىم بولغاندا: «ھەممە تۇققانلارنى بىر يەرگە ئەكېلىپ بەرگەن قېرىندىشىم» دەپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەمما بۇ سۆزنىڭ تېگىگە تازا يېتەلمىگەن ئىكەنمەن. ئەمدى بىلدىمكى ئۆلۈم-يېتىم، ئايرىلىش ۋە زۇلۇملار، بىر ئائىلىنى ، بىر قوۋمنى شۇنداقلا بىر مىللەتنى بىر يەرگە، بىر ئورتاقلىققا بىر نىشانغا ئەكىلەلەيدىغان ھېكمەت ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا قۇرئاندا ھەر شەررىدە بىر ھېكمەتنىڭ بارلىقىنى، ھەر مۇشكۈلاتتىن كېيىن بىر قۇلايلىقنىڭ بولىدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

مەن بىر ئاۋاز بىر قەدەم ئاياللار نامايىشىنىڭ نيۇ-يوركتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى نامايىشقا قاتنىشىش، ۋە دۇنيادىكى 14 دۆلەت 18 شەھەردىكى نامايىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، خىتاي زۇلۇمى بىزنى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئاستىغا بىرلەشتۈردى. بۇ ئۇنداق ياكى بۇنداق ئاددىي بىر بىرلىشىش ئەمەس، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر بىرلىشىش. ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىر ھېكمىتى بار بۇ ھېكمەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا نىسبەتەن بىر ئۈچقۇننىڭ جىلۋە قىلىۋاتقانلىقى. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى، سىياستىنى كەڭرى

قىلىپ، بېرىپ كېلىشنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، مائاشىنى ئۆستۈرۈپ، ھوقۇق بېرىپ.....ۋەھاكازا قىلغان بولسا ئىدى. بىز غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان ۋە بۇ ئۇيقۇدىن مەڭگۈ ئويغىنالمىغان بولاتتۇق.

مەن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن، ئىلگىرى بىزنىڭ نامايىشقا قاتنىشىش ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىمىزدىن ئىنتايىن راھەتسىز بولغان، سىياسەتكە ئارىلاشمايمىز دەپ كەسكىن گەپ قىلىدىغان، ئاتا- ئانىلىرى ۋەتەندە باشلىق بولغان ئۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ ، قوللىرىغا ئاي يۇلتۇزلۇق ھاۋارەڭ بايراقنى ئالغانلىقىنى، باشلىرىغا ھاۋارەڭ ياغلىقلارنى چەككەنلىكىنى ۋە توختىماي شوئار توۋلاپ نامايىش مەيدانلىرىنى لەرزىگە سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. چۈنكى مەن يۈز يىل تەشۋىق قىلساقمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان كۆرۈنۈشلەرنى بىر ئاۋاز، بىر قەدەمدە كۆرۈۋاتاتتىم. بۇ ئەلۋەتتە بىر ھېكمەت.

ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئويغىنىش، مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ باشلىنىشى شۇنداقلا بىر ھېكمەت.

ئاياللار مۇرنى مۇرگە تىرەشكە باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچقانداق دۈشمەن ئۆتەلمەس دەيدۇ

**ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سىياسەتكە ئارىلىششى**

مەن ۋاشىنگتوندىكى بىر ھەپتىلىك زىيارىتىم(12-مارتتىن-18- مارتقا قەدەر) جەريانىدا كۆپلىگەن ئاياللار ئۇلتۇرۇشلىرىگە قاتناشتىم.مېنى ھاياجانغا سالغىنى ئاياللارنىڭ سىياسىي تېمىلار ھەققىدە سۆزلەش مۇنازىرە قىلىشقا ئۆتكەنلىكى بولدى. بۇ ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق بىر ئىش ئىدى. ئىلگىرى ئاياللار كۆپىنچە، كىيىم-كېچەك، زىبۇزىننەت ۋە ماركىلىق نەرسىلەر ھەققىدە گەپ قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا سىياسىي گەپ سۆزلەرنى قىلغان ئاياللار خۇددى مارۇژنىنىڭ ئۈستىگە پاتۇرۇپ قويۇلغان بىر تال گىلاستەك يالغۇز قالاتتى. مەن ئاياللار، ئائىلە ئىشلىرى ۋە شەخسى گۈزەللىككە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن ھالقىپ، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي تېمىلارغا كىرگەن ۋاقتى بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىدە تۈپتىن ئۆزگىرىشنىڭ بىخ سۈرۈشكە باشلىغان ۋاقتى دەپ قارايمەن.

مەن بىر ئاۋاز بىر قەدەم دىن ئىبارەت بۇ مۇكەممەل «team work» نى روياپقا چىقارغان ، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى لىدىر خانىم قىزلارغا، مەكتەپداشلىرىمغا دوستلىرىم ۋە دەۋرداشلىرىمغا ئالاھىدە ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇلارنىڭ، نام- ئابرۇي ۋە شۆھرەت قوغلاشماستىن، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇ روھىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىمنى بىلدۈرمەكچىمەن.

**بىر ئاۋاز، بىر قەدەم ھەرىكىتىگە تەكلىپ پىكىرلەر**

قاقىرلار ئاسماندا ئۇچقاندا ئالدىدىكى قاقىرنىڭ، قانات قېقىشى ئارقىدىكى قاقىرنىڭ قانات قېقىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ھاۋا ھازىرلاپ بېرىدىكەن. شۇڭا قاقىرلار ئۇچقاندا، V شەكىللىك ئۇچىدىكەن. مانا مۇشۇنداق ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئۇچۇش جەريانىدا قاقىرلار قىتئەلەر ئاتلاپ ئۇچۇش جەھەتتە، يالغۇز بىر قاقىر ئۇچقاندىكىدىن 70% تېزلىكتە ئېگىزلىكتە ئۇچۇش نىشانىغا يېتەلەيدىكەن. ئەگەر بىر قاقىر يارىلانغان بولسا، يەرگە قونىدىغان چاغدا ئىككى قاقىر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يەرگە قونۇشۇپ بېرىدىكەن. مەن دۇنيا مىقياسىدا ئويغانغان ۋە ۋەتىنى مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇملارنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ۋە دۇنيا سۈكۈناتىنى بۇزۇش مەقسىتىدە يولغا چىققان بارلىق ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ مانا مۇشۇ قاقىرلاردەك مەنزىلگە قاراپ ئېگىز ئۇچۇشىنى تىلەش بىلەن بىرگە يەنە تۆۋەندىكىدەك تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

1-بايراقنىڭ رەڭگى مەسىلىسى.

ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ بايرىقىنىڭ رەڭگى ھاۋارەڭ. بايراق بىر مىللەتنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ سىمۋولى. شۇڭا بايراقنىڭ رەڭگى مەسىلىسىدە چوقۇم ۋە جىددىي ھالەتتە بىرلىككە كېلىش لازىم. بۇ قېتىم بەزى نامايىش نۇقتىلىرىدا، ھاۋا رەڭدىن سەل قېنىق ۋە كۆككە مايىل بىر رەڭدىكى بايراقلارمۇ كۆزگە چېلىقىپ

قالدى.

2-پلاكات ۋە لوزۇنكىلارغا يېزىلىدىغان خەت ۋە قويۇلىدىغان رەسىملەر دۇنيا بويىچە بىرلىككە كېلىشى، بۇ ئىشلارغا مەخسۇس ئادەملەر ئاجرىتىلىشى كېرەك دەپ قارايمەن.

3- شوئارلار بىرلىككە كېلىشى كېرەك.

ئاخىرىدا، بىز بىر ئىشقا ئۆزىمىزنى ئاتىغان ۋاقتىمىزدا ئاللانىڭمۇ ھەرىكەتكە ئۆتىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

تۆگدى

2018-يىلى 31-مارت.

# مىدىيالاردا بىز

**تۇنيۇقۇق**

2018-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنى

23- مارت، ئامېرىكا پارلامېنتى بىر پارچە خامچوت لاھىيەسىنى تەستىقلىغان بولۇپ، 2018- يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تىبەتكە 17 مىليون دوللار ياردەم مەبلىغى بېرىدىغان بولغان. بۇ 17 مىليون دوللار پۇلدىن تىبەت ئىچىدىكى تىبەتلەرگە 8 مىليون دوللار، ھىندىستان بىلەن نېپال ئىچىدىكى تىبەت رايونىغا 6 مىليون دوللار تەقسىملەنگەن. قالغان ئۈچ مىليون مەخسۇس مەبلەغ بولۇپ، تىبەت سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىنى كۈچەيتىش ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا سەرپىيات قىلىنىدىكەن. بۇ تەمىناتنىڭ تىبەت ئىچىگە ئىشلىتىلىدىغان قىسمى بولسا مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش، سېجىل تەرەققىيات، مائارىپ ۋە مۇھىت قوغداش قاتارلىق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارغا ياردەم قىلىنىدىكەن. 2016- يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى ھىندىستان- نېپال ئارىلىقىدىكى تىبەتلەرگىلا 6 مىليون دوللار تەستىقلىغان. ئۇندىن باشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قۇرۇپ چىققان دۆلەتلىك دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى NED 2017- يىلى تىبەتكە ئاجراتقان ئىقتىسادىي ياردەم 820 مىڭ 60 دوللار بولۇپ، 13 تۈرلۈك خىزمەتكە تەقسىملەنگەن. بۇ پەقەت ئامېرىكىدىن بېرىدىغان پۇل، تىبەتلەرگە ياردەم بېرىدىغان خەلقئارا فوندى جەمئىيەتلەر، ھىندىستان ھۆكۈمىتى تىلغا ئېلىنمىدى.

تىبەتلەرگە ئوخشاش خىتاي ئىستىلاسىدا قاتتىق زۇلۇم تارتىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا 2017- يىلى ئاجرىتىلغان پۇل بولسا 556،000 دوللار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغىنى 310 مىڭ دوللار، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئاجرىتىلغىنى 246مىڭ دوللار. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى، كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر كۇلۇبى قاتارلىقلار دېموكراتىيە فوندىدىن ياردەم ئېلىشقا باشلىغان 2006- يىلدىن 2012- يىلىغىچە بولغان 6 يىل مابەينىدە جەمئىي بولۇپ 3،718،175 دوللار ياردەم قوبۇل قىلغان، بۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچەنىسبىتى 619،695 دوللار. بۇنىڭدىن يالغۇز دۇقنىڭ قوبۇل قىلغىنى بولسا 938 مىڭ دوللار، يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبىتى 156 مىڭ دوللار بولغان. بۇنچىلىك پۇل بېرەر خىتاي ئەمەس، ئۇيغۇرغا پىخسىقلىق قىلىپ خىتايغا ھەممە نەرسىسىنى تارتقۇزۇپ قويغان بىرەر ئۇيغۇر زەردارلاردىنمۇ چىقىشى مۇمكىن. ئەمما خىتايغا قارشى ئون يىللاپ سىياسىي پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر لوبېيلىرىدىن چىقمايدۇ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن چىقمايدۇ. ئەپسۇسكى، دەۋاغا پىخسىق بىر قىسىم باي ئۇيغۇرلىرىمىز ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى خىتايغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە قۇرال سېتىۋېلىشقا پۇل بەرمەي، ئاخىرىدا ھەممىنى تۇڭگانغا خوتۇن- قىزلىرى بىلەن قوشۇپ تارتقۇزۇپ قويغان قەشقەر بايلىرىغا ئوخشايدۇ.

دېمەك، خىتايدەك دۇنياۋى ئىككىنجى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە ھېسابلانغان دۆلەتكە قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر دىپلوماتلىرىنىڭ تەخمىنەن ئىرىشكەن 6 يىللىق ئومومىي مەبلىغى ئارانلا 3 مىليون 720 مىڭ دوللار، يىللىق ياردىمى ئوتتۇرا ھېسابتا 620 مىڭ دوللار، مەركىزى تەشكىلات ھېسابلىنىدىغان دۇقنىڭ بولسا ئوتتۇرىچە ھېسابتا 156 مىڭ دوللار بولماقتا. 2006- يىلدىن 2016- يىلىغىچە ئۇيغۇرغا ئاجرىتىلغان چىقىمنى يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبەت بىلەن تەخمىن قىلساق، 6 مىليون 200 مىڭ دوللاردىن ئاشمايدۇ. ئۇيغۇرلار 10 يىلدا ئېرىشكەن 6 مىليون دوللار پۇل، نېپال- ھىندىستان چېگراسىدا تۇرىۋاتقان تىبەتلەرگە ئاجرىتىلغان بىر يىللىق پۇلغا تەڭلىشىدۇ. ئەمما 2018- يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى تىبەتكە تەستىقلىغان 17

مىليون پۇلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە رابىيە قادىر خانىملار 10 يىلدىن بۇيان ئەنە شۇنداق يالاڭ ئاياغ، يالاڭ ئۇستىخان ھالەتتە بۇ دەۋانى ھازىرقى كۈنىمىزگە ئەكەلدى. ئۇيغۇر لوبىيلىرى 10 يىلدىن بۇيان 6 مىليون دوللار پۇل بىلەن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 تىرىلىيون دوللاردىن ئاشىدىغان خىتايغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. ئاندىن بىز ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدائىلارنى كۆرمىدۇق دەپ ئاغرىنىۋاتىمىز!

2017- يىلى دېكابىردا، ئامېرىكا خىتاينى ئاساسلىق رەقىبى قاتارىغا تىزغاندىن بۇيان، خىتايغا ئۇدا ئېغىر زەربىلەرنى بەردى. ئامېرىكا خىتاينى ئەقلى مۈلۈك ھوقۇقىمىزغا تاجاۋۇز قىلدى، خىتايغا مەبلەغ سالغان ئامېرىكا شىركەتلىرىنى تېخنىكا ئۆگىتىشكە مەجبۇرلىدى دەپ ئېغىر جەرىمانە قويدى. ئاندىن خىتاي ماللىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا باجنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى. 3-ئاينىڭ 16- كۈنى شى جىنپىڭ قايتا رەئىس بولۇپ سايلىنىش ھارپا كۈنىدە، ئامېرىكا تەيۋەن ساياھەت قانۇنىنى ماقۇللاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تەيۋەنگە بېرىپ كېلىشگە رۇخسەت قىلدى. جەنۇبى دېڭىزغا ئۈچ دانە ئاۋىياماتكىسىنى تىزدى، ھەتتا ئوتتۇرا شەرقتىكى ئاۋىياماتكىسىنىمۇ ياندۇرۇپ ئەكەلدى. جەنۇبى كورىيە ئارقىلىق، شىمالىي كورىيە ئالىي رەھبىرى كىميۇڭئۇننى يېنىغا تارتىپ، بىۋاستە كۆرۈشمەكچى بولدى. شى جىنپىڭ بۇنىڭغا چىدىماي، كىميۇڭئۇننى مەخپىي تەكلىپ قىلىپ يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ يەنىلا شىمالىي كورىيەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغان بولدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئامېرىكا تىبەتكە بىراقلا 17 مىليون دوللار پۇل بېرىدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداپ، لاگېرغا سولانغان بىر مىليون ئۇيغۇرنى قۇتقۇزۇشقا چاقىرىق قىلىدىغان بوپتۇ. ئازراق سوغۇققانلىق بىلەن ئويلانساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ خىتاينى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان ۋاقىتلىق تاكتىكىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئامېرىكىدىنمۇ بەكرەك كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىدىغان ياۋروپا دۆلەتلىرى، كانادا، ئاۋىستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بولسا سۈكۈتتە، قېرىنداشىمىز تۈركىيە سۈكۈتتە، دىندىشىمىز مۇسۇلمان ئەللىرى خىتاي تەرەپتە!

سۇئال شۇكى، نېمىشقا ئۇيغۇرلار شۇ قەدەر زۇلۇم چېكىۋاتقان بۇ يىللاردا ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرى تىبەتلەرگە نەچچە ئون مىليون دوللار ياردەملەرنى قىلىدۇيۇ، ئۇيغۇرلارغا ئاساسىي جەھەتتىن خۇپسەن بولىۋالىدۇ؟ تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتى نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق جەمىيەتلەر، ئارتىسلار، مەشھۇر شەخسىلەر، ئادۇكاتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى كۆرەشلىرى، تارتقان زۇلۇملىرى، مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى تىبەت بىلەن ئىنتايىن ئوخشاش بولسىمۇ، تىبەتنى كۈچەپ قوللىغان كۆپ قىسىم خەلقئارالىق جەمىيەتلەر نېمىشقا ئۇيغۇرلارغا دىققەت ئېتىبارىنى بەرمەيدۇ؟

تۆۋەندە مەن ئامېرىكىلىق ئايال تەتقىقاتچى Isabella Steinhauer ئىسابىللا ئىستەيىنخاۋىر 2017- يىلى 4- ئايدا يازغان بىر ئىلمىي ماقالىدىكى مۇھىم نۇقتىلار ئارقىلىق، تىبەت- ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر پەرقلىق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

International Social Support and Intervention: The Uyghur Movement -Xinjiang Province, China

"شۈبھىسىزكى، مەزلۇم خەلق ئۈچۈن خەلقئارا جەمىيەتلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە خەلقئارا ھەرىكەتلەر ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشتە مېدىيا ۋاستىلىرى ئەڭ مۇھىم ۋە كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. مېدىيانىڭ خەلقئارالىشىش ئىقتىدارى كۈچەيگەنسىرى، مېدىيانىڭ تەسىر كۈچى ھەتتا كۆپ قىسىم ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەسىر كۈچىدىنمۇ ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. مېدىيانىڭ بۇ خىل فۇنكسىيەسى ئۇيغۇر- تىبەت مەسىلىسىدە ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مېدىيا ۋاستىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە تىبەت مەسىلىلىرىنى ھەرخىل تەسۋىرلىشى ۋە سۈپەتلىشى نەتىجىسىدە، كىشىلەر ئوخشىمىغان چۈشەنچىگە ئىگە ياكى خاتا تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. مېدىيا ۋاستىلىرىدا ئاساسىي كۈچ ھېسابلانغان غەرب دۆلەتلىرى قىزىق نۇقتىلارنى تەھلىل قىلغاندا، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى

ئوقۇرمەنلەرنى ئاساسلىق ئوبيېكت قىلىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىدۇ. خىتاي مېدىيالىرىدا بىر تەرەپلىمىلىك ئېغىر، ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنى دۆلەت مۇقىملىقىنىڭ دۈشمىنى دەپ سۈپەتلەش ئادەت بولغاچ، خىتاي مېدىيا مەنبەلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

خەلقئارادا كۆپلۈك ئىناۋەتكە ئىگە غەرب مېدىيا ۋاستىلىرىدىن: نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى، س ئىن ئىن، ۋاشىنگىيون پوچتا گېزىتى، ئىقتىساد گېزىتى قاتارلىقلارنى تاللاپ، ئىزدەش ئورنىغا ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، شىنجاڭ، تىبەت دىگەن ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى كىرگۈزسەك، تۆۋەندىكىدەك نەتىجە چىقىدۇ.

غەرب مېدىيالىرىدا قاپلىنىش قېتىم سانى : 1- رەسىمگە قاراڭ

نەتىجىدىن خۇلاسە:

1- سان جەھەتتىن: تىبەت، تىبەتلەر دىگەن ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنىڭ قېتىم سانى "ئۇيغۇر، شىنجاڭ" دىگەن سۆزلەردىن تەخمىنەن 4 ھەسسە كۆپ چىقىدۇ. مېدىيادا قاپلىنىش نىسبىتىنى ئىككى مىللەتنىڭ نوپۇس سانىغا نىسبەتلەشتۈرگەندە، تىبەتلەر ئۇيغۇرلاردىن بەش ھەسسە ئارتۇق كۆپچىگەن بولىدۇ. نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىدە تىبەت شىنجاڭدىن 11 ھەسسە ئارتۇق تىلغا ئېلىنغان، تىبەتلەر ئۇيغۇرلاردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق تىلغا ئېلىنغان، ئىككىسىنى جەملىگەندە، تىبەت ۋە تىبەتلەر، ئۇيغۇر ۋە شىنجاڭغا قارىغاندا 8 ھەسسە ئارتۇق تىلغا ئېلىنغان. ( بۇ بوشاڭلىقىمىز ئىمزا توپلاش پائالىيىتىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ).

2- تېما جەھەتتىن: خەۋەرلەرنىڭ تېمىسى، ماۋزۇلىرىدىن تىبەتلەرگە ئالاقىدار ئەڭ كۆپ بىسىلغان خەۋەرلەر تىبەتلەرنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرىۋېلىش نامايىشلىرى. ئەگەر بىر ئوقۇرمەنە تىبەتلەرنىڭ خىتايدىن زۇلۇم تارتىۋاتقانلىقى خەۋەردار بولمىسىمۇ، تىبەتلەرنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرىۋېلىش نامايىشلىرىنى ئوقۇغان ھامان چۆچۈپ كىتىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. ئۆزىنى كۆيدۈرىۋېلىش ئارقىلىق زۇلۇمغا قارشى پىدائىيلارچە قۇربانلىق بىرىش، ئۇلۇغۋار غايىلەر ئۈچۈن باشقىلارنى زەخمىلەندۈرۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ ئالىيجاناپ تۇيۇلىدۇ. مۇھىمى، مېدىيا ۋاستىلىرى ئەنە شۇنداق ئۆزىنى كۆيدۈرۈش نامايىشلىرىنى كۆچەپ تەشۋىقات قىلىش ئارقىلىق، تىبەتلەرنىڭ كىشىلەرگە ھىسداشلىقىنى قوزغايدۇ، تىبەتنى قوللاش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ زېھنىگە كىشىلىك ھوقۇق، رايىش بۇددىزىم، زۇلۇمغا ئۇچراش، ئاپتونومىيە ۋە مۇستەقىللىق، خىتاينىڭ غالجىرلىقى، تىبەت تۇرمىلىرى، دالاي لاما قاتارلىقلار كىلىدۇ. گەرچە خىتايلار تىبەتنى ئاپتونۇم رايون دەۋاتقان بولسىمۇ، ئوقۇرمەنلەر يەنىلا تىبەتنى مۇستەقىل بولىشى كېرەك، خىتاي تىبەتكە تاجاۋۇز قىلغان دەپ قىياس قىلىدۇ. بۇددا دىنى دائىما ناھايىتى تىنچلىقپەرۋەر سۈپەتلەنگەچ، تىبەت بۇددىستلىرى دىگەن ھامان كىشىلەرگە تىبەتلەرنى تىنچلىق سۆيەر، زوراۋان بولمىغان مىللەت سۈپىتىدە پەرەز قىلىشىدۇ. بۇددىست تىبەتلەرنىڭ مەنىۋى داھىيسى، نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتى ساھىبى دالاي لاما يەنە بۇ نۇقتىنى كۆچەيتىدۇ.

ئۇيغۇرلار بولسا:

ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭغا ئالاقىدار خەۋەرلەردە بولسا ئەڭ كۆپ كۆزگە چېلىقىدىغان ماۋزۇ: زوراۋانلىق. ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار خەۋەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈم، ئۆلتۈرۈش، ھۇجۇم قىلىش، قوزغىلاڭ قاتارلىق زوراۋانلىققا ئالاقىدار تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭدەك، خىتاي تۈرمىلىرىدە سولانغان، ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن خەۋەرلەر بار. بۇ خەۋەرلەرگە ئاساسەن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىدا ئۇيغۇرلار كونتروللۇقنى يوقاتقان، ھۆكۈمەتكە قارشى ناھايىتى زوراۋان ئىتنىك گۇرۇپ شەكلىدە سۈپەتلىنىدۇ. تىبەتلەرنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرىۋېلىش نامايىشلىرى كىشىلەرنىڭ ھىسداشلىقىنى قوزغىسا، ئۇيغۇرلار زوراۋان ئۆكتىچىلەر قارىلىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن ئۇيغۇرلار مەقسەتلىك ھالدا باشقىلارغا زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئەخلاقسىز تۇيغۇ بىرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇم ۋە باستۇرۇنچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تۇتۇق ۋە چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ.

زوراۋانلىق ئۇيغۇرلارغا ئالاقدار خەۋەرلەردىكى ئاساسلىق تېمىغا ئايلىنىش بىلەن بىرگە، شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارنى سۈپەتلەشتە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولسا " ئىتنىك" دىگەن سۆزدۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا قارشى ھەرىكەتلىرى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئەمەس، "ئىتنىك ئازسانلىق مىللەتنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى" دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ، ئۇيغۇر خىتاينىڭ ئىچىدىكى ئىتنىك ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئۇلارنىڭ ئەسلى ئىسمى بويىچە ئۇيغۇرلار، ۋەتىنى شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتالماي، ئاز سانلىق مىللەت، شىنجاڭ دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇلار ئوقۇرمەنلەرگە ، قارىماققا ئۇيغۇرلار خۇددى نائىنساپ مەقسەتلەر ئۈچۈن خىتايغا قارشى زوراۋانلىق ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت دىگەن تۇيغۇ بېرىدۇ. ھالبۇكى، "ئىتنىك، ئاز سانلىق مىللەت" ئاتالغۇلىرى تىبەتلەرگە ناھايىتى ئاز ساندا قوللىنىلغان، ئۇلار ھەردائىم "تىبەتلەر" دىگەن توغرا ئاتىلىشى بىلەن ئاتالغان.

ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇرلار دائىم يەنە " تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەت" دەپ سۈپەتلىنىدۇ ( ئامرىكا 5-ئاپرىل ئىلان قىلغان باياناتىدىمۇ شۇنداق ئىلىنغان). ئەمما تىبەتلەر ھەرگىزمۇ " تىبەت تىللىق بۇددىسىت ئاز سانلىق مىللەت" دەپ سۈپەتلەنمەيدۇ.. تىبەتلەر ھەرگىزمۇ ئاز سانلىق مىللەت ياكى ئىتنىك مىللەت دەپ تونۇشتۇرۇلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ توغرا نامى بىلەن تىبەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭ توغرىسىدا ئىزدەنگەندە، ئاپتونومىيە، مۇستەقىللىق، كىشىلىك ھوقۇق، ھوقۇق، باستۇرۇش دىگەن ئاتالغۇلار ئاساسىي جەھەتتىن تىلغا ئېلىنمىغان، تىبەتلەرگە ئالاقدار خەۋەرلەردە بولسا يۇقارقى ئاتالغۇلار كۆپلەپ تىلغا ئىلىنغان. نەتىجىدە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش تېخىمۇ ئېنىقسىز بولۇپ قالغان. ئەكسىنچە ئۇيغۇرلار زوراۋانلىق، تېرورىزىم بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلار خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان مەزلۇم مىللەت ئىكەنلىكى يورۇتۇلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھىسداشلىقىغا ئېرىشەلمىگەن.

ئۇنداقتا ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىچۇ؟ ھۆكۈمەتلەر ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان قاتتىق زۇلۇم چېكىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. 2009- يىلى، ئامرىكا ھۆكۈمىتى:" ئۇيغۇرلار گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار جىھادپەرەس بولماستىن، بەلكى تىنىچلىقنى سۆيىدىغان، دىنىي ئەركىنلىكنى ھۆرمەتلەيدىغان، دىموكراتىيەنى ياقىلايدىغان مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكىنى بىلدۇق" دەپ دوكلات بەرگەن. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، بۇ دوكلات ئاۋامغا ئاشكارىلانمىغان. ئامرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق زۇلۇم چېكىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى ئەمەلىي سۆز-ھەرىكەتتە بولمىغان. چۈنكى، ئۇلارغا شۇنداق بىر زۆرۈرىيەتنى ھىس قىلدۇرىدىغان ئامرىكا خەلقىدىن بېسىم كەلمىگەن. سىز بىلىسىز، دىموكراتىك دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ، بەلكى خەلق ھۆكۈمەتنى ئىشلىتىدۇ. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدۇ. يەنە بىر مۇھىم سەۋەب بولسا، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولغان خىتايغا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە قاتتىق يۆلەنگەن دۆلەتلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى ئاشكارا سۆزلەشتىن يالتايغان.

كۆپ قىسىم غەرب دۆلەتلىرىدە، تېرورىزمنى ئىسلامغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش، كىشلەرگە ئىسلامدىن قورقۇش خاھىشىنى پەيدا قىلغان. خىتاي بۇنىڭدىن ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. ئۇيغۇرلار " خىتايدىكى ئاز سانلىق، ئىتنىك مىللەت" ئاتىلىپ، زوراۋانلىق ۋە تېرورىزمغا باغلاپ چۈشەندۈرۈلۈش نەتىجىسىدە چۈكتۈرۈلگەندىن باشقا، ئىسلامىي خىلاپەت ئىدىلوگىيەسى ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى يەنە بىر قەدەم خۇنۇكلەشتۈرۈش رولىنى ئۇينىغان. 11- سىنتەبىر ۋەقەسىدىن تولۇق پايدىلانغان خىتاي، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى دىنىي ئەسەبىيلىك، تېرورىزمغا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، خەلقئاراغا ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى ھەقلىق كۆرسەتكەن. تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ ئافغانىستاندىكى ئەلقائىدە، سۇرىيەدىكى نۇسرەت ۋە دائىش قوشۇنلىرىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار نەچچە ئەۋلاد ھەتتا نەچچە ئەسىردىن بۇيان خىتايلارنىڭ زۇلۇمىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، مىدىيالاردا ئۇيغۇرلار ۋە شەرقى تۈركىستان " قالايمىقان، زوراۋان، ئاداۋەتچى " سۈپىتىدە سۈپەتلەنگەن. يىغىپ ئېيتقاندا،

يۇقارقى خەۋەرلەر ۋە خەۋەر ماۋزۇلىرىغا ئاساسەن ئوقۇرمەنلەر ئۇيغۇرلارنى مەزلۇم مىللەت ئەمەس، بەلكى ئىسلام ۋە تېررورىزىم قوزغىتىپ چىقارغان زوراۋان مىللەت دىگەن چۈشەنچىگە ئىگە قىلغان.ئاۋام خەلق ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ھەقىقىي ۋە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىغان. شۇنىڭ بىلەن غەرب سىياسىيونلىرى ئۇيغۇرلارنى ئاشكارا قوللاش- قوللىماسلىقتا خەلقتىن كېلىدىغان ھېچقانداق بېسىم ھىس قىلمىغان. گەرچە تىبەتلەرمۇ نەچچە قېتىم زوراۋانلىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىدە بولغان، خىتاي ئۇلارنى 2016- يىلىدىن باشلاپ تېرورچىلار دەپ ئاتاشقا باشلىغان بولسىمۇ، غەرب مېدىيالىرىدا تىبەتلەر ھېچۋاقىت تېررورىزىمغا باغلانمىغان. غەربلىكلەرنىڭ ئىسلام قورقۇنچىسى ئوخشاش ۋەقەگە ئوخشىمىغان مەۋقە تۇتۇشقا ۋە خاتا تونۇشتۇرۇشقا ئىلىپ بارغان.

مېدىيا ۋاستىلىرى كەلگۈسىدە ئۇيغۇر، تىبەت مەسىلىرىنى ھەل قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىيالىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ تەرىپىمۇ ئانچە ئوچۇق ئەمەس. مېدىيا ۋاستىلىرى خەلقنى قوزغاپ، خەلق سىياسسىيونلارغا بىسىم چۈشۈرۈپ مەزلۇملارنى قوغداشقا چاقىرىق قىلالايدۇ. خەلقئارا جەمىيەتتىن ئىرىشكەن ياردەملەر ۋەتەسەللىيلەر مەزلۇم خەلقنىڭ داۋاملىق كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئەمما شۇنچە كۆپ خەلقئارا ئىجتىمائىي ياردەملەر تىبەت مەسىلىسىگە مۇداخىلە قىلىشتا بەك زور رول ئويناپ كىتەلىگىنى يوق. خىتاينىڭ زور ئىقتىسادىي گەۋدىسى، خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا بەش دۆلەتنىڭ بىرى ئىكەنلىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن بىرلىگەن ھەرقانداق ئالىي ياردەمنىمۇ بىكار قىلىۋىتىشكە يىتىپ ئاشىدۇ.

يەكۈن: ئەنە شۇنداق ئوخشىمىغان پورتىرىت يارىتىش جەريانىدا، بولۇپمۇ ئۇ مەزلۇم خەلق مۇسۇلمانلار بولۇپ قالغاندا، مېدىيا ۋاستىلىرى مەزلۇم مىللەتكە ئىجتىمائىي ياردەم توپلىماقتا يوق، ئەكسىنچە يامان كۆرۈش پەيدا قىلىپ قويغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى مېدىيا ۋاستىلىرى تەرىپىدىن " ئىسلامىي خىلاپەتچىلەر" دەك كۆرسىتىلگەن. پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى قىلىۋاتقان كۆرەشلىرى تېخى يىقىندىلا پەيدا بولغان يەككە ئاتالغۇ: تېررورىزىمغا باغلىنىپ، چەتكە قېقىلغان". ماقالە مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى.

نەتىجە ئىتىبارى بىلەن كۆزەتكەندە، 70 يىلدىن بۇيان مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىۋاتقان، ئامرىكا ۋە خەلقئارا جەمىيەتلەر، مەشھۇر شەخسلەر، ئادۇۋكاتلار زور كۈچ بىلەن قوللاۋاتقان، ھىندىستان تىبەت چىگرىسىدا مەخسۇس رايوننى تىبەتلەرگە تەمىنلەپ بىرىۋاتقان، نوبىل تىنىچلىق مۇكاپاتىغا ئىرىشكەن رايىش راھىپ دالاي لاما 60 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئىلاھىي داھىي بولۇپ مەركەزلىك يىتەكلەۋاتقان تىبەتلەرمۇئىچكى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقىنى يوق. تىبەتلەرنىڭ تىلى خىتاي تىلى بىلەن بىر تىل سىستىمىسىدا، تىبەتلەرنىڭ دىنى خىتايلارغا ئوخشاش بۇددا دىنى، تىبەتلەرنىڭ يىرىمى خىتايلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدۇ، شۇنداقتىمۇ خىتاي ئۇلارنى ئاياپ قويغىنى يوق. دالاي لاما ھەتتا يىقىندىن بۇيان مۇستەقىللىقتىن ۋاز كىچىپ، " ئوتتۇرا يول- يۇكسەك ئاپتونومىيە" تەلەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، خىتاي ماقۇل دىسىلا دالاي لاما تىبەتكە قايتماقچى بولغان بولسىمۇ، تىبەت خەلقىنىڭ ھال- ئەھۋالىدا ھېچقانداق ئەمەلىي نەتىجە قازانغىنى يوق. خىتايلار ئىچىدە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىتىقاد قىلغان، ھىلىھەم غەرب ئەللىرى كۈچلۈك يۆلەۋاتقان خىرىستىئان دىنىي مۇرىتلىرىمۇ ئوخشاشلا زۇلۇم ئىچىدە ياشىماقتا. روجىستىۋا بايرىمى ئۆتكەن يىلىلا چەكلەنگەنىدى. ئۆتكەن ھەپتە تېخى ۋاتىكان خىتايدىكى مۇخلىسلىرىغا باش پوپ تەيىنلەش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتى، خىتاي ۋاتىكان مەخپى تەيىنلىگەن باش پوپنى تۇتۇپ كەتتى، ئىنجىللارنى توردا سىتىشتىن چەكلىدى. كۈچلۈك ئەھلى سەلىپ دۆلەتلىرىمۇ خىرىستىئان مۇخلىسلىرىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن قوغداپ قالالمىدى. بىزلەرگە ياردەمدە بولۇش ئەمەس، پىچكا ئورنىدا ئىشلىتىشنى خالايدىغان دۆلەتلەرمۇ ئازلاپ كىتىۋاتقان شارائىتتا، ئامرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بىزلەرنى كىشىلىك ھوقۇق نامىدا كوزۇر قىلىشى بىز ئۈچۈن پۇرسەت. شۇ باھانىدا تۈرمە- لاگىردىكىلەرنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئازات قىلىپ بىرەلىسە، بىز ئۈچۈن چوڭ غەلبە!

بۇنىڭدىن بىر نەچچە مەسىلىنى چۈشۈنۈش مۇمكىن: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا تەشكىلاتلار كۆچىيىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋا ئىشلىرى تىبەتلەرگە يېتىشىۋالغان تەقدىردىمۇ ھەتتا بىر قىسىم قۇربانلىقلارنى بەرگەن تەقدىردىمۇ، كۆزلىگەن نەتىجىگە يېتەلىشىمىز ناتايىن، ۋەتەندىكى خەلقنىڭ دەردىگە دەۋا، رەنجىگە شىپا بولالىشىمىز ناتايىن. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن بەل قويىۋەتسەك بولمايدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىۋاستە ھالدا ۋەتەننى ئازات قىلالمايدۇ، ۋەتەننى ھامان ۋەتەندىكىلەر ئازات قىلىدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ۋە شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى بولسا ۋەتەننىڭ ئازات بولۇشى ئۈچۈن كاتالىزاتورلۇق رول ئويناش، تاشقى مۇھىت يارىتىش، قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇنىڭ ئۈچۈن لىدىرىمىز رابىيە قادىر خانىم تېخى تۈنۈگۈن ئىيتقاندەك ھەرقايسى دۆلەت پارلامېنتلىرى، ئەلچىخانىلىرى ئالدىدا يىتىۋالساقمۇ، ئاچلىق ئېلان قىلساقمۇ ئەرزىيدۇ! مەن يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقان نەرسە ھازىر خەۋەرلەردە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق خەۋەرلەر بىر ئاز ئىجابىيلىششقا قاراپ ماڭماقتا، ئۇيغۇرلار زوراۋانلىق بىلەنلا ئاتالماستىن، ئۇيغۇر دىئاسپوراسى دەپ ئىلىنماقتا. دىئاسپورا دىگەن ئاتالغۇ دەسلەپتە يەھۇدىلارغا قوللىنىلغان، ئۇيغۇر دىئاسپوراسى دەپ ئاتىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىلارغا ئوخشاش ۋەتىنىنى يۈتتۈرۈپ قويغان مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بىزگە نىسبەتەن ئەلۋەتتە ئىجابىي بۇرۇلۇش.

2018-4-6


پايدىلانغان مەنبەلەر:

https://scholar.colorado.edu/cgi/viewcontent.cgi?article=2648&context=honr_theses

https://www.ned.org/region/asia/china-tibet-2017/

http://tibet.net/2015/12/us-sanctions-massive-six-million-dollars-for-tibetans-in-nepal-and-india-for-fiscal-year-2016/

https://www.savetibet.org/us-congress-confirms-support-for-funding-for-tibet-programs-in-2018-budget/




غەرب مېدىيالىرىدا قاپلىنىش قېتىم سانى

| | تىبەت | شىنجاڭ | تىبەتلەر | ئۇيغۇرلار |
|---|---|---|---|---|
| نيۇيورك ۋاقتى | 14،284 | 1،327 | 2،501 | 810 |
| س ئىن ئىن | 588 | 264 | 387 | 193 |
| ۋاشىنگتون پوچتا | 1485 | 411 | 1308 | 543 |
| ئىقتىساد | 53،200 | 14،700 | 27500 | 4441 |
| جەمئىي | 69،527 | 16،701 | 31696 | 5987 |

2005- يىلىدىن 2012- يىلىغىچە NEDدىن ئېرىشىلگەن ياردەم پۇلى

| يىل | دۇق | كىشىلىك | جەمىيەت | قەلەم | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| 2005 | | | $126,000* | | 126000 |
| 2006 | $90,000 | $90,000* | $215,000* | | 395000 |
| 2007 | $136,000 | $124,805 | $240,000* | $20,300* | 611،105 |
| 2008 | $146,000 | $134,805 | $269,000 | $20,300 | 570،251 |
| 2009 | $186,000 | $25,000 (Supplement) | $249,000 | $69,502* | 529502 |
| 2010 | | | | | |
| 2011 | $195,000 | $240,000 | $280,000 | $73,399 | 788،399 |
| 2012 | $185,000 | $187,918 | $280,000 | $45,000 | 697918 |
| | جەمئىي 938 مىڭ دوللار ئوتتۇرىچە: 156 مىڭ دوللار | | | | جەمئىي 3.718.175 دوللار ئوتتۇرىچە 619.695 دوللار |

# خىتاي زۇلۇمىغا ئۇچراش ھېكايىلىرىمىزنى چەت ئەل تىلىدا سۆزلەش ئىنتايىن مۇھىم

### گۈلخان

ئەسسالامۇئەلەيكۇم  قەدىرلىك دوستلار، قېرىنداشلار:

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئادالەتسىز ۋە چەكتىن ئاشقان رەھىمسىز سىياسەتلىرىنىڭ دەردىنى خەلقىمىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يەتكۈچە تارتىپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن  بۇيان ۋەتەن ئىچىدىن كېلىۋاتقان ئادەم ئىشەنگۈسىز بۇزغۇنچىلىقلار ۋە خورلىنىشلار ھەممە ئۇيغۇرغا بۇنداق بىر ئىنسانىيلىقتىن يىراق كىشىلەر توپى بىلەن بىللە ياشاشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى شۇلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ غالجىرلىقى ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە تۈپتىن قارىمۇ-قارشى سىياسەت ۋە يول-يورۇقلارنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنلا تۈزۈشى ۋە ئىجرا قىلىشى ئارقىلىق ئايان بولۇۋاتىدۇ.

شۇڭا بىز بۇ ئىنسانىيەتكە قارشى كەمىنومۇس ھاكىمىيەتنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ قالدۇق. بىز بۇلارنىڭ نومۇسسىز ۋە شەخسىيەتچىلىكلىرىنى ھەر خىل يوللار بىلەن تاشقى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىپ ۋە ئۇسۇللارنى ئۆگىنىپ كېلىۋاتىمىز. بولۇپمۇ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىگە يۇقىرا سانالغان مىللەت خەلقلىرىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ۋەھشىيلىكلىرىنى نامايىشلار ۋە تاراتقۇلار ئارقىلىق بىلدۈرۈپ كەلدۇق.

ئەمما بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، ئىنسان مەيلى قەيەردە ياشىسۇن ئاۋۋال ئۆزىگە، ئەتراپىدىكىلەرگە ئاندىن باشقىلارغا قىزىقىدۇ. يات بىر ئىنسان ياكى ئىنسانلار توپىغا قىزىقىش ئاۋۋال شۇ ئادەم ياكى ئادەملەرنىڭ نورمال ئەھۋالىنى بىلىشتىن باشلىنىدۇ. شۇڭا بىز نېمىشقا غەربلىكلەر ياكى مۇسۇلمانلار ۋە ياكى بىزگە ئوخشاش تۈركىي قوۋمدىكىلەر، ھەتتا ئۆزىمىزگە ئەڭ تونۇشلۇق ئاسىيالىقلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلمەيدۇ ھەم بىزنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆرەشلىرىمىزنى قوللىمايدۇ دەپ ئاغرىنىمىز. بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىمىز. يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە دېموكراتىك تۈزۈم بار ياكى شۇ يولغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ دەپ تۇرايلى، لېكىن شۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىزدەك يەر شارىنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدە ياشاپ، كوممۇنىستلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان باستۇرۇش ۋە تاشقى دۇنيادىن يىراقلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قاتمۇ-قات ئېزىلىۋاتقان خەلق ئىكەنلىكىمىزنى بۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىلىدۇ، ئاڭلايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆز خەلقى تەرىپىدىن بۇ ئۇچۇرلار بىر كۈچلۈك جاما'ئەت پىكرىگە ئايلانمىسا گېزىت-ژۇرناللاردىن كۆرۈپلا بولدى قىلىدۇ.

شۇڭا بىز ئاۋۋال ئۆز دەردىمىزنى، يەنى ئىنسانىيەتكە قارشى ھاكىمىيەت باشقۇرىدىغان خىتاينىڭ رەزىللىكلىرىنى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىمىزگە، ئائىلە، خىزمەت، ئوقۇش، تىجارەت ئىشلىرىمىزغا قانچىلىك بۇزغۇنچىلىقلارنى ئەكەلگىنىنى ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكىنىنى، ئابستراكت شوئار-چاقىرىقلاردىن پەرقلىق ھالدا، قەغەزگە تەسىرلىك قىلىپ ھېكايە شەكلىدە يېزىپ چىقىپ، بۇنداق بىر ھاكىمىيەت دۇنياغا كېڭەيسە كېيىن ئۇنىڭ شۇ ئەللەردىكى خەلقلەرنىمۇ دەل ئاشۇنداق ئەخلاقتىن يىراق، ئادەم تەبىئىتىگە قارشى ئۇسۇللارنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ھەم شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى بۇنىڭ ئاۋام خەلقنى قايىل قىلىش كۈچى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قىزىقتۇرۇش ئۈنۈمى سىياسىي شوئارلاردىن چوڭقۇرراق بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىز شۇ كونكرېت ئادەملەرنى سەممىي پاكىتلىق كەچمىشلەر بىلەن ئەگەر مەن بۇ تۈزۈمدە ياشاپ قالسام قەتئىي بولمايدىكەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرەلەيمىز. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن چىقىرىپ بىزگە ھېسداشلىق قىلىشىغا، بىزنى چۈشىنىشىگە يول ئاچالايمىز ۋە شۇلار ئارىسىدىكى ئۇيغۇرنىڭ يوقىلىشىنى خالىمايدىغان ھەم قوغدايدىغان بىر تۈركۈم ئىنسانلارنى تەربىيەلەپ چىقالايمىز. بۇنىڭ ئۈنۈمى نامايىش، دوكلاتلاردىن ئاستىدەك

بولغان بىلەن، ئاۋازىمىزنىڭ، تراگېدىيەلىك رېئاللىقىمىزنىڭ باشقا دۆلەتلەردە ياشايدىغان ئاددىي ئىنسانلارغا يېتىشىدە رولى بەك ئەمەلىي ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز ھەر بىر ئۇيغۇر ياكى ئۇيغۇر سۆيەرلەرنى خىتاي سەۋەبلىك ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىنى چۈشىنىشلىك، يېنىك تىللارنى ئىشلىتىپ ئۇز بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى ئۆزى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ۋە ئىپادىلىيەلەيدىغان تىللاردا يېزىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. "تاما-تاما كۆل بولۇر" دەپ، بۇنداق چىن ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان شەخسكە ۋەكىللىك قىلىدىغان "مېنىڭ ھېكايەم" لارنى يىغىپ دۇنيادىكى كوپ ئومۇملاشقان تىللارغا تەرجىمە قىلساق، بۇنى يات ئەللىكلەر ئۆزلىرى خالاپ ئوقۇسا، ئاندىن بىز خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى بىزگە ھېسداشلىق قىل ۋە سېپىمىزگە قوشۇلۇڭلار دېگەن شوئارىمىزغا بەكرەك قايىل بولىدۇ.

قېنى قېرىنداشلار، ھەپتىدە 30 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، مەن زادى قانداق كونكرېت خاپىلىقتا ياكى قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلدىم؟ كېلىۋاتىمەن؟ بۇنىڭ مېنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشۇمغا قانداق تەسىرى بولۇۋاتىدۇ دېگەنلەر توغرىسىدا ئىخچام ۋە چىن ھېكايىلىرىمىزنى باشلايلى. ئىشىنىمىزكى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئوقۇپ يىغلاپ كەتكۈدەك ھېكايىلىرى بار. بىز مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئومۇمى خەلق داۋايىمىزغا ھەسسە قوشۇش بىلەن بىرلىكتە، ئۆزىمىزدىكى مەسىلىلەرنى تىزىپ چىقىپ، بىر-بىرىمىزگە تېخىمۇ ئەمەلىي يار-يۆلەكتە بولالايمىز. ھېكايىدىكى ئادەم ئىسمىنى خالىغىنىمىز بويىچە ئاتىسىڭىز بولىدۇ. ئاندىن ئۆزىڭىز ئىجتىمائىي تاراتقۇ (social media) لاردا ئېلان قىلسىڭىزمۇ ياكى ئۇنى بىزگە uyghur.speakup@gmail.com غا يەتكۈزۈپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىز يىغىلغان ھېكايىلەرنى تەھرىرلەپ ۋە زۆرۈر بولسا دۇنياۋى چوڭ تىللارغا تەرجىمە قىلىپ بلوگ دا نەشر قىلىمىز. بىزگە قېتىلىڭ. كۆڭلىڭىزدىكى دەردلەر تۆكۈلسۇن؛ ئۇنى دۇنيا ئاڭلىسۇن ۋە بىزگە بۇ ئاپەتلەرنى ئەكەلگەن دۈشمەننى كونكرېت چۈشىنىپ بىزنى قوللىسۇن. ئەجرىڭلارغا كوپ رەھمەت!

# ئىسلام، ئىسلامىزم ۋە ئىسلام مىللەتچىلىكى

**كۈرشاتئوغلى**

2018-يىلى 12-ئاپرېل

## كىرىش سۆز

ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ خەلقارادا يېيىلىشىغا ئەگىشىپ" ئۇيغۇر ئوبرازىنى "قانداق ئىپادىلەشتە ئوخشىمىغا كۆز قاراشلار ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىدى-15 .مارت2018 دىكى" بىر ئاۋاز بىر قەدەم "خانىم-قىزلار مارشىدا، بۇ پالىيەتكە ھېجاپلىنىپ ئاۋاز قوشقان خانىم-قىزلارنىڭ قارا ھىجاپلىق خىلافىتى بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ تالاش-تارتىشقا سېۋەپ بولدى .غەربتىكى دۆۋلەتلەردە خانىم-قىزلار، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرىق ئەنەنىسىدىكى خىتايلاردىن ۋە شۇنىڭدەك رادىكال ئىسلامدىن پەرىقلىنىدىغان" ئوبرازىنى "نامايەن قىلىپ دوپپا-ئەتلەسلەر بىلەن نامايىشقا چىققان بولسا، بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى خانىم قىزلارنىڭ قانداق كىيىم كىيىشنى" ئىنسان ھەقلىرىنى"دىن بولدىغانلىقنى بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارشىدىكى" ئىسلامى خىلافەت "كە لايىق ھالدا ھىجاپلىق نامايىش قىلىشى، ئۇيغۇر كىملىگى بىلەن ئىسلامى كىملىكنىڭ ئۇيغۇر داۋاسىدىكى ئورنى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ئۈستقۇرۇلمىدىكى زىديەتكە ئېلىپ باردى .ئۇيغۇر داۋاسى مىللەت داۋاسىمۇ ياكى دىن داۋاسىمۇ دىگەن سوئال، ۋە بېرىلۋاتقان جاۋاپلار دىنىنىڭ مىللى داۋادىكى رولىنى قايتا نەقلەشتۈرۈش ئېھتىياجىنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئىسلام ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاشقان تېما ۋە ۋارىيانتلارنى شەرھلەش بۇنداق بىر كىچىك يازما ئەسلا ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدۇ .مەزكۇر يازمىدا بولسا ئۇيغۇر داۋاسى يېيىلۋاتقان بۈگۈنكى خەلقارا سەھنىنىڭ كۆرنىشىنى يورتىش بىلەن بىرگە، بۇ رىياللىقتا مۇسۇلمانلار دىنىنى ئېتىقادى بولغان ئىسلام بىلەن مۇسۇلمان توپلاملارنىڭ ئۆز مەنپەت-مۇددالىرىنى چىقىش قىلىپ سۈيىستىمال قىلىنۋاتقان" ئىسلام+ئىزم "يەنى ئىسلامىزمنىڭ رىئال ھالىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مىللى ھېركىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۋاتقان ھەر شەخىس ۋە ھەر توپلامنىڭ، ئىتىقات ئورنىدىكى ئىسلام بىلەن ئىجدىمايى سۈيىستىماللىقتىكى ئىسلامىزمنىڭ پەرقىنى كۆرستىپ بېرىش ئارقىلىق، خەلقارادا مودا بولۋاتقان، ھەر مۇسۇلمان تايىپىسى ئۆز مىللى مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ستراتىگىلىك ئەڭۋشتەر ئورنىدا پايدىلىنۋاتقان" ئىسلام مىللەتچىلىكى "ئىدىيەسىنى ئىسلامىزم ئىدىيەسىدىن ئايرىپ كۆرستىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىن)ئىسلام (ئىچىدىكى ئورنى بىلەن خەلقارا سەھنىدىكى)سىياسى كۈچلەر (ئوتتۇرسىدىكى ئۇيغۇر مىللى ھەركىتىنىڭ ئورنىنى پەرىقلەندۈرۈپلىشىغا ئۈچۈر يەتكۈزۈش مەقسەد قىلىندى.

ئىسلام بىلەن ئىسلامىزمنىڭ ھازىرقى زاماندىكى رىيال پەرقى ئۈستىدىن چۈشەنجە بېرىش ئۈچۈن مەزكۇر يازمىدا ۋەتەندىن-1960 يىلى ئافغانىستانغا] ھىجرەت [قىلىپ چىققان ۋە-1964 يىلى ئافغانىستاندىن تۈركىيەگە قايتا] ھىجرەت [قىلىشقا مەجبۇر بولغان بىر ئۇيغۇر توپلىمىنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرسىدىكى مۇرەككەپ سەزگۈرەشتۈرۈشلىرىنى قىستىرىپ ئۆتۈش ئارقىلىق بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقىنى شەرھلەشكە تىرىشتۇق .ئىپادىلەشتىكى قولايلىق ئۈچۈن مەزكۇر يازمىدا بۇ بىر گۇرپا ئۇيغۇرلار ]ھىجرەتچىلەر [دەپ ئاتالدى .ھازىر تۈركىيەنىڭ قەيسىرى شەھرىدىكى بىر مەھەللىدە ئولتۇراقلاشقان ]ھىجرەتچىلەر[نىڭ ئەينى يىللاردىكى] ھىجرەت [سەزگۈرەشتۈرۈشلىرى ئەمىليەتتە ئۇيغۇر مىللى ھەركىتىنىڭ خەلقارادىكى رىيال كارتىنىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ سەزگۈرەشتۈرۈشلىرىنى بۇ يەردە بايان قىلىش، بىزنىڭ بۇ يازمىدا بايان قىلماقچى بولغان ئىسلام، ئىسلائىزم، ۋە ئىسلام مىللەتچىلىكى قاتارلىق ئۈچ ئۇقۇم )ياكى كاتىگورىيە(نىڭ ھازىرقى زامان ئىنسانلار جەمىيتىدىكى پورترىتىنى نامايەن قىلىش ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى

كۆرسىتىپ بېرىشتە ياردىمى زور دەپ ئېيتالايمىز.

**بىرىنچى بۆلۈم، ئىسلام ۋە ئىسلامىزىم**

ئىسلام، ئۇ دىنىي نۇقتىدىن قارىغاندا بىر خىل ئېتىقاد شەكلى .دۇنيادا نۇرغۇنلىغان دىن ۋە شۇنىڭغا يارىشا ئېتىقاد شەكلى بولغان بولسىمۇ، ئىنسانلار جەمىيىتىگە چۇڭقۇر تەسىر قىلىپ كۆلەملەشكەن دىنلاردىن 3چى بار .ئىسلام ئەنە شۇ چوڭ دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىردا مەيدانغا كەلگەن بىرسى .ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد شەكلى جەھەتتىن باشقا چوڭ دىنلار، بولۇپمۇ خىرىستىيان ۋە كاتولىك دىنىدىن پەرىقلىنىدىغان يېرى ئۇنىڭ مۇرتلىرى ئۆز شەخسىيتى بىلەن ياراتقۇچىسىغا بىۋاستە ئىبادەت قىلالىشى ئىكەنلىكىدە .بۇنىڭدىن بۇرۇنقى دىنلاردا مەلۇم بىر قىسىم دىنىي كونتىرول قىلغۇچى گۇرۇپا ياكى تەبىقە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولۇپ، شۇ دىنغا ئىبادەت قىلغۇچىلار ئۆز ئىبادىتىنى بۇ ئالاھىدە تايپىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ بارمىسا قوبۇل قىلىنمايدىغان، شۇ سەۋەپتىن ياراتقۇچىسىنىڭ ۋاستىچىسى بولۇۋالغان ئىمتىيازلىق كىشىلەر مەيدانغا كېلىپ ئېتىقاتتىكى ئېختىيارلىق ۋە ۋاستىسىزلىق توسالغۇلارغا ئۇچۇراپ كەلگەن ئىدى .ئىسلام دىنىدا بولسا نەزەريە جەھەتتىن ئېتىقاد قىلغۇچى ۋاستىسىز ھالدا ئۇز ياراتقۇچىسىغا كۈندىلىك ئىبادەتلىرىنى بىۋاستە قىلالايدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىسلامغا ئىتىقات قىلغۇچى ھەر شەخس ئالدى بىلەن ئىبادەتتە باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىغان.

ئەمما ئىنسانلارنىڭ توپلام ھالەتتە ياشىشى شەخسىنىڭ ئەركىنلىكىنى توپلامنىڭ رىيال ئەھۋالىغا تەدىبىقلاشنى بەلگىلەپ كەلگەن .ئىسلامنىڭ دىنىي ئىتقاد جەھەتتىن ئەمەس شۇنىڭغا ئىتقاد قىلىپ كەلگەن ئىنسانلار توپىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكەندە، باشقا سوتسىيال توپلاملارغا ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنىڭ مۇرتلىرى بولغان مۇسۇلمانلارغا نىسپەتەن، ھەر كىشىنىڭ شەخسى ئىشى بولغان دىنىي ئېتقادى كوللىكتىپنىڭ ئارزۇسى بىلەن توختىماي مەلۇم نىشانغا" توغۇرلىنىپ "كەلگەن .يەنى كونكرىت قىلىپ ئېيتقاندا ئىسلام بىر خىل ئىتقاد بولۇپ، ھەر بىر ئىنسان ئاخىرەت كۈنى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىدىن ئۆزى مۇستەقىل ھېساپ بېرىدىغان باشقا ھېچقانداق بىر شەخس ياكى توپلامنىڭ ئۇنىڭ ھېساپ بېرىشگە ياردەم قىلالمايدىغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى بولغان] قۇران كەرىم[دە ئىنىق يېزىلغان بولسىمۇ، شەخسىنىڭ شەخسى ئىبادىتى ھەر ۋاقىت جەمىيەت تەرپىدىن" ئىجدىمايى"لاشتۇرۇپ كېلىنگەن .بىز بۇ ئىجدىمايىلىششىنى ئىبادەتنىڭ" كوللىكتىپلىششى "دەپ چۈشەنچە بېرىمىز .ئېتىقاتتىكى كوللىكتىپلىقنى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى بۆلۈنىش بولغان سۈنى ۋە شىئە مەزھىبىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن باشلانغان دەپ ئېيتالايمىز .شەخسىنىڭ دىنىي ئىتقادى سۈنى ئىسلام ۋە شىئە ئىسلام بىلەن كوللىكتىپلىششىنى ئىشقا ئاشۇرۇغاندىن كېيىن كوللىكتىپلىششتىن" گۇرۇپىلىشش "قا قاراپ يول ئالغان .بىز بۇ يەردە سۈنى ۋە شەلەرنىڭ مەزھەپ پەرىقلىرى توغرۇسىدىكى تالاش-تارتىشلارغا ئارلاشمايمىز .پەقەتلا تەكىتلەيدىغىنىمىز شەخسىنىڭ ئېتقادى بولغان ئىسلامنىڭ قانداق قىلىپ" كوللىكتىپلاشقانلىقى "ۋە" گۇرۇپىلاشقانلىقى"دىن ئىبارەت رىيال ئەھۋالدىن ئىبارەت .

ئىسلامنىڭ كوللىكتىپلاشقاندىن كېيىنكى گۇرۇپىلىششى ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ گۇرۇپىلىششنىڭ مەيدانغا كېلىشگە سەۋەپ بولۋاتقان ئامىللار دەل ئىقتسادى مەنپەت، سىياسى مەنپەت، كۆلتۇرەل مەنپەت ۋە ئېتنىك، مىللى مەنپەتلەردىن ئىبارەت .بۇ مەنپەتلەر بىلەن بىرلىشىپ گۇرۇپىلاشقان ئىسلام ئىسلامىزمدىن ئىبارەت .ئىسلامىزم ئاتالغۇسى-2001 يىلىدىكى ئامرىكدا يۈز بەرگەن-11 سەنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خەلىقارالىق مېدىيالاردا توختىماي تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ ئەمما بۇ ئاتالغۇ غەرىپ دۇنياسىدا-17 ئەسىردىلا مەۋجۇت . ئاممىباپ قىلىپ چۈشەنچە بەرسەك، ئىسلامنىڭ ئىسلامىزملىششى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر گۇرۇپىلارغا بۆلۈنۈپ، شۇ گۇرۇپا كىشىلەرنىڭ غەيرى دىنىي مەنپەتىنى دىن ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقساق، شەخسىنىڭ شەخسى ئىتقادى بولغان دىنىنىڭ باشقا ئىدىيەلەر بىلەن رەڭ بېرىلىپ شۇ گۇرۇپا كىشلەرنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن سۈيىستىمال قىلىنىشىدىن

ئىبارەت .بولۇپمۇ خىرىستىيان دۇنياسىنىڭ يېڭى پەن-تېخنىكىلار بىلەن قوراللىنىپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى، بۇ كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئىسلام جەمىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن زەنجىرسىمان تەسىرلىرى، بۇ تەسىرلەرنى چۈشۈنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتىكى پەرىقلەر ئەسلىدىلا" كولىكتىپلىشىش "ۋە" گۇرۇپپىلىشىشنى"نى مەلۇم دەرىجىدە تامامىلاپ بولۇپ" ئىزىم"لاشقان ئىسلام جەمىيىتىنى تېخىمۇ كۆپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈشكە ۋە كەسپى ئاتالغۇ بولغان "ئىسلامىزىم "نىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا دەستەك بولغان .

ئىسلام جەمىيىتىدىكى بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ، غەرىپلىشىش دىگەن بۇ نۇقتىدىن ئانالىز قىلغىنىمىزدا، غەرىپنىڭ مودىرىنلىشىش جەريانىنىڭ مەشۇلاتى بولغان، مىللەتچىلىك، لايىقلىق)سەكۇلارىزىم(، )مودىرىن(ئىلىم-پەن ۋە دىموكراتىيە قاتارلىق ئاتالغۇلار ئارقا ئارقىدىن ئىسلام جەمىيىتىدە سۈيىستىمال قىلىنىپ ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مودىرىنلىشىشقا قاراپ ئۆزگۈرۈش ياسىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان .ئۇنىڭ كەينىدىنلا سوتسىيالىزىم، ئاياللار هوهوقى)فىمىنىزىم(دىن باشقا يېقىنقى يىللاردا تېرورىزىمغىچە بولغان ئاتالغۇلارمۇ شۇ ئېقىمغا ئۇلىنىپ ئېقىپ كىرىپ ئىسلام جەمىيىتىنى جىددى قايىنامغا ئايلاندۇرماقتا، ۋە ئىسلامغا "ئىزىم"قوشۇپ ئىستىمال قىلىنىش مودا بولۇپ قالماقتا .ئىسلام مودىرنىزمىنىڭ باشلىنىشىغا ئاساس سالغان جامالىدىن ئافغانىدىن باشلاپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان" پان-ئىسلامىزم"،" قۇتبىزم"،" سالافىزم"، "شىئا ئىسلامىزم "قاتارلىق ئۇقۇملار؛" مودىرىن ئىسلامىزم"،" دىمۇكراتىك ئىسلامىزم"،" سوسىئال ئىسلامىزم "قاتارلىق ئىدىلوگىيەلىك ۋارىيانتلار؛" مۇسۇلمان قېرىنداشلار جېمىيتى"،" نۇرچىلار"،" گۇلەنچىلەر " دىگەندەك ئىجدىمايى تەشكىلاتلار؛ تالىبان، نۇسرەت، دايىش، بوكو هارام قاتارلىق مىللىتان كۇچلەر .... بۇلارنىڭ هەممىسى ماهىيەت جەهەتتىن" ئىسلامىزم"دىن سىرتقا چىقالمايدۇ .

ئىسلامغا" ئىزىم "قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خارەكتېرى نۇقۇل دىننى ئېتىقاتتىن مەلۇم توپلامنىڭ ئۆز مەقسىدىگە يېتىشتا قوللانغان، شەخسى ئېتىقاتچىلارنىڭ كۈچۈنى بىرلەشتۈرشتىكى مىتوتى بولۇپ قالغان . مەسلەن ئىسلام بىلەن سىياسى مەقسەدلەرنى ئىشقا ئاشرۇشقا هەركەت قىلىدىغان سىياسى ئىسلامىزم)پولىتىكال ئىسلامىزم (دىگەندەك .ئەگەر ئىسلامنى دىنغا قايتۇرۇشقا توغرا كەلسە" ئىزم"دىن ئايرىش كېرەك ۋە" ئىزم"دىن ئايرىش ئۈچۈن دىننى سىياسى سۈيىستىمالدىن چەتنىتىش كېرەك .ئەمما بۇ مۇمكىنمۇ دىگەندە، غەرىپچە مىللى دۆۋلەت قۇرۇش دولقۇنى ئىسلام ئەللىرىگە تەسىر قىلىپ بۇنىڭ تۈرتكىسىدە تىل ۋە ئۇرۇق-قانداشلىقنى ياكى ئەنەنۋى ياشاش تېروتورىيەسىنى پاسىل قىلىپ مىللى دۆلەت قۇرۇش ئەۋج ئالغاندا، بولۇپمۇ ئەرەپلەرنىڭ غەرىپنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن ئۇممەتنىڭ هامىسى بولۇپ تۇرغان ئوسمان تۈرك ئىمپىريەسىنى پارچىلاش پالىيەتلىرى، دىننى سىياسەتتىن ئايرىپ ئىسلامنى شەخسى ئېتىقاتقا قايتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان هالغا كەلتۈرىلدى .بۇ مەيلى شەرىئەتنى دۆۋلەت قانونى قىلغان سۈددى ئەرەبىستاندەك ئىسلام دولىتى بولسۇن ۋە ياكى دىن بىلەن مەمورى هوقوقنى ئايرىپ ئىجدىمايى قانون بىلەن دۆۋلەت باشقۇرۋاتقان تۈركىيەدەك ئىسلام دۆۋلىتى بولسۇن، ئىسلامنىڭ هەر دۆۋلەت ئۆز تېروتورىيەسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساسى گەۋدە قىلىپ شۇلارنىڭ جانجان مەنپەتىنى، ئېتىقاتتا باراۋەر بولغان" چىگرا سىرتىدىن كەلگەن"مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان هەقىقەت.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام جامىيتى ئالىلقاچان ئۈممەت بىلەن بىللە دۆلەت دۆلەتلەرگە پارچىلانغان، ئىسلام هەر خىل" ئىزم"لار بىلەن يۇغرۇلۇپ هەر دۆلەتنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسىدىن دۆلەتنىڭ خوجايىنى ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ جانجان مەنپەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان هالەتتە .مىللى دۆلىتىنى قۇرۇپ ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالمىغان بىچارە مۇسۇلمانلار بولسا، ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان قورغان يوق، ياكى ئوتوپىيە بولۇپ كېتكەن ئۈممەت توپلىمىنىڭ داۋاسى ئۈچۈن ۋە ياكى ئېتىنىك جەهەتتىن پۈتۈنلەي پەرىقلىنىدىغان مۇسۇلمان توپلاملىرىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ئۆلۈپ تىرلىپ يۈرۈپتۇ .

“ ئىزم ”يېقىنقى زامان غەربتىن كىرگەن ئىدىيولوگىيەلىك قوشۇمچە بولسىمۇ، ئىپادىلەش شەكلىگە تەدبىقلىغاندا خۇددى يۇقۇردا ئېلىپ ئەيتقاندەك، ئىسلامنى سىياسى مۇدداغا سۇيىستىمال قىلىپ ئىسلامىزمغا ئۆزگۆرۈشى ماھىيەت جەھەتتىن سۈننى شىئە ئايرىلىشىدىن باشلانغان .شۇ سەۋەپتىن ئىسلام)ئېتىقاد(غا ئىزم)ئىدىيلوگىيە (ئارلىشىپ ئۆز-ئارا قان تۆكۈشۈپ بوغۇشىنى نۇقۇل غەربىنىڭ، خرىستىيانىنىڭ ياكى يەھۇدىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن كۆرۈش ئىلمىلىك بولمايدۇ .مەسىلەن يەھۇدىلەر تاكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرشى ئاخىرلىشىپ ئەنگىلىيەنىڭ مۇستەكەم يۆلشىنى قولغا كەلتۈرۈپ دۆۋلەت قۇرغۇچە) ئامرىكا بولسا ئىسرايىل دۆۋلتى قۇرۇشقا قارشى چىققان(، ناتسىس گېرمانىيەسىنىڭ قىرغىنچىلىقىدا مىللى مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ ماجالى قالمىغان، ئىسلامغا سۇيىقەست قىلغۇدەك ھالى تېخىمۇ يوق ئىدى .

سۈنى، شىئەدىن باشلانغان ئىسلامنىڭ سىياسىلىششىدىن) ئىزىملىششىدىن(بىز ئۇيغۇرلار قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەنمىز، ئۇنداقتا مىللى مەۋجۇتلۇقۇمىزنى ساقلاشقا، مىللى داۋارىمىزنى غەلبىلىك ئېلىپ بېرىشتا قانداق ئىسلامىزم بىزنىڭ مىللى كۆرەشلىرىمىزنى تېخىمۇ غەلبىلىك قولليالايدۇ؟

## ئىككىنجى بۆلۈم، ئىسلامىزم ۋە ئىسلام مىللەتچىلىكى

يۇقۇردا بىز ئىسلامىزم بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق .بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئىسلام مەزمۇنى ئارلاشتۇرۇلغان بارلىق ئىدلىلوگىيەلىك ئېقىملار ئىسلامىزم بولشى كېرەكمۇ دىگەندىن ئىبارەت .مەسىلەن تۈركچىلىك ئېقىمى بولغان>> تۈرك ئىسلام سېنتىزى <<نى تىلغا ئالساق، ئىسلام دىنىنى مىللى كۆلتۈرنىڭ تەركىبى قىلىپ تۈرك مىللەتچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بۇ ئىدلوگىيە ئىسلامىزم كاتىگورىيەسىگە قويۇلۇشى كېرەكمۇ؟ ئەمىلىيەتتە بۇنىڭغا جاۋاپ بېرەلەيدىغىنى يەنىلا بۇ ئىدولوگىيەدە ئىسلامنىڭ سالمىغىغا قاراپ ئىسلامىزممۇ ياكى ئىسلام مىللەتچىلىكىمۇ دەپ ئايرىشقا بولىدۇ .مەسىلەن ئىسلامىزملا بولىدىكەن بۇ ئىدولوگىيە ياكى پىكىر ئېقىمىنىڭ غولى ئىسلام ۋە مەقسىدىمۇ ئىسلام ئۈچۈن بولىدۇ، باشقا قوشۇلۇپ يۇغۇرۇلغان مەزمۇنلار بولسا پەقەت ۋاقىتلىق شۇ نىشانغا يەتمەك ئۈچۈن ئېھتىياجغا قاراپ سۇيىستىمال قىلغان ۋاستە بولىدۇ .ئەمما ئىسلامنى كۆلتۈر ھادىسىسى قاتارىدا ئېتىنىك گۆرپىنىڭ تەركىبى قىسمى دەپ قارالسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىسلام مىللەتچىلىكى بولىدۇ .شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا كۆلتۈر ئىسلامىزم بىلەن ئىسلام مىللەتچىلىكى ناھايتى يېقىن تۇرۇدۇ .

ئىسلام مىللەتچىلىكى) ئىسلامى cناتىئونالىسم (بۇمۇ كونا بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ دىنىنى مىللەتچىلىك )رەلىگىئوئۇس ناتىئونالىسم (ئىقىمىگە كىرىدۇ .دىنىنى مىلەتچىلىك بۇ ھەممە دىنلاردا بار بولۇپ، مەسىلەن يەھۇدى مىللەتچىلىكى) جەۋىش ناتىئونالىسم(، خرىستىيان مىللەتچىلىكى) چرىستىئان ناتىئونالىسم(، بۇددىست مىللەتچىلىكى) بۇددھىست ناتىئونالىسم (قاتارلىق .ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بار ئىسلام مىللەتچىلىكى ھەققىدە تۆۋەندە تەپسىلى توختىلىمىز .

بارلىق دىنىنى مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرىگە ئوخشاش، ئىسلام مىللەتچىلىكىمۇ دىنىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچۈنى مىللى بىرلىك قۇرۇش، يەنى دىنىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئوخشاش دىن، ئوخشاش تىل، ئوخشاش كۆلتۈر ئەن-ئەنىسىگە ئىگە ئىنسانلار توپىنىڭ بىرلىشىپ غەيرى دىنىنى مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىدلوگىيەدىن ئىبارەت .مەسىلەن پاكىستاننى قۇرغۇچىلار ھىندىستاندىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا مىللى دۆۋلەت قۇرغان ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى دەستەك قىلغان بولماستىن، ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستاننى بۈيۈك دۆۋلەتكە ئايلاندۇرغان موغال ئىمپىريەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ“ ئوردۇ ”مىللىتى بولۇپ ھىندىستاندىن بۆلۈنۈپ چىققان .ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىق كىملىگى بولسا ھازىر مۇقۇم ئۇقۇم بولۇپ قالغان“ پاكىستان مىللەتچىلىكى) پاكىستانى ناتىئونالىسم”(نىڭ ھۇلى بولۇپ قالغان.

مىللەتچىلىك مودىرنىزمنىڭ مەھسۇلاتى بولغانلىقى ئۈچۈن دىنىنى مىللەتچىلىكمۇ مودىرنىزمنىڭ

ھەرقايسى رايونلاردىكى يەرلىك ۋاريانتى دىيىشكە بولىدۇ .ئىسلام جەمىيىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئاتالمىش غەربنىڭ ئىختىراسى دەپ نام بېرىلىپ كېلىنىۋاتقان بارلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئىسلام جەمىيىتىگە ئەجەللىك تەسىر بەرگىنى مىللەتچىلىك بىلەن لايىقلىق ئىدىيەسى بولغان .ياپونىيەلىك تۈركشۇناس ئارائى ماسامى(新井正美)ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىردا لايىقلىق پەن-تېخنىكىنى" گۈللەندۈرۈشنى "مەقسەت قىلىپ ئىمپورت قىلىنىپ، ھەمدە ئىسلامنىڭ ئىدولوگىيەسىگە يۇغۇرۇلۇپ سۈيىستىمال قىلىنغان . ئەمما ئۈممەتچىلىك يىمىرلىپ] مىللى دۆۋلەت)ناتىئون ستاتە[(نىڭ ئاساسى گەۋدىسى بولمىش] تۈرك[لەرنىڭ قانونى ئورنىنى قوغداش يولدا مىللەتچىلىك بىلەن بىرلىشىپ، دىن بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىلغان دۆۋلەت تۈزۈلمىسى بولۇپ ئۆزگەرگەن دەپ كۆرسىتىدۇ.(新井 2001:212)

لايىقلىق بولسا خىرىستىيان-كاتولىك جەمىيىتىدە دىن بىلەن ھۆكۈكمەتنى ئايرىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن دېمۇكراتىيە تۈزۈلمىسىنى قوغدايدىغان ئاساس سۈپىتىدە يۇقرى ئاۋازدا تەكىتلىنىپ كەلگەن ئىدولوگىيەدۇر .لايىقلىق ئىدلوگىيەسى غەربىپ جەمىيىتىگە شۇنچىلىك موھىمكى، ۋاتىكاننى مەركەز قىلغان چوڭ كىچىك دىنىي جەمىيەتلەر، مەھكىمىلەرنىڭ ئاۋام پۇقرالار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن 1000 يىللىق زىيانكەشلىككە تولغان دىنىي مونوپوللىقلىرىنىڭ قايتا سادىر بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساسى ئىدولوگىيە ھېساپلىنىدۇ .ئەمما لايىقلىق قوشۇلغان دەمۇكراتىيە دەپ قاراپ كەلگەن غەربىپ) خىرىستىيان دىنى (جەمىيتى بىلەن پەرىقلىق بولغان يېرى شۇكى، ئىسلام دىنىدا بولسا خىرىستىيان دىنىدەك شەخسىنىڭ دىنىي ئېتىقاتىنى مونوپول قىلىش ئارقىلىق دۆۋلەت ھوقوقىغا چاڭگال سالدىغان دىنىي جەمىيەت)تەرىقەت يولىدىكى دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ تەسىرى بار دۆۋلەتلەردە يەنە باشقىچە ئەھۋال مەۋجۇت (مەۋجۇت بولمىغانلىق سەۋەبىدىن، لايىقلىق ئەڭ باشتىلا دەموكراتىيەنى ئەمەس بەلكى مىللەتچىلىكنى قوغدايدىغان قالقان سۈپىتىدە سىياسى سەھنىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىسلام جەمىيىتىگە ئەكىرىلگەن.

ئىسلام جەمىيتى ئۈممەت بىلەن تەڭ پارچىلىنىپ ھەر خىل نامدىكى ئىسلام دۆۋلەتلىرىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بارلىق مۇسۇلمانلار ئەمەس، بەلكى شۇ دۆۋلەتلەرنىڭ ئېگىسى بولغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئىسلامنىڭ" مىللەتلىششى "نى كەلتۈرۈپ چىقارغان .ئىسلامنىڭ مىللەتلىششىنى يەنى ئىسلام مىللەتچىلىكىنى، ئۆز مىللى دۆۋلتى بولمىغان، ئىسمى بار جىسمى يوق ۋەتىنى شەرقى تۈرىستاننىڭ ئىچى سىرتىدا تەڭ سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ توغرا تونۇشى بەك موھىم .بۇ ھەرگىزمۇ بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ ئۈممەتنى پارچىلاشتىكى سۈيقەستى بولماستىن، پۈتۈنلىككە ئىگە ئەن-ئەنىۋى ئۈممەت جەمىيتىنى مۇسۇلمانلار ئاللىقاچان ئۆز ئالدىغا مىللى دۆۋلەت)ناتىئون ستاتە (قۇرۇش ئارقىلىق پارچىلاپ بۆلىشىۋالغانلىقى، شۇ ئارقىلىق ئىسلام مىللەتچىلىك دەۋرىگە كىرگەن رىياللىقنى ئېتىراپ قىلىش خالاس .بۇ رىياللىقنى بىز بۇ يېردە كىرىش سۆزدە تىلغا ئېلىنغان] ھىجرەتچىلەر [نىڭ سەزگۈرەشتۈرىشلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ ئىنىق يورتۇپ بېرىشكە تىرشىمىز.

بۇ] ھىجرەت[نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىككىنجى دۇنيا ئۇرشى ئاخىرلاشقان، يەر شارىدىكى بار زىمىنلارغا ئىنسانلار مىللەت بىرلىكى بىلەن" مىللى دۆۋلەت "قۇرۇپ ئىگەللەپ بولغان، ۋە شۇنىڭدەك كومىنىزم لاگىردىكى سوۋىت-خىتاي مۇناسۋەتلىرى يىرىكلىشىپ-1955 يىلىدىكى سوۋەت كومىنىستىك پارتيەسى -20قېتىملىق قۇرۇلتايىدا دەز كەتكەن (中嶋 1978:235) خەلىقارالىق ئارقا كۆرنۈشكە ئىگە .سوۋىت ئىتپاقى بىلەن مۇناسۋەتىنىڭ يىرىكلىشىگە ئەگىشىپ، خىتاي ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا خەلقارالىششقا يۈزلەنگەن .شۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن-1954 يىلدىن باشلاپ خىتاي كومىنىست ھۆكۈمتى5] اساسى پىرىنسىپ [نى تاشقى سىياستىنىڭ ئاساسى قىلىپ بولۇمپۇ ئۈچۈنچى دۇنيا ئەللىرىگە ئېكىسپورت قىلىشقا باشلىغان .شۇنىڭدەك ئاسيا-ئافرىقا قۇرۇلتايىدىكى ئاكتىپ ھەركەتلىرى ئارقىلىق-1971 يىلى جوڭ خۇئا مىن گۇئو) تەيۋەن (نى سقىپ چىقىرىپ ئورنىغا بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتىغا دايىمى ئەزا بولغان.

بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتىغا كىرىش ئۈچۈن خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇ ئىنلەي ئاكتىپلىق بىلەن بىر قاتار تاشقى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزىپ، ئاسىيا-ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆۋلەتلەردە زىيارەتتە بولۇش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى دۆۋلەتلەر باشلىقلىرىنى خىتايغا زىيارەتكە تەكلىپ قىلغان .شۇ مەزگىلدە ئافغانىستان كارولى خىتاي باش مىنىستىرىغا شەرقى تۈركىستاندا تۇرۇپ قالغان ئافغان پۇقرالىرىنىڭ ئۆز دۆۋلىتىگە قايتىشىغا يول قويىشىنى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇ سەۋەپتىن-1959 يىلى، خىتاي ھۆكمىتى بىلەن ئافغانىستان ھۆكمىتى ئارىسىدا كۆچمەنلەرگە ئالاقدار كېلىشىم تۈزۈلگەن .كېلىشىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى شەرقى تۈركىستاندا ئۆزىنىڭ ئافغان ئىكەنلىگىنى، ۋە ياكى ئافغان پۇقرالىرى بىلەن ئېتنىك باغلىنىشى بارلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغانلار بولسا، ئافغانىستانغا كۆچۈشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان بولغان .بۇ كېلىشىم شەرقى تۈركىستاندا بىر قىسىم كىشلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئافغان نەسلىدىن دەپ ئافغانىستانغا كۆچىشىگە سەۋەپ بولغان، ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ كۆچۈشىنى ]ھىجرەت[دەپ ئاتىغان .

] ھىجرەتچىلەر [لەر ئافغانىستانغا“ ۋەتىنىگە قايتقان ”شەكىلدە ھىجرەت قىلغان .ئافغانىستان دۆۋلىتى پۇقراسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېتنىك ئۆزلىگى بولمىغان] ھىجرەتچىلەر[نى، ئافغانىستان ھۆكۈمەت ۋە خەلقى ئوخشاش مۇسۇلمان دىگەن ئۇمەتتىچىلىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ قېلىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئافغانىستانغا قانۇنسىز كىرگەن ھەركىتىگە كەڭ-قورساق مۇئامىلىدە بولغان .ئەمما، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلارغا چەك قويۇپ، ]ھىجرەتچىلەر [نىڭ ئىش-پالىيەتلىرى تەشكىلات قۇرۇش، خىتاينىڭ زۇلۇمىنى پاش قىلىش قاتارلىق ئېتنىك كىملىكنى نامايەن قىلىدىغان سىياسى ساھەلەرگە چېتىلىشكە باشلىغاندا، ئافغان پارلامىنتىدىن قارار ماقۇللاپ ئۇلارنى خىتاي دۆلىتىگە قايتۇرۇشنى قارار قىلغان .

] ھىجرەتچىلەر [بۇ قايتۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بارغۇدەك ئۈچۈنجى بىر دۆۋلەتنى ئىزدىگەن .كابۇلدىكى خەلىقارا تەشكىلاتلار ۋە تۈركىيە ئەلچىخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇلارغا ياردەمدە بولغان، ۋە ئاخىرى ئۇلار بىرلىكتە تۈركىيەگە بېرىشنى قارار قىلغان .ئەمما تۈركىيەگە بېرىش ئىشىدا بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، بۆلۈنۈپ ئايرۇپىلاندا يولغا چىقىش ئالدىدا ئارىسىدا پارچىلىنىش كۆرۈلگەن.

بۇ پارچىلىنىش بىزگە ئەينى زاماندىكى)ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان (ئۇيغۇر جەمىيتى دۇچ كەلگەن مۇرەككەپ خەلقارالىق ۋەزىيەتنى كۆرسۈتىپ بېرىدۇ] .ھىجرەتچىلەر [نىڭ سىياسى پالىيىتىدىن ئەندىشە قىلغان خىتاي ھۆكمىتىنىڭ كابۇلدا ئېلىپ بارغان پالىيىتى بىلەن بىرگە، خىتاي بىلەن دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتقان سوۋېت ئىتپاقى ۋە تەيۋەن ھۆكمىتىمۇ] ھىجرەتچىلەر [ئارىسدا ئاكتىپ پالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان .سوۋېت ئىتپاقى] ھىجرەتچىلەر [نى سوۋېت بۆلگىسىدىكى تۈركىستان رايونىغا كۆچۈشنى تەشۋىبۇس قىلغان بولسا، تەيۋەن ھۆكۈمىتى، ئۇلارنى خالىسا تەيۋەنگە خالىمسا تەيۋەن پاسپورتى ئىشلىتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس شەھىرى مەككە مۇكەررەم بار سۈددى ئەرەبىستانغا كۆچۈشنى تەكلىپ قىلغان)جانتۇرك .(1995:18

بۇ يەردە سوۋېت ئىتپاقىنىڭ پوزىتسىيەسىنى ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى كاگامى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك سوۋېت ئىتپاقى خىتاي بىلەن بۇزۇلغان مۇناسىۋىتىگە ئۇيغۇرلارنى سۆرەپ كىرىپ سىياسى جەھەتتىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان .(加々美 1992)ئەنگلىيەلىك تەتقىقاتچى تايلىر بولسا ئەينى زاماندا تۈركىيەدە سىياسى پالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر سىياسىيونى ئەيسا ئالىپتېكىننى سوۋېت ئىتپاقى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق پالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئورتا ئاسىياغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ)تايلىر .(2003:225 سوۋېت ئەلچىخانىسى ھەتتا] ھىجرەتچىلەر [گە تۈركىيەنىڭ دىن ۋە مەمۇرى ھوقۇق ئايرىلغان بىر دۆۋلەت ئىكەنلىكىنى ئۇ يەردە ئاياللارنى مەجبۇرلاپ ناشايان ئىشلارغا سالىدىغانلىقىنى، دىن چەكلەنگەنلىكىنى، ئۇ يەرگە كۆچسە مۇسۇلمانلىقتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى قاتارلىق ئۆسەك

سۆزلەرنى تارقاتقان .تەيۋەننىڭمۇ خۇددى سوۋەت ئىتپاقىدەك ئۇيغۇرلارنى ئىككى پارتىيەنىڭ ئۇرۇشىغا سورەپ كىرىشنى مەقسەت قىلدىغانلىغىنى بىلەلەيمىز .تەيۋەن هوكمىتى] هىجرەتچىلەر[نى تەيۋەنگە بېرىشنى خالىمىغان ئەهۋالدا، تەيۋەن پۇقراسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا شەرىققە ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ]هىجرەتچىلەر[نىڭ مۇسۇلمانلىق سالاهىتىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي كومىنىست هۆكمىتى بىلەن قارشىلىشىۋاتقان تاشقى سىياسىتىنى كۈچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان .بىرقانچە مىللى دۆۋلەتلەرنىڭ بۇ خىلدىكى سىياسى ئويۇنلىرى بىلەن] هىجرەتچىلەر [ئوتتۇرسىدا پارچىلىنىش يۈز بېرىپ، 70 ئايىلە تۈركىيەگە، 88 ئايىلە سۇددى ئەرەبىستانغا، 15 ئايىلە سوۋىت تەۋەلىكىدىكى ئورتا ئاسىياغا يۆتكىلەگەن . هىچ يەرگە يۆتكۈلۈشنى خالىماي كابۇلدا قېلىپ قالغان نەچچە ئايىللىك كېيىنكى تالىبان-ئامرىكا توقۇنۇشىدا ئىزلىرى ئۆچكەن بولسا، سۇددى ئەرەبىستانغا يۆتكەلگەنلەر ئەرەپلىشىپ، ئورتا ئاسىياغا كۆچكەنلەر بولسا ئىقتىسادى قەهەتچىلىككە ئۇچۇراپ، پەقەت تۈركىيەگە يۆتكەلگەن] هىجرەتچىلەر[لا قەيسىرى شەهرىدە ئۇيغۇر مەهەللىس شەكىللەندۈرۈپ ئۇيغۇرلۇق يىلتىزىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالىغان.

خۇلاسە شۇكى،] هىجرەتچىلەر [ئىككىنجى قېتىم] هىجرەت [قىلىشنى تاللىشى يەنىلا زىيانكەشلىكتىن ئۆزنى چەتكە ئېلىشنى مەقسەت قىلغان .ئىسلام دۆۋلتى بولغان ئافغانىستان ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىق كىملىكىگە هامى بولۇپ ئۆز تېروتورىيەسىدە ياشاشقا رۇخسەت قىلسىمۇ، ئۇيغۇر بولمىش ]هىجرەتچىلەر [نىڭ مىللى كىملىكىگە ئېگە چىقسا ئۆز دۆۋلىتىنىڭ) ۋە شۇنداقلا مىللىتىنىڭ (مەنپەتىگە تاقاشقانلىق سەۋەبىدىن، ئۈممەتنىڭ مەنپەتى ئەمەس مىللەتنىڭ مەنپەتىدىن چىقىش قىلىپ ]هىجرەتچىلەر [گە هامىلىق قىلىشتىن ۋاز كەچكەن .يەنى، هىجرەت قىلىش ئۈممەتچىلىك ئىدىيولوگىيەسىدىكى جەمىيەتتە چۈشۈنۈشكە ئېرىشەلەيدىغان هەركەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېتنىك كىملىك تەلپىنى مەزمۇن قىلغان سىياسى پالىيەتلەرنى ئېتراپ قىلمىغان .بۇنىڭدىن يەكۈنلەشكە بولدىكى، ئۈمەمتچىلىك ئالىقاچان مىللى دۆۋلەتلەردە ئوتوپىيە نەزەريەسىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام مىللەتچىلىكى ئىگەللەپ بولغان .مۇسۇلمان ئۇيغۇر] هىجرەتچىلەر[گە قارتىلغان بۇنداق ئىككى بىسلىق ئۆلچەم، ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۈممەت گەۋدىسىدىن ئاجراپ مىللى دۆۋلىتىگە ئۆزگەرگەن بارلىق ئىسلام دۆۋلەتلىرى دۇچ كەلۋاتقان ئىسلامدىن ئىسلام مىللەتچىلىكىگە پارچىلىنىشنى كۆرستىپ تۇرۇپتۇ .

يەنە بىر جەهەتتىن، ئىككىنجى قېتىملىق هىجرەتكە مەجبۇر قىلىنىغان زىيانكەشلىك دىنىني كىملىكىگە قارتىلغان بولماستىن بەلكى ئېتنىك كىملىگىگە قىلىنغان زىيانكەشلىك بولغان .شۇ سەۋەبتىن، ئۈممەت جەميىتى دىنىنى زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قالالىسىمۇ،] ئافغانىستانلىق[بولمىش مىللى) ئېتنىك ( كىملىگى بولمىغان ئۇيغۇرلارنى قوغدىيالمايلا قالماستىن، قايتىدىن]هىجرەت[قىلىشقا مەجبۇرلىغان .يەنى، ]هىجرەتچىلار [دىنىنى جەهەتتىن ۋە ئېتنىك جەهەتتىن تەڭ قوغدىنىشقا مۇهتاج بولغاندا، ئېتنىك-كۆلتۇر جەهەتتىن ئۆزلىرىگە تېخىمۇ يېقىن بولغان مىللى دۆۋلەت)ناتىئون ستاتە(تە تۇرۇشقا ئېهتىياجلىق بولغان . ]هىجرەت[نىڭ يەكۈنىمۇ بىزگە ئۇيغۇرلار ئېهتىياجلىق بولغان مىللى دۆۋلەت ئۇلارنىڭ دىنىنى ۋە ئېتنىك كىملىگىنى تەڭ قوغدىيالايدىغان بولشى كېرەكلىگىنى كۆرستىدۇ .بۇ دەل ئۇلار كېيىن ئىككىنجى قېتىم هىجرەت قىلغاندا پەقەت تۈركىيەگە كۆچكەن قىسمىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىككى خىل كىملىگى بىلەن توپلام هالىتىدە ساقلىنىپ قېلىشى، تۈركىيە دۆۋلىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئېهتىياجلىق مىللى دۆۋلەتنىڭ مودىلى بولالايدىغانلىقىنى كۆرستىپ تۇرۇپتۇ .

ئەمدىن بۇ يەردە مىللى دۆۋلەت هەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز .غەرىپچە“ مىللى دۆۋلەت ” ئۇقۇمى بولسا ئېنگىلىسچە“ ناشيۇن-ستېت)ناتىئون ستاتە ”(ۋە ياكى فرانسوسچە “ئەتات-ناتىئون)ئەتات-ناتىئون”(نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى تەرجىمە قىلىنىغان بولسىمۇ ئەمما مەزمۇنى هەر دۆۋلەت قۇرغان ئىنسان توپلۇمىنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسەن ئېزات بېرىلىپ كېلىنگەن . ياۋرۇپادا مەيدانغا كەلگەن بۇ ئۇقۇمدىكى) ناتىئون (بولسا ياۋرۇپا قۇرۇقلۇقۇدىكى سىياسى جۇغراپىيە ئەن-ئەنە

بويچە“ ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان دۆۋلەتى بولۇش ”ئەن-ئەنىسىنى، يەنى ئەزەلدىن ھەر مىللەت مەلۇم تېروتورىيەنى پاسىل قىلىپ ياشاپ كەلگەن ياۋرۇپادا تىنىچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن بىر مىللەت بىر دۆۋلەت)“ ناتسئون”(ئاتالغۇسۇنىڭ ئەسلى يەشىمىسى بولغان بولسا، ياۋرۇپادىن باشقا زىمىنلاردا ياۋرۇپادىن ئۆگنۈپ“ مىللى دۆۋەت ”قۇرغانلار، ئۆز تەۋەسىدىكى ئىنسانلارنىڭ تاق مىللەت ياكى كۆپ مىللەت بولۇش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ)“ ناتسئون ”(ئۇقۇمۇغا ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىژات بەرگەن .مەسلەن كۆپ مىللەت كۆپ كۆلتۇرلۇك دۆۋلەت بولمىش ئامرىكا ياكى ختاي بولسا)“ ناتسئون ”(نى“ دۆۋلەت ”دەپ ئىستىمال قىلىپ كەلسە، ياپونىيە ۋە تۈركىيەگە ئوخشاش سىياسى جەھەتتىن تاق مىللەت تاق كۆلتۇرنى تەرغىپ قىلىدىغان دۆۋلەت مىللەتچىلىك نۇقتۇسىدىن)“ ناتسئون ”(ئۇقۇمىنى“ بىر مىللەت بىر دۆۋلەت ” شەكىلدە قوبۇل قىلغان .شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇرلار ختايچىدىن قوبۇل قىلغان“ بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ”تۈركچىدە بولسا ئەكسىنچە“ بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلات ”دەپ ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە .
بۇ ئىككى تەرجىمىنىڭ ئەسلىسى بولسا ئەمىلىيەتتە ئېنگىلىسچىدىكى) ناتسئون ستاتە (دىگەن بىر ئاتالغۇدىكى “ناشون ”ئۇقۇمغا بولغان ئىككى خىل يەشىمىنىڭ ئىپادىسى ھېساپلىنىدۇ .بۇنىڭ تۆپكى سەۋەبى بولسا، ئەسلى ياۋرۇپادىن كىرگەن تۈركچىدىكى“ لايىق)دىننى ھوقوق بىلەن سىياسى ھوقوق ئايرىلغان تۈزۈلمە ”( ئىدىيەسى ياۋروپادا لايىق قوشۇلغان دىمۇكراتيە ھالىتىدىكى سىياسى سېستىمنى دۆۋلەت تۈزۈلمىسى قىلغان بولسا، ئۆز“ مىللى دۆۋلەتى”نى قۇرغان ئىسلام دۆۋلەتلىرىدە“ لايىق ”قوشۇلغان“ مىللەتچىلىك ”دىگەن سىياسى تۈزۈلمە شەكىلىگە ئۆزگەرتىلىپ سۈيىستىمال قىلىنغان .مەيلى“ ناشئون ”ئاتالغۇسىنى“ بىر مىللەت بىر دۆۋلەت ”شەكىلدە سۈيىستىمال قىلغان ياۋرۇپا دۈۋلەتلىرى بولسۇن، ۋە ياكى“ ناشئون ”دىگەننى دوۋلەت ئاتالغۇسى ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن ئامرىكا دۆۋلەتى بولسۇن، ئىجدىمايى سىياسى ھوقوقنىڭ مۇكەممەللىششى بىلەن تەڭ قانون تۈزۈلمىلەرنىڭ مەلۇم تايىپىدىن پۈتۈن پۇقرالارنىڭ قولىغا ئۆتۈشىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، ھازىر بۇ دۆۋلەتلەردە“ ناشئون ستىيت”كە بولغان ئىژات “پۇقرا دۆۋلەتى(C) نۆى cستاتە ”(دىگەن دىمۇكراتىك مەزمۇنغا مەركەزلەشمەكتە .دىمۇكراتيەنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بۇ دۆۋلەتلەر ئۆز نۆۋتىدە يەنە دىننى سىياسەتكە سۈيىستىمال قىلىشتىن ئازات قىلىپ، ئۇنى نۇقۇل شەخسىنىڭ دىننى ئىتىقاتىغا قايتۇرۇش ئىشىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالىغان .مەيلى خرىستىيان -كاتىلوك
ئارقا كىرنۇشىگە ئېگە ياۋرۇپا دۆۋلەتلىرى) ئامرىكا-كانادا-ئاۋستۇرالىيە قاتارلىق جۇغراپىيە جەھەتتىن ياۋرۇپا بولمىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ (بولسۇن، ۋە ياكى خرىستىيانلىق ئەن-ئەنىسىدىن كۆپ يىراق ياپونىيە بولسۇن، قانونى ھوقوقتىكى باراۋەرلىكنى ھەر بىر پۇقراغا قەدەر ئەمىللەشتۈرەلىگەن بۇ دۆۋلەتلەردە ئەمىلىيەتتە مۇسۇلمانلار ئۈمۈت قىلغان، دىنىنىڭ سىياسەتتىن خالى بولۇشنى“ ناشئون ستىيتنىڭ“ مىللى دۈۋلەت”تىن “پۇقرا دۆۋلىتىگە ”ئۆتىشىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلغان .دىمۇكراتيەنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمىغان، يەنى “ناشئون ستىيت ”تىكى“ ناشئون ”ئاتالغۇسۇنى“ مىللەت ”ياكى“ دوۋلەت ”ئۇقۇمىدىن“ پۇقرا ”ئۇقۇمىغا كېڭەيتەلمىگەن دۆۋلەتلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ مىللى مەنپەتى ئۇچۇن دىننى داۋاملىق مىللى مەنپەتى ئۇچۇن سۈيىستىمال قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە .سايلام ھوقۇقى بار قانونى تۈزۈلمىلىرىدىكى ئىسلام دۆۋلەتى پاكىستاننى مىسالغا ئالساق، ئىسلام مىللەتچىلىكىنىڭ تارمىقى بولغان پاكىستان مىللەتچىلىكى) پاكىستانى ناتسئونالىسم(نىڭ تەسىرى بۇ دۆۋلەتنىڭ سىياستىگە چۇڭقۇر تەسىر قىلىپ كەلمەكتە ۋە شۇ سەۋەپتىن ئەسلى دىمۇكراتىك دۆۋلەتلەردە ئەمەلگە ئېشىشقا تېگىشلىك ئاياللار ھوقوقى، خىلاپەت ئەركىنلىكى ۋە دىننى ئەركىنلىكلەر تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنى يوق .

## ئۇچۇنچى بۆلۈم، ئىسلام مىللەتچىلىكى ۋە ئۇيغۇر مىللى ھەركىتى

ئىسلام ئىسلامىزم بولۇپ بولغان، بارچە مۇسۇلمان مەلۇم كۈچ ئاستىغا مەلۇم ئىسلامىزم ھالىتىدە ئۇيۇشۇپ ئۆزگە بىر باش-پانا بولىدىغان مىللى دۆۋلەتكە ئەزا بولۋالغان ياكى بولۇشقا تىرىشۋاتقان بۇ رىيال دۇنيادا، ئۇيغۇر مىللىتى مىللى داۋا ئۇچۇن ئىسلامى تونىنى نەدىن پىچىشى كېرەك؟ ئەرەپ ئىدىيولوگىيەسىدىكى

ئىسلامىسىمۇ )شەرىيە دۆۋلىتى، ۋاھابىلىق، خەلفىلىك دىگەندەك(، ئىران ئىدولوگىيەسىدىكى شىيا ئىسلامىزىمىۇ)ماھدى، 12 ئىمام(، ۋە ياكى تۈرك ئىدولوگىيەسىدىكى ئىسلامىزىمىۇ )دىننى مىللى كۈلتۈرنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈش، ۋە ئېتىنىك كىملىكنى قوغداشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش(؟

ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا غەرىپتىن ئالغان مىللى كىملىگى بىلەن ئىسلامدىن ئالغان دىنىي كىملىكى ئارىسدا قايسىنىڭغا ئالدىدا ئېگە چىقىش؛ قايسىسى قايسىسىنى قوغداش ۋە ياكى قايسى بىرسىنى يەنە بىرسىگە خىزمەت قىلدۇرۇش دىگەندەك تاللاشلار ئىچىدە قايمۇقماقتا، ۋە قايمۇقتۇرۇلماقتا .

ئەمدى باشتىكى قۇرلاردا بۇ يازمىنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان دوپپا بىلەن ھېجاپنىڭ جېدىلىگە قايتىپ كېلسەك، ئىسلامنىڭ ئىسلامىزملىق رىياللىقنى چۈشنۈپ يەتمىگەن دىنغا مايىل ئۇيغۇرلۇرىمىز بولسا، دىننى شەكىل بىلەن مىللى داۋانى ئېلەپ بېرىشنى، مىسالەن دىننى ئېتىقاد ۋە كىيىم كېچەك خىلافىتىنىڭ شەخسىنىڭ دىمۇكرات تاللىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مىللى داۋاغا تەسىر بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە .ئەمما ئىسلامنىڭ ئىسلامىزملىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامى كۆز-قاراش ۋە ئىسلامى خىلافەتلەرنىڭ مىللى داۋانىڭ جانجان مەنپەتىگە لايىق تون قىلىپ پىچىلىشى كېرەكلىگىنى، ئۇنداق بولمىغاندا دىننى ئېھتىياج ئالدىغا سۈرۈلۈپ، مىللى ئېھتىياج بولغان مىللى دۆۋلەت قۇرۇش نىشانى چەتكە سۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشنۈپ يېتەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت بولماقتا .ئوخشاش ئىسلام ئۈممەت گەۋدىسىدىن ئاجراپ مىللى دۆۋلەت قۇرغان تۈركىيە بولسا، دىننى ئېھتىياجنى مىللى ئېھتىياجنىڭ ئالدىغا قويغاندا مىللى دۆۋلەتنىڭ ئاجىزلىشىپ ئاخىردا مۇنقەرىز بولۇش خەۋپىنى سەزگەنلىكى ئۈچۈن نەچچە قېتىملىق مىللەتچىلىكە قايتىشنى مەقسەت قىلغان ھەربى ئۆزگۈرۈشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئوتتۇرا شەرىقتىكى ئەرەپ دۆۋلەتلىرىدەك دىننى ئۇرۇشلارنىڭ پاتقىقىغا پاتماي كېلىۋاتىدۇ .تۈركىيەنىڭ داۋاملىق مىللى دۆۋلەت بولۇپ تۇرالىشىغا ئىسلام بىلەن مىللەتنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاشتا لايىقلىقنى ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇپتا ئۆزلەشتۈرگەنلىكىدىن بولغان .بۇنى تۈرك خانىم قىزلارنىڭ ھېجاپلانمايدىغان ئەمما ئوچۇق يۇرمەيدىغان خاس كىيىنىشلىرىدىن كۆرۋالغىلى بولىدۇ .

ئىسلامنىڭ نۇقتىسىدىن بۇنى ئىسلامنىڭ مەھەللىۋىلىشىشى)يەرلىكلىشىشى (دەپ قارساق، ئېتنىك گۇرپىنىڭ نۇقتىسىدىن بۇنى ئۆزلۈكنىڭ ئىسلاملىششى ھېساپلىنىدۇ .مىللەت ياكى تايپە ئاتالغۇسىغا قارتا خېلى بىر قىسىم دىننى زىياللىرىمىزدا قارشىلىق مەۋجۇت .ئۇلارچە بولغاندا ئۈممەتچىلىك تەغرىپ قىلىنىدىغان ئىسلام بىلەن ئايرىمچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان مىللەتچىلىك بىر يەرگە ئەكلىش خاتامىش .ئەمما ئىسلامدىكى مىللەتچىلىككە، ئۇرۇقۋازلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ سەۋەبى بولسا مىللەتچىلىك قىلىشقا قارشى بولماستىن، مىللەت بولۇپ ئايرىلىپ كۆچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان .بۇ خۇددى بىر ئىنسان مۇشتلىششنى مەشىق قىلىپ ئوزىنى قوغداشقا ئىشلىتىشى بىلەن باشقىلارنى بوزەك قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەندەك پەرىقتى ئىبارەت .كىريە ئايالىرىنىڭ كىچىك تۇماق بىلەن رومال، قەشقەر ئاياللىرىنىڭ دوپپا بىلەن رومال قىياپىتى، دەل ئىسلامى ئەخلاقنىڭ مىللى ئەن-ئەنە بىلەن ئوڭۇشلۇق بىرىكىشى بولۇپ، دەل تۈرك خانىم قىزلىرىنىڭ كىيىنىش خىلافىتىگە ئوخشاش ئۇيغۇر خانىم قىزلارنىڭ ئىسلامى ۋە مىللى قىياپىتىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ كەلگەن.

ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن مەۋجۇتلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش تەس ئەمەس .تاللاشلارنىڭ بىرىنجىسى بولسا جىسمانى) بىيولوگىيەلىك (مەۋجۇتلۇقلا نەزەرگە ئېلىنسا، ختاي دۆۋلىتىنىڭ قويغان شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، مىللى كىملىك ۋە دىننى كىملىكنى تەڭ تاشلاپ ختاي كۈلتۈرنىڭ ئاسىملاتسىيە قىلىشنى قوبۇل قىلسا ئۇيغۇرلار جىسمانى مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قالالايدۇ .ئەمما بۇ“ مەۋجۇتلۇق”نىڭ ئۇيغۇر ئاتلىق بىر مۇسۇلمان توپلامنىڭ يوقۇشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغانلىقى، ئاخىرقى نەتىجىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەمەس ختاي كۈلتۈر چەمبىرىكىنىڭ كېڭىيىشىگە ھەسسە قوشۇش ئىكەنلىگى ھەممىگە ئايان .

ئىككىنجى خىل“ مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش ”ئۇسۇلى بولسا، ھەرقايسى ئىسلام دۆۋلەتلىرى چېگرىسى

ئىچىدە هۆكۈمران مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئىسلام موهىتىدا، مىللى كىملىكنى يوشۇرۇپ) ياكى تاشلاپ (دىنىي كىملىكنى ساقلىغان ئاساستا" مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش "دىيىشكە بولىدۇ .ئەمما بۇ ئىككىنجى خىل تاللاشقا شۇ دۆۋلەتلەرنىڭ سىياسى ئېهتىياجىنىڭ قۇربانى بولۇش خەۋپىمۇ قوشۇلغان .يۇقۇردا تىلغا ئالغان] هىجرەتچىلەر [مۇسۇلمان دۆۋلتى بولغان ئافغانىستاندىن قايتا هىجرەتكە ئاتلىنىشى مىللى دۆۋلەت قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغان خەلقارا مۇناسىۋەتلەردە ئۇلارنىڭ دىنىي كىملىكىنىڭ بۇنداق تاللاشتا دالدا بولالمىغان رىيال قىسمىتىنى ئىنىق دەلىللەپ تۇرۇپتۇ .ئۇيغۇر ئاتلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەت هازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ئورتا ئاسىيا دۆۋلەتلىرى بولسۇن، پاكىستان، ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا" جىنايەتچى "قاتاردا ئۆتكۈزۈپ بېرلىشى بولسۇن، ۋە ياكى-2017 يىلىدىكى مىسىرنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرشى بولسۇن، مىللى كىملىكنى قوغدايدىغان ئۆز دۆۋلتى بولمىغان ئۇيغۇرلارغا مۇسۇلمانلىقىنىڭ سىياسى جەهەتتىن هەچ نەرسىگە دالدا بولالمايدىغانلىقى، كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان ئېچىنىشلىق رىياللىق ئىكەنلىگىنى كۆرسۇتۇپ تۇرۇپتۇ .بۇنى بىز كېڭەيتىپ باشقا ئوخشاش تەقدىردىكى ئىسلام دىنىدىكى مىللى توپلۇملارغا قارايدىغان بولساق، مەسلەن مىيانماردىكى مۇسۇلمان روهىنىلارنىڭ بۇددىست) مەيلى پۈقرا بولسۇن ۋە ياكى هۆكۈمەت قورالىق قىسمى بولسۇن(لار تەرپىدىن قىرغىن قىلىنىشى، يالغۇز ئىسلام دىنىنىڭلا دۆلەت سىياستىگە سىياسى سۇيىستىمال قىلىنمىغانلىقى، ئىنسان ئەمەس، هەرقانداق هاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇددا دىنىنىڭمۇ ۋاقتى كېلگەندە دۆۋلەت ئىچىدە هوقوقتار بولغان مىللەتنىڭ مىللى مەنپەتى ئۈچۈن سۇيىستىمال قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسۇتۇپ تۇرۇپتۇ .قىسقىسى مىللى كىملىكنى قوغداپ تۇرۇدىغان دۆۋلەت بولمايدىكەن، دىنىي كىملىكمۇ ئاخىرقى هېساپتا هېچقانداق قوغداشقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقتەك ئاچچىق رىيالىقنى هازىرقى زاماندىكى مىللى دۆۋلەت ئاساسىسىدىكى خەلقارا مۇناسىۋەت بىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ .شۇ سەۋەپتىن نۇقۇل دىنىي مەۋجۇتلۇقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتەك" مەۋجۇتلۇق "ئۇستىدىكى ئىككىنجى خىل تاللاشنىڭمۇ رىيال ئەمەسلىكى دەلىللىنىپ تۇرۇپتۇ.

مەۋجۇتلۇق ئۇستىدىكى ئۈچۈنجى خىل تاللاش، يەنە مىللى مەۋجۇتلۇقنى يادرولۇق ئورۇنغا قويۇپ دىنىي مەۋجۇتلۇقنى ئۇنىڭغا ياندىشقان هالدا ئېلىپ بېرىش)دىنىي مىللەتچىلىك(، تېخىمۇ ئوچۇقۇنى ئېيتقاندا باشقا دۆۋلتى بار مۇسۇلمان توپلۇملىرىدەك، مىللى دۆۋلتى بولۇشنى ئالدىدا ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ) مۇسۇلمان(دىنىي كىملىكنى قوغداشنى قولغا كەلتۇرۇش، داۋىنى ئېگىز، مۇساپىسى ئۇزۇن، ئەمما دىنىي ۋە مىللى كىملىكنى تەڭ ساقلىغىلى بولىدىغان بىردىن بىر تاللاش هېساپلىنىدۇ .بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىلىرى" ۋەتەن"نى ئاللاغا تاپشۇرۇش،] هىجرەت[تىكى هەر ئۇيغۇر توپلىمى ئۆزلىرى يەرلەشكەن دۆۋلەت ۋە رايونلاردا يىلتىز تارتىشنى، كۈچ توپلاپ شۇ يەردە تەسىر قىلالايدىغان هالەتكە يېتىپ، شۇ ئارقىلىق مىللى ۋە دىنىي كىملىكنى تەڭ ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ .بۇ خىل تەشەببۇس ئايلىنىپ كەلگەندە) غەرىپ ۋە ئامىركىدەك پۇقرا دۆۋلتىدە مۇمكىن بولسىمۇ (يۇقۇردا تىلغا ئېلىنغان ئىككىنجى خىل تەشەببۇس بىلەن تەغدىرداش بولۇپ، بۇ خىل يەرلىشىشنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مىللى دۆۋلتىنى بەرپا قىلىش بولمىغان هالەتتە يەنىلا مىللى دۆۋلەتلەر ئوتتۇرۇسىدىكى سىياسى سودىلارنىڭ قۇربانى بولۇش خەۋپىدىن خالى بولالمايدۇ .بۇنى ئۆتمۇشتە ئىككىمىڭ يىل سەرسانلىق ئىچىدە خارلانغان يەهۇدىلارنىڭ قىسمىتىمۇ، نەچچە دۆۋلەتنىڭ ئوتتۇرسىدا هازىرغىچە ئۆزىنىڭ دۆۋلتىنى قۇرالماي يۈرگەن كۇرتلارنىڭ قىسمىتىمۇ ئىبرەتلىك مىسال بولالايدۇ.

مىللى دۆۋلەت قۇرۇش، هازىرقى زاماندا بۇ دۇنيادىكى مىللى دۆۋلەتلەرنى ئاساسلىق هۆجەيرە قىلغان خەلقارا مۇناسىۋەتلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى ئىلمى جەهەتتىن بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ .مىللى كىملىكنى قوغداپ تۇردىغان مۇستەقىل دۆۋلتى بولمىغان ئەهۋالدا دىنىي كىملىكنىمۇ ساقلاش قىيىنغا چۈشۈشنىڭ سەۋەبى بىزنى" مىللى دۆۋلەت"نىڭ ماهىيتىنى چۈشنۈشكە دەۋەت قىلىدۇ .

**ئاخىرقى سۆز**

ئىنسان ھەققى تۇردە ھۆرلىككە ئېرىشكەندە، ۋە بۇ ھۆرلىكنى قانونى جەھەتتىن، تۈزۈلگەندىن ئۆلگىچە ئىزچىل قوغداشقا كاپالەت بېرەلەيدىغان دۆۋلەت ئاپاراتى مەۋجۇت بولغاندا، دىن ئاندىن ئىنسان بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى تۈز سىزىق مۇناسىۋتى يەنى، شەخسى ئېتىقاتقا ئايلىنىدۇ)ياكى قايتىدۇ .(

ئىسلامنى ھېچقانداق" ئىزم "ۋە پىكەر ئېقىمىغە سىيستىمال قىلماي نۇقۇل شەخسى ئېتىقات بولىشىغا مىللى دۆۋلەتمۇ، ئىسلام دۆۋلەتىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ .خۇددى ۋاھابىلارنىڭ كۈچى بىلەن دۆۋلەت قۇرغان سۇددى خان جەمەتى، بۇنىڭغا يارشا ۋاھابىزمنى سۇددى ئەرەبىستان دۆۋلىتىنىڭ" ئىسلام+ئىزم "قىلىپ خان جەمەتىنىڭ سىياسى ھوقوقلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغاندەك؛ ۋە ياكى-1979 يىلدا ھۆمەينى ئىران خان ئايلىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئىران ئىسلام دۆۋلىتىنى قۇرغاندا شىئە ئىسلامنى قانداق سىيستىمال قىلىپ شىيە ئىسلامىزم دەرىجىسىگە كۆتەرگەندەك؛ مالاي مىللىتىگە ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى قانونلاشتۇرۇپ ئۇلارنى ئورمانلاردىن ھېيدەپ چىقىپ شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن ئىسلام دۆۋلىتى مالايسىيا بولسۇن؛ ۋە ياكى ئەڭ يېقىنقى ھۆكۈمەتكە قارشى ھەركەتلىرىنى ئىلىپ بېرىۋاتقان تالىبان، نۇسرەت، دائىشلار ئۆز ھەركەت قىلمىشلىرىنى ئىسلامنىڭ قانداقتۇر ئەھكاملىرى بىلەن كۈچەپ چۈشەندۈپ، ماھىيەتتە بولسا ئىسلامنى مىلىتانت ئىسلامىزم ئۈچۈن دەستەك قىلىۋاتقاندەك" ... ...ئىزم "ۋە ئىدىئولوگىيەلەرگە يۇغۇرۇلمىغان نۇقۇل ئىسلام ھازىر مەۋجۇت ئەمەس 90 .يىللىق" لايىق "دۆۋلەت ئەن-ئەنىسىگە ئېگە تۈركىيەنى ئېلىپ ئېيتساق، خەلى مۇكەممەل ئىجدىمايى قانونى بولىشىغا قارماي، سىياسى پارتىيەلەر ئۆز سىياسەتلىرىدە ھەر خىل ئىزملارغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ سىيستىمال قىلىنىۋاتقان ئىسلامنىڭ سىماسىنى ھەم كۆرەلەيمىز .مەيلى ئىسلامنىڭ" ئوتتۇرا يول"نى تاللىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئاك پارتىيە بولسۇن، ياكى مىللەتچى پارتىيە م ھ پ، ياكى ج ھ پ بولسۇن، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سىياسى مەقسەت ۋە مەنپەتلىرى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆز سىياسەتلىرىگە سىيستىمال قىلىپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ .

بارلىق" ناشئون "گەۋدىسى بىلەن قۇرۇلغان ئىسلام دۆۋلەتلىرى ئېرقى ۋە دىنىي قالايمىقانچىلىقتىن نىمە ئۈچۈن خالى بولالمايدۇ دىگەندە، دۆۋلەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ بولغاندىن كېيىن پۇقرانىڭ ھوقوقى ئىجدىمايى قانون بىلەن قوغدالماي دىن يەنىلا ئىسلامىزم تەرىقىسەدە سىيۇستىمال قىلىنىپ كەلگەنلىكىدىن بولغان دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز .ئىسلام دۆۋلەتلىرى ئىچىدە" ناشئون "دۆۋلىتى بولۇپ ئىجدىمايى قانون بىلەن دۆۋلەت باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان تۈركىيەنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس .مەسلەن فەتھۇللاچىلار ئاۋام خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قانداق" ئىزىم"لار بىلەن تەسىر قىلىپ دۆۋلەت ھوقوقىغا تەسىر قىلىپ كەلگەن بولسا، فەتھۇللاچىلارنىڭ سىياسى تەسىرىدىن چۈچىگەن" ئوتتۇرا يول"دىكى رەجەپ تايىپ ئەردۇغانمۇ يەنە شۇ ئىسلامنى سىيۇستىمال قىلىپ ئاۋام خەلقىنىڭ ھەركەتكە كەلتۈرۈپ ھەربى ئۆزگۈرۈشنى مەغلۇپ قىلىپ، فەتھۇللاچىلارنى ئۈجۈقتۇرۇپ تازلاۋاتىدۇ.بۇ ئىككىلا تەرەپ، ئاۋام خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاتىدىن ئۈنۈملىك پايدىلىنىپ ھەر ئىككىلىسى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن، ئەمما ئوخشاش ماھىيەتتىن يەنە ئىسلامنى" سىياسى ئىسلامىزم "نۇقتىسىدىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە .

ئەمدى بىز تېخىچە ئىسلام جەمىيتى دەپ ئاتاۋاتقان ئەمما چېگرا چېگرا ئىچىگە پارچىلانغان كەڭ مۇسۇلمانلار بولسا ھەر خىل" ئىزم"لار بىلەن نىقاپلانغان، بويالغان ئىسلام جەمىيتىدە گاگىراپ نىمىنىڭ ۋە كىم تەرغىپ قىلىۋاتقان ئىسلامنىڭ ھەققى نۇقۇل دىنىي ئېتىقات نۇقتىسىدىكى ئىسلام ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئۆز ھېسىياتلىرىدىن چىقىش قىلىپ ئۆزلىرى توغرا كۆرگەن ئىسلامىزم يوللىرىغا ئەگەشمەكتە . مۇسۇلمان بولمىش ئۇيغۇرلارمۇ بۇنداق گاگىراشتىن مۇستەسنا ئەمەس .شۇ ۋەجىدىن ياغلىقنى قايسى يەرگىچە چىگىسە" مەھرەم "بولمايدىغان، نامايىشقا قانداق كىيىنىپ چىقسا ھەم دىنىي ھەم مىللى كىملىكنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار يۈز بەرمەكتە .ئەمما نۇرغۇن ساددا ئۇيغۇرلۇرىمىز چۈشەنمەيدۇكى، ئىسلام شىئە بىلەن سۈننىگە ئايرىلغان چاغدىلا نۇقۇل دىنىي ئېتىقاد بولغان ئىسلام

ئاللىقاچان سىياسى مەنپەتلەر ئۈچۈن پايدىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، ئىسلام دۇنياسى چۈشكۈنلىشىپ غەربىپ باش كۆتۈپ ھەر خىل ئىدىيولوگىيەلەرنى كۆتۈرۈپ چىققاندا بولسا، ئىسلام دۇنياسى تېخىمۇ كۆپ ئىسلامىزملارنىڭ ۋارىيانتلىرىغا غەرىق بولغان ئىدى .

ئىنسانلار جېمىيىتىدە دىنىنى شەخسى ئېتىقات بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالىغان دۆۋلەت شەكلىدىن ھازىرغا قەدەر پەقەت" پۈقرا دۆۋلىتىC) نۋى cستاتە "( لا مەۋجۇت .پۈقرا دۆۋلىتى مىللەت ياكى دىنىنى باراۋەرلىكنى ئەمەس ھەر ئىنسانىنىڭ يەر يۈزىدىكى قانونى باراۋەرلىكنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، دىن ۋە مىللەت كۈچ ئۈيۈشتۈرۈش خىزمىتىدىن چېكىنىپ شەخسكە قايتقان، يەنى دىنىنى ئېتىقاد، ۋە تەبىئى ياشاش ئۇسۇلى) مىللەت كۆلتۈر (شۇ قانون ئاستىدىكى ھەر پۈقرانىڭ شەخسى ئىش بولۇشى ئەمەلگە ئاشقان .پۈقرا دۆۋلىتىنىڭ يەنە بىر ئىدولوگىيەلىك ئاساسى" پۈقرا مىللەتچىلىكىC) نۋى cناتىئونالىسم "( دىن ئىبارەت .پۈقرا مىللەتچىلىكى پۈقرا دۆۋلىتىدە ئەمىللەشكەن ئىدلولوگىيەلىك كۆز-قاراش بولۇپ، بۇ ئۇقۇمدا "مىللەتچىلىك "ئاتالغۇسى ھەرگىزمۇ تەبىئى، يەنى تىل، كۆلتۈر، ئۆرۈپ-ئادەت قاتارلىقلارنى بىرلىك قىلغان مىللەتنى كۆزدە تۇتقان بولماستىن، ئەركىنلىك)لىبەرال (قىممەت قارشى بولغان ھۆرلۈك)فرەئەدوئوم(، ھۆرمەت )تولەرانcە(، باراۋەرلىك)ئەقۇئالتي(، ۋە شەخسى ھوقوق) ئىندىۋىدۇئال رىغت (قاتارلىقلارنى قانونى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ھەر بىر پۈقرانى بۇ قانون ئالدىدا ئوخشاشلىققا ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .جىسمانى ۋە روھى ھۆرلىك ئىجدىمائى قانونلار بىلەن ھەممە پۈقراغا باراۋەر بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغانلىق سەۋەبىدىن، ئوخشاش جەمىيەتتە ئوخشىمىغان ئىدىيە ئوخشىمىغان دىنىنى ئېتىقاتتىكى ئىنسانلار توقۇنۇشماي ئۆچمەنلەشمەي بىرگە ياشيالىشى ئەمەلگە ئاشقان .ئوتتۇرا شەرىقتىكى مۇسۇلمان دۆۋلەتلەردىكى ئۇرۇش قايىنمىدىن قاچقان مۇسۇلمانلار توپ-توپى بىلەن ياۋرۇپادىكى پۈقرا دۆۋلەتلەرگە ئېقىپ كىرىشى، ئىقتىسادى مەنپەتلەردىن بەكەرەك ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىنى دىنىنى ۋە مىللى كىملىكنى ساقلىغان ھالدا خاتىرجەم ياشيالايدىغان بىر جەمىيەتكە تاپشۇرۇشنى مەقسەد قىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى.

ئەمدى ئۇيغۇرلارغا قايتىپ كەلسەك، ئىسلامنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ئەمەس ھازىرقى رىيال ھالىتىدىن چىقىش قىلغاندا، ئۇيغۇر داۋاسىنى" ئىزم"لار دۇنياسىغا غەرىق قىلمىغان ئاساستا قانداق" ئىزم"بىلەن قوراللاندۇرغان ئىسلامنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇش، بۇ ئۇيغۇر مىللى داۋاسى قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى ئۆزلىرىمۇ بىلمەي تالاش– تارتىش قىلىۋاتقان مەسىلە ھەساپلىنىدۇ .سىياسى ئىسلامىزممۇ، ۋە ياكى مىلتانىت ئىسلامىزمىمۇ؟ ۋە ياكى كۆلتۈر ئىسلامىزمىمۇ؟ تالاش-تارتىشقا ئارلاشقان ھەر ئۇيغۇر ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئەقلى تەپەككۈر بىلەن ئەمەس ھېسسى بىلىشلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەلمەكتە .دوپىلىقلار نامايىشتىكى ھىجاپلىلارنى" رادىكال ئىسلامىزم "كۆرنىشىگە باغلىسا، قارا ھىجاپلىقلار بۇ خىلاپەتلىرىنىڭ دىنغىمۇ دىمۇكراتىيەگىمۇ ئۇيغۇن بولغانلىقىغا چىن پۈتۈپ كەلمەكتە .ئەمما ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل مىللى دۆۋلىتى بولمىغان ئۇيغۇرلارغا دىمۇكراتىيەنى بۇ خىلدا ئىپادىلەشنىڭ مەنپەت ئېلىپ كەلمەيلا قالماي، تارقاتقۇلاردا ئۆزلىرى قۇربان بېرىۋاتقان ئۇيغۇر مىللى ھەركىتىگە خاتا ماركا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بولسا ئۇلار چۈشەنمەي يۈرمەكتە .

دىنىنى ئەقلى تەپەككۈر بىلەن چۈشۈنىش) ئاپتورنىڭ>> دىنىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك <<دىگەن يازمىسىغا قارالسۇن(، ئىلمى شەرھىلەش، دىنىنى كىملىك بىلەن مىللى كىملىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان ئاچقۇچلۇق مىتوت بولۇپ قالدى .مەسلەن ھېجاپ دىنىنى كىملىك بەلگىسى دەپ ئۇنى كىينىشنى دىمۇكراتسىيە بەرگەن شەخسى ئەركىنلىك دىگەن قاراشتىكى ھىجاپلىق خانىم-قىزلارغا، دىنىنى ئالىملىرىمىز بۇ ئەھۋالنى قۇران ھەدىستىن باشقا ئىسلام تارخى ۋە فولكلورە ۋە ياكى ئېسنولوگىيە نۇقتىلىرىدىن ئىلمى ئىزدىنىپ، ھېجاپ ئەزەلدىن ئىسلامغىلا خاس خىلافەت ئەمەسلىگىنى، ئەرەپىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنى ئەزەلدىن قىز-ئاياللىرىنى يۆگەپ يۈردىغان، زىنا قىلغان ئاياللارنى يېرىم كۆمۈپ چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتىرىدىغان يەھۇدىلاردىن قوبۇل قىلىنغان" ئەن-ئەنە "ئىكەنلىكىنى يازما ياكى تەبلىق بىلەن

چۈشەندۈرسە، قىز-ئايالرىمىزمۇ نىمىنىڭ ھەققى رەۋىشتىكى دىنىنى خىلافەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولاتتى .ۋە شۇنىڭدەك دىنىنى زىيالىلىرىمىزمۇ ئىسلامنى تەرغىپ قىلىشتا مىللى مەۋجۇتلۇقىمىز، مىللى داۋارىمىز بىلەن بىر يۈلىنىشتە بولغان بولاتتى.

دىنىنى مۇتلەقلەشتۈرۈش) دىنىنىڭ نوپوزىنى ياراتقۇچىنىڭ نوپوزى ئورنىغا قويۇش(، دىنىنى ئىنسانلىقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، ۋە شۇنىڭدەك دىنىنى زىيالىلىرىمىزدا ئاللا ياراتقان) تەبئى قانونيەتلەرنى چۈشەندۈرىدىغان (تەبى پەن بىلىملىرىنىڭ كەم بولۇشى، ۋە ئىنسانلارنىڭ توپلام ھالىتىدىكى رىيال كارتىنىسىنى يېشىپ بېرىدىغان جەمىيەتشۇناسلىق، خەلىقارا مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىجدىمايى بىلىملەرنى دىنىنى خىزمىتىدە مىتوت قىلىپ ئىشلەتمەسلىك قاتارلىق سەۋەپلەردىن، ئاۋام پۇقرالارغا دىنىنى مەسىلىلەرنى ھازىرقى رىيال دۇنيا بىلەن ماس قەدەمدە چۈشەندۈرۈشتە قىينالماقتا، ۋە دىنىنىڭ يۈلۈنىشىنى مىللى مەۋجۇتلۇقۇمىز بىلەن ئوخشاش يۈلۈنۈشتە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، باشقا مىللەتلەردىكى ئىسلام مىللەتچىلىرىنىڭ خېلىلا ئارقىسىدا قالماقتا .خۇلاسە شۇكى، ئىسلامنى ئىسلام جەمىيتىدىكى رىيالىقى بىلەن چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش، دىنىنى كىملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئالدىدا مىللى كىملىكىنى ساقلاشقا كاپالەت قىلىدىغان مىللى دۆۋلەت بولۇشى كېرەكلىگىنى، ۋە مىللى دۆۋلەت بولۇپ ئۈيشۇش ئۈچۈن دىنىنى مىلەتچىلىككە مەنسۇپ ئىسلام مىللەتچىلىك مەيدانىدا ئۈيۈشۇش ۋە ئۈيۈشتۈرۈش كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمايدىكەن دىنىنى كىملىكىنى ساقلاشنىڭمۇ قىيىن بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى ۋە شۇنى دىنىنى ئۇقتىلاردىن چۈشەندۈرەلەيدىغان بولۇشى، ھازىرقى دىنىنى زىيالىلىرمىزنىڭ زىممىسىدىكى تارىخى ۋەزىپە بولۇپ قالدى .

ئىزھاتلار:

<< قۇران-كەرىم <<ئۇيغۇرچىسى سۇرە نەجىم38 ،-39ئايەت؛ سۇرە فاتىر-18 ئايەت؛ سۇرە فۇسلەت-46 ئايەت.

https://en.wikipedia.org/wiki/Islamism

تۈرك ئىسلام سىنتىزى بولسا تۈركىيەدىكى مىللەتچىكى زىيالىلار ئەينى دەۋىرلەردىكى ئىجدىمايى كىرزىسلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئايدىنلار ئوچىقى نامىدىكى زىيالىلار گۇرپىسى تەرپىدىن ئوتتۇرغا قويۇلغان 1980-يىللاردىكى ھەربى ئۆزگۈرشتە ھەربى ھۆكۈمەت تەرپىدىن قوبۇل قىلىنغان تۈركچىلىك ئېقىمىدىن ئىبارەت.

5 ئاساسى پىرىنسىپ، ختاي ھۆكۈمتى 1954-يىلدىن بېرى ھازىرغا قەدەر ئۆزگى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە ئوتتۇرغا قويۇپ كېلگەن تاشقى سىياستىنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ موھىم دەپ ئۆزگى دۆۋلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارلاشماسلىق دىگەن پىرىنسىپنى تەرغىپ قىلىپ كەلگەن .بۇ پىرىنسىپنى دەستەك قىلغان ختاي ھۆكۈمتى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قاراپ، خەلىقارا جەمىيەتنىڭ ئارلىششىغا قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە.

2003-يىلى ياپونيەنىڭ دۆۋلەتلىك تارقاتقۇسى ياۋرۇئاسيا ھەققىدە بىر قىسىملىق فىلىم ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ فىلمدە] ھىجرەتچىلەر [گە ئايىت قىسىم كىرگۈزۈلگەن .مەزكۇر فىلمدە ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا ئامان قالغان] ھىجرەتچىلەر[نىڭ بىر ئەزاسىنى كابۇلدىن تېپىپ زىيارەت قىلغان .ئافغانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇلارنىڭ ھىجرەت قىلىش سەۋەبلىرىنى فىلمگە ئالماقچى بولغان ياپونيەلىك رىجىسور خاتا ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە ھەمراھلىرى ئافغانىستاندا ماشىنا ۋەقەسىدە قازاغا دۇچار بولۇدۇ.

كومۇنىستىك پارتىيە بىلەن مىللەتچى پارتىيە) گوئو مىن داڭ(نى كۆرستىدۇ.

ختاي كومپارتىيەسىنى ئاكتىپ تاشقى سىياستى سەۋەبىدىن بولۇپمۇ ئۈچۈنچى دۇنيا ئەللىرى تەيۋەن

بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ چوڭ قۇرۇقلۇقتا ھۆكۈمەت قۇرغان كومىنىست پارتىيە ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باشلاپ،تەيۋەننىڭ خەلقارادىكى نوپۇزى ئاجىزلىشىشقا قاراپ ماڭدى. شۇ سەۋەپتىن تەيۋەن تاشقى دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان دىپلوماتىيەسىنى كۈچەيتىپ،شۇ قارقىلىق خۇددى سوۋېت ئىتپاقىدەك، خىتاينىڭ ئارقا ھويلىسى ھېساپلانغان شەرقى تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ھەركەتكە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

https://en.wikipedia.org/wiki/Civic_nationalism

پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

1. ئىسلامىسم–ۋھات ئىت مەئانس فور تهه مىددله ئەئاست ئاند تهه ۋورلد، تارەك ئوسمان 2016 ياله ئۇنىۋەرستي پرەسس، نەۋ ھاۋەن ئاند لوندون.

2. 『トルコのウイグル．ディアスポラ集団に関する文化人類学的研究』 2012 http://jairo.nii.ac.jp/0156/00004359

3. 『知られざる祈りーー中国の民族問題』加々美光行 1992 新評論

4. تۈركىستان 6) 1953 سان(، دوغۇ تۈرىستان كۆچمەنلەر دەرنەگى

5. گۆك بايراق، سايى87-1، 1994-2009 دوغۇ تۈرىستان كۆلتۈر ۋە دايانىشما دەرنەگى

6. 『トルコ近現代史——イスラームから国民国家へ』、新井政美、2001、みすず書房

7.『中ソ対立と現代——戦後アジアの再考査』中嶋嶺雄 1978 中央公論社

8. wild west china-the taming of xinjiang, christian taylor, 2003, rutgers university press

# بىر قېتىملىق نامايىش تەغدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ

**سەھەر**

ئەسلا ئارقىمىزغا يانمايمىز.

(موھانداس ماخاتما گەندى)

27-ئاپرىل بىلگىيەنىڭ پايتەختى بىرۇكسەلدە ئۆتكۈزۈلگەن، دۇنياۋى خارەكتىرلىقنامايىشىمىزدىن كېيىن، ئىجدىمائى تاراتقۇلاردا ۋە ۋاتس ئاپ توپلىرىدا بۇ نامايىشتىن ھېچقانداق نەتىجە ئالالمىغانلىغىمىز، 20- 30 يىلدىن بۇيان ئىزچىل نامايىش قىلىۋاتقان بولساقمۇ ئەمما ، نەتىجە كۆرەلماۋاتقانلىغىمىز، بىر تىجارەتچىنىڭمۇ ئەگەر ھېچقانداق پايدا ئالالمىسا، تىجارەتنى باشقا تەرەپكە قارىتىدىغانلىغى ھەققىدە مۇنازىرە ۋە غۇلغۇلىلار بولماقتا. شۇ سەۋەپتىن مەن نامايىش ۋە سەبىر تاقەت شۇنداقلا ئىزچىللىق ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. مەن بۇ نامايىشنى بۇندىن كېيىن "بۈيۈك يۈرۈش" دەپ ئاتايمەن. .

بىز چەتئەلگە چىققاندىن بۇيان، نامايىش قىلدۇق ئەمما بۈيۈك يۈرۈش قىلمىدۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرگۈن تارىخىدا ھازىرغا قەدەر پەقەت 2 يۈرۈش بولۇپ ئۆتتى. بۇنىڭ بىرى 15-مارت بىر ئاۋاز بىر قەدەم دۇنياۋى خارەكتىرلىق بۈيۈك يۈرۈشى، يەنە بىرى 27-ئاپرىل، 5 مىڭ كىشىلىك بىرۇكسەل يۈرۈشى. بۇ ماھىيەتتە ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ 100% ئويغىنىشى، بىخ سۈرۈشى ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشى بولۇپ ھەساپلىناتتى. بۇندىن بۇرۇن ئۇيغۇر روھىيتى ئويغاقلىق بىلەن خامۇشلۇق ئوتتۇرسىدىكى بىر خىل ھالدا ئىدى. بۇ قېتىم ئۇيغۇر روھىيتى كەسكىن ئويغاندى ۋە تۇنجى قەدەمنى باستى. ئۇيغۇر روھىيتىنى دۇنياۋى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىۋاتقىنى زۇلۇم شۇنداقلا مەۋجۇت بولۇش بىلەن يوق بولۇش ئوتتۇرسىدىكى ئىككى تاللاشنىڭ بىرى ئىدى. ئۇيغۇرلار مەۋجۇت بولۇشتىن ئىبارەت بۇ يولنى تاللىدى. ئەمما بۇ تاللاش، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرى، يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۇنيا ئاچارچىلىغى شۇنداقلا كۈچ تالىشىش جەڭگى جىدەللىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان دۇنيا سىياسەتچىلىرىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى..

مەۋجۇت بولۇش ۋە يوق بولۇش بۇ بىر كۆرەش، بۇ بىر ئىنقىلاپ. ئېنقىلاپ ۋە كۆرەش تىجارەتكە ئوخشىمايدۇ. بەلكىم بۇ كۆرەش بۇ ئىنقىلاپ تەلىيىمىز كېلىپ ئەتە ئاخىرلىششى ۋە ياكى 100

يىل مىڭ يىللاپ داۋام قىلىشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى بۇنىڭغا بىزنىڭ ھازىرلىغىمىز ۋە تەييارلىغىمىز بولۇشى كېرەك..

ئەتتىگەندە بىر ئىشنى قىلىپ چۈشتىن كېيىن نەتىجىسىگە قاراش ۋە نەتىجىسى بولمىسا چۈشكۈنلىشىش، ھاياجان ۋە ھىسسى مىللەتلەرنىڭ ئاجىزلىغى،ئەقىللىق مىللەتلەر، سەبىر تاقەتلىك چىدامچان، بىر ئىشنى ئۆزۈن مەزگىل ئىزچىل داۋاملاشتۇرالايدىغان بولىدۇ. بەلكىم دۇنيا مۇخبىرلىرى بىزنى ھىسسى ھاياجان، بىر يۈرۈشكە چىقىپ قويۇپ 5 يىل ئۇخلاپ ياتىدىغان مىللەتمۇ؟ ياكى سەبىر تاقەتلىك ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان، قىلغان ئىشلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغان مىللەتمۇ دەپ سىناۋاتقان ۋە سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن .

ئەقىللىق تېلفۇنلىرىمىز ۋە ئالما كومپيۇتورلىرىمىز ھەر ۋاقىت بىزدىن،«ئاپ دەيت» قىلامسەن دەپ سوراپ تۇرىدۇ بۇ دىگەنلىك يېڭىلىنىشنى خالامسەن ياكى كونا پېتى تۇرۇۋېرەمسەن دىگەندىن ئىبارەت. بىزمۇ ئەشۇ ئەقىللىق تېلفۇن ۋە كومپيۇتىرلارغا ئوخشاش كاللىمىزنى يېڭىلاپ تۇرىشىمىز، بۇ يىل تىككەن كۆچەتنىڭ كېلەر يىلى مىۋە بەرمەيدىغانلىغىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشىمىز. ئەركىنلىك ھۆرلۈكتىن ئىبارەت بۇ كۆرەشنىڭ ئېغىر بەدەللەر بىلەن قولغا كېلىدىغانلىغىنى بىلىشىمىز، ۋايىسماسلىغىمىز، ئۆزۈن بىر كېلەچەكنى

پىلان، سەبىر تاقەت ۋە ئىشەنچنى ئىرادە قىلىپ يولغا چىقىشىمىز كېرەك.

سەبىر تاقەت ۋە چىدامچانلىق ھەققىدە گەپ بولغاندا، دوستلارغا تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەي دەپ قالدىم. قۇچاق يەتكۈسىز يوغان ۋە قاتتىق، كۆككە تاقاشقان دەرەخلەرنى ھەجىم جەھەتتىن كىچىككىنە تۆمۈر تۇمشۇق بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما تۆمۈر تۇمشۇق، تۇمشۇغى بىلەن بۇ قاتتىق دەرەخلەرنى مىسلى كۆرۈلمىگەن سەبىر تاقەت بىلەن ھەر سېكۇنتتا 16 قېتىم ئۇرۇشتەك چىدامچانلىقتا، دەرەخ قاسراقلىرىنى ئويۇپ دەرەخقە ئۇۋا سېلىش ئىشىنى تاماملايدۇ. بۇ ئۇۋا ماھىيەتتە تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ ۋەتىنى، مۇستاقىللىقى شۇنداقلا ھەممە نەرسىسى ئىدى .

ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش جەھەتتىمۇ تومۇر تۇمشۇق ئىنسانلارغا بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ئۆلگە بولالايدۇ.

ھەر يىلى تۆمۈر تۇمشۇقلار جاماتى تەشكىللىنىپ، تۆمۈر تۇمشۇغىنى ئىشلىتىپ دەرەخ قاسراقلىرىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ھەر بىر تۆشۈككە بىردىن ئامۇتنى قاچىلاش ئىشىنى تەشكىللىك ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە، تۆمۈر تۇمشۇقلار بىر يازدا جەمى 60 مىڭ ئامۇتنى قىشلىق ئوزۇق ئورنىدا ساقلىۋالىدۇ.

بىزنىڭ دۇنيادىن، قېرىنداشلىرىمىزدىن شۇنداقلا مۇخبىرلاردىن رەنجىيدىغان ھەققىمىز يوق. خۇددى تۆمۈر تۇمشۇق تۇمشۇغى بىلەن بىرمۇ بىر چوقۇپ ئۆز ۋەتىنىنى قانداق بەرپا قىلغان بولسا، بىزمۇ تۆمۈر تۇمشۇقتىكى سەبىر تاقەت ۋە چىدام غەيرەت بىلەن، ئانا ۋەتىنىمىزنى شۇنداق قۇرۇپ چىقىمىز. ئەگەر بىز بۇ بۈيۈك يۈرۈشىمىزنى 10 يىل ئىزچىل داۋاملاشتۇرالايدىغان بولساق، ۋە 10 يىل ئۆتكەندە دۇنيا كوچىلىرىغا تۆكۈلگەن 10 مىڭ ئۇيغۇرنى كۆرەلىسەلەك ئۇ چاغدا، سەھەردە ئويغانغان ۋاختىمىزدا مۇخبىرلارنىڭ بىزنى ساخلاپ دەرۋازىمىز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

دۇنيا تارىخىدا ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىغان مىللەتلەردۇر.

ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ بايراقدارى، ھىندىلارنىڭ روھانى لىدىرى، "بۈيۈك روھ" گەندىگە ھىندىستان خەلقى "ماخاتما" يەنى بۈيۈك روھ ئۇنۋانى بەرىدۇ. ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە بۈيۈك روھ ساھىبى گەندىلەرگە ئىنتايىن ئەھتىياجلىق. گەندىنىڭ ھاياتى يالاڭئاياق ھالدا پۈتۈن ھىندىستاننى نامايىش قىلىپ ئايلىنىپ چىققان ھايات 1920-يىللىرى ھىندىستان ئەنگلىيە ئىشغالىيتىدە بولۇپ، ھىندىستاندا ئىتالىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئىپەك رەخلىرىدىن كىيىم كىيىش مودا ئىدى. گەندى ھىندى خەلقىگە مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئىپەك رەخلىرىنى بويقۇت قىلىش چاقىرغى چىقىرىدۇ ۋە بۇنىڭغا ماسلىششىش ئۈچۈن ئۆزى قولدا پاختا رەخ توقۇپ كىيىم تىكىپ كىيىپ، 80 گە يېقىن كىشى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر تۇز يۈرۈشكە ئاتلىنىپ، ھىندى ئوكيانغا يالاڭئاياق سەپەر قىلىدۇ ۋە 44 كۈن پىيادە مېڭىپ، ھىندى ئوكيانغا يېتىپ كېلىدۇ. گەندى ھىندى ئوكيان قىرغاقلىرىغا يېتىپ كېلىپ ئارقىسىغا قارىغاندا ئۆزىگە ئوخشاش قولدا توقۇلغان ئاق پاختا رەختىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى كۆرىدۇ. دۇنيادىكى مەشھۇر مۇخبىرلار گەندىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشقا باشلايدۇ. دىمەككى بۇ بۈيۈك روھ كۆڭۈللەرنى ئاللىقاچان فەتىھ قىلىپ بولغان ئىدى.

گەندى 44 كۈنگە سوزۇلغان بۇ يالاڭئاياق يۈرۈش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن يېزا قىشلاقلىرىدا، مۇستەملىكچىلەرنىڭ تۇز بېجىنى قانداق ئۆستۈرگەنلىكى، تۇز ساناتىنى قانداق كونتۇرۇل قىلىۋالغانلىقى، ھىندىستاننى قانچىلىك دەرىجىدە شۇمۇرۇپ يەۋاتقانلىقى ھەققىدە نۇتۇقلار سۆزلەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۈيۈك بىرتانىيە ھۆكۈمىتى گەندىنى قولغا ئالىدۇ. بۇ قېتىم 50 مىڭ ئادەم كوچىلارغا تۆكۈلۈپ گەندىنى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن نامايىش قىلىدۇ. يەنە بىر قېتىم بۇ بۈيۈك روھ كۆڭۈللەرنى ئاللىقاچان فەتىخ قىلىپ بولغان ئىدى. نەتىجىدە گېنېرال سمات گەندى بىلەن كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە ھىندىلارنىڭ مەنپەەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر يۈرۈش بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. گەندى بۇ جەرياندا 390 كىلومېتىر مۇساپىنى

يالاڭغىداق پىيادە يۈرىدۇ. ۋەتەن قۇرۇق گەپنى جىق قىلغانلارنىڭ ئەمەس بەلكى بۈيۈك روھنى يەتىلدۈرگەنلەرنىڭدۇر. ئۇيغۇرلار قاچانكى تۆمۈر تۇمشۇق ۋە گەندى روھنى ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرىدىكەن شۇ چاغدا دۇنيا ئادالىتىنىڭ ئىشىگى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېچىلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلاردا ھازىر بىر بەدەن ۋە بۇ بەدەن ساھىپ بولغان ئىككى قىممەتلىك نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ ئاۋاز ۋە قەدەم. ئۇيغۇرلار بۇ ئاۋازلارنى قانداق قىلىپ سادالارغا ۋە ھۆررالارغا ئايلاندۇرالايدۇ؟ بۇ قەدەملەرنى قانچىلىك چامدىيالايدۇ؟ بۇ دۇنيا تارازىسى تاتىدىغان مەسىلىلەر..

ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بىر تال تاش بار بولسا بۇ تاشنى دەرياغا ئېتىش ياكى كۆلگە ئېتىش مەسىلىسىدە ئىنتايىن ياخشى ئويلىنىشى كەرەك. چۈنكى بۇ تاش دەرياغا ئېتىلىپ قالغان ھالەتتە بىخۇدە ئېتىلغان تاش بولۇپ قالىدۇ. دەريا ئۆزىگە ئېتىلغان بۇ تاشقا پەرۋامۇ قىلماي ئېقىشىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. ئەگەر بۇ تاش بىر كۆلگە ئېتىلغان تەغدىردە، كۆل تېگى تېگىدىن قوچۇلۇپ كېتىدۇ ۋە كۆل يۈزىدە قانچىلىغان چامبىرەكلەر ھاسىل بولىدۇ. تاشنى توغرا يەرگە ئاتايلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تەغدىرى ئىچ-ئىچىدىن قوچۇلۇپ، يېڭى بىر ئۆزگۈرۈش ھاسىل بولسۇن.

تۇگىدى

2018-يىلى 8-ماي

# مۇراجەتنامىلەر نېمىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؟

## شۇڭقار تېكىن

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە قاتمۇ قات قىيىن-قىستاققا ئېلىنىشى ۋە زور كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىپ جازا لاگىرلىرىغا قامىلىشى چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاكتىپلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىزدىنىشىگە ۋە قارشىلىق قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ بىر ئۈلگىسى سۈپىتىدە مەشئەل گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان مۇراجەتنامىلەرنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. مۇراجەتنامىلەر گەرچە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئايدىڭلىرىنىڭ سۈپەتلىك ئەمگىكى بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بىر قىسمى ئاۋاز قوشۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مۇراجەتنامىلەرگە بولغان قارىشى ۋە مەيدانى ھەرخىل بولماقتا. بۇ ھەقتە بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇراجەتنامىلەرنى چىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا ئىمزا قويۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە پايدىسى ھەققىدىكى بىر قىسىم يازمىلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنداقتا، مۇراجەتنامىلەرنى چىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا ئىمزا قويۇش بىر ئىشنى ھەل قىلالامدۇ؟ مۇراجەتنامىلەر زادى نېمىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؟

مۇراجەتنامىلەر شەك-شۈبھىسىزكى ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ پاكىتلىق ھۆججىتى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قايتۇرغان ئىنكاسى سۈپىتىدە زور ئەھمىيەتكە ۋە تارىخى قىممەتكە ئىگە.

بىر يەردە بىر ناھەقچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىك بولىۋاتقان بولسا ئۇنى ئالدى بىلەن ئاشۇ ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان ئادەملەر باشقىلارغا بىلدۈرۈشى ۋە ئۇنى ئاشكارىلىشى كېرەك. بۇ ئاددى بىر ئۇقۇم. ئەگەر بىزگە قىلىنىۋاتقان زۇلۇمنى سۆزلىمىسەك ۋە قارشىلىق قىلمىساق خىتاينىڭ جىنايەتلىرى پاكىت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەشئەل ئۇيۇشمىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ چىقىرىلغان تۇنجى مۇراجەتنامىگە ئىمزا قويغان ئەنگىلىيەلىك بىر ياش دۇنيادا شۇنداقمۇ رەزىل ئىشلارنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىغا تولىمۇ ھەيران قالغان ۋە قالدۇرغان ئىنكاسىدا "بىزنىڭ دۆلىتىمىز( ئەنگىلىيە) مۇشۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلىۋاتقان بىر دۆلەت( خىتاينى دەمەكچى) بىلەن يېقىن شېرىكلىك مۇناسىۋەتتى ئورنىتىۋاتامدۇ؟ قېنى قىممەت قارىشىمىز، تېرېسا مەي بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشى كېرەك.” دېگەن. بۇ سۆز ئادەتتىكى بىر ئىنكاس ئەمەس. كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە تەسسەۋۋۇر قىلالمايدىغان رەزىل جىنايەتلەرنى شۇ جىنايەتلەرنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغانلارنىڭ پاش قىلىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر ئىش. ھەر مىللەت ئۆز ئەھۋالىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ ۋە سۆزلەشكە ئەڭ ھەقلىق.

جورج ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرستېتى پروفېسسورى دېيۋ كارپىفنىڭ قارىشىچە توردىكى مۇراجەتنامىلەر بىر خىل تاكتىكا. بۇ تاكتىكىنى سىياسى پائالىيەتچىلەردىن تارتىپ ھۆكۈمەتسىز، ئىنسانپەرۋەر تەشكىلاتلارغىچە ھەممىسى قوللىنىدۇ. گەرچە بۇرۇنقى ۋاقىتلارنى قەغەز ئارقىلىق بولغان، ھازىر تور يۈزىدە بولىۋاتقان بولسىمۇ ھەممىسى بۇنى ئۇنۇملۇك بىر تاكتىكا ئورنىدا مەلۇم ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. شۇڭا مۇراجەتنامىلەر يالغۇز ئۆز ئالدىغا بىر ئىشنى ھەل قىلالمىسىمۇ شۇ ئىشنى ھەل قىلىشتىكى ناھايىتى مۇھىم بىر قەدەم ياكى تۇنجى قەدەم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر نۇرغۇن ئىجتىمائى تاراتقۇلار، فېيسبۇك، تۋىتتېر دېگەندەك، مۇراجەتنامىلەرنى تارقىتىشتا زور رول ئويناۋاتىدۇ.

تاكتىكا سۈپىتىدە مۇراجەتنامىلەر :

خەلق راينى ھۆكۈمەتكە سىگنال قىلىپ ئەۋەتەلەيدۇ، سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ئىش قىلغاندا ئۇنى نەزەرگە ئالىدۇ.

تاراتقۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئارقىلىق قىلىۋاتقان ئىشنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە كىشىلەرگە بىلدۈرەلەيدۇ.

مۇراجەتنامىلەرگە ئىمزا قويغانلار ئارقىلىق شۇ ئىشقا قانداق ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلگىلى

بولىدۇ. مەشئەل گۇرۇپپىسى چىقارغان دەسلەپكى مۇراجەتنامىلەرگە قول قويغانلار ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن چەتئەللىكلەر زور دەرىجىدە كۆپ.

مۇراجەتنامىلەر كىشىلەرنى قوزغاش ۋە ئىئانە يىغىش كۈچىگە ئىگە. ئىلگىرى ۋەتەندىكى بىر قىسىم پىدائىلار توردا مۇراجەتنامىلەر چىقىرىش يولى بىلەن ئىئانە توپلاپ نۇرغۇن قېرىنداشلىرىغا ياردەم بەرگەن، يوقاپ كەتكەن باللارنىڭ ئىز دېرىكىنى تاپقان. گەرچە ئۇ ئىمزالىق مۇراجەتنامىلەر بولمىسىمۇ ياخشىلىق ئۈچۈن ئۇيۇيۇش ئۆز تەبىئىتىدە، مەدەنىيىتىدە بار بولغان بۇ مىللەتنى قوزغىتىشتا ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىغان.

غەرپ جەمئىيىتىدە بولسا ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى سۈپىتىدە مۇراجەتنامىلەر چوڭ رول ئويناۋاتىدۇ. ئامېرىكادا مۇراجەتنامىلەر ئارقىلىق سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ قارار چىقىرىشىغا تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

مۇراجەتنامىلەرنى چىقىرىپ قويغان بىلەنلا بولمايدۇ. مۇراجەتنامىلەر چوقۇم ئوبدان تەييارلانغان، پاكىتلىق، ئىلمى بولۇشى كېرەك، بولمىسا مىڭلىغان باشقا مۇراجەتنامىلەردەك كۆمۈلۈپ قالىدۇ. مەشئەل ئۇيۇشمىسى جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بېرىش ھەققىدىكى مۇراجەتنامىدە بىر مىليون ئۇيغۇرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن نۇرغۇن تاراتقۇلار، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى، ۋە ئامېرىكا قۇرۇلتىيى قاتارلىق ئورگانلار بۇ ساننى رەسمى ئىشلەتكەن. ئەگەر مەشئەل ئۇيۇشمىسى مۇشۇنداق ماگالىسا ئۇزاققا قالماي تاراتقۇلارغا رەسمى ئۇچۇرلارنى تەمىنلەش سالاھىيىتىگە يېتىپ قېلىشى ئېنىق.

ئۆزگەرتىش نەزىرىيىسى

ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىۋاتقان تەجرىبىلىك تەشكىلاتلار ئۆزگەرتىش نەزىرىيىسىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان بولىدۇ. مۇراجەتنامىلەرگە ئىمزا قويۇش بىلەن ئۇيغۇرلارغا بولىۋاتقان زۇلۇم دەرھال توختاپ قالمايدۇ، ياكى خىتاي ئۇيغۇر ۋەتىنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئەمما ياخشى تەييارلانغان بىر مۇراجەتنامە ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرنى توختىتىش ئۈچۈن بولىۋاتقان تىرىشچانلىقلارغا ۋە ئىستراتېگىيە تۈزۈپ مەقسەتكە يېتىشكە بىر ئاساس بولىدۇ. بىر مۇراجەتنامە ۋە بىر مەزگىللىك قىزغىنلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، چۈنكى بۇ مەسىلە بەك چوڭ ۋە بەك مۇرەككەپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. ئەمما ياخشى تەييارلانغان ۋە نەق ۋاقتىدا چىقىرىلغان مۇراجەتنامە ئۇيغۇرلار ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلىلەر ۋە جىددى ئىشلارغا جەلپ قىلالايدۇ ۋە ئىنكاس پەيدا قىلالايدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار ھازىر قىلالايدىغان ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئالدىنقى قاتاردىكى ئىشتۇر. مەشئەل گۇرۇپپىسى چىقارغان مۇراجەتنامىلەر نۇرغۇن تاراتقۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى، تاراتقۇلار ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغىچە يەتتى. بۇ گۇرۇپپا قوللانغان ناتسىستلار ئۇسلۇبىدىكى لاگېرلار دېگەن ئىبارە ھازىر پاكىتلار ئارقىلىق كۆپلىگەن دۇنياۋى مەتبۇئاتلار ئىشلىتىدىغان توغرا تەسۋىرلەشكە ئايلاندى.

ئۆزگەرتىش نەزىرىيىسى ئىستراتېگىيىلىك پىلانلاش، قاتنىشىش، ۋە مۆلچەرلەش ھەققىدىكى مەخسۇسلاشقان مېتود بولۇپ، بۇ مېتودنى ئىنسانپەرۋەر ئورگانلار، خالىس تەشكىلاتلار، ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئىجتىمائى ئۆزگۈرۈشلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆزگەرتىش نەزىرىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئالدىنقى شەرتلەرنى ئاساس قىلىپ يول خەرىتىسى سىزىشنىڭ ئېنىقلىمىسىدىن ئىبارەتتۇر.

ئامەرىكادەك دۆلەتلەردە مۇراجەتنامىلەر ۋە ئۇنىڭغا ياندىاش ئۇزلۈكسىز نامايىشلار ئارقىلىق پارلامېنتنى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قارار چىقىپ قانۇن ماقۇللاشقا ئېلىپ كەلگىلى ۋە شۇ ئارقىلىق خىتايىنى جازا لاگېرلىرىنى تاقاشقا مەجبۇر قىلغىلى بولىدۇ.بۇنىڭ ھەممىسى دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى مۇراجەتنامىلەرگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈشىگە باغلىق.

مۇراجەتنامىلەر بەلكىم ھازىر ھەممە ئۇيغۇرلار چۈشىنىدىغان ۋە قوللايدىغان بىر قارشىلى شەكلى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما غەربكە نىسبەتەن مۇراجەتنامىلەرنى يوللاش كىشىلەر بىردەك قوبۇل قىلغان بىر قانۇنى ھوقۇق ۋە

ئۇنۇملۇك ئۇسۇل. مۇراجەتنامە ئارقىلىق ھەق -ھوقۇق، ئادالەت تەلەپ قىلىش ئامېرىكا ئاساسى قانۇنىنىڭ بىرىنچى قوشۇمچىسىدا كۆرستىلگەن پىكىر ئەركىنلىكى بىلەن ئوخشاش ئورۇندىكى ھوقۇق بولغاچقا كىشىلەر بۇنىڭ كۈچىگە ۋە بۇ ئارقىلىق قوزغىلىدىغان ئىجتىمائى ھەرىكەتنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدۇ.ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ جىددى ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك مۇراجەتنامىلەرگە ئىمزا قويغانلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار يەنىلا ئاساسى ئورۇندا ئەمەس. مۇراجەتنامىلەر كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائى ھەرىكەتلەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق چوڭ ئىجتىمائى ئۆزگۈرۈشلەرگە سەۋەپ بولىدۇ.

ئىمزاچىلارنىڭ ساپاسى

دۇنيادا ھەر كۈنى تارقىلىۋاتقان ۋە ئىمزا قويۇلىۋاتقان يۈزلەرچە مۇراجەتنامىلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇيغۇرلار چىقىرىۋاتقان مۇراجەتنامىلەر ئالاھىدە سەزگۈرلۈككە ئىگە. ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپادا بىرەيلەن بىر مۇراجەتنامىگە ئىمزا قويۇشتىن ھېچقاچان ئەنسىرىمەيدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراجەتنامىلىرى بىۋاستە خىتاينى نىشان قىلغان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۇراجەتنامىلەرگە ئىمزا قويۇشتىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بولىدۇ. خىتايدىن قورقۇش، گەرچە مۇراجەتنامىگە قول قويغانلارنىڭ ئۈچۈرى خىتايغا ئاشكارىلانمايدىغان ھەتتا باشقا ئىسىم بىلەن ئىمزا قويۇشقا بولىدىغان بولسىمۇ، مۇراجەتنامىلەرگە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز قول قويىدىغانلىقىنىڭ ئاساسى سەۋەبى. ئەگەر بىر ئۇيغۇر يوشۇرۇن ھالدا مۇشۇنچىلىك مۇراجەتنامىلەرگە ئىمزا قويۇشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرسا مىللەت ئۈچۈن ھېچنېمە قىلمىغان بولىدۇ. چۈنكى مۇراجەتنامىلەرگە ئۆز كىملىكىنى ئاشكارا قىلمىغان ھالدا تامامەن ئىمزا قويۇش مۇمكىن.

مۇراجەتنامىلەر ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەيدۇ، ھەتتا ئىمزا قويغان ھەر بىر ئادەمدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ

ئەگەر سىز مۇراجەتنامىلەرگە ئىمزا قويغان بولسىڭىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغۋار كۆرىشىگە قاتناشقان بولىسىز. بۇ ھاياتىڭىزغا قىممەت ۋە شان-شەرەپ قوشىدىغان بىر قەدەم بولىدۇ. بۇ مۇراجەتنامىلەر پەقەت بىر باشلىنىش بولۇپ بۇيۇك ھەرىكەتلەر ئەنە شۇ يەردىن باشلىنىدۇ

# «يۇمشاق نامايىش» ۋە ئۇيغۇر داۋاسى

**تارىمئوغلى**

2018-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى

مېنىڭ بىر دوستۇم تۇنۇگۈن «مانى كۆرۈپ بېقىڭ»، دەپ، ماڭا تۆۋەندىكى تور ئادرېسىنى ئەۋەتىپتۇ:
https://www.change.org/o/group_of_uyghurs_living_abroad

قارىسام ئۇ توردا «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى» تەييارلاپ ئېلان قىلغان 5 پارچە مۇراجىئەتنامە بار ئىكەن. گەرچە مەن ئۇ مۇراجىئەتنامىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمزا قويۇپ كەلگەن بولساممۇ، بەش مۇراجىئەتنامىنىڭ ئىمزا قويۇلۇش ئەھۋالىنى بىرلا يەردە تەك كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. شۇڭا مەن ئىمزا سانىغا قىزىقىپ قاراپ باقتىم، ھەمدە ئاخىرقى مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويغانلارنىڭ ئازلىقىغا ناھايىتى ھەيران قالدىم. ئۇ مۇراجىئەتنامىلەرنىڭ قىسقا ئېمىسى ۋە ئىمزا سانى مۇنداق ئىكەن:

1 – چەت ئەلدىكى ۋە ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈپ تاشلىنىشى: 11319
2 – بىر مىليون ئۇيغۇرنىڭ سولاپ قويۇلۇشى: 6934
3 – مىڭلىغان ئۇيغۇر «تەسىر مەھبۇسلىرى»: 1658
4 – چىن چۇەنگونىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرى: 1327
5 – بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ DNA ئۇچۇرلىرىنىڭ توپلىنىشى: 582

بۇ سانلارنى كۆرگەندىن كېيىن مەن كۆپ ئويلىنىپ، ئىشلارنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بېقىشقا تىرىشتىم. ئەمما ئۈزۈم قانائەتلەنگۈدەك بىرەر جاۋاب تاپالمىدىم.

ھازىر چەت ئەلدە ياشاۋاتقان، كومپيۇتېر ياكى زېرەك يانفون ئىشلىتەلەيدىغان (ياكى «كومپيۇتېردا ساۋاتلىق») ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى تۆۋەندىكىدەك پەرەز قىلىش مۇمكىن:

ئامېرىكا: 4000
ياپونىيە: 3000
كانادا: 2500
ياۋروپا: 10000
باشقا ئاسىيا ئەللىرى: 2000
تۈركىيە: 15000
ئوتتۇرا ئاسىيا: 15000
جەمئىي: 51500

مۇشۇنداق ھېسابلىساق 5-مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويغان ئۇيغۇرلار چەت ئەلدىكى كومپيۇتېردا ساۋاتلىق ئۇيغۇرلار سانىنىڭ ئاران 1.1 پىرسەنتىگە توغرا كەلگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھېلىقى مۇراجىئەتنامىلەرگە ئىمزا قويغانلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر ئەمەس چەت ئەللىكلەر بولۇپ، ئىمزا قويغان ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى بىر پىرسەنتتىنمۇ ئاز.

بىزگە نېمە بولدى؟ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا نېمە بولدى؟ Change.org دىكى بىر مۇراجىئەتنامىگە

ئىمزا قويۇش ئۈچۈن بىر ئادەمگە 2 – 5 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى مىللەتپەرۋەرلىك نەگە كەتتى؟ ئۇيغۇرلاردىكى مىللىي روھ نەگە كەتتى؟ ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن، ھازىر ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تارىختا ئاز ئۇچرايدىغان زۇلمەت، ھازىر ئۇلار قان يۇتۇپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرىي بولۇۋاتقان ئىنسان غۇرۇرى دەپسەندىچىلىكى، ھازىر ئۇلار ئۈچۈن ھەر كۈنى يۈز بېرىۋاتقان كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى چەت ئەلدىكى كومپيۇتېردا ساۋاتلىق ئۇيغۇرلاردىن 10 پىرسەنت كىشىنىڭ 2 – 5 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، بىر مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويۇشىغا يەتمىگەن بولسا، بىز بۇ مىللەتنى قانداق چۈشىنىمىز؟ بىز ئۇيغۇر مىللىتىنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟

چەت ئەلدىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار «مەن چەت ئەلگە دۇنياغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن چىقتىم»، دەيدۇ. 2018-يىلى 15-مارتتا ھەقىقەتەنمۇ چەت ئەلدىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ۋىجدانلىق ۋە مىللەتسۆيەر ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدىكى ئون نەچچە شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ دەردىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە دۇنياغا ئاڭلاتتى. ئۇ نامايىشلارغا مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قەھرىمان ئۇيغۇر ئاياللىرىغا سالام» (http://www.uyghurnet.org/ug/) دېگەن ماقالىسىدە ناھايىتى ئەتراپلىق باھا بەرگەن بولۇپ، مەن ئۇلارغا بۇ يەردە قايتا باھا بېرىپ ئولتۇرمايمەن.

مېنىڭچە 15-مارتتا كوچىلاردا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشلارنى «قاتتىق نامايىش»، دەپ ئاتاپ، مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى تەييارلاپ، تورلاردا ئىمزا توپلاش ئۈچۈن تارقاتقان مۇراجىئەتنامىلەرنى بولسا «يۇمشاق نامايىش»، دەپ ئاتىساق تامامەن بولىدۇ. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ ئىككى خىل پائالىيەتنىڭ مەقسىتى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى كوچىلاردا فىزىكىلىق ئىش-ھەرىكەت سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە بىرى بولسا مەۋھۇم دۇنيادا، ياكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قاتتىق نامايىشقا تەشكىللىگۈچىلەرمۇ ۋە قاتناشقۇچىلارمۇ بىر قىسىم ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ، ھەممە بىر قىسىم ئەجىرلەرنى سىڭدۈرىدۇ. يۇمشاق نامايىشتا مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا ئوخشاش «تەشكىللىگۈچىلەر» بىر قىسىم ئەجىرلەرنى سىڭدۈرىدىغان بولۇپ، «قاتناشقۇچىلار» بولسا 2 – 5 مىنۇتلۇق ۋاقىتىدىن باشقا بەدەل تۆلىمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى تور بېتىدىن بايقىلىشىچە، مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى ئۆزلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان يۇمشاق نامايىش ئۈچۈن خېلى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىۋېتىپتۇ. مەسىلەن، ئۇلار ھازىرغىچە تارقاتقان 5 پارچە مۇراجىئەتنامىنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچىدىن سىرت يەنە باشقا 7 – 8 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپتۇ. ئۇلار يەنە ئاشۇ مۇراجىئەتنامىلەردىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە بىر قىسىم ئىنگلىزچە دوكلاتلارنىمۇ تەييارلىغان بولۇپ، بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلار ۋە بەزى تەشكىلاتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئۇ دوكلاتلارنى چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا يوللاۋېتىپتۇ. مەشئەل گۇرۇپپىسى تەييارلىغان ئىنگلىزچە دوكلاتلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن:

(1)ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇنىۋېرسال دوكلات:

http://blog.freedomsherald.org/?p=1202

(2) ئائىلىسىدىكىلەر تۇتۇپ كېتىلگەن 30 دەك ئۇيغۇرنىڭ دېلولىرى:

**https://freedomsherald.wordpress.com/2018/01/19/political-persecution-of-the-uyghurs-brief-description-of-some-individual-cases/**

(3) 2014-يىلىدىكى يەكەن ۋەقەسى:

**http://blog.freedomsherald.org/?p=1152**

(4) بىر ئۇيغۇرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى ئىسپاتى:

https://freedomsherald.wordpress.com/2017/11/11/an-eye-witness-testimony-on-ethnic-cleansing-in-uyghur-homeland/

(5) «ئاپام بىلەن قىزىمنى ئېتىۋەت، ئوقنىڭ پۇلىنى مەن بېرىمەن»:

https://freedomsherald.wordpress.com/2017/11/11/an-eye-witness-testimony-on-ethnic-cleansing-in-uyghur-homeland/

(6) خىتاي سىياسىي پائالىيەتچىسى گۇ ۋېنگۈينىڭ ئۇيغۇر پاجىئەلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى:

https://freedomsherald.wordpress.com/2017/11/22/chinese-exiled-billionaire-guo-wengui-exposes-chinas-abuse-of-the-uyghurs/

بىر يۇقىرىقىلاردىن مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇراجىئەتنامە يېزىپ ئىمزا توپلاش ۋە ئىنگلىزچە دوكلاتلارنى تەييارلاپ تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ھەققىدەتەمۇ بىر خىل «يۇمشاق نامايىش» بولالايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئۇنداقتا چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار بۇ يۇمشاق نامايىشقا نېمە ئۈچۈن قاتناشمايدۇ؟ ئۇنىڭ بىر سەۋەبى يۇمشاق نامايىشنىڭ قىممىتىنى تولۇق چۈشەنمەسلىك، يەنە بىر سەۋەبى بولسا ئىمزالاش ئۇسۇلىنى بىلمەسلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز شۇنداقلارنىڭ بىرى بولسىڭىز، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار سىزگە بۇنداق يۇمشاق نامايىشنىڭ قىممىتىنى خېلى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭ Change.org تىكى مۇراجىئەتنامىلەرگە ئىمزا قويۇش ئۇسۇلىمۇ تۆۋەندىكى قىسقا ۋىدېئودا چۈشەندۈرۈلۈپتۇ:

http://www.freedomsherald.org/ET/cmp/Imza-qoyush.mp4

مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى يەنە تۆۋەندىكى ئىككى تور بېتىگە ئۇيغۇرلارغا ئائىت كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپتۇ:

http://freedomsherald.org/ET/unb/

http://freedomsherald.org/ET/cmp/

مەن مەركۇر ماقالىنى يېزىۋېتىپ، يېقىنقى نەچچە ئون يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن كىچىك ۋە ئاجىز مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان چوڭ ۋە كۈچلۈك مىللەتنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ مۇنداق بىر قانچە مىساللارنى ئەسلىدىم:

**(1) فىنلاندىيەلىكلەرنىڭ مۇستەقىللىق كۆرىشى**

فىنلاندىيە ھازىر ئاران 5 مىليون نوپۇسى بار بولغان بىر كىچىك دۆلەت بولۇپ، ئۇ نەچچە ئەسىر چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى بىر كىچىك زېمىن بولۇپ كەلگەن. ئەمما، لېنىن يېتەكچىلىك قىلغان 1917-يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لېنىننى قوغداۋاتقان قىزىل ئارمىيە رۇسىيەنىڭ ئاق ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لېنىن فىنلاندىيەدىكى رۇس ئەسكەرلىرىنى موسكۋاغا يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇرىي بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن فىنلاندىيە خەلقى ئۈچۈن بىر ھەربىي بوشلۇق پەيدا بولىدۇ. ھەمدە ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان بىر تەرەپتىن پۇرسەت كۈتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن توختىماي كۆرەش قىلىپ كەلگەن فىنلاندىيەلىكلەر قوزغىلىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان رۇسلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ [1-3].

**(2) «ناخشا ئىنقىلابى» ئارقىلىق مۇستەقىل بولغان بىر كىچىك مىللەت**

«ناخشا ئىنقىلابى» ئېستونىيە (Estonia)، لاتۋىيە (Latvia) ۋە لىتۋانىيە (Lithuania) دىن ئىبارەت 3 دۆلەت 1987-يىلىدىن 1991-يىلىغىچە ئېلىپ بارغان، سوۋېت مۇستەملىكچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر مەيدان ئىنقىلاب. ئېستونىيەلىك كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ۋە سەنئەتكار ھەينىز ۋالك (Heinz Valk) «ناخشا ئىنقىلابى» دەپ بىر ناخشا ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ ناخشا ئېلان قىلىنىپ بىر

ھەپتە ئۆتكەندە، يەنى 1988-يىلى 10 – 11-ئىيۇن كۈنلىرى، نەچچە ئون مىڭ كىشى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ئاشۇ ناخشىنى ئېيتىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. مانى كۆرۈپ بېقىڭ:

https://www.youtube.com/watch?v=hpNWfY0sN6E

ئېستونىيە، لاتۋىيە ۋە لىتۋانىيەدىن ئىبارەت 3 دۆلەتنىڭ خەلقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇستەقىل بولۇشقا چاقىرىش ئۈچۈن، 1989-يىلى 23-ئاۋغۇست كۈنى «بالتىق يولى» (Baltic Way) دېگەن نامدا بىر چوڭ نامايىش ئۆتكۈزىدۇ. بۇ نامايىشتا يۇقىرىدىكى 3 دۆلەتنىڭ خەلقى بىر قۇر بولۇپ قول تۇتۇشۇپ تىزىلىپ، بىر 600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى «ئادەم زەنجىرى» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇ زەنجىر ئېستونىيەنىڭ تاللىن شەھىرىدىن باشلىنىپ، لاتۋىيەنىڭ رىگا شەھىرىدىن ئۆتۈپ، لىتۋانىيەنىڭ ۋىلنيۇس (Vilnius) شەھىرىگە تۈتىشىدۇ. شۇ چاغدىكى بىر قىسىم مەنزىرىلەرنى بۇ يەردىن كۆرەلەيسىز:

https://www.youtube.com/watch?v=212E9CDVFJ0

سوۋېتلىكلار بېسىۋالغان 100 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، ئېستونىيەلىكلەر نوپۇسىنىڭ 25 پىرسەنتى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما، ئېستونىيە خەلقى بۇنىڭلىق بىلەن ئۇمىدنى ئۈزۈپ قويماي، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنى تاكى مۇستەقىل بولغۇچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئېستونىيەلىكلەرنىڭ ئاران بىر مىليون نوپۇسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرى ئۈزۈلدۈرمەي ۋە تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىدۇ [4].

**(3) ئىسپانىيەنىڭ كاتالونىيە رايونىدا 2017-يىلى يۈز بەرگەن ئۆيلىرىدە قازان چېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى**

بۇ كۈرەشتە ھۆكۈمەت ساقچىلىرى خەلقنى ئۆيلىرىنىڭ سىرتىدا ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا يول قويمىغاندا، پۈتۈن ئاھالە ئۆيلىرىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئۆيلىرىنىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىۋېتىپ، قازان-تەلەڭگىلىرىنى چۆمۈش-قوشۇقلار بىلەن ئۇرۇپ، پۈتۈن شەھەر مىقياسىدا ناھايىتى كۈچلۈك ئاۋاز پەيدا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندىكى ۋىدېئونىڭ 19 مىنۇتلۇق يېرىدىن باشلاپ كۆرۈپ بېقىڭ:

https://www.youtube.com/watch?v=OrfMz1YaSM8

پۈتۈن خەلقنىڭ نامايىشقا قاتنىشىش ئەھۋالىنى بۇ يەردىن كۆرەلەيسىز:

https://www.youtube.com/watch?v=9kXl332I9ZQ

سوۋېت ئىتتىپاقى ئون نەچچە دۆلەتكە پارچىلاندى. يۇگوسلاۋىيە 7 دۆلەتكە پارچىلاندى. چېخوسلوۋاكىيە 2 دۆلەتكە پارچىلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولغىنى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ 3 كىچىك دۆلەتنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى. ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ 3 كىچىك دۆلەتنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىر چوڭ بومبىنىڭ پىلىكىگە ئوت تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

ئەگەر بىز يۇقىرىقىدەك غەلبە قازانغان كىچىك ۋە ئاجىز مىللەتلەرنىڭ بىر چوڭ ۋە كۈچلۈك مىللەتكە قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بولساق، ئۇنداق كۈرەشلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز:

(1) مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ئاشۇ ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللەتنىڭ ئەزالىرى يۈزدەيۈز پىرسەنت تولۇق قاتنىشىدۇ. يەنى، ئۇ ھەرىكەتكە مىللەتنىڭ ھەممە كىشىلىرى قاتنىشىدۇ. مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار يەنە بىر تەرەپكە يۈزدەيۈز پىرسەنت قارشى تۇرغۇچىلاردىن بولىدۇ. مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ قارشى تەرەپكە قارشى تۇرۇش دەرىجىسىمۇ يۈزدەيۈز پىرسەنت بولىدۇ. دۇنيادا ئۇنداق كۈچكە تەڭ كېلەلەيدىغان باشقا بىرەر كۈچ يوق.

(2) ئۆزى بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرا ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمايدۇ، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمايدۇ، قېنى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقلا ياشاش ماكانلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ نەرسىلەر ئىككى مىللەتنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ چەك-چېگرىسىمۇ ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ. كىملەر ئۆزىنىڭ ئادىمى، كىملەر ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئىنتايىن ئېنىق چۈشىنىلگەن بولىدۇ.

(3) مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر ئاساسى، ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى بارلىق خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشى. ئاساسىي قاتلامدىكى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

(4) مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر قۇربان بېرىشتىن قورقمايدۇ. ئەگەر سىز بىر ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئادەم بىلەن مۇشتىلىشىپ قالىدىكەنسىز، سىز چوقۇم يېڭىلىسىز. يەنى، مۇشتىلىشىشنىڭ مەقسىتى سىز قارشى تەرەپنى يىقىتىپ، ئۆزىڭىز ساق قېلىش. ئەگەر سىز مۇشتىلىشىۋاتقان ئادەم ئۆزىنىڭ ساق قېلىش-قالماسلىقىغا پىسەنت قىلمايدىغان، سىزنى يىقىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان بىر كىشى بولىدىكەن، سىز ئۇنى ھەرگىزمۇ يېڭەلمەيسىز. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەزالىرى قاتتىق ۋە يۇمشاق نامايىشلارغا يۈزدە-يۈز پىرسەنت قاتنىشىدىغان بولغاندا، خەلقئارا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ھەقىقىي تۈردە دىققەت قىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن.

مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى چىقارغان مۇراجىئەتنامىلەرگە ھازىرغىچە ئىمزا قويۇش ئەھۋالى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىدىكى 4 خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشتىن كۆپ يىراق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەن بۇنىڭغا ناھايىتى ئېچىندىم، ھەمدە بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندىم. چۈنكى، باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلارغا ئوخشاش، مەنمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنى ناھايىتى قاتتىق سۆيىمەن -- «چوڭقۇر مۇھەببەت بولمايدىكەن، چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىنىشمۇ بولمايدۇ (مارتىن لۇسېر كىڭ)». مەن ئويلايمەن، ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە يۇقىرىقىدەك 4 خىل مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس ھالدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۈگۈنكىدەك كۈنگە قالغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقىدەك ناچار تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى بىر ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئاشۇ 4 خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىمىز ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

«رەزىللىكنى پاسسىپ ھالدا قوبۇل قىلىش رەزىللىكنى سادىر قىلغۇچىلارغا ياردەمدە بولۇش بىلەن ئوخشاش. رەزىللىككە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئۇنى قوبۇل قىلىش، رەزىللىكنى سادىر قىلغۇچىلار بىلەن ھەمكارلاشقانغا ئوخشاش (مارتىن لۇسېر كىڭ)». قاتتىق زۇلۇم ئىچىدە قالغان، ئاستا-ئاستا ئۆرە تۇرۇش ماغدۇرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان، شىددەت بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقۇتۇلۇش تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان خەلقىمىز ھازىر بارچە ئۈمىدنى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن كۈتۈۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىر چەت ئەلدىكى ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆز-ئۆزىدىن «مەن ۋەتەندىكىلەرگە ھازىرغىچە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدىم؟ يەنە قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيمەن؟» دەپ سوراپ باقمىسا بولمايدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ھازىر خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنى تىلىدىن ۋاز كېچىشكە، دىنىدىن ۋاز كېچىشكە، ۋە مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاپ، 10 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئۇيغۇر نوپۇسىنى تۈرمە لاگېرلارغا سولاپ، كۆپلىگەن گۇناھسىز ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قىسقا زامان ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنى پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، ھەمدە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇنداق جىنايى قىلمىشلىرىغا قارشى ئىكەنلىكىڭىزنى دۇنياغا بىلدۈرۈشنى ئىستىسىڭىز، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشنى، ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم پرىنسىپ ۋە مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى خەلقىمىز ئالدىدا نامايان قىلىشنى خالىسىڭىز، مەشئەل گۇرۇپپىسى تەييارلىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن تەييارلايدىغان

مۇراجىئەتنامىلەرگە ئىمزا قويۇڭ. مەن سىزنىڭ ئاشۇنداق ياخشى ئەمەلىڭىز ئۈچۈن سىزگە مۇشۇ يەردە ئالدىنئالا رەھمەت ئېيتىمەن.

**ئىمزا قويۇش تور ئادرېسى:**

https://www.change.org/o/group_of_uyghurs_living_abroad

**ئىمزا قويۇش ئۇسۇلى:**

http://www.freedomsherald.org/ET/cmp/Imza-qoyush.mp4

## پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


[1] 王澄博士談南疆獨立和民族分裂（上）
https://www.youtube.com/watch?v=aJck07J35sw&t=4s
[2] Finnish Civil War
https://en.wikipedia.org/wiki/Finnish_Civil_War
[3] ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۈمىد بار—فىنلاندىيە مۇستەقىللىقىدىن ئويلىغانلىرىم
http://wetinim.com/forum.php?mod=viewthread&tid847=
[4] «ناخشا ئىنقىلابى» ئارقىلىق مۇستەقىل بولغان بىر كىچىك مىللەت
http://www.uyghurnet.org/ug/%D9%86%D8%A7%D8%AE%D8%B4%D8%A7-%D8%A6%D9%89%D9%86%D9%82%D9%89%D9%84%D8%A7%D8%A8%D9%89-%D8%A6%D8%A7%D8%B1%D9%82%D9%89%D9%84%D9%89%D9%82-%D9%85%DB%87%D8%B3%D8%AA%DB%95%D9%82%D9%89%D9%84-%D8%A8%D9%88/
[5] تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر
http://www.hoylam.net/tibetliklerning_milliy_musteqilliq_herikitidin_uyghurlargha_nezer/
[6] مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ
http://www.hoylam.net/milliy_musteqilliq_heriketliri_choqum_ghelibe_qilidu/

# تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (1)

**كاسسىنى**

ئېنتېرنېتقا كىرىپ ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك بىر پروگراممىنى كومپيۇتېرىڭىزغا چۈشۈرمەكچى بولغىنىڭىزدا ئالدىڭىزغا 10 ۋە 20 ۋاراقلىق بىر كېلىشىمنامە چىقىدۇ. سىز بۇ پروگراممىنى كومپيۇتېرىڭىزغا چۈشۈرۈۋېلىش ھەلەكچىلىكىدە، بۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇن كېلىشىمنامىنى چالا پۇلا ئوقۇۋېلا قوشۇلىمەن دېگەن كۇنۇپكىنى بېسىشقا ئالدىرايسىز.

دېمەككى بۇ ئىنسانلارنىڭ كۆچ ئالدىدا ماھىيەتنى تەرك ئېتىشكە رازى بولغانلىقىنىڭ بېشارىتىدىن ئىبارەت. بىلىم كۈچ دەپ كەلدۇق بۈرۈندىن. دۇنيانىڭ زامانىۋىلىششىغا ئەگىشىپ تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ كۈچ ئادەملەرنى بويسۇندۇرۇپ كەلدى. كومپيۇتۇرلىرىمىزغا چۈشۈرۈۋاتقان پروگراممىلارنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بىلەن تولۇق تونۇشماي تۇرۇپ، كېلىشىمگە ھەئە دېيىشكە مەجبۇر بولۇشىمىز بىزنىڭ كۈچ ئالدىدا ماھىيەتنى يەنى نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى تەرك ئېتىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر نېمىگە ئىمزا ئاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمىگەن ھالەتتە ياشايدۇ. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار، دۇنيادىكى كۈچلەر ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقان بىر جۇغراپىيە ئەتراپىدا ياشىماقتا. بۇ كۈچلەر كىشىلەر خۇددى كومپيۇتېردىن بىر ھۆججەت چۈشۈرگەندە، ئالدىغا چىقىدىغان ئۇزۇن ۋە كېلەڭسىز كېلىشىمگە خالاپ- خالىماي ئىمزا قويغاندەك، بىر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مەجبۇرلاشنى ئۇيغۇرلارغا سۇنماقتا. شۇڭا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇشى كېرەككى، ئۆزى ئۈچۈن ئانچە مەنپەئەتى بولمىغان ئارتۇقچە پروگراممىلارنى ھاياتىغا چۈشۈرمەسلىگىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئىنسانلار بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش كۈچسىز مىللەتلەر سەھنىلەردىكى ئارتىسلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ رولىنىڭ قەيىردە كۆز يېشى قىلىپ قەيىردە كۈلۈمسىرەيدىغانلىغى، قەيىردە قەلەندەر بولۇپ قەيىردە، شاھزادە بولۇدىغانلىغى پەقەت كۈچلۈكلەر ۋە دىراماتورىك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

مەشھۇر دىراماتورگ شېكسپىرنىڭ خاملەت ناملىق دىرامىسىدا، خاملەت 1-پەردىدە كىلادىۋسنى ئۆلتۈرەلمەيتتى. بۇنىڭغا شېكسپىر رۇخسەت قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خاملەت دانىيەنى تەرك ئېتىپ ھىندىستاندا مۇساپىر بولۇش يولىنى تاللىيالمايتتى. چۈنكى بۇ شېكسپىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى.

خاملەت دىراممىسى شېكسپىر ۋاپات بولغان 400 يىلدىن بۇيان مانا مۇشۇنداق ئوينۇلۇپ كەلدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق ئوينىلىدۇ. بۇ دىراممىنى ھېچكىممۇ ئۆزگەرتىشكە جور'ئەت قىلالمايدۇ.

دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىمۇ داۋاملىق ھالدا شېكسپىرنىڭ دىراممىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان دىراممىلار ئوينۇلۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن ئافرىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۇرىيەدە، تۈركىيە ۋە باشقا دوۋلەتلەر دىراممىدا رول ئېلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. رولچىنىڭ قانداق رول ئېلىشى ئەلۋەتتە بۇ دىراممىنى يېزىۋاتقانلارنىڭ سىزىپ بەرگەن چېگرىسى ئىچىدە بولىدۇ. خۇددى خالمەت شېكسپىرنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقى ئىچىدە مەشھۇر بولغىنىغا ئوخشاش.

خىتاي بىلەن تۈركىيە بىر يول، بىر بەلباغ دىراممىسىدا رول ئېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەكلا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئافرىندىكى تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ يېنىدا بولۇشنى جېنىنىڭ بەك ئىستەپ كېتىۋاتقانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۈركىيە ئۈچۈن شېھىت بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئەسكەرلىككە تىزىملىتىش كامپانىيەسى باشلاتتى. ۋە تۈرك خەلقى شۇنداقلا ئاخبارات ساھەسى ئالدىدا پەقەت تۈركىيەنى ۋاقىتلىق خۇشال قىلىش بەدىلىگە(بەلكى تۈركىيەمۇ ئانچە خوش بولۇپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن) ، تۈركىيەنىڭ بىر تەبەسسۇمى ئۈچۈن، كۆپلىگەن دۈشمەننى ئۆزىنىڭ پېشىغا ياماشتۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي،

خاتايدىكى تۈرك ئەسكەرلىرىگە قان بېرىمىز دەپ خاتايغا بېرىپ، چىرايلىق قېنىنى بېرىپلا قايتماي، خەقنىڭ ئەسكەرلىك كىيىمى، خەقنىڭ قورالى بىلەن، تولىمۇ ساددە ۋە ھاياجان قىياپەتتە، دراما يازغۇچى "شېكىسپىر" لارنى ۋە رول ئالغۇچىلارنى شۇنداقلا ئەقىللىق زېرەك ئۇيغۇرلارنىمۇ راھەتسىز قىلىدىغان بىر سەتچىلىك سادىر قىلدى. دېمەككى سىياسىي ئويۇنلار ئۈچۈن دراما يېزىۋاتقان "شېكىسپىر" لار ئۆزلىرىنىڭ رۇخستى بولمىغان بۇنداق پىلان سىرتىدىكى قوشۇمچە كۆرۈنۈشلەرنى خالىمايتتى. ئەلۋەتتە بۇ يەردە يەنە بىر كۆلەڭگە شېكىسپىرلار، بۇ ئىككى كۆرۈنۈشنى بۇ درامىمىنىڭ ئىچىگە مەجبۇرىي كىرگۈزۈپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنى تۈركىيەدە ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇۋېتىش ئويۇنىغا ھازىرلاۋاتاتتى. ياكى بولمىسا 90- يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئېغىر بىرسىياسى كىرزىسقا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئويۇننىڭ تۈركىيەدە ئوينىلىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى.3- بىر جەھەتتىن، تەقدىرى باشقىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش مەزلۇم بىر مىللەتكە تۇتۇۋاتقان پوزىتسىيەسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، سۆزدە مەزلۇم ئۇيغۇر مىللىتى دېگەن بىلەن ھەركەتتە، مەزلۇملارنىڭ يېنىدا ئەمەس بەلكى چوڭ كۈچلەرنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى غەرب دۇنياسىغا كۆرسىتىپ قويۇۋاتاتتى.4- جەھەتتىن تۈرك ئوردىسى ئەڭ بۈيۈك مۇسۇلمان ئوردىسىدۇر دېگەن گەپلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىشى، باشقا مۇسۇلمان دوۋلەتلىرىنىڭ نېرۋىلىرىنى راھەتسىز قىلىدىغان گەپ سۆزلەر ئىدى.

ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى ئورنىنى ئوخشۇتۇش توغرا كەلسە، قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ كۆيئوغلى ئىبراھىم پاشاغا ئوخشۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئوسمانلىنىڭ – پادىشاھى قانۇنى سۇلتان سۇلايمان، ئەسلى كېلىپ چىقىشى رۇم ۋە ياكى ئارناۋۇتلۇق بولغان ئىبراھىم پاشانى باش ۋەزىر قىلىدۇ، سىڭلىسىنى بېرىدۇ. ئەمما ئاقىۋەتتە ئىبراھىم پاشا، ئوسمانلى خانىدانلىقىنىڭ سەلتەنىتى ۋە يۈكسىلىشىگە بىلىنەر - بىلىنمەس كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ نەۋكەرلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئوسمانلى نىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان غازىدىن ئەردوغان دەۋرىگە قەدەر بولغان بۇ تارىخقا نەزەر سالغىنىمىزدا، تۈركلەرنىڭ دۇنيادىكى سىياسىي، ئىقتىسادى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شاھزادە مۇستافاغا ئوخشىغان قانچىلىغان ئوسمانلىنىڭ ئەۋلادلىرىنى، قانچىلىغان كۆيئوغۇللارنى قەتلى قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار تۈركىيەنىڭ يىلدىن يىلغا دەرىجىدىن تاشقىرى ئېشىپ بېرىۋاتقان دۇنيادىكى ئىقتىسادى كۈچ تالىشىش ئىستراتېگىيەسى ۋە مەنپەئەتلىرى، دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي ئويۇنلىرىدا رولىنى ياخشى ئالالمايدىكەن تۈركىيە ئۇيغۇرلارنى قىلچە رەھىم قىلماستىن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگەدۇچار قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۈركىيەنىڭ قۇچىقىدىكى " ئەكە بوۋاق" ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشى، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك. كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار، تۈركىيە ئۇيغۇرلارنى ھەرگىز خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ، دەيدىغان باللارچە ساددە قاراشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك.

خاتايدىكى قان بېرىش جەريانىدا خىتايغا قارىشى سوز قىلغانلارنىڭ ئارقا ئارقىدىن تۇتۇقلىنىشى بۇنىڭ بېشارىتىدۇر.

رومېئو بىلەن جۇلىيەت شېكىسپىر درامىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ۋە سەھنىلەردە ئەڭ كۆپ ئوينالغان درامىملارنىڭ بىرى. درامىمىدا، بىر بىرىگە تارىخى دۈشمەن ئىككى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى سۆزلىنىدۇ. نۆۋەتتە تۈركىيە موگىغۇلىيە دالالىرىدىكى ئەجدادلىرى تەرىپىدىن مەڭگۈ تاش ئەدىبى يادىكارلىقلىرىغا يېزىلغان: " خىتاينىڭ شېرىن شېكەر ئېپەكتەك يۇمشاق گەپلىرىگە ئىشەنمەڭلار" دېگەن سۆزلىرىنى، شۇنداقلا ئاتا بوۋىلىرىنىڭ تارىخى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بىر يول بىر بەلۋاغ دىن ئىبارەت بۇ «قىزىل راۋاقتا» ئاشىق ۋە مەشۇقلۇقنىڭ شىرىن ئايلىرىنى سۈرمەكتە. خۇددى رومېئو بىلەن جۇلىيەتتەك. دۇنيادا دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بولۇش، شۇنداقلا رايوندا سۆز ساھىبى بولۇش ئەلۋەتتە ئىقتىسادى جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۆتكەلنى مۇقەررەر

بۆسۈپ ئۆتۈشى كېرەك. بۇ ئىنتايىن كەسكىن، ۋە رەھىمسىز رىقابەت ئۇرۇق تۇغقانچىلىق، مۇسۇلمانلىق كىملىكى ۋە ئادالەتنى تونۇمايدۇ. تارىختا ئادالەت دېگەن بىر نەرسە مەۋجۇت بولمىغان، ھازىرمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ ھەمدە كېلەچەكتىمۇ. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار، تۈركىيە بىلەن خىتايدىن ئىبارەت بۇ رومىئو بىلەن جۇلىيەتنىڭ «شېرىن ئاي» لىرىغا ئازراق دەخلى تەرز يەتكۈزۈپ قويىدىكەن تۈركىيە ئۇيغۇرلارنى قىلچە رەھىم قىلماي خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار تۈركىيە سىياسىي تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىشى، تۈرك خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە ئالتۇن تاپانچا ۋە تۈرك مېدالى قاتارلىقلارنىڭ خىتايغا ھەدىيە قىلىنغانلىقلىرىنىمۇ ئېسىدە چىڭ ساقلىشى لازىم. تارىخ تەكرارلىنىدۇ. ئەلۋەتتە مەنپەئەتلەرگە تاقىلىپ قالغاندا.

ھىندىستاننىڭ يىللىق نوپۇس ئېشىش مىقتارى 2،101 بۇنىڭ مەنىسى ئەگەر ھىندىستان ئېختىسادى ھەر يىلى 2،1 نىسبەتتە ئۆرلىمىسە ئىشسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. مۇاشلار كەملەپ كېتىدۇ شۇنداقلا ئوتتۇرىچە ياشام سۈپىتى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاران ئاران كېتىۋاتقان ھىندىستان ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش سەۋيەسىدىكىلەر يوقسۇزلۇققا يۈزلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھىندىستان باش مىنىستىرى مۇدى زور تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە. بۇ تاللاش نۇرغۇنلىغان كوڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن تىبەت مەسىلىسىدە تىبەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆرمەسكە سېلىش بەدىلىگە خىتاي بىلەن ئاپپاق- چاپپاق بولۇپ تىبەتلىكلەرنى نارازى قىلىشى تۇرغان گەپ.

بۈگۈن ھىندى ۋاھىزلەر، مۇسۇلمانلار، تۈركلەر،مىللەتچى ياپونلار ۋە خىتتاي كومۇنىستلىرى ناھايىتى نۇرغۇن پەرقلىق قىممەت قاراش ۋە

ئېتىقاتلارغا ئىگە بولسىمۇ ئەمما ئەختىسادى يۈكسىلىشتىن ئىبارەت بىر ئورتاق نۇقتىدا بىر دوقمۇشتا ئۇچراشماقتا. ئۇلارنى رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار قىلىۋاتقان نەرسە ئېختىسادى يۈكسىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئۆتكەلدە ئەلبەتتە تۈركىيەمۇ چەتتە قېلىشنى خالىمايدۇ.

ھايۋانلاردىكى ئىش بىرلىگى دىگەندە كۆز ئالدىمىزغا دەرھال چۈمۈلە بىلەن ھەرىلەردىكى ھەيران قالارلىق ئىش بىرلىگى يەنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش كېلىدۇ. ئەمما ئەپسۇسكى چۈمۈللەر بىلەن ھەرىلەر قانچە ھەمكارلىشىپ ئىشلىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىجدىماى ھاياتىدا بىر ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلالمايدۇ. يەنى پادىشالىرىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ يېڭى پادىشا سايلاپ چىقالمايدۇ.

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمۇ خۇددى چۈمۈلە بىلەن ھەرىلەردەك ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجدىمائى ھاياتىغا تەسىر كۆرستەلمەيۋاتىدۇ. مەسىلە زادى قەيەردە؟

تۈركىيەدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنى خۇددى بىرلەشكەن دۆۋلەتكەن تەشكىلاتى، ياۋرۇپا بىرلىگىگە تەقلىت قىلىپ قويۇۋالغان، ئۆلىمالار بىرلىگى، تەشكىلاتلار بىرلىگى قاتارلىقلار ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن بۈگۈنكىدەك ۋەزىيەت ئاستىدا ھەمكارلىشىۋاتقانلىقلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي كورسۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئەمما ، تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجدىماى مەنپەتىگە پايدىلىق بۆسۈش خارەكتىرلىق بىر ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلالمايۋاتقانلىغى بۇنىڭ ئەكسىچە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشام ھاياتى ئۇچۇن خەتەرلىك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بىرىشىگە سەۋەپ بولۇپ قەلىۋاتقانلىغى ئوتتۇردا . بۇنىڭ سەۋەبى ئىش بىرلىگىنىڭ ئەقىل، مەردانىلىق، پىلان ۋە ئىستىراتىگىيە دىگەنلەردىن ئۇزاق، ھىسسىيات، ھاياجان ۋە خوشامەتلەرگە يېقىن بولغانلىغىدىن ئىبارەت بولماقتا.

ئەسلىدە ئۇيغۇرلار ئۇچۇن تۈركىيەدە، تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە يولۇنىۋالمىغان ئاساستا تەشكىللىق ۋە سىستىمىلىق ئىش قىلىش ئىمكانىيەتلىرى بار. 2010- يىللىرىدا بولسا كېرەك سابىق تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى داۋۇت ئوغلى سۇمرۇغ تەلۋىزىيە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مۇخبىر سورىغان، تۈركىيەدە قانچىلىك ئۇيغۇر بار دىگەن سوالغا، 380 مىڭ ئۇيغۇر بار دەپ جاۋاپ بەرگەنلىگى يادىمدا. ئەگەر مەسىلە سان بىلەن ھەل بولىدۇ دەپ قارالغان تەغدىردىمۇ، بۇ سان ئاز سان ئەمەس.

تارىخ، دۇنياغا تەسىر كورسەتكەن نۇرغۇنلىغان ئىش بىرلىگى مىساللىرى بىلەن تولۇپ تۇرۇپتۇ. تارىخ بىزگە

يەنە،غەلبىنىڭ سانى جىق بولغانلارنىڭ ئەمەس، بەلكى ئەقلىنى ياخشى ئىشلىتىپ ئىش بىرلىگىنى پۇختا ئېلىپ بارغانلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەجرىبىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

روملار يۇنانىستاننى كۈچلۈك بولغانلىقى ۋە ياكى سان جەھەتتە دەرىجىدىن تاشرى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى ئەقىللىق، زىرەك ۋە پىلانلىق ئىش بىرلىگى قىلغانلىقى بىلەن بويسۇندۇرالىغان.

1914-يىلىدا رۇس ئەسلزادىلىرى، دۆۋلەت خادىملىرى ۋە باي تىجارەتچىلەردىن تەشكىللەنگەن 3 مىليۇن نوپۇسلۇق چار روسىيە 180 مىليۇن نوپۇسلۇق ئىشچى ۋە دېھقانغا ھوكۇمرانلىق قىلغان ئىدى.بۇ ھۆكۈمران 3 مىليۇن نوپۇس بارلىق كۈچى ۋە قۇدرىتىنى ئەنە ئاشۇ 180 مىليۇن نوپۇسنىڭ ئىش بىرلىگى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قاراتقان ئىدى. 1917-يىلىغا كەلگەندە ئاران 23 مىڭ نوپۇسلۇق كومۇنىستلار 3 مىليۇن نوپۇزلۇق رۇس ئەسلزادىلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى چار رۇسيەنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا مۇۋەپپەق بولدى. بېرلىن تەمىنىڭ ئۆرۈلۈشى، رۇمنىيەنىڭ كومۇنىست دىكتاتۇرى نىكولاي چاۋشىسكونىڭ ئاغدۇرلىشى قاتارلىقلار،سانى ئىنتايىن ئاز ئەمما تەشكىللەشكە ماھىر بىر گۇرپا ئادەملەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى.پولونيا، شەرقى گىرمانىيە، ماجارىستان، بۇلغارىستان ۋە چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق دۆۋلەتلەردىكى سىياسى ئۆزگۈرۈشلەرنى مەيدانغا چىقارغانلارمۇ يەنىلا تەشكىللەشكە ماھىر ئەقىللىق بىر گۇرپا ئادەملەر ئىدى. 2011-يىلىدا مىسىردىكى مۇبارەك ھاكىمىيتىنى ئاغدۇرۇشنى نىشان قىلىپ ئوتتۇرغا چىققان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىمۇ باشلىنىشىدا بىر گۇرپا ئادەم ئىدى.ئۇلارنى ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرغاندا، يا ئەقىل ئىدراك ياكى بىلىم قۇرۇلما جەھەتتىن ئۈستۈن ئەمەستى پەقەتلا ئۇلار يۇقۇرى دەرىجىدىكى تەشكىللىگۈچىلەر ۋە پىلانلىغۇچىلار ئىدى.ئۇنداقتا نىمىشكە 380 مىڭ ئۇيغۇر نوپۇسى بار بولغان تۈركىيەدە خىتايدا بىر ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلىشقا تەسىر كۆرسەتكىدەك بىر گۇرپا مەيدانغا كەلمەيدۇ؟ ئۇيغۇر ئىستىراتىگىيە مۇتەخەسسىسى ئەركىن ئەكرەمنىڭ 10 يىلدىن بۇيان قاخشاۋاتقىنى دەل مۇشۇ نۇختا بولسا كېرەك.

ئەگەر بىر مىللەتنىڭ تەغدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەركەت قىلماقچى بولساق، قانچىلىك ئادەم بىزگە ئەگىشىدۇ؟ دىگەن سوالنى ئەمەس بەلكى بىزگە ئەگەشكەن ئادەملەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە ئىش بىرلىگى قىلىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيمىز؟ دىگەن سوالنى كەسكىن قويۇشىمىز كېرەك.تارىختىكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىر كۈچ ئالدىدا خوشامەت قىلمىغانلىقىنى، مەردانە ۋە جەسۇر بولغانلىقىنى، كىچىكلىكتىن زورىيىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىگىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇلاھىزەمىنىڭ داۋامىدا تۈركىيە ۋە ئۇيغۇر مەسىلىلىرى ھەققىدە يەنىمۇ ئىچكىرلەپ توختۇلىمەن.

# تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (2)

**كاسىسنى**

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك ناملىق چاتما مۇلاھىزەمنىڭ 2- قىسمىدا، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ،ئۆزى مۇستەملىكە قىلماقچى بولغان مىللەتنى قانداق سەلبىيلەشتۈرىدىغانلىقى، ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانلىق خۇنۇكلەشتۈرۈش پىلانىنى قانداق تۈزىدىغانلىقى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدا خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە توختىلىمەن.

**1-سىرلىق ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك رايون قايتا جانلاندى.**

خىتاينىڭ شەرقى جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان ئىلگىرى خىروين ئەتكەسچىلىك بازىسى بولۇش بىلەن داڭ چىقارغان ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك رايون، 2010-يىلدىن ئېتىبارەن مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى يۇننەن، لائوس،تايلاند ۋە مالايشىيا ئاندىن تۈركىيە ئارقىلىق ISIS قا توشۇيدىغان ئادەم ئەتكەسچىلىكى رايونىغا ئايلاندى.

15 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر، ئەر-ئايال، ئۇششاق بالا، ھامىلدار خانىملاردىن تەركىب تاپقان زور بىر قوشۇن كۆرۈنۈشتە، خۇددى گىتلېر گىرمانىيەسىنىڭ سوببۇر تۈرمىسىدىن قاچقان يەھۇدىيلاردەك، يۇننەن، لائوس، تايلاند ۋە مالايشىيادىن ئىبارەت بۇ ئۈچ بۇرجەك رايوندىكى قاراڭغۇ ئورمانلىقلىردا تىمىسقىلاپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور كۆلەملىك خىتايدىن قېچىش ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتاتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا خىتاي ھۆكۈمىتى يېزىۋاتقان ئاتالمىش قېچىشتىن ئىبارەت بۇ دىرامىدا رول ئېلىۋاتاتتى. كۆپ قىسمى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە بۇ ئۇيغۇرلار ئەركىن دۇنياغا قېچىۋاتىمىز ئەپ ئويلايتتى. ئەمما، ئىنگلىزلاردا بىر گەپ بار ‘ big brother watching you’ دەيدىغان .بۇنىڭ مەنىسى، ئاكاڭ قارىغاي سېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر بىر قېچىش ھەرىكىتىنى خىتايلار ئىشخانىلىرىدا ئولتۇرۇپ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. يۇننەن ، لائوس، تايلاند، مالايشىيا، تۈركىيە ۋە سۇرىيەگىچە تۇتاشقان بۇ ئۇزۇن كارىدورغا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنيادا خۇنۇكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇنداق 3 خىل رەزىل تەشۋىقات مەقسىتى بار ئىدى. 1- قاتتىق ۋاستە.بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەرلىرىنى بۇ يول ئارقىلىق سۇرىيەگە ئەۋەتىپ، خەلقئاراغا، ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا تېررورلۇققا باغلاپ خۇنۇكلەشتۈرۈش. 2- يەنە بىر تۈركۈم ئىسلام دىنى خاتا چۈشەندۈرۈلۈپ مېڭىسى يۇيۇلغان ئۇيغۇرلارنى تۈركىيەگە يەرلەشتۈرۈپ، تۈركىيەدىكى تۈركلەرنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەرنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش ۋە ئۇيغۇر دېسە تۈركلەرمۇ سەسكىنىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، قېرىنداشىم دەپ قارايدىغان ھالىتىگە تامامەن خاتىمە بېرىش. 3- يۇمشاق ۋاستە. بۇ يول ئارقىلىق بىر تۈركۈم جەننەتنى قارا چۈمبەل ئىچىدىن ئىزدەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنى رەت قىلىپ، ئەرەب ۋاھابىلىرىنىڭ قارا چۈمبىلىنى بۇ مېنىڭ كىيىم-كېچىكىم دەپ قارايدىغان ئاياللارنى تۈركىيەگە تۆكۈۋېتىش ئارقىلىق، قاتتىق ۋە يۇمشاق ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنى خەلقئارادا رادىكال تېررورىست قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدەك،ھەرقانداق بىر مۇستەملىكىچى ئۆزى مۇستەملىكە قىلغان مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىشنى تەشۋىقاتتىن باشلايدۇ.ۋە ئەڭ تۆۋەن 10 يىللىق ئەڭ يۇقىرى 50 يىل ۋە ھەتتا 100 يىللىق ‘سېستىش ‘پىلانى تۈزىدۇ.

بۇ تەشۋىقات شۇنچىلىك ئۇنۇملۇك رول ئوينايدۇكى، مۇستەملىكىچىلەر ھېچقانداق كۈچىمەيلا بۇ مىللەتلەرنى خۇددى ئىچىدىن سېسىپ كەتكەن قوغۇندەك سېسىتىپ تۆگىتىۋەتمەكچى بولىدۇ. تارىختا ئىنگلىزلار ئىندىئانلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتا، نېمىسلار يەھۇدىيلارنى يوق قىلىشتا بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ،

ئىنىدىئانلار ۋە يەھۇدىيلار ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان بولسىمۇ باشقا مىللەتلەر، ياخشى بوپتۇ ئۇلار ئۆزلىرى ناچار مىللەت دەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى.

ئالدىدىكى ئىشلارنى قويۇپ تۇرساق خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تەشۋىقات جەھەتتە خۇنۇكلەشتۈرۈش، قوپالراق ئېيتقاندا سېسىتىش پىلانى 80 يىللاردىن ئېتىبارەن ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ساختا ئاق تاماكىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا ئەرزان باھادا سېتىلىشىغا كۆز يۇمۇش بىلەن بىرگە ئەيدىز كېسىلىنىڭ يامرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭغا يانداش يۇقىرى گرادۇسلۇق ھاراقلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىپ، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى پۇچەكلەشتۈرۈش ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشكە باشلىدى.بۇ تەشۋىقات نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار ئۆز-ئۆزىنى بىر ھۆرۈن مىللەت، ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتايلار باي بولۇپ كەتتى، بىز ئەبگالىغىمىزدىن مۇشۇ ھالەتكە كەلدۇق دەپ ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلىدىغان چۈشكۈن بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىغان ئىدى.

2000-يىلىغا كەلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سەلبىيلەشتۈرۈش تەشۋىقاتىنى، دىنى جەھەتكە بۇرىدى. چۈنكى خەلقئارادا دىنى رادىكالىزم ۋە تېرورىرلۇق مودا بولۇۋاتاتتى. ئەگەر خىتاي ئۇيغۇرلارنى دىنى رادىكالىزم ۋە تېرورىزمغا باغلاپ قويالىسا، ئۇيغۇرلارنى ھەم خىتاي ئىچىدە ھەم دۇنيادا يوق قىلىش ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارالايتتى.

ئىسلام دىنى ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەل، گۈزەل ئەخلاق، شۈكرى قانائەت ۋە سەۋر تاقەتتىن ئىبارەت 5 سۆز ئۈستىگە قۇرۇلغان گۈزەل بىر دىندىن ئىبارەت. قۇرئانى كەرىمدە ئاللانىڭ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى خالىمايدىغانلىقى، چەكتىن ئېشىشنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكى، چەكتىن ئېشىشنىڭ ئىماندا مەسىلە پەيدا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر تۇرۇپتۇ. خىتاي 2000- يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇندىدارنى كەڭرى قويۇۋېتىش ئارقىلىق، چەتئەلدىن كىرگەن بىر تۈركۈم دىنى لېكسىيە CD لار ئارقىلىق، ئەڭ ئاۋۋال بىر تۈركۈم باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىدىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان 10 مىڭدىن 15 مىڭغىچە بولغان ئۇيغۇرنىڭ كاللىسىنى يۇيۇپ، چەكتىن ئاشقان، بۇرمىلانغان، غەلىتە بىر ئىسلام دىنىنى سىڭدۇردى. ئاندىن مەلۇم ئادەملىرى ئارقىلىق ھىجرەت پەرز تەشۋىقاتىنى كەڭرى تەشۋىق قىلدى.بۇ ھەقتە ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ يارىتىلغان سوٸوت ناملىق سۆھبەت پروگراممىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ئابدۇراخمان ھەسەن ئەپەندى، ئىبراھىم خەلىپىتىم ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ 2000-يىلىدىن ئېتىبارەن، ناھايىتى راھەت ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ قەشقەردە ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ھىجرەت قىلىش پەرز تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلغانلارغا پۇل ياردەم قىلىش پائالىيىتى باشلىغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى. ئابدۇراخمان ھەسەن ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنىڭ تولۇق تېكىستىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز.

https://www.youtube.com/watch?v=kmidMjPK-is

خىتاي ھۆكۈمىتى، 2000- يىلىدىن ئېتىبارەن بىر تەرەپتىن، سۆزدە ھەقىقىي ئىسلام دىنى مانا مۇنداق بولىدۇ دەيدىغان، ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان، ئاياللار قارا چۈمبەل ئىچىدىكى بىر ئىدېئولوگىيەنى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر قوللار ئارقىلىق سىڭدۇرسە،يەنە بىر تەرەپتىن ئىبراھىم خەلپىتىمگە ئوخشاش كىشىلەر ئارقىلىق ئوچۇق ئاشكارا ھىجرەت پەرز تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇردى.خىتاي ۋەتەن ئىچىدە ئىبراھىم خەلپىتىملەرنى قوللانسا، ۋەتەن سىرتىدا يەنە بىر تۈركۈم ھىجرەت تەشۋىقاتى قىلىدىغان كۈچلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى چەتئەللەرگە چىقىشقا ھىجرەت قىلىشقا كەڭ تەشۋىق قىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، 'ھىجرەت پەرزئ تەبلىقىنى ئاڭلىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىرقانچە يىللىق كېسىلىپ كېتەتتى. ئەمما سىرلىق ئىبراھىم خەلپىتىمگە ھېچ ئىش كەلمەيتتى. دەل 10 يىلغا سوزۇلغان دەسلەپكى تەشۋىقات تەييارلىقى پۈتۈپ دىنى جەھەتتە مىڭە يۇيۇش ئوپېراتسىيەسى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكەندىن كېيىن، خىتاي ئۆزى نىشان قىلغان مۇشۇ ئوبيېكتلار ئارىسىدا، تەخمىن قىلىشىمچە، يۈننەن، لائوس، تايلاند مالايشىياغا

سوزۇلغان قاراڭغۇ ئورمانلىقلاردا قېچىش درامىسىنى ئويناشقا باشلىدى. 2015-يىلغا كەلگەندە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تۈركىيە خەلقىگە سەت كۆرسىتىش تەشۋىقاتى ئاجايىپ مول ھوسۇل بېرىشكە باشلىدى. مەن بۇ مۇلاھىزەمدە، خىتاي تەشۋىقاتىنىڭ قۇربانى بولۇپ ISIS قا كەتكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالمايمەن. پەقەت تۈركىيەدە قالغان قېرىنداشلىرىمىز ھەققىدە توختىلىمەن.

10 ۋە 20 يىل ئالدىن پىلانلانغان، ئۇيغۇرلارنى تۈرك خەلقىگە سەت كۆرسىتىش تەشۋىقاتىنىڭ قۇربانلىرى بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆزۈنىغا سوزۇلغان جاپالىق سەپىرىنىڭ كۆزلىگەن نۇقتىسى تۈركىيەگە يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ،مىلىڭ يىلدىن بۇيان، سۇلتان ئەخمەت جامىسى قاتارلىق مۇقەددەس جامەئەلەردىن چىقىدىغان ئەرزان ئاۋازىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىغان، نۇرغۇنلىغان ئىسلام پەيغەمبەرلىرى، ئالىملىرىنىڭ قەبرىلىرىنى قۇچاقلاپ ياتقان، نۇرغۇنلىغان دىنى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە توغرا ئىسلام تەربىيەسى بېرىپ ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتىۋاتقان ئىستانبۇلدىكى تۈرك خەلقىنىڭ دىنى ئېتىقادىنى، تۈرك خانىم قىزلىرىنىڭ تۈرك مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلامنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن كىيىم-كېچەكلىرىنى ياراتماسلىققا باشلىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۈركىيەدىكى بارلىق خانىم قىزلار ئۇلارغا ئوخشاش قارا چۈمبەلگە چۈمكىنىشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ ھەقىقىي ئىمان ۋە ئېتىقاد ئىدى.تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە كىيىنىشنى بولسا ئابىيامىلا كۆزگە ئىلمايتتى. مەسىلە خىتاينىڭ كۆزلىگەن نىشانى بويىچە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەپ، تۈركىيەدە بۇرۇندىن ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئىسلام ئەقىدىسى ھەققىدە توقۇنۇش ۋە سۈركىلىش بولۇش دەرىجىسىدىن ھالقىپ، تۈركلەر بىلەنمۇ سۈركىلىش ۋە توقۇنۇش پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. دەل قازاندا قايناۋاتقان سۇ تاشاي-تاشاي دەپ قالغاندا، دەل خىتاي تۈركىيەدە 90 -يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوينالغان، سەن دېموكراتچى مەن دىنچى درامىسىنىڭ داۋامىنى تۈركىيەدە ئويناشقا رېپىتىس قىلىۋاتقاندا، دەل ئۇيغۇر بىلەن ئۇيغۇر ئۆز ئارا بىر- بىرىنى ئېتىشىپ تۈركىيە ۋە دۇنيانىڭ ئالدىدا سەتلىششكە تاس-تامان قالغان بىر مەزگىلدە، يەنى 2017-يىلى يېڭى يىل كېچىسىدە ئىستانبۇلدىكى reyna كېچىلىك بەزمىخانىسىدا يۈز بەرگەن قەتلىئام بىلەن، خىتاي بۇ درامىنىڭ پەردىسىنى ۋاقىتلىق يېپىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. خىتايلار ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇش دەيدىغان كونا تاكتىكىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن كۆپ قېتىم ئىجرا قىلغىنىغا، شۇنداقلا بۇ تاكتىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى بىلگىنىگە قارىماي، ھەر قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلدى. 2015-يىلى مەن تۈركىيەگە بارغان ۋاقتىمدا، دىنى ۋە پەننى سەۋىيەسى ئىنتايىن تۆۋەن ئەمما بىلەرمەن بىر تۈركۈم ئەرلەرنى، جەننەتنى قارا چۈمبەلنىڭ ئىچىدىن ئىزدەيدىغان، ئېرىمگە كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، جەننەتنىڭ ھازىرلىغىنى ياخشى قىلىۋالسام بولاتتى دەيدىغان غەلىتە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىستانبۇلدا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بەلكىم بۇ قېرىنداشلىرىمىز نادانلىقى سەۋەبىدىن بۇنى پەرق ئېتەلمەسلىكى مۇمكىن بۇ خىتاينىڭ، ئۇيغۇرلارنى تۈرك خەلقى ئارىسىدا «سېسىتىۋېتىش» ھىيلىسىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى.

**2-قاتىل كاككۇك ۋە ھاماقەت چىكىلدى بېلىقى**

قۇشلار ئىچىدە كاككۇك تۇخۇم تۇغقاندىن كېيىن، قانداق چۈجە چىقىرىشنى بىلمەيدىغان بىر ھاماقەت قۇش. كاككۇك تۇخۇم تۇغقاندىن كېيىن تۇخۇمىنى، ئىنگلىزچە ئىسمى Reed Warbler، خىتايچە ئىسمى لىدەيىڭ(里德莺)، تۈركچە ئىسمى ötleğen دەپ ئاتىلىدىغان(ئۇيغۇرچە نېمە دېيىلىدىغانلىقىنى تاپالمىدىم) بىر قۇشنىڭ ئۇۋىسىغا، ئۇ قۇش يەمچۈك ئىزدەپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاشلاپ قويىدۇ. Reed warbler قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كاككۇكنىڭ تۇخۇمىنىمۇ مېنىڭ تۇخۇمۇم ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىپ، بۇ تۇخۇملارنى بېسىپ چۈجە چىقىرىشقا باشلايدۇ.تۇنجى بولۇپ كاككۇكنىڭ تۇخۇمى چۈجە چىقىرىدۇ. ئەمدىلا تۇخۇمنى يېرىپ چىققان كاككۇك چۈجىسىنىڭ تۇنجى قىلىدىغان ئىشى، reed warber ناملىق بۇ قۇشنىڭ تۇخۇملىرىنى ئۇۋىسىدىن يەرگە تاشلىۋېتىش بولىدۇ. نەتىجىدە چۈجە كاككۇك، ئانا reed warbler توشۇپ ئەكەلگەن يەمچۈكلەرنى بەخىرامان يەپ 2 ھەپتە ئىچىدە رەسمىي كاككۇك بولۇپ ئۇچۇپ

كېتىدۇ. شۇ چاغدىلا ئەخمەق reed warbler ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى سىننى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز.

https://www.youtube.com/watch?v=SO1WccH2_YM

ئەمما تولىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، تۇغما قاتىل كاككۇكنى ئىنسانلار بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار، تاكى ئەلمىساقتىن ھازىرغا قەدەر، زەينەپنىڭ ئاشىقى دەپ قاراپ كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ ئاشىقلىق ھېكايىسىنى ئېيتىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە تۇغما قاتىل كاككۇكتا نەدىمۇ ئاشىقلىق ۋە سۆيگۈ مۇھەببەتتىن ئەسەر بولسۇن؟

ئافرىقىنىڭ tengginika كۆلىدە ياشايدىغان چىكىلد بېلىقى ئەنە شۇنداق ھاماقەت بېلىقلارنىڭ بىرى. بۇ بېلىق بەختەرلىك ئۈچۈن بېلىجانلىرىنى ئېغىزىدا ساقلايدۇ. ۋە كۆل ئىچىنى بەختەر دەپ قارىغان ۋاقتىدا ئاندىن كۆلگە قويۇپ بېرىدۇ. چىكلىد بېلىقى دىققەتسىز بولغان پۇرسەتتىن پايدىلانغان يەنە بىر مۇشۇك بېلىق چىكلىد بېلىقىنىڭ بېلىجانلىرىنى يەۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ بېلىجانلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. مۇشۇك بېلىقىنىڭ بېلىجانلىرىنى ئۆز بېلىجانلىرىم دەپ چۈشەنگەن چىكلىد بېلىقى، مۇشۇك بېلىقىنىڭ بېلىجانلىرىنى ئۆز ئاغزىدا ساقلاپ ئۆز بېلىجانلىرىم دەپ چوڭ قىلىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ سىرى بولۇپ قالىدۇ. چىكلىد بېلىقى ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ. قاتىل كاككۇك بىلەن ھاماقەت چىكلىت بېلىقىنىڭ ھېكايىسىنى تۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ۋەزىيىتىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەردە كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

**3-كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ۋە كىيلىشنامە**

ئەسلىدە ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولىدۇ. تىلى، دىنى ئېتىقادى،ئۆرۈپ ئادىتى، كىيىم-كېچىكى ۋەھاكازا دېگەندەك. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ شۇنداق. بۇ دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ تاكى قىيامەتكە قەدەر شۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئەلۋەتتە كۈچلۈك مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتمىگەن دائىرە ئىچىدە. ئەسلىدە ئىنسانلار بۇ دۇنيادا بىر كىيلىشنامە ئىچىدە ياشايدۇ. يەنى قانداق كىيىم كىيىپ قانداق تاماق يەپ ياشايدىغانلىقى ھەققىدىكى ياشاش كىيلىشنامىسى. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرىنىڭ تاكى قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتلەسلىرى، تەخمىنەن يۈز خىلدىن ئارتۇق دوپپىلىرى، تاماق تۈرلىرىدىن لەڭمەن ۋە پولۇلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك خاس نەرسىلىرى. بۇ نەرسىلەر باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن غەلىتە بىلىنىشى مۇمكىن. دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ھاياتلىق كىيلىشنامىسىگە رىئايە قىلىپ، ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا،2010-يىلىدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تۈپتىن يات بولغان بىر خىل قارا چۈمبەل پەيدا بولۇپ قالدى، خۇددى reed walbler دېگەن قۇشنىڭ ئۇۋىسىغا كاككۇك تۇخۇمىنى تاشلاپ قويغاندەك، بىر تۈركۈم دىنى ۋە پەننى سەۋىيەسى تۆۋەن ئاياللار، خۇددى reed walbler دېگەن قۇشقا ئوخشاش ئۆز ئۇۋىسىدا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ غەلىتە نەرسىنى ئۆزۈمنىڭ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا دىنى رادىكال قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان بىر رەزىل تەشۋىقات سۈيقەستى ئىدى.

2015-يىلىغا كەلگەندە خىتاي يۈننەن، لائوس، تايلاند ۋە مالايشىيادىن ئىبارەت بۇ ئۈزۈن كارىدور ئارقىلىق، دۇنيانىڭ پايتەختى بولغان ئىستانبۇلغا بۇ قارا چۈمبەللىك خانىم قىزلارنى تۆكۈۋەتتى.بۇلار خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنيادا سېستىش ھىيلى مىكرىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان، كاككۇكنىڭ تۇخۇمىنى ئۆز تۇخۇمۇم دەپ بېسىپ يېتىپ چۈجە چىقارغان ئەخمەق 'reed warbler' لەر ئىدى.

ئىنسانلار شەخسى كىملىك ۋە مىللەت كىملىكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل كىملىك ئىچىدە ياشايدۇ. مىللىي كىملىك، تىل، مەدەنىيەت، ئۆرۈپ ئادەت، ئېتىقاد قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىچىدە كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. خۇددى شەخسلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان رەسىملىرى ئۇلارنىڭ كىملىك ۋە پاسپورتلىرىغا چاپلانغانغا ئوخشاش، شەخسلەرنىڭ، دۇنيا ئاخبارات

ساھەسى ۋە سىياسىي سەھنىلەردىكى يۈرۈش تۇرۇش قىياپىتى ۋە ئوبرازى شۇ كىشى تەۋە بولغان بىر مىللەتنىڭ ئوبرازىغا ۋە كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئاخبارات ساھەسى ۋە سىياسىي سەھنىلەرگە ئۇيغۇر ئەتلەسلىرى ۋە دوپپىلىرى بىلەن چىقسىڭىز سىزنىڭ خەلقئارادىكى مىللىي كىملىكىڭىزگە چاپلىنىدىغان رەسىم ئەتلەس ۋە دوپپىلار بىلەن مۇھۇر بولۇپ كىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەرەب ۋاھابىلىرىنىڭ قارا چۈمبىلى بىلەن نامايان قىلىسىڭىز بۇ مۇھۇرمۇ ئوخشاشلا شۇنداق بېسىلىدۇ. خۇددى رەھمەتلىك ھەسەن مەخسۇمنىڭ خىتايىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىسلام بايرىقىنى ئامېرىكىغا تاقايمىز دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى ۋە مىللىي كىملىكىنى قانچىلىك دەرىجىدە خۇنۈكلەشتۈرگىنىگە ئوخشاش.

قارا چۈمبەل ئۇيغۇرلارنىڭ خاس كىيىمى ئەمەس. ئۇ خۇددى قاتىل كاككۇك reed warbler نىڭ ئۇۋىسىغا ئوغرىلىقچە تاشلاپ قويغان كاككۇك تۇخۇمىغا ئوخشايدۇ. قارا چۈمبەل ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىسلامنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك كىيىمىمۇ ئەمەس بۇ ھەقتە

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى Muhemmet Bin Selman، شەرىئەتتە قارا چۈمبەل دېيىدىغان بىر نەرسە يوق دېيدۇ. خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق 4 مەزھەپ ئالىملىرى شۇنداقلا تۈرك دىنى ئالىملىرى بىردەك قارا چۈمبەلنىڭ ئىسلامدا پەرز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە. facebook تىكى بەزى تۈرك دوستلارمۇ قارا چۈمبەلنىڭ ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىغا پايدىسىز ۋەزىيەت يارىتىپ قويىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندىمۇ «ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ساقلاپ قالالامدۇ–ئىجتىمائىي دارۋىنىزملىق نۇقتىسىدىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر»ناملىق ماقالىسىدىمۇ قارا چۈمبەلنىڭ كېلەچەكتە دۇنيانىڭ ئۇيغۇرلارنى رادىكال ئىسلامچىلار دەپ چۈشىنىپ قېلىشىدا سەلبىي رول ئويناپ قېلىشىدىن ئەندىشە ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالىسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز.

http://www.meripet.com/2017/20171225_ozini_saqlap_qelish.htm

ئۇيغۇر زىيالىيسى مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندىمۇ ئارقا ئارقىدىن ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قۇرغان تۇزىقىدىن ئاگاھ بولۇشقا چاقىرغان.

ئۇنداقتا يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل مەدەنىيەت خەزىنىسىگە سىڭىپ كىرىۋاتقان بۇ قارا چۈمبەل نېمە؟ نېمە ئۈچۈن دۇنيانىڭ پايتەختى ھېسابلانغان ئىستانبۇلدا ناھايىتى نۇرغۇن قارا چۈمبەللىك ئاياللار پەيدا بولۇپ قالدۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە ۋە ئاخبارات ساھەسى ئالدىدا ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىما قارا چۈمبەل بولۇپ قالدۇ؟ كەسكىن قىلىپ ئېيتىش كېرەككى،بۇ خىتاينىڭ خەلقئارانى نىشان قىلغان، ئۇيغۇرلارنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ۋە خەلقئارالىق تېررورىزمنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا تاشلىۋېتىش ئۈچۈن قۇرغان، سېستىش تەشۋىقاتىنىڭ يەنە بىر قولى. يەنە بىر قېتىم تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئىستانبۇلنىڭ selim paşa ،zeytunburnu, safaköy دېگەندەك جايلىرىدا مىڭغا يېقىن قارا چۈمبەللىك ئاياللار ياشىماقتا. ئۇندىن باشقا qeysiri دىمۇ 500 ياكى 600 ئەتراپىدا قارا چۈمبەللىك ئۇيغۇر ئايال ياشايدۇ. ئۇلار مەيلى تۈرك بولسۇن مەيلى ئۇيغۇر،يۇزى ئوچۇق ھەتتا نورمال ياغلىق چىگكەن ئاياللىمۇ ياسىق دەپ ياراتمايدۇ.دۇنيا ئالىملىرى ۋە تۈرك ئالىملىرىنىڭ ھىجاب ھەققىدىكى پەتىۋالىرىنىمۇ بىر تىيىنلىق كۆزگە ئىلمايدۇ. چۈنكى مەن مۇلاھىزەمنىڭ 1- قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، خىتاي خۇددى كومپيۇتېرغا بىر پروگراممىا چۈشۈرگەنگە ئوخشاش، بۇلارنىڭ ئىسلامى چۈشەنچىلىرىنى يۇيۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى ياساپ قويغان بۇرمىلانغان ئىسلامدىن ئىبارەت پروگراممىنى چۈشۈرۈپ قويغان. بۇلارنىڭ ئارقىسىدا كۆرۈنمەس بىر قارا قول بار. خۇددى تۇغما قاتىل كاككۇك، ئەلمىساقتىن

تارتىپ زەيىنەپنىڭ ئاشىقى دەپ خاتا تەرىپلەنگەندەك، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ باشلامچىلىرى، ئۇيغۇر مىللىتىگە كۆيۈنگۈچىلەر قىياپىتىدە خاتا تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان.

يېقىندىن بۇيان، دۇنيادا چىقىدىغان بەزى ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىدا، قارا چۈمبەللىك ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ رەسىملىرى كۆزگە چېلىقىۋاتىدۇ. بۇ ھېچ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆتكەن يىلى خىتاي دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆۋەتلەرگە خىتايىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، مۇخبىرلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى يېپىق تەربىيەلەش لاگېرلىرى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇيغۇرلار دىنى جەھەتتە ئىنتايىن رادىكاللىشىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى زامانغا ماسلىشىدىغان بىلىملەر بىلەن تەربىيەلەش مەقسىتىدە بۇ تەربىيەلەش مەركەزلىرىنى ئاچتۇق دېيىش ئارقىلىق، شەرقى تۈركىستاندىكى يېپىق تەربىيەلەش مەركەزلىرىنى ئاقلىماقچى بولدى ۋە مىسال سۈپىتىدە، ISIS تىكى ئۇيغۇرلار ۋە قارا چۈمبەللىك ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىستانبۇلدا ئىلگىرى ئائىلىدە ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى كىچىك ئاياللار يىغىلىشلىرىدا كۆرۈلىدىغان قارا چۈمبەللىك ئاياللارنى ھازىر دۇنيا تاراتقۇلىرىنىڭ ئالدىدا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا، شۇنداقلا دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بولغان كۆرۈشۈشلەردە  ئۇچۇرتۇۋاتىمىز.يۇقىرىدىكى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان بولساق، خىتاي تەشۋىقات ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچەكتىكى خەلقئارالاشقان مىللىي كىملىكىنىڭ باش سۈرىتىنى ئالدىن ئالا سىزىپ بەرمەكتە. ئەگەر كېيىنكى 10 ياكى 20 يىل ئىچىدە دۇنيادىكى مىللىي كىملىكىمىزنىڭ باش سۈرىتى خىتاي تەرىپىدىن سىزىلىپ كېتىپ قالسا ھالىمىز ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. يەنە بىر قېتىم تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولايلى.

مۇلاھىزەمنىڭ كېيىنكى قىسمىدا، خىتاينىڭ خەلقئاراغا يۈزلەنگەن ئۇيغۇرلارنى سېستىش تەشۋىقاتى ۋە بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن.

# تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (3)

**كاسسىنى**

كۆچلۈك بولغان داۋاملىق ھەقلىقمۇ؟ ئامېرىكا ئاۋغانىستانغا سېلىشتۇرغاندا دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك بىر دۆلەت.ئۇنداقتا بۇ، بىر ئامېرىكىلىقنىڭ ھاياتىنىڭ بىر ئاۋغانلىققا سېلىشتۇرغاندا بەكرەك قىممەتلىك ۋە ئەتىۋارلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەنە بېرەمدۇ؟ تەكشۇرۇشلەرگە ئاساسلانغاندا بىر ئامېرىكىلىقنىڭ ھاياتى بىر ئاۋغانىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن قىممەتلىك. بىر ئامېرىكا پۇخراسىنىڭ سالامەتلىكى، تەربىيەلىنىشى ۋە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، بىر ئاۋغانىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى كۆپ پۇل خەجلەيدۇ. بىر ئامېرىكا پۇخراسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ، بىر ئاۋغان پۇخراسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قارىغاندا، خەلقئارا سورۇنلاردا كۆپرەك غۇلغۇلا قوزغايدۇ. بۇ دۇنيا جۇغراپىيەسىدە كۈچلۈكلۈك تالىشىۋاتقان تەرەپلەرنىڭ ئىنسان قەدىر قىممىتى جەھەتتە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادالەتسىزلىگىنىڭ يەكۈنى

گەرچە دۇنيادىكى يۇملاق ئۈستەل يىغىنلىرىدا ئافغانىستاننىڭ مۇشتۇمى، ئامېرىكىنىڭ مۇشتۇمىدەك قاتتىق ئۇرۇلمىسىمۇ، تۆرە-بۆرە تاغلىرىدىكى بىر ئاۋغان بالىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئاۋغان خەلقى ئارىسىدا زور غۇلغۇلا قوزغايدۇ. بۇ ئاۋغان بالىسى ئاۋغانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك.ئۇنداقتا بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرلىشى، بىر ئامېرىكىلىقنىڭ، بىر ئاۋغانىنىڭ، بىر پەلەستىنلىكنىڭ ، بىر تۈركنىڭ، بىر قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبەكنىڭ ئۆلتۈرلىشىگە سېلىشتۇرغاندا قانچىلىك غۇلغۇلا قوزغۇشى مۇمكىن؟ خىتاينىڭ يېپىق تەربىيەلەش لاگېرلىرى دەپ ئاتىۋالغان، نازى ئۆلۈم كامپىلىرىغا ئوخشايدىغان مەركەزلەرگە كىرىپ قالغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىندىشى ھېسابلانغان بىر قازاق ھاياتىنىڭ قايسىسى مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك؟ ئەسلىدە قوشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان ئۇرۇمچى، گۇاڭجۇ، يۈننەن، لائوس، تايلاند، بەرما، مالايشىيا، تۈركىيە قاتارلىق بۇ كەڭرى جۇغراپىيەلەرگە قەدەم بېسىپ ئاخىرىدا سۇرىيەدىكى. ISIS قا يېتىپ بارغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ISIS تىكى باشقا گۇرپىلاردىكى كىشلەر ئۆلمىنىڭ قىممىتى ئوخشاشمۇ؟ بىرمىدىكى روھىنا مۇسۇلمانلىرىغا سېلىشتۇرغاندىچۇ؟ پەلەستىندىكى 50 كىشىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈش گىردابىغا كېلىپ قالغان، خىتاي يېپىق تەربىيەلەش مەركەزلىرىگە سولانغان بىر مىليون ئۇيغۇر سىياسي تەقدىرىنىڭ قايسىسى بەكرەك دۇنيا كۆز تەرتىپىگە كېلىۋاتىدۇ؟ بۇ سوئاللار نۆۋەتتە، نېمە قىلىشىمىز كېرك؟ ۋە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە جىددىي ئويلۇنىۋاتقان ئۇيغۇرلار مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىللەر.17-ئەسىردە دوختۇرلار ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش مەخسىدىدە، ئىتلارغا ھېچقانداق ناركوز ئىشلەتمەستىن ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋېتەتتى ئەمما، ھايۋان قوغدىغۇچى بىداكارلار بۇ ئىشقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ دۇنيانىڭ ھايۋانلار ھەققىدە بىر قانۇن تۈزۈشىنى تەلەپ قىلدى ۋە ئەمىللەشتۈردى. ھازىر دۇنيادا ھايۋانلارنى قالايمىقان ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە نۇرغۇنلىغان قانۇنلار بار..

2015-يىلى ماي ئېيىدا، يېڭى زىنلاندىيە ھايۋان ھەقلىرى قانۇنىنى ئېلان قىلىپ ھايۋانلارنىڭمۇ ھېس تۇيغۇغا ئىگە جانلىقلار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغان بىر دۆلەت بولۇپ قالدى.

نەتىجىدە بۇ قانۇن، ھايۋان يېتىشتۇرىدىغان باقمىچىلىق رايونلىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ يەنىمۇ ئازادە ۋە ياخشى مۇھىتلاردا يېتىلدۈرىلىشىگە ئىمكانىيەتلەر ھازىرلاپ بەردى. بۇ 4.5 مىليون نوپۇزلۇق يېڭى زىنلاندىيەگە نىسبەتەن 30 مىليون قوينىڭ راھەت ياشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك تەدبىر ۋە شارائىتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى . دۇنيا يېڭى زىنلاندىيەنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ئالقىشلىدى. كانادانىڭ كۆبەك ئۆلكىسىدىمۇ قويلارنىڭ راھەت ۋە ئېسىل شارائىتلاردا بېقىلىشىغا ئائىت بىر قانۇن ماقۇللانغانلىغى مەلۇم. ياپونىيەمۇ

ئەسلىدىكى كاللارنى ئەنئەنىۋى قوتانلاردا باقىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، تېخىمۇ سۈپەتلىك كالا گۆشى مەھسۇلاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، كاللارغا بېرىلىدىغان ھەلەپلەرنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىدى.. كاللارنىڭ ياشام مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە مۇزىكا قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن، كاللارنىڭ مەھسۇلات بېرىش ئەھۋالىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارماقتا. ئۇنداقتا 21- ئەسىردە ئىچكى ئورگانلىرى قالايمىقان سېتىلىۋاتقان، (د.ن.ئى) لىرى مەلۇم بىر شۇم غەرەزلەر ئۈچۈن يىغىلىۋاتقان،قىستا قىستاڭ، يېپىق تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا، مۇنچىغا چۈشۈش، خالاغا بېرىش، ياخشى ئوزۇقلۇنۇش ..............ۋەھاكازا قاتارلىق جەھەتلەردە ھايۋانلاردىنمۇ ناچار ئەھۋالغا دۇچ كېلىۋاتقان، ئىز دېرەكسىز غايىب بولۇۋاتقان، يېپىق تەربىيەلەش لاگېرىدىكى ناچار شارائىت سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن ھايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا قىممىتى قانچىلىك؟

ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، مەۋجۇت بولۇش ياكى يوق بولۇش ئوتتۇرىسىدا تېپىرلاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى، ئالىملار تەجرىبەخانىلاردا تەجرىبە قىلىۋاتقان چاشقانلارغا ئوخشۇتۇشقا بولىدۇ. 1-تەجرىبىدە ئالىملار ئالدى بىلەن يۇز چاشقاننى لىق سۇ تولدۇرۇلغان كومزەك ئىچىگە سالىدۇ. سۇ ئىچىدىكى چاشقانلار ھايات ماماتلىق كۈرەشنى باشلاپ ، كومزەك ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بار كۈچى بىلەن تېپىرلايدۇ. ئەمما بۇ تىراگىدىيەدە، يۈز چاشقان 15 مىنۇت بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ۋە ئاخىرىدا يۈز چاشقاننىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ.2- تەجرىبىدە، ئالىملار يۈز چاشقاننى يەنە بىر لىق سۇ تولدۇرۇلغان كومزەككە سالىدۇ. چاشقانلار تېپىرلاشقا باشلاپ 14 مىنۇت ئۆتكەندە، يۈز چاشقاننىڭ ھەممىسى سۇدىن چىقىرىلىدۇ. بۇ چاشقانلار ئاپتاپقا سېلىنىپ ياخشى قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، قايتا سۇ توشقۇزۇلغان كومزەككە سېلىنىدۇ بۇ قېتىم ئەھۋال باشقىچە بولۇپ چاشقانلار، ئالدىنقى قېتىم 14 مىنۇت ئۆتكەندە قۇتۇلدۇرۇلغانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۈمىد تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىدە، 20 مىنۇت بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

كۈچلۈك دۆلەتلەر يۇقىرىدىكى بۇ تەجرىبىنى دۇنيادىكى كۈچ تالىشىش سىياسىي ئويۇنلىرىدىمۇ ئىشلىتىۋاتىدۇ. 2009-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن5- ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، دۇنيادا ياڭرىغان "بۇ سويقىرىم" دېگەن بىر تۈركچە ئاۋاز، ئۈمۈتسىز قالغان ئۇيغۇرلارغا ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار خۇددى سۇ كومزىگىگە تاشلىنىپ 14 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان چاشقانلاردەك بىر روھى ھالەتكە چۆمگەن ئىدى. ئەمما بۇ تەجرىبىنى ئىشلىگەنلەرنىڭ 2000- يىلىدىن 2010 يىلىغا قەدەر خىتاي بىلەن بولغان سودا تىجارەت سوممىسى بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 2015-يىلىغا كەلگەندە 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا چىقتى. پاھ... بۇ تەجرىبىنى سىياسىي ئويۇنلاردا ئويناش نېمە دېگەن ئىشقا يارىغان ھە؟

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇر داۋاسى خۇددى ئىستانبۇلدىكى داڭلىق تاخسىم مەيدانىغا ئېسىلغان، يوغان نورۇز ئېشى داشقازىنىغا ئوخشايدۇ. خالىغاندا داشقازاننىڭ ئوتى ئۆچۈرلۈپ تۆۋىقى كۆمتۈرلۈپ قويۇلىدۇ. خالىغاندا قازان سۇس، خالىغاندا ۋاتىراقلاپ قايناپ تۇرىدۇ. خالىغاندا بۇ قازانغا چامغۇر، پۇرچاق ۋاھاكازالار تاشلاپ قويۇلىدۇ، خالىمىغاندا ھېچنېمە يوق.

2017-يىلى تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇش ئوغلى بېيجىندا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭيى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى تۈزگەندىن باشقا، تۈركىيەدە خىتايغا قارشى ھەرقانداق تەشۋىقاتىنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. شۇندىن كېيىن بۇ داش قازاننىڭ ئوتى سەل تارتىپ قويۇلدى.ئەپسۇسكى، سۈرىيەدىن- ئىراققا، لىبىيەدىن-مىسىرغا،يەمەندىن- قىبرىسقا قەدەر مۇسۇلمانلىق دۇنياسىنىڭ ئادالىتى ئۈچۈن كاناي يىرتىپ جار سالغانلار، ھەق ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلغان دىنسىز شەيتاندۇر دېگەنلەر، قان ھىدى ئالغان لەھەڭدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك بولغىنى، نېفىت ھىدى ئالغان ئىمپىريالىستلاردۇر دېگەنلەر، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى يولىدا ماڭىمەن دېگەنلەر شەرقى تۈركىستان

مەسىلىسىدە سۈكۈتتە. ئۇلارغا ئۇيغۇرلار جىددىي سوئال قويۇشى كېرەك ئىدى. ئەجەبا بۇمۇ سىنىڭ سۆزنەتكە ئەگەشكىنىڭ؟ دېيىشى كېرەك ئىدى.سۇ قاچىلانغان تەجرىبە كومزىگىگە سېلىنىپ 14 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان تەجرىبە چاشقانلىرىدەك ياشاش ۋە پاناھلىنىش ھەلەكچىلىكىدە قالغان بىچارە ئۇيغۇرلار بۇ سوئالنى سوراشقا قانداق جۈرئەت قىلالىسۇن؟.2018-يىلى ئاپرىلغىچە، بۇ داش قازاننىڭ ئوتى سەل كۈچلىنىپ، قازان ۋاتراقلاپ قايناشقا باشلىدى. ئاپرېلدىن كېيىن قازاننىڭ تۈۋىقى يىپىلىپ ئوتى ئۆچۈرۈۋەتىلدى..

ھازىر ئىستانبۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، شەرقى تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئۆلىمالار بىرلىكى، ياشلىق ۋە مەدەنىيەت دەرنىگى، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەخپى، دارۇل ئىمان جەمئىيىتى، ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ۋەخپى،ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەرىپەت ۋەخپى، ئۇيغۇر ئاكادىمىيىسى، شەرقى تۈركىستان ۋەخپى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋەخپى، مۇئەللىم ۋەخپى، نۇزۇگۇم يېتىم يىسىرلار فوندى، شەرقى تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى، فارابى ۋەخپى، دۇنيا مەزلۇملار ۋە مۇھاجىرلار دەرنىگى، قاتارلىق 15 تەشكىلات بار بولۇپ بۇلارنىڭ كۆپچى، تۈركىيەنى شەرقى تۈركىستان سىياستى دەيدىغان بىر سىياسەت تۈزگۈزۈشكە يەتمەيدۇ.

ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار، تۈركىيەنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان ئىدىئولوگىيەدە ياشاپ كەلدۇق.

شۇ ۋەجدىن تۈركىيەنىڭ دۇنيادىكى ئورنىغا ئائىت مەسىلىلەرگىمۇ يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلدۇق.

دۇنيادىكى كۈچلەر ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنمەكتە. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ئىسرائىلىيە ۋە ياۋروپا بىرلىكى بىر قۇتۇپ، تۈركىيە، رۇسىيە، خىتاي ۋە ئىران بىر قۇتۇپ. تەبىئىيكى تۈركىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىراقلىششى، ياۋروپا بىرلىكىنىڭ تۈركىيەگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى قاتارلىق ئامىللار، تۈركىيەنى خىتاينىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشقا مەجبۇر قىلماقتا.

شۇنداق.تۈركىيەنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ساقلىنىپ تۇرماقتا.

ئامېرىكا تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ياۋروپا بىرلىكىنىڭ تۈركىيەنى ئەخمەق قىلىشى، رۇسىيە ئايروپىلانىنىڭ ئېتىپ چۈشۈرۈلۈشىدىن كېيىن، رۇسىيە –تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرىدە يۈز بەرگەن كىرزىسلار، سۇرىيەلىك پاناھلانغۇچىلار مەسىلىسى، گۈلەن مەسىلىسى، 15- ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى، كۇرتلەر مەسىلىسى، 80 مىليون تۈرك خەلقىنىڭ ياشام مەسىلىسى قاتارلىقلار، يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان تۈركىيەنى چىرمىۋالغان قىيىنچىلىقلاردىن ئىبارەت. ئەمما شۇنداق بولغىنىغا قارىماي پەلەستىن مەسىلىسىدە تۈركىيە ئىچكى تاشقى سىياستىنى بەلگىلىگۈچىلەر، سۆزدە ۋە ھەرىكەتتە پەلەستىنلىكلەر ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتتە ئۆتمەكتە. تۈركىيە ئۆز باش ئاغرىقىنىڭ جىق بولغىنىغا قارىماي، پەلەستىن مەسىلىسىدە، ئىسرائىل ۋە ئامېرىكىنى شۇنداقلا ياۋروپا بىرلىكىنى قارشىسىغا ئالماقتا. ئەلۋەتتە قەشقەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قۇددۇستەك قۇتسال بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خىتاي تەرىپىدىن يوشۇرۇن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئەلۋەتتە مەزلۇم پەلەستىن خەلقىگە ئوخشاشلا ئىنسانىيەتنىڭ بىر پارچىسى. نۆۋەتتە گېتلېرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان، خىتاي يېپىق تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا سولانغان، يوشۇرۇن يوق قىلىش ئوبيېكتى قىلىنغان بىر مىليون ئۇيغۇرنىڭ قىممىتى بىلەن، پەلەستىندە يەھۇدىي ئەسكەرلىرىگە تاش ئېتىش جەريانىدا ئۆلگەن 50 نەپەر پەلەستىنلىكنىڭ قىممىتىنى سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان بىر مىليون ئۇيغۇر بىلەن، 50 نەپەر پەلەستىنلىكنىڭ قايسىسى دۇنيادا غۇلغۇلا قوزغايدۇ.

قولۇمدا دۇنيا خەرىتىسى. تۆت ئەتراپىنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان دوۋلەتلىرى ئوراپ تۇرغان ئىسرائىل دۆلىتى، ئوتتۇرا شەرقتە، خۇددى يوغان بىر قايماقلىق تورتنىڭ ئۈستىگە پاتۇرۇپ قويغان كىچىككىنە چوكلاتتەك قىزىل دېڭىزنىڭ ئەتراپىدا پارقىراپ تۇرىدۇ.

ئىسرائىل شىمالدا قىبرىس ئارقىلىق تۈركىيە، شەرقتە سۇرىيە، ئىيوردانىيە، ئىراق، باھرايىن، سەئۇدى ئەرەبىستان، جەنۇبتا مىسىر، سۇدان قاتارلىق مۇسۇلمان دۆۋلەتلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ.ئەمما ئىسرائىلنىڭ

دۇنيادىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنلىرىدىكى مۇشتۇمنىڭ كۈچى،ئۇنى ئوراپ تۇرغان ئون نەچچە مۇسۇلمان دۆۋلەتنىڭكىدىن كۈچلۈك. سىرائىل ئۇزۇنلۇقى 470 كم، كەڭلىكى 135كم، ئومۇمى كۆلىمى 27.817 كۋادرات كم بولغان تار ئۇزۇن ئۇچەيدەك يەر مەيدانى، 8 مىليوندىن ئازراق كۆپ نوپۇسى بىلەن ئوتتۇرا شەرقتىكى بارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ھەيۋە قىلماقتا. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ سوئالنى ئىسرائىلنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمان دوۋلەتلىرى 50 يىلدىن بۇيان ئۆزلىرىدىن سوراپ باقمىدى. سورىغان بولسىمۇ ھەل قىلىش چارىلىرىنى تاپالمىدى.چۈنكى مەسىلە كۈچ ۋە روھقا بېرىپ تاقىلاتتى.

ھازىر تۈركىيەدىكى تەشكىلاتلار ئاستا-ئاستا سىياسىي ئورنىنى يوقىتىپ ئاساسلىق كۈچىنى نامراتلار، تۇل خوتۇن يېتىم باللارغا ئۇن، گۈرۈچ ،ماي دېگەندەك بىر نەرسىلەر تارقىتىدىغان، خىتاينىڭ خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. تۈركىيەدىكى دىنى ساھە ۋە تەشكىلاتلارنىڭ سەۋىيە ۋە ساپاسى خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇملارنى سىستېمىلىق ۋە پىلانلىق ئاڭلىتىشقا يەتمەيۋاتىدۇ. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ رولىنى، تۈركىيەدە قانۇن، سىياسەت ، جەمئىيەتشۇناسلىق، دىن  قاتارلىق كەسپلەرنى ئوقۇغان يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلار ئۆتكۈزۈۋالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتسىزلىنىش دەرىجىسى ئېشىپ بېرىشى مۇمكىن. تۈركىيەدە چوقۇم ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ كونا پەردىلىرى يېپىلىپ، يېڭى پەردىلەر ئېچىلىشى، جۇشقۇن، ياش، بىلىم ۋە قابىلىيەتلىك، ئالىي مەكتەپ بىلىم سەۋىيەسىگە ئىگە، دۇنيا ۋە تۈركىيەدە قانداق داۋا قىلىشنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم ياش سىياسەتچىلەر ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ رولىنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى ئەقىللىق تېلىفۇنلىرىمىزنى ھەرۋاقىت ‘up date’ قىلىپ تۇرغۇنىمىزدەك ئۇيغۇر دەۋاسىنىمۇ خەلقئارالىق ستاندارتلارغا ماس ھالدا ‘up date‘ قىلىشى كېرەك. بۈگۈن دئۇستا ئادالەت جارچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسرائىلغا قارىتا ‘one minut, one minut‘ دىگەنلەر ئەينى ۋەزىيەتتىن نۇرغۇن ھەسسە بىچارە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياقا يىرتىپ، خىتايغا ‘one minut one minut’ دەلەلمەيدۇ. دۇنيادىكى كۈچلۈكلۈك تالىشىش كۈرەشلىرى خۇددى بىر قىمارغا ئوخشايدۇ. قىمار، نە مۇسۇلمانلىق نە ئۇرۇق تۇغقانچىلىق تونۇمايدۇ. سەندەك ئاجىز بىر مىللەتنى خالىسا قىمار تاۋكالىرىغا تىزىپ قويىدۇ، خالىسا چاشقانلارنى تەجرىبە قىلىدىغان كومزەكلەرگە تاشلاپ قويىدۇ. تاكى سەن دۇنياغا لايىق ستاندارتلار بىلەن ئورنۇڭدىن دەس تۇرمىغۇچە ۋە چېچىڭنىڭ ئۇچىدىن تاپىنىڭغا قەدەر يېڭىلانمىغىچە. مېنى ئەسلىدە خورلاۋاتقىنى بىزنىڭ بۇ مۇقەددەس داۋا يولىدا تېخىچە ئاددىي ۋە ساددا بولۇۋاتقىنىمىز. ئامېرىكىلىق مەشھۇر شەخس مارتېن لىتىر كىڭنىڭ بىر سۆزى بار، ‘ئاقىۋەتتە قەلبىمىزدە ساقلىنىپ قالىدىغىنى، دۈشمىنىمىز ئەمەس، بەلكى دوستلىرىمىزنىڭ سۈكۈناتىئ دەيدىغان. يۈرۈگۈمنى ئەڭ ئاغرىتىۋاتقىنى دوستلىرىمىز ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرىمىزنىڭ سۈكۈت قىلىشى. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك.

# تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (4)

**كاسىسنى**

ئۆتكەن يۈز يىلدا ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىنسانىيەتكە بالايى ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كەسەللىك سەۋەبىدىن دۇنيا بويىنچە ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.ئەختىسادى، سىياسى ۋە ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن ئاچارچىلىق ۋە ۋابا، تېبىركۇلۇس قاتارلىق كەسەللىكلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كۈشەندىسى بولۇش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلدى. ھازىر دۇنيادا ھېچقانداق تەبئى ئاچارچىلىق قالمىدى. پەقەت سىياسى سەۋەپلەردىن كېلىپ چىققان ئاچارچىلىقلار مەۋجۇت. ئەگەر سۇرىيە، ئىراق ۋە سومالىدا ئىنسانلار ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولسا بۇنى پەقەت دۇنيا سىياسەتچىلىرى خالىغانلىغى سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان. ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىكى بىر كىشى خىزمىتىنى ۋە بارلىق مال دۇنياسىنى يوقۇتۇپ قويغان تەغدىردىمۇ ئاچ قالماسلىغى مۇمكىن. ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئىنسانى ياردەم پاراۋانلىق ئورگانلىرى ۋە سۇغۇرتا شىركەتلىرى، دەرھال بۇ ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن ئورۇندا پەيدا بولۇشى ۋە ئەڭ ئاز شۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساخلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى مۇمكىن.

ختاي، خۇاڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ يېقىنقى 80-يىللارغا قەدەر مىڭ يىل ئاچارچىلىقتا ياشىغان ۋە ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن ئۆلگەن ئادەم سانى دۇنيا بويىنچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ئاچارچىلىقتىن ئىبارەت بۇ قورقۇنۇچلۇق يوقۇتۇشقا بەرداشلىق بەرەلمەي ئادەم گۆشى يىگەن بىر دۆۋلەت ئىدى. 1974- يىلى رۇمىنيەدە ئەچىلغان دۇنيا يىمەك- ئىچمەك تەشكىلاتىنىڭ تۈنجى يىغىنىدا ختاينىڭ ئاچارچىلىق مەسىلىسگە ئاىت نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر دوكلات قىلىنغان ئىدى. ئەينى چاغدا مىليارت نوپۇسلۇق ختاي ئاھالىسىنى قانداق قىلىپ ئاچارچىلىق پالاكىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسى دۇنيا لىدىرلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان مەسىلە ئىدى.

بۈگۈن ختتايدىكى مەسىلە ئاچارچىلىق مەسىلىسى ئەمەس. بۈگۈن قوسقى توق كىيىمى پۈتۈن بولغان ختاي، شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنى، ئەينى يىللاردىكى ئاچارچىلىقتىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولغان "سىياسى ئاچارچىلىق" "ھۆرلۈك ئەركىنلىك" ئاچارچىلىغى تار يولىغا قىستىماقتا.

ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرى ئاچارچىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرمۇ ئىنسانىيەتنىڭ كۈشەندىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. سودىگەرلەر مەمۇرلار ۋە ساھايەتچىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇرۇشى بىلەن، قەدىمى شەھەرلەر قانچىلىك دەرىجىدە مەدىنيەتلەرنىڭ بۆشۈگى بولغىنىغا قارىماي، رەھىمسىز يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئۇرۇپ- سوقۇشىغا دۇچار بولغان ئىدى.بۇ دەۋرلەردىكى ئىنسانلار، تۇيۇقسىز بىر يۇقۇملۇق كەسەللىكنىڭ چاپلىششى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىبارەت ۋەھىمە ئىچىدە ياشايتى. 1330- يىللىرى ئاسىيا قىتئەسىدە ۋابادىنمۇ دەششەتلىك بولغان بىر يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىشقا باشلىغان ۋە ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە، ئاسىيا، ياۋرۇپا ۋە جەنۇبى ئافرىقىغا، ئاندىن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ گىرۋەكلىرىگىچە يامراپ 20 يىل ئىچىدە، ياۋرۇ –ئاسىيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنىڭ يوق بولۇشىغا سەۋەپ بولغان ئىدى. بۇ يۇقۇملۇق كەسەل 75 بىلەن 200 مىليون ئارىسىدىكى ئىساننىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەپ بولغان ئىدى. ئەنگىلىيەدە ھەر 10 ئىشىدىن 4 تى ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋە ۋابا تارقىلىشتىن بۇرۇن 3.7 مىليون بولغان ئەنگىليە نوپۇسى 2.2 مىليونغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. دۆۋلەت ئەرباپلىرى، پۇلدارلار ۋە سىياسەتچىلەر بۇنداق بىر رەھىمسىز رىياللىق ئالدىدا چارىسىز قالغان ئىدى. يۇقۇملۇق كەسەللىكنى توختۇتۇش ئۈچۈن كولىكتىپ دۇا قىلىشتىن باشقا نىمە قىلارىنى بىلەمەي قالغان ئىدى. خۇددى ھازىر ئۇيغۇرلار ختايدىن ئىبارەت بۇ سىياسى ۋابا قارشىسدا نىمە قىلىشنى بىلەلمەي تېپىرلىغىنىغا ئوخشاش.قارا ۋابا تارختىكى بىردىنبىر يۇقۇملۇق كەسەللىك ئەمەس. ئەينى چاغدا

ياۋروپالىقلارنىڭ ئاياق بېسىشى بىلەن، ئامېركا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق قىتئەلەرنى قارا ۋابادىنمۇ بەتتەر ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللەر ئۇرغان ئىدى. خەلقارا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلار، دۇنيادىكى ئاچارچىق ۋە يۇقۇملۇق كەسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى ئارخىپلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى ئەمما،1949- يىلى شەرقى تۈركىستانغا خىتايدىن ئىبارەت بۇ غەيرى ۋابانىڭ يامراپ كېلىشى بىلەن، چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر، پان تۈركىزىمچى، پان ئىسلامىزىمچى، شۇجىڭجۇيىچى.........ۋاھاكازا قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق "ئۆلۈم قالپىغى" ئاستىدا ئۆلگەن ئۇيغۇرلار سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىگىنى ئارخىپلاشتۇرغان ئادەم يوق. 21-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار ھازىرغا قەدەر خىتاينىڭ قانداقتۇر بىر قالپاقنى كىيگۈزۈپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشىدىن ئىبارەت ۋەھىمە ئىچىدە ياشىماقتا. خۇددى 14- ئەسىردىكى ئىنسانلار قارا ۋابا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بىر يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ كېلىپ ئۆزىنى ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە ياشىغىنىغا ئوخشاش. خىتايدىكى بىر مىليۇندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ناتسىس گېرمانىيەسىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان لاگېرلارغا سولۇنۇشى "خىتاي ۋاباسى"نىڭ قانچىلىك دەرىجىدە رەھىمسىز ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئەمما بۇ ۋابادىن ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ھەققىدە دۇنيانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايۋاتىدۇ.

خەلقارالىق يىمەك ئىچمەك تەشكىلاتى شۇنداقلا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق ئورگانلار، دۇنيادا كوكا-كولا ئىچكەنلىگى سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر سانىنىڭ، ئەلقايدىنىڭ تېرورلۇق ھۇجۇمى سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر ساندىن كۆپ ئىكەنلىگىنى، ماكدونالد قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھامبۇرگەرلىرىنى يېيىش سەۋەبىدىن دۇنيادا قانچىلىك ئادەمنىڭ سېمىزلىك كەسلىگە گىرىپتار بولغانلىغى، 2002 ۋە 2003 تە سارس، 2005 تە قۇش زۇكىمى، 2009-يىلدا چوشقا زۇكىمى 2014-يىلدا يۇز بەرگەن ئابولا يۇقۇملۇق كەسلى، ئەيدىز، تېرۆر ھۇجۇمى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىگى ھەققىدە ئېنىق ئىستاتىستىكا قىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئەمما، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مەخسەتلىك يوق قىلىش سىياستى سەۋەبىدىن قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ  ئۆلگەنلىگى ھەققىدە ئىستاتىستىكا قىلىدىغان ئورگان يوق.

ئۆتكەنكى نەسىللەر دۇنيا تىنىچلىغىنى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىنىڭ ۋاقتىلىق توختىشى دەپ چۈشەنسە، بۈگۈنكى نەسىللەر مەنتىقىسىز ئۇرۇشلارنى دۇنيا تىنىچلىغىنىڭ كۈشەندىسى دەپ چۈشەنمەكتە. ئەسلىدە ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا دۇنيا تىنىچلىغىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە خەتەرلىك كۈشەندىسى خىتاي. بۇ ماھىيەتنى ھەر بىر ئىنچىكە نۇقتىلىرىغا قەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەن مىللەت ئۇيغۇر مىللىتى. گەرچە ئۇيغۇرلار بۇ ھەقتە چۇقان سېلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما ئاجىز ئاۋازى تۆپەيلى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. ئەمما ترامپ باشچىلىغىدىكى ئامېركا ھۆكۈمتى، كېچىكىپ بولسىمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتتى ۋە خىتاينى ئامېركىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى دەپ ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، خىتايغا قارىتا سودا ئۇرۇشى ئېلان قىلدى. دۇنيادىكى يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر دۇنيا تىنىچلىغىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان نەرسىنى يادرو قوراللىرى ۋە تېخنىكا دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەيتقاندا، دۇنيا تېنىچلىغى ۋە  ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلىغىغا ئەڭ ئېغىر تەھدىت خىتتاي. خىتاينىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئەگەر دۇنيا خەرىتىسىدە يېڭى ئۆزگۈرۈشلەر يۈز بەرىپ خىتاي خەلق جۇمھۇريىتى دىگەن بۇ دۆۋلەت نامى خەرىتىلەردىن چىقىرۋەتىلىدىغانغا يەنە قانچىلىق ۋاقت لازىم بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ كۈن ھەقىقى مەنادىكى تىنىچلىق كۈنى دەپ قارىلىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەلقايدىنى ئۆزلىرىگە تەھدىت دەپ قارايدۇ ئەمما، يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كوكا كولانى ئەلقايدىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك تەھدىت دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار 60 يىلدىن بۇيان  خىتاينى ئىنسانىيەتكە ۋە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئەلقايدىدىن ۋە كوكا كولادىن بەتتەر تەھدىت دەپ چۈشۈنۈپ كەلگەن بولسىمۇ ئەمما، دۇنيانى ئىشەندۇرەلمەي كەلگەن ئىدى. 2017-ۋە 2018- يىللىرىغا كەلگەندە بۇ ھەقىقەت 100% ئىسپاتلىنىشقا باشلىدى. ھازىر بىر مىليۇندىن ئارتۇق ئۇيغۇر يەنى ئومۇمى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 10% تى سۆزدە يېپىق تەربىيەلەش نامىدىكى تۈرمىلەردە. ئىز دىرەكسىز غايىپ بولغانلار سانىنى ئېنىقلاش مۇشكۈل ئىش. خىتاي تەھدىدى ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلار ھازىر ، ئۆتكەن ئەسىردىكى دۇنياغا يامرىغان ۋابا، چېچەك

ۋىرۇسى قاتارلىق لار ئېلىپ كەلگەن قىرغىنچىلىقلاردىنمۇ ئېغىر قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىپ مىللەت سۈپىتىدە يوق بولۇشتىن ئىبارەت هايات -مامات مەسىلىسىدە جان تالاشماقتا.

ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى نەسىللەر، ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرساڭ تۇيىقى سىقىرايدۇ دەيدىغان

تەمسىلگە ئىشىنەتتى ۋە بۇنى بىر ھەقىقەت دەپ قارايتتى. هازىرقى نەسىللەر ئۈچۈن ئۇ بىر كۈلكىلىك گەپ. ئۆكۈز گە دوللار كورسەتسەڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرۇپ سۇندۇرۋەتسەڭمۇ تۇيىغى مىت قىلىپ سىقىراپ قويمايدۇ. ئۆكۈزنىڭ مۈڭگىزى ھېساپلانغان شەرقى تۈركىستاننىڭ ئەتراپىنى، سۆزدە دىنى قېرىندىشى بولغان مۇسۇلمانلار ۋە ئاتا بوۋىلىرى ئۇزاق ئوغۇز خاقانغا تۇتىسىدىغان تۈرك ئۇرۇق تۇققانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ ئۇرۇق تۇققانلار، شەرقى تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ مۇستەھكەم ئۆكۈزنىڭ، ئۆز مۈڭگۈزىدە، بۇ چەكسىز كەتكەن بۈيۈك تۈركىستاننىڭ سەلتەنەتلىك تارىخنى قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان قىلچە زىدە قىلماي كۆتۈرۈپ كەلگەنلىگىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئەگەر خىتاي شەرقى تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ئۆكۈزنىڭ مۈڭگىزىگە ئۇرۇپ سۇندۇرۋەتسە، بۇ بۈيۈك جۇغراپىيەدىكى بارلىق تۈركى مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنىمۇ دەسسەپ- چەيلەپ ۋەيران قىلىدىغانلىغىنى ئۇنتۇپ قالدى. چۈنكى خىتاي "بىر يول –بىر بەلباغ دەپ ئاتىلىدىغان ناهايىتى يوغان سېغىن كالىنى، تۈرك، ئۆزبەك،قازاق، قىرغىز، تۈركمەن،ئەزەرى قاتارلىقلارنىڭ بوسۇغىسىغا ئاللىقاچان باغلاپ قويغان ئىدى..

ئوتكەندە، سەھەر تەخەللۇسىدا ئەسەر يازىدىغان بىر ئاپتور، دۇنيا كۆرۈپ قويدۇق ئادالىتىڭنى ناملىق ماقالىسىدا، هازىر خىتاي يولغا قويۇۋاتقان بىر يول بىر بەلباغ ئىستىراتىگىيىسىنى، مەشھۇر خىتتاي يازغۇچىسى لۇشۇن ئەپەندىنىڭ قانغا چىلانغان جىڭموما دىگەن ھەكايىسىدىكى، ئادەم قېنىغا چىلانغان جىڭمومىغا ئوخشىتىدۇ. ئەينى ۋاقتتا ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىمىزگە كىرگۈزۈلگەن داڭلىق ھېكايە قانغا چىلانغان جىڭمومىدا، بىر خىتاي ئايالنىڭ بالىسى سىل كېسىلى بولۇپ قالىدۇ. دوختۇرلار ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن ئادەم قېنىغا چىلانغان جىڭمومىنى يىيىشى كەرەكلىگىنى بۇيرۇيدۇ.بىر يول بىر بەلباغ هازىر دەل ئۇيغۇرنىڭ قېنىغا چىلانغان جىڭموما.

ئەمما مۇسۇلمانلار، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك قەۋمىگە مەنسۇپ بارلىق ئەتراپىدىكى قېرىنداشلىرى بۇ قانغا چىلانغان جىڭمومىنى ئوزلىرىنىڭ كەمبەغەلچىلىكتىن قۇتۇلۇش دورىسى ئورنىدا مەزە قىلىپ يىمەكتە..

مەن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كەرەك نامىلىق چاتما مۇلاھىزەمىنىڭ 3- قىسمىدا، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئىستانبۇلدىكى تاخسىم مەيدانىغا ئېسىپ قويۇلغان نورۇز ئېشى داش قازىنىغا ئوخشاتقان ئىدىم. بۇ قازاننىڭ بەزىدە ۋاتىراقشىپ قايناپدىغانلىغى،بەزىدە سۇس، بەزىدە ئوتى ئۆچۈرلۈپ تۇۋىغى يېپىپ قويۇلىدىغانلىغى ھەققىدە توختالغان ئىدىم. بۇ يىل روزا ھەيتىدا، بۇ داش قازان يەنە قاينىتىلىشقا باشلىدى. تۈركىيە تەرەپ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان 6 مىڭ ئۇيغۇرغا ھېيتلىق دەستىرخان سېلىپ، ھېيت زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ زىياپەتكە كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى، باللىرى مەكتەپ سىز، ئۆزلىرى ئىقامەتسىز قالغان 6 مىڭ ئۇيغۇر ئىدى. تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ زال ئىچىگە كىرىپ كەلگەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سويلۇغا بولغان خوشامەت كۆرۈنۈشلىرى، كىشىنىڭ يۈرۈگىنى ئېزەتتى. مەن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كەرەك نامىلىق چاتما مۇلاھىزە ماقالەمىنىڭ 3- قىسمىدا ئالىملارنىڭ چاشقانلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەجرىبىسى ھەققىدە توختالغىنىمدەك ، شۇ كۈنى ئۇيغۇرلار سۇ كومزىگىگە چىلىنىپ 14 مىنۇت ئۆتكەندە قۇتقۇزۇۋېلىنىش شەرىپىگە ئەرىشكەن، تەجرىبە چاشقانلىرىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. بۇ يەردىكى شۇنچە خوشامەت ، سويلۇنى خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇتقازغۇچىسىدەك كورۇشتىكى بىردىن بىر مەخسەت، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتاپنامىسىنىڭ ئەڭ ئاددى، ئەڭ ئەقەللى شەرتلىرىنىڭ بىرى بولغان، تۈركىيەدە تۇرۇش ۋە پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىش رۇخستى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.ھەي بىچارە ئۇيغۇرلار!!!

ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيە يەر مەيدانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىنمۇ چوڭ، ئاجايىپ باي ۋە مۇنبەت

زىمنى، سەلتەنەتلىك ئۇغۇزخاندىن باشلانغان پەخىرلىك تارىخى، ئۆزگە خاس غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارى بار بىر مىللەت ئىدى. يۈزسىز تۈرك سىياسەتچىلىرى، سايلامغا ئاز قالغان كۈنلەردە، تۈركىيەدىكى مىللەتچى ئۆلكىچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن بۇ ھەيتلىق دەستىرخاننى سالغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىغا كەمپۈت تاشلاپ بەرگەن ئىدى..

6 مىڭ كىشىلىك بۇ ھېيتلىششتىن ئانچە مۇنچە بولسىمۇ يۈزى كۈلۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنى، يەنە بىر يۈزسىز تۈرك سىياسەتچىسىنىڭ زەھەر-زەمبىرەك سوزلىرى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇرلار، بىزنىڭ قەرىنداشىمىز. پەقەت خىتاينىڭ زىمىن پۈتۈنلىگى دەخلى تەرۈزگە ئۇچۇرمىغان ئەھۋال ئاستىدا. ئەگەر ئۇيغۇرلار تەرورلۇق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالسا يۈز خاتىرە قىلمايمىز.ئاللا- ئاللا بۇ سىياسەتچى قاردەش بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 30 ياكى 40 پىرسەنتىنىڭ خىتايدىكى تۈرمە ۋە يېپىق تەربىيەلەش نامىدىكى غەيرى تۈرملەردە ئىكەنلىگىنى، بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ ئۇيغۇرلارنىڭ، دىنى مەدەنىيىتى ئۆرپ ئادىتى، ئار نۇمۇسى بىرياقتا تۇرسۇن، ئۆز ئۆيىنىڭ قۇلۇپىغىمۇ ئىگە بولالمايۋاتقانلىغىنى. بۇنداق كوللىكتىپ تۈرمىگە تاشلىنىش سەۋەبىدىن قەشقەردەك ئاۋات قەدىمى شەھەر بازارلىرى ئادەمسىز چۆلدەرەپ قالغان بىر مىللەتتە تېرور نىمە ئىش قىلسۇن؟ يەنە، قايتا قايتا تەكتلەيمەنكى بۇ خۇددى سۇ كۆمزىگىگە تاشلىنىپ 14 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قۇتقۇزىۋېلىنغان چاشقانلارنىڭ گېلىنى سىقىپ تۇرۇپ، ئەگەر قايتا يەنە تاغىرىمنى تېشىپ بۇغدىيىمنى يەيدىغان بولساڭ، سۇ تولدۇرۇلغان كومزەككە ئۆزەم تاشلايمەن دىگەندەك بىر گەپ ئىدى. ئەمما 14 مىنۇت سۇ كومزىگىدە تۇرۇپ ئۆلەر ھالەتكە كەلگەن بۇ چاشقانلاردا  تاغارنى تەشكىدەك كۈچ نىمە قىلسۇن؟ ئەمما ئۇيغۇرلار يۈزسىز تۈرك سىياسەتچىلىرىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق دەرس ۋە تەجرىبە ساۋاق ئېلىشى، ۋەتەن مىللەت مەنپەئەتى دىگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىغىنى ئۆگىنىشى، ئەقىللىق ۋە تاكتىكىلىق بولۇشى، ئۇيغۇرنىڭ ئورنىنىڭ نەدە ئىكەنلىگىنى ، دۈشمىنىنى ۋە دۇنيا سىياستىنى ياخشى ئۆگىنىشى ۋە  بىلىشى، بولۇپمۇ مەنپەئەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلىق كىملگى ۋە ئۇرۇق تۇققانچىلىق تونۇمايدىغان رەھىمسىز ئىكەنلىگىنى، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك كۈچنىڭ ئەختىسادى كۈچ ئىكەنلىگىنى، ئەگەر ئۇيغۇرلار قايتا باش كۆتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىدىكەن بۇ ئاچچىق تەجرىبە ساۋاقلارنى ئەسدە چىڭ ساقلىشى كېرەكلىگىنى بىلىشى كەرەك. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولماقچى بولىدىكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەردىن باشقا دوستى يوق دەيدىغان تار-دوگما، قاراشلىرىنى ئەخلەتكە تاشلىۋېتىشى كېرەك. ئەسلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە دوستلىرى بار. شەرقى تۈركىستاندىكى يېپىق تەربىيەلەش لاگىرلىرى ھەققىدە تەپسىلى ۋە كەڭ كۆلەملىك دوكلات خارەكتىرلىق ماقالىلارنى يېزىۋاتقان ئادرىئان زەنز، راچەل هاررىس قاتارلىق گېرمانىيەلىك، ئەنگلىيەلىك، ئىسرائېللىق ۋە ئامېركىلىق دوسلىرى بار.ھەق ئادالەت يولىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان بۇ باشقا مىللەت ۋە باشقا دىندىن بولغان ئۇيغۇر دوستلىرى ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا، شەخسى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن، سۈننەت ۋە قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى ئاللادىن قورقماي سېتىپ خەجلەۋاتقان ساختىكار تۈرك سىياسەتچىلىرىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولماقچى بولىدىكەن ئىسلام دىنىنى ۋە قۇرئانى كەرىمنى قايتا ئۆگۈنىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كۈچ قۇدرىتى ۋە كىيىم كەچىگى مەسىلىسىدە. ئەگەر يەنە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولماقچى بولىدىكەن، قەيەردە ئاۋاز چىقىرىشنى قەيەردە سۈكۈت قىلىشنى ياخشى بىلىشى كېرەك. تۈركىيەدىكى، پەلەستىنلىكلەر ئۈچۈن كوچىلارغا توكۈلگەن تۈرك نامايىشچىلار قوشۇنى ئارىسىدا كېتىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر، پەلەستىنلىكلەرنىڭمۇ مىللى مەنپەئەتى ئۈچۈن خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقانلىغىنى ئۇنتۇپ قالماسلىغى كېرەك. ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك، دۇنيادا مۇسۇلمانلار يوقالمايدۇ ئەمما، ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئىنتايىن چوڭقۇر مەناغا ئىگە بىر سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلىق كىملىگىدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلۇق كىملىگىگە مەھكەم ئىسلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇيغۇر دىگەن بىر كەلىمە لۇغەتلەردە مەۋجۇت بولىدىكەن، چوقۇم ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دىگەن كەلىمە مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولماقچى بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ

ئۆچىسىدا ئىشتان يوق تۇرۇپ، باشقىلارغا ئىشتان ئېلىپ بېرىش غېمىدە يۈرمەسلىكى، بىر مېغىزنى تۆتكە بۆلۈش غېمىدە يۈرمەسلىكى كېرەك.

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ، قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيكىسسالامنىڭ تەغدىرىگە بەك ئوخشايدۇ. قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋەتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيكىسسالامنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىپ مىسىرغا ۋالى قىلغان ئاللانىڭ، ھەم مۇسۇلمان ھەم تۈرك قەرىنداشلىرى بىلەن، ختاي ئۆز-ئارا بىرلىشىپ قۇدۇقتىنمۇ چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىۋەتكەن ئۇيغۇرلارنى قۇتۇلدۇرۇپ دۇنياغا ۋالى قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەسمۇ؟ ھەمدە تارىخچى مورگان ئەيتمىغانمىتى، دۇنيا مەدىنىيەت غەزنىسىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈگلۈكتۇر، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن دۇنيا مەدىنيىتىنىڭ سىرى ئەچىلىدۇ دەپ.تولستوي، ئۇزاق ۋە ئىمكانسىز كۆرۈنگەن بىر نەرسە، بىردىنلا يېقىن ۋە مۇمكىن بولۇشى مۇقەررەر دەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاتلىغى ۋە ھۆرلىگى نۆۋەتتە ئۇزاق ۋە ئىمكانسىزدەك كۆرۈنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھامان بىر كۈنى مۇستەققىللىقا ئېرىشىدىغانلىغى مۇقەررەر. ئەگەر، ئەنە شۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە خۇددى ئالىيە ئىززەتبەگۋۆچ ئېيتقاندەك، ھەممە نەرسە تۈگىگەندە خاتىرلەيدىغىنىمىز، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سۆزلىرى ئەمەس بەلكى دوستلىرىمىزنىڭ سۈكۈناتى بولىدۇ.

نۆۋەتتىكى ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا سىياستى، ختاي-تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلغان ۋاختىمىزدا، ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ تۈركىيەدە كەلەچىگى يوق كۆرۈنىۋاتىدۇ. شۇڭا سىياسى ئويۇن ئويۇنغۇچىلارنىڭ قىلتاق ۋە دامىغا چۈشۈپ، ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ تىزگىننى تۈركىيە تەرەپكە بۇراش، ئۇيغۇر داۋاسىنى خاراپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چوقۇم ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ تىزگىنى ۋە يۆنۈلۈشى ئامېركا قاتارلىق غەرپ ئەللىرى تەرەپتە بولۇشى كېرەك.

ئەيىۇپ ئەلەيكىسسالامغا ئاللا ناھايىتى نۇرغۇن ئارازى، يەر زىمىن، مال مۈلۈك، 14 پەرزەنت بەرگەندىن باشقا يەنە پەيغەمبەرلىك نىسىپ قىلغان ئىدى.ئەمما ئاللا زىمىننى بىر تەۋرىتىش بىلەن ئەيىۇب ئەلەيكىسسالامغا نىسىپ قىلغان ھەممە نەرسىنى تارتىۋالدى. ئۇنى يەنە ناھايىتى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى. ئاللانىڭ ئەيىۇب ئەلەيكىسسالامنى بۇنداق جازالاندۇرىشىدىكى بىردىن –بىر سەۋە نىمتى؟

پەقەت ئەيىۇب ئەلەيكىسسالام، زالىم پرەۋىننىڭ قارشىسىدا، ئۆز مەنپەئەتىگە چوغ تارتىپ، ھەق ئادالەتنى ياقلىيالمىغانلىغى، پىرەۋنگە سىنىڭ بۇ قىلغىنىڭ خاتا دىيەلمىگەنلىگى سەۋەبىدىن بولغان ئىدى.بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ختايدىن ئىبارەت زالىم پرەۋىنى قارشىسىدا، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلىۋاتقان، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر مىللەتكە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئادالەتسىزلىك ئالدىدا سۈكۈت يولىنى تاللىغان، ئۆزىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسىمەن دەپ يۈرۈۋاتقان ئىككى يۈزلىمچى تۈرك سىياسەتچىلىرى، مۇسۇلمان ئۆلىمالار،ئەيىۇپ ئەلەيكىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك

**تۈگىدى.**

# بىز تېخىچە ھېسسىي مىللەتمۇ؟

## ئويچان

ئۆزۈندىن بۇيان، ئەقلىي بولمىغان بىر خىل شەكىلدە، سۈكۈت ۋە قورقۇنچ ئىچىگە بەنت بولدۇق. ئوخشاشلا يەنە ئەقلىي بولمىغان بىر خىل شەكىلدە، بۇ سۈكۈتنى بۇزۇشقا تىرىشىپ كەلدۇق. بىر بولسا، سۈكۈت دېڭىزىغا غەرق بولدۇق، يەنە بىر بولسا، ۋۇلقاندەك پارتلاپ چىقىپ، «تەۋەككۈل» دەرياسىغا ئۆزىمىزنى ئاتتۇق. شۈكۈلاشقىمۇ، بىر ئۆمۈر خىتايغا ئىشلەپ، مىت قىلالماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، «بىلمەپتىمەن» دەپ شېئىر يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن «رەھبەرلىرىمىز»؛ ۋەتەننى خىتايغا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ، ئافغانىستان، ئىراق ۋە سۈرىيەلەردە، بەدەنلىرىگە بومبىلارنى تېڭىپ، ئۆزىنى قوشۇپ پارتلاتقان «ئوغلانلىرىمىز» بار.

ۋەتىنىمىز كومپىنىست خىتايلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بىر بولسا، شەرتسىز بويسۇنۇپ، سۈكۈت قىلدۇق. يەنە بىر بولسا، قەتئىي قارشى چىقىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ كويىدا بولدۇق. مەيلى سۈكۈت يولىنى تاللىغانلارغا بولسۇن ياكى قارشىلىق يولىنى تاللىغانلارغا بولسۇن، بىر خىل ھېسسىيلىق ھەمرا بولۇپ كەلدى. قورققانلار ياكى ئېھتىيات قىلغانلار، شۇ قەدەر سۈكۈت قىلدىكى، بۇ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئۇيغۇر ئەمەلدارلار، زىيالىلار ۋە ئۆلىمالار ئىچىدە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، ھەق گەپ قىلغان ۋە شۇ يولدا قۇربان بولغان قەھرىمانلارنى سانىساق، ئون بارماق ئېشىپ قالىدۇ. قارشىلىق يولىنى تاللىغانلار ئىچىدىمۇ، تەكلىماكاننىڭ خىلۋەت بىر بۇرجىكىدە تۇرۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيادىن خەۋەرسىز ھالدا، بىر قوزغىلاڭ بىلەنلا دۆلەت قۇرۇش، ھەتتا «خىلاپەت قۇرۇش» ئارزۇسىدا بولغانلار ئاز ئەمەس. دېمەك، ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن، مەۋجۇت شارائىتتىن پايدىلىنىپ، غايە يولىدا تەمكىن ئىلگىرلەش ئورنىغا، بىر بولسا، خىتاينى ئالامەت چوڭ بىلىپ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ھېچ ئىش قىلالماي يېتىۋالدۇق. ھەتتا خائىنلىق ۋە مۇناپىقلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇق. يەنە بىر بولسا، خىتاينى تونىماي، كۆزگە ئىلماي، ھە دېسە قارامىلىق قىلدۇق.

بۇ سەۋەبتىن، ئىككى تەرەپتىن زىيان تارتتۇق. بىرى، خەلقىمىزنىڭ يۇقۇرى قاتلىمى بىلەن تۆۋەن قاتلىمى ئارىسىدا غايەت زور ھاڭ شەكىللەندى. قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ھە دېگەندە، تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنىڭ ئەقلىي بولمىغان شەكىللەردە قارامىلىق قىلىشى ۋە يۇقۇرىي قاتلامدىكىلەرنىڭ ئەقلىي بولمىغان شەكىلدە سۈكۈت قىلىشى بىلەن داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا، سانسىزلىغان پىداكار ياشلىرىمىز ئەمەلدارلىرىمىز، ئۆلىمالىرىمىز ۋە زىيالىلىرىمىزنىڭ قوللىشى ۋە يېتەكلىشىدىن خالىي ھالدا كۆرەش قىلىپ قۇربان بولدى. ئەمەلدار، ئۆلىما ۋە زىيالىي بىلەن ئاۋام، بولۇپمۇ پىداكار ياشلار ئارىسىدىكى بىر ئارىغا كېلەلمەسلىكنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولسىمۇ، بىراق، بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە ھېسسىيلىقنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇيغۇر ئەمەلدارلار، ئۆلىمالار ۋە زىيالىيلارنىڭ خەلقىمىز ئۇچرىغان زۇلۇملارغا شۇ قەدەر سۈكۈت قىلىشىنى ھېچقاچان ئەقلىيلىكتىن بولغان دېيەلمەيمىز. بۇ سۈكۈتنىڭ كەينىگە خىتايدىن قارغۇلارچە ئېھتىيات قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ئەسەبىيلەرچە ئەنسىرەشتىن ئىبارەت بىر خىل ھېسسىيلىق يوشۇرۇنغان. ئوخشاشلا، پىداكار ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ شۇ قەدەر جاسارىتى ۋە قارامىلىقى ئالدىدىمۇ ھەيران بولماي تۇرالمايمىز. بۇ قەدەر جاسارەت ۋە پىداكارلىققا ئازراق ئەقلىيلىك قوشۇلغان بولسا دەپمۇ قالىمىز. دېمەك خەلقىمىزنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدىكىلەر ئەقلىي بولمىغان دەرىجىدە سۈكۈت قىلىپ، تۆۋەن قاتلىمدىكىلەر ئەقلىي بولمىغان بىر شەكىلدە سۈكۈتنى بۇزۇپ بۆگۈنگە ئۇلاشتۇق. يۇقۇرى قاتلامدىكىلەر مۇشۇنداق سۈكۈتنى تاللاش بىلەن «خائىن، مۇناپىق ۋە جان باقار»... دېگەندەك ناملارغا ئېرىشىپ كەلدى. تۆۋەن قاتلامدىكىلەر، بولۇپمۇ پىداكار ياشلىرىمىز ئۆز

ئالدىغا سۈكۈتنى بۇزۇشنى تاللاش بىلەن «ئەسەبىي، تەنتەك ۋە قىززىققان»... دېگەندەك ئەيىپلەشلەردىن خالىي بولالمىدى. ئىشقىلىپ، خىتايغا قارشى ئۈمۈمىي بىرلىك سەپ ھاسىل قىلالمىدۇق. ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلالمىدۇق. نەتىجىدە، بار يوق پايدىنى خىتاي ئالدى. بىز قۇرۇق قالدۇق. ئەمەلدارلىرىمىز، ئۆلىمالىرىمىز، زىيالىيلىرىمىز ھەتتا بايلىرىمىز تاتلىق جانلىرىنى شۇنچە ئاۋايلاپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئامان قالمىدى. خىتاي ئۇلارنى بىر-بىرلەپ، ئاستا-ئاستا يۇقاتتى. پىداكار ئەزىمەتلىرىمىز شۇنچە قۇربانلارنى بېرىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا ھالىمىزدا ھېچبىر ياخشىلىنىش بولمىدى. ئەكسىچە، كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاپ كېتىۋاتىدۇ. قىسقىسى، ھەممىمىز ئەقلىمىزنى ئىشلەتمەي، ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، خىتايلار ھەر قاچان ئۆز يېغىمىزدا ئۆزىمىزنى قورۇپ كەلدى.

يەنە بىرى، نۇرغۇن تارىخىي پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدۇق. ھېسسىيلىقىمىز تۈپەيلىدىن 1930 ۋە 1940- يىللاردىكى تارىخىي پۇرسەتلەرنى تۇتۇپ، 1980 لەردىن كېيىنكى نىسبىي پۇرسەتلەرنىمۇ تۇتالمىدۇق. مەسىلىلەرگە ھە دېسە ھېسسىيات بىلەن مۇتلەقلەشتۈرۈپ مۇئامىلە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان نىسبىي ئىمكانلار كۆزىمىزگە كۆرۈنمىدى. بىر بولسا، مەۋجۇت رېئاللىققا تەلتۆكۈس تەسلىم بولدۇق. بىر بولسا، مەۋجۇت رېئاللىقنى قارا-قۇيۇق ئىنكار قىلدۇق. خىتاي ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىرىمىز بىلەن ۋەتەننى تاشلاپ ھىجرەت قىلىپ چىققانلىرىمىزغا قارىساقلا، بۇنى كۆرەلەيمىز. دېمەك، بىرىلىرىمىز مەۋجۇت رېئاللىققا تەلتۆكۈس تەسلىم بولدى ۋە ئىززەتنى خىتاينىڭ قويندىن ئىستىدى. يەنە بىرىلىرىمىز، مەۋجۇت رېئاللىقنى ئىنكار قىلدى ۋە ئىززەتنى چەتئەلدىن ئىزدىدى. ھالبۇكى، ھەقىقىي ئىززەتنىڭ نە خىتاينىڭ قويندا، نە چەتئەلدە ئەمەس، ئۆز ۋەتىنىمىزدە ۋە چەكلىك بولسىمۇ شۇ ۋەتەندە قىلىۋاتقان كۆرەشلەردە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالماقتىمەن. ياتئەلدىكى ھېچبىر مۇھاجىرنىڭ ۋەتەن تۇرمىلىرىدىكى بىر مەھبۇستىن ئەزىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن. پەقەت شۇلارغا قارىغاندا، كۆپرەك ئىمكانىيەتكە ۋە ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەنمىز، ئىززەتكە ئەمەس.

2016-يىلى يازدا تۈركىيەگە كەلدىم. قارىسام، ۋەتەندىن ئايرىلغىلى بىر قانچە يىل بولغان، بىر يەرلەرگە قاراپ ھىجرەتكە ئاتلانغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئىستانبۇلدا ياشاۋېتىپتۇ. بۇلارنىڭ تولىسى شۇنچە خەتەرلەرگە قارىماي، تايلاند ۋە مالايسىيا... دېگەندەك شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارقىلىق تۈركىيەگە كەلگەن كىشىلەر ئىكەن. 2015-يىلى يازدا، ۋەتەندە پاسپورت قۇيۇۋېتىلگەندىن كېيىن، تۈركىيەگە كېلىپ بۇ سەپكە قوشۇلۇۋاتقانلارمۇ خېلى بار ئىدى. بۇلار بىلەن ئاز-تولا ئارىلىشىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىم. بۇلار بەكلا ئېھتىياتچان ئىدى. ئالدىراپ باشقىلارغا ئىشەنمەيتتى. نامايىشقا چىقىشتىن، بولۇپمۇ كامېرالارغا چۈشۈپ قېلىشتىن قاچاتتى. گۈيا نەلەرگىدۇ كېتىپ، شاھادەت شەربىتىنى ئىچىپ، دۇنيادىن ئۇن-تىنسىز كېتىۋېلىشنى ۋە «ۋەدە قىلىنغان جەننەت»كە كىرىۋېلىشنى خىيال قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بولمىسا، مەن تونۇيدىغانلىرى «نامايىش قىلىش خاتا» دەيدىغانلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇلار نورمال يوللار بىلەن ئۇقۇش، ساياھەت ياكى تىجارەت ئۈچۈن چىققان كىشىلەر بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا، بۇ خىل ئېھتىياتنى تامامەن توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. ھالبۇكى بۇلار شۇنچە خەتەرلەرگە قارىماي، ئالللاھ يولىدا مېلى ۋە جېنىنى تىكىپ ھىجرەت قىلىپ چىققان، ھەر ۋاقىت ئۆلۈمگە تەييار تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئىدى. سورىسام، ئائىلىسىدىكىلەرگە خەتەر يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىكەن. بىراق، تولىسى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. ئەينى چاغدا، بۇ خىل ئېھتىياتنىڭ ئەقلىيلىكىدىن گۇمانلانغان ئىدىم. مانا بۈگۈن ئۇلارنىڭ تولىسى نامايىشلاردا ئاكتىپ رول ئېلىۋاتىدۇ. كامېرالارغىمۇ چىقىپ بولدى.

2017-يىلى يازدا، «مىسىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى» يۈزبەردى. خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مىسىر ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ پىلانلىغان بۇ سۇيقەستنى دۇنياغا ئىلان قىلىش ئۈچۈن، تاراتقۇلار بىلەن ئالاقىلاشتۇق. مۇخبىرلار تەييار ئىدى. مەيلى مىسىردا بولسۇن، مەيلى ئىستانبۇلدا بولسۇن، زىيارەتنى قوبۇل قىلىدىغانغا تۈزۈك ئادەم تاپالمىدۇق. باللار قورقۇپ كەتكەن بولۇپ، تولىسى كامېرالارغا چىقىش تۈگۈل، نامىسىز ھالەتتە ئەھۋالنى

سۆزلەشنىمۇ رەت قىلاتتى. مىسىردا قالغانلارمۇ، تۈركىيەگە ئامان-ئىسەن كېلىۋالغانلارمۇ، ئوخشاشلا ئۆزلىرىنى خىتاينىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئاران قايىل قىلغان بىر قانچە باللارمۇ تۇرۇپ يېنىۋالاتتى. خىتاينىڭ قولىدىن قېچىۋاتقان ياكى قېچىپ قۇتۇلۇپ بولغان بۇ باللارنىڭ، يەنە شۇ خىتاينىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ كېتىشلىرى ماڭا ھېچ ئەقلىي تۇيۇلمىغانىدى. ئاخىرىدا، ناھايىتى ئاز ساندىكى باللارنىڭ «پىداكارلىق» قىلىشى بىلەن مەزكۇر ۋەقەنى پۈتۈن دۇنيا بىلگەن بولدى. ئەينى چاغدا، شۇنچە خىزمەت ئىشلىسەممۇ، زىيارەتنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغان بەزى باللار، ھازىر نامايىشلارنىڭ ئالدىنقى سېپىنى قولدىن بەرمەيدىغان بولۇپ كەتتى. يەنە بەزىلىرى ئاللىقاچان ئاكتىپ پائالىيەتچىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر چاقچاق قىلىپ «ئەمدى مۇخبىر تاپسىڭىز، نەگە دېسە شۇ يەرگە بېرىپ سۆزلەيتتۇق. قورقمايدىغان بوپ كەتتۇق» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاخبارات قىممىتى تۈگىگەنىدى.

ھازىرمۇ ئەتراپىمدا مەن تونۇيدىغان بىر قىسىم باللار بار. ئائىلىسىدە ئەنسىرىگۈدەك ھېچكىم قالمىغان. تۇتۇلىدىغانلىرى تۇتۇلۇپ، بولغۇلۇق بولۇپ بولغان. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئەھۋاللارنى ئاشكارلاشنى خالىمايدۇ. نېمىشقا دەپ سورىسام، ئەقلىي بىرەر جاۋابىمۇ يوق. ئىشقىلىپ، تاراتقۇلارنىڭ بىلىشىنى خالىمايدۇ. «نومۇس» قىلامدۇ ياكى… بىلمەيمەن. ئۆزۈندىن بۇيان قورقۇنچ ئىچىدە ياشاپ كەلگەچكىمۇ، كۆپىنچىمىز مەيدانغا چىقىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قاپتىمىز. شۇڭا، ئەقلىي بىرەر سەۋەبى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، نېمىلەردىندۇ ئېھتىيات قىلىپ قالىدىكەنمىز. ئۇزۇن مەزگىللىك زۇلۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان پسىخىك ئاسارەتتىن ئاسان قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز.

بۇ جەھەتتە، يېقىندىن بۇيان قازاقلارنىڭ دادىللىق بىلەن خىتايلارنىڭ زۇلۇمىنى پاش قىلىشى مېنى يەنە ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەمەلىيەتتە، ۋەتەندىكى قازاقلار بوگۈنگىچە، بىز ئۇچرىغانچىلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ باققىنى يوق. مانا بۈگۈن، ئاز تولا زۇلۇمغا ئۇچراپ بولغۇچە، كەينى-كەينىدىن ۋىدىئولارغا چىقىپ شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم. ئەجىبا بىز قازاقلاردىنمۇ بەكرەك قورقۇنچاقمۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەسكەنمىز بولمىسا. قارىسام، شەرقىي تۈركىستاننىڭ داۋاسىنى بىز قىلىۋېتىپتىمىز، قازاقلار ئەمەس. ئۇنداقتا، بىز نېمىشقا ئۇچراۋاتقان زۇلۇمنى دادىل ئېكرانلارغا چىقىپ پاش قىلىشتىن قورقىمىز؟ بىز ئۇچراۋاتقان زۇلۇم ئۇلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر تۇرسا. يەنىلا ئەقلىي بولمىغان بىر خىل ئەندىشە بىزنى تۇسۇپ قويۇۋېتىپتۇ. بەلكىم، قازاقلار تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق بىر مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولغاچ، دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالىغاندۇ. بەلكىم بىز تولا ئوتتۇرىغا چىقىۋېرىپ، مىجىلىپ كەتكەن بولغاچ، سۈكۈت ئىچىگە چۆكمە بولۇپ كەتكەندىمىز. گەرچە زۇلۇم غۇرۇر ۋە ئىنكاس سىستېمىمىزنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل «ئۇلۇغ سۈكۈت» ھېچ ئەقلىمدىن ئۆتمەيدۇ. ئەقلىي سەۋەبى بارلارنى توغرا چۈشەنگۈلۈك، ئەمما ھېچ ئەقلىي سەۋەبى يوقلارنى نېمە دېگۈلۈك.

بىر-ئىككى ئاي ئىلگىرى، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار سۈرىيە چېگراسىدىكى ھاتاي شەھىرىگە بېرىپ تۈرك ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى. بۇ تولىمۇ ئەقلىي ۋە ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت ئىدى. بىراق، پائالىيەت جەريانىدا، بىر قىسىم «ئەزىمەتلىرىمىز» «شوخلۇق» قىلىپ، تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ قۇرالى بىلەن خىتايغا «جەڭ ئېلان قىلدى». بۇ ۋىدىئو چاقماق تېزلىكىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تور سەھىپىسىنى بىر ئالدى. بەزى قېرىنداشلىرىمىز بۇنىڭ يامان تەسىرىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلسا، خېلى كۆپ كىشىلەر، ھەتتا خېلى «بىلەرمەن» كىشىلەر تەرىپىدىن «خائىن، خىتاينىڭ جاسۇسى»غا چىقىرىلىپ ئۆلگۈردى. بەزىلەرنىڭ ھاياجىنى يۇقۇرى پەللىگە چىققانىدى. ئاقىۋەت ئەنسىرىگەن ئىش بولدى. بۇ ۋىدىئو تۈركىيەدە يامان تەسىر پەيدا قىلدى. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان خىتايلار بىلەن تۈركىيەدىكى سولچىلارغا ئوبدانلا باھانە بولۇپ بەردى. ئارقىدىن، بەزى چوڭلىرىمىزمۇ ئۇيغۇرلارنى «خىتاينىڭ سۇيىقەستى»دىن ئاگاھلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئىشقىلىپ، مۇنداقلا قىلىنغان بىر «شوخلۇق»، تۈركىيەنىڭ ئىچ سىياستى، خىتاي-تۈركىيە مۇناسىۋىتى ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالدىن تارتىپ، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئارىسىدىكى «سۇيىقەست» ۋە «سۇيىقەستتىن ئاگاھلاندۇرۇش»

ماجىرالىرىغىچە، بىر مۇنچە ئىشلارغا تەسىر كۆرسەتتى. مانا بىر قانچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا، بۇ ئىش ئۈچۈن، ئەردۇغان شىجىنپىڭغا «چاي قۇيۇپ ئۆزرە ئېيتتىمكىن» . ئىشقىلىپ، خىتاي بېسىم قىلدى بولغاي، «شوخلۇق» قىلغان «ئەزىمەتلەر» ھازىر قولغا ئېلىندى. دوكتۇر ئەركىن ئەكرەم ئاكىمىز تۇلا دەيدىغان بىر گەپ بار: ھەر خاتانىڭ بىر بەدىلى بار.

بۇ قېتىم بىرۇكسېلدا ئۆتكۈزۈلگەن «5000 كىشىلىك نامايىش»تىن كېيىن، تۇغلۇق ئابدۇرازاق ئاكىمىز بىلەن سالىھ خۇدايارنىڭ «سادالىرى» ئۇيغۇرلارنىڭ فېيسبۇك سەھىپىلىرىنى بىر ئالدى. بۇنىڭغا بەك ھەيران قالمىدىم. قارىسام، تۇغلۇقكام ۋەتەنسىز ياشىنىپ قالغان بىر كىشى ئىكەن. سالىھ بولسا ۋەتەن دەردىدە پەرۋانە بولغان بىر يىگىت ئىكەن. بۇگۈنكىدەك، ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان يۇقۇرىي بېسىملىق زۇلۇم ئاستىدا، پىسخىك جەھەتتىن ساغلام ئۇيغۇرلار ئاز دەپ ئويلايمەن. (راستىمنى ئېيتسام، ئۆزۈممۇ پارتلىيالماي قالغانلاردىن بىرى ئەسلىدە). شۇڭا، ئۇ كىشىلەرگە، ئۇ ۋېدىئولارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ھادىسىلەرگە باھا بېرىپ ئولتۇرمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاممىۋىي پائالىيەتلەردە بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئانچە ھەيران قېلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بىراق، بۇ ئىشقا بولغان قىزىقىش، بۇ كىشىلەرگە تۇتۇلغان پوزىتسىيە ۋە مەزكۇر ۋېدىئولارغا بېرىلگەن باھالار... مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. بەلكى چۆچۈدۈم دېسەممۇ بولىدۇ.

قېنى بىرلىكتە كۆرۈپ باقايلى. سالىھ خۇدايارنىڭ ئامېرىكىدىكى نامايىشتا چىققان «تاماشا»دىن كېيىن يوللىغان بىرىنچى ۋىدېئوسى بۈگۈن (يەنى 2018-يىلى، 06-ماي)غىچە 10 مىڭ قېتىم كۆرۈلۈپتۇ. 437 ئىنكاس چۈشۈپتۇ. 135 قېتىم ھەمبەھىرلىنىپتۇ. 308 باشمالتاق، 79 يۈرەك ئىپادىسى بېرىلىپتۇ. سالىھ خۇدايارنىڭ ئىككىنچى ۋىدېئوسى بولسا، كۆرۈلۈش قېتىم سانى: 11 مىڭ، چۈشكەن ئىنكاس: 571، ھەمبەھىرلەش: 184، باشمالتاق ئىپادىسى: 308، يۈرەك: 87... قاتارلىق سان-سىفىرلار بىلەن بۈگۈنگە ئۆلىشىپتۇ.

ئەمدى، تۇغلۇقكامنىڭ نامايىش مەيدانىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن توردا تارقاتقان ئۈچ دانە ۋىدېئوسغا قاراپ باقايلى. نامايىش نەق مەيدانىدا تۇرۇپ سۆزلىگەن بىرىنچى ۋېدىئو بۈگۈنگىچە 6800 قېتىم كۆرۈلگەن. 141 دانە ئىنكاس يېزىلغان. 86 قېتىم ھەمبەھىرلەنگەن. 183 باشمالتاق ۋە 30 يۈرەك ئىپادىسى قالدۇرۇلغان. نامايىشتىن كېيىنكى، تۇنجى «ھەقىقەتنى سۆزلەش» ۋېدىئوسى بولسا، بۈگۈنگىچە 4800 قېتىم كۆرۈلۈپ، 190 ئىنكاس، 34 ھەمبەھىرلەشكە نائىل بولغان. قالدۇرۇلغان ئىپادىلەرنىڭ 158 نى باشمالتاق، 31 نى يۈرەك ئىپادىسى تەشكىل قىلىدۇ. تۇغلۇقكامغا بولغان قىزىقىش، ئىككىنچى «ھەقىقەتنى سۆزلەش» ۋىدېئوسى بىلەن تېخىمۇ ئاشقان. ئىككىنچى سان «ھەقىقەتنى سۆزلەش» ۋىدېئوسى بولسا، 6200 قېتىملىق كۆرۈلۈش، 179 ئىنكاس، 58 ھەمبەھىرلەشكە ئېرىشىپتۇ. يەنە بۇ ۋىدېئوغا، 175 باشمالتاق، 62 يۈرەك بېرىلىپتۇ. ئادەتتە، ئىلمىي ياكى مۇھاكىمە ماقالىلىرى تۈگۈل، خېلى-خېلى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭمۇ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇنچىلىك «ئالقىش»قا سازاۋەر بولۇشى تەس. (ماقالىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسىنى چاچماسلىق ئۈچۈن، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ھادىسە ۋە ۋىدېئولارغا ئائىت تور ئۇلىنىشلىرىنى بۇ يازمىغا قىستۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم. قىززىقىقۇچىلار ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ فېيسبۇك سەھىپىسىدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ).

مانا بۇ، تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش ۋە بىزنىڭ بۇ ئىشقا قايتۇرغان ئىنكاسىمىز. «جىدەل چىقىپتۇ» دېسە يۈگۈرەيدىغان ئادىتىمىز باتتى. شۇڭا كۆرۈلۈش قېتىم سانىنى توغرا چۈشەندىم. ئەمما، بۇ ۋىدېئولارغا ياغقان ئالقىش، بېرىلگەن باشمالتاق ۋە يۈرەكلەرگە قاراپ گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم. گويا ئىككى ئارتىس ئويۇن قويۇۋاتقان، نۇرغۇن كىشىلەر تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. قارىسام، بۇ ئالقىش ياغدۇرغان، باشمالتاق ۋە يۈرەك ئىپادىسىنى باسقانلار ئىچىدە، خېلى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىزمۇ بار ئىكەن. بەلكىم بىر يەرلىرى كۆڭلىگە ياققاندۇ دەپ ئويلىدىم. دېمىسىمۇ، ئىنسان بىر ئىشنى تولۇق توغرا دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر تەرىپىنى توغرا دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ قىلىدۇ. بىراق،

ئامېرىكىدىكى خېلى «سەۋىيىلىك» ئىككى ئۇيغۇر تەرىپىدىن ئويۇنالغان، ئامېرىكا-ياۋرۇپا ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بىر مۇنچە «سەۋىيىلىك ۋە سەۋىيىسىز» ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «قىزغىن ئالقىش»قا ئېرىشكەن بۇ ئويۇنلار مېنى يەنە بىر قېتىم ئويغا سېلىپ قويدى. نەتىجىدە، بىر ئويچانلىقىمنى ئىككى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، يەنە ئويلاپ قالدىم. بىز تېخىچە ھېسسىي مىللەتمۇ...؟

2018-يىلى 6-ماي، تۈركىيە

# سىياسىي پائالىيەتلەردە ئۇبراز قۇرۇلۇشى

ئۇيچان

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلى مايدىن بۇيان، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بارغان ۋەھشىيانە زۇلۇم-ستەملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشى ۋە يۇقۇرى ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. ۋەتەنگە قايتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ۋە خىتاينىڭ چەدىغۇسىز بېسىملىرىغا داۋاملىق سۈكۈت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى تونۇپ يەتكەن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، زالىم خىتايغا قارشى كۆرەشكە ئاتلاندى. بۇ كۆرەشلەر داۋامىدا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك نامايىش پائالىيەتلىرى ۋە ھەر تۈرلۈك سىياسىي ئۇچرىشىشلار ئېلىپ بېرىلدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ كۆرەش سەپلىرىگە ئاكتىپ قېتىلىشى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خىتايغا قارشى پاسسىپ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ توختاۋسىز داۋام قىلىۋاتقان زۇلۇم سىياسەتلىرى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر جامائەت پىكرىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ئىچكى تالاش-تارتىشنى قويۇپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا ۋە ئەمەلىي پائالىيىتى ئارقىلىق خەلققە جاۋاپ بېرىشكە قىستىدى. نەتىجىدە، ھەم ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قوللىشى؛ ھەم ئۇيغۇر جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدا زور دەرىجىدە پائالىيەتچانلىق مەيدانغا كەلدى.

بۇ جەرياندا بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى ياكى ئەسلىدىنلا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر تېخىمۇ ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى. كۆپلىگەن تەشكىلاتلىرىمىز ئۇزۇندىن بۇيان، كىچىك گۇرۇپپىلار شەكلىدە، پارچە-پارچە ھەرىكەت قىلىپ كۆنگەن، كۆلىمى چوڭ ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش تەجرىبىسى كەمچىل، سىياسىي ئېڭى ۋە ساپاسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغانلىقتىن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت بىلەن ماس قەدەممە ئىلگىرلەشتە قىيىنچىلىققا يولۇقتى. شۇنىڭ بىلەن، تەشكىلات يېتەكچىلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەر، تەشكىلات تۈزۈلمىسىدىكى قالايمىقانچىلىقلار ۋە ئىش بېجىرىشتىكى قالاقلىقلار... ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرگە ئايلاندى. مەن بۇ مەسىلىلەرنى ئايرىم-ئايرىم مۇھاكىمە قىلىشنى ۋە ھەل قىلىش چارىسى سۈنۇشنى كېيىنكى يازمىلىرىمغا قالدۇرۇپ، بۇ ماقالىدە مۇشۇ مەسىلىلەردىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىر مەسىلە، يەنى ئۇبراز مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ئۇبراز دېگەندە كۆز ئالدىمىزغا ھەر تۈرلۈك مەنزىرە ۋە قىياپەتلەر كېلىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان دېگەندە كاللىمىزدا ئىنسان قىياپىتى ئەكس ئېتىدۇ. مۇسۇلمان دېگەندە كۆز ئالدىمىزغا رەڭگارەڭ مۇسۇلمان مىللەتلەر كېلىدۇ. ئەمدى ئۇيغۇر ياكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دېگەندە، باشقا ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدىمۇ بىر قىياپەت نامايەن بولىدۇ. ئۇ دەل بىزنىڭ ئۇبرازىمىزدۇر. بىز باشقىلارغا قانداق كۆرۈنسەك، شۇنداق تەسىر بېرىمىز. قانداق تەسىر بەرسەك، شۇنداق ئۇبراز يارىتىمىز. دېمەك خەقنىڭ كاللىسىدىكى ئۇبرازىمىزنى خەق ئەمەس، بىز يارىتىمىز. يەنە كېلىپ قانداق يارىتىشنى خالىساق، شۇنداق يارىتىمىز. مانا بۇ ئۇبراز قۇرۇلۇشىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيادا، پۈتۈن تاراتقۇلار ئۇبراز يارىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. تاراتقۇلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ئېلان، ئېلاندىن مەقسەد ئۇبراز يارىتىشتۇر.

خىتايلار ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغاندىن بۇيان توختىماي ئۇبراز يارىتىشقا كۈچەپ كەلدى ۋە بىزنىڭ خىتايلارغا قارشى ئازاتلىق كۆرىشىمىزنىڭ خاراكتېرىنى بورمىلاشقا ئورۇنۇپ كەلدى. باشتا بىزنى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى «ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ بۆلۈنمەس بىر پارچىسى» دېگەن سەپسەتىگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئىشەنمىدۇق، قارشىلىق كۆرسەتتۇق. ئارقىدىن بىزنى

«مىللىي بۆلگۈنچى ۋە دىنىي ئەسەبىي» دەپ قارىلاپ باستۇرۇشقا باشلىدى. ھالبۇكى بىز نە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئۈچۈن، نە دىنىي ئەسەبىيلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلمايتتۇق. بىز پەقەت ئازاتلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلاتتۇق، بۇنى خىتاي بەك ئوبدان بىلەتتى. ئازاتلىق يولىدىكى ئۇرۇش ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان، خەلقئارا قانۇنلار ئېتىراپ قىلغان، ئەڭ تۈپ ھوقۇقلىرىدىن بىرى ئىدى. ئازاتلىق يولىدىكى ئۇرۇشنى پۈتۈن دۇنيادىكى ھەققانىيەتچى ئىنسانلار قوللايتتى ياكى قوللىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ئۇرۇشتا زالىم تەرەپتە تۇرۇش ياكى مەزلۇمغا سۈكۈت قىلىش، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن، ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق ئىنسان ئۈچۈن نومۇس ئىدى. شۇڭا خىتاي بۇ قارشىلىقنىڭ خارەكتېرىنى قەستەن بورمىلاشقا ئۇرۇندى. بىزنى پۈتۈن دۇنياغا «ئوخشىمىغان مىللەتلەر بىلەن ئىناق ياشىيالمايدىغان فاشىسىت مىللەتچى، ئوخشىمىغان دىندىكىلەر بىلەن بىللە ياشىيالمايدىغان دىنىي ئەسەبىي» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. بۇنىڭ ئۈچۈن توختىماي ساختا دېلولارنى پەيدا قىلدى ياكى ئارىمىزدىكى بەزى ساددا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەستەن ياكى سەھۋەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى.

2001-يىلى يۈز بەرگەن 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرى پۈتۈن دۇنيادا «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قوزغىدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن خىتاي دەرھال ئاتالمىش تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا خەلقئارالىق قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇيغۇرلارنى تەلتۆكۈس يېتىم قالدۇرۇش مەقسىتىدە، ئەسلىدىكى «مىللىي بۆلگۈنچى ۋە دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر» دېگەن كونا قالپاقنى بىراقلا چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىردەك «زوراۋان تېرورچى» دېيىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر قارشىلىق ھەرىكىتىنى «تېرورلۇق ھەرىكىتى» قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، بىر قىسىم يالغان دېلولارنى ئويدۇرۇپ چىقاردى ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»... قاتارلىق جىھادىي تەشكىلاتلارنى باھانە قىلدى. بۈگۈن دائىش پەيدا قىلغان دۇنيا خارەكتېرلىك «ئىسلامدىن قورقۇش كېسىلى» پۈتۈن دۇنيادا، ھەتتا مۇسۇلمان دۆلەتلەردە، ئىسلامى قىياپەتلەردىن گۇمانلىنىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان بىر ۋەزىيەتنى روياپقا چىقىرىۋاتقاندا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇنى ئۇيغۇر مىللىتىنى يۇقۇتۇشنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئەبەدىي يۇتۇۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ھېساپلاپ، ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا مىليونلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى جازا لاگېرلىرىغا سولاپ، «دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەلىرىنى تۈگىتىۋاتىمىز» دەۋاتىدۇ. ئىسلامغا قارشى بۇ ئاتموسفېرادا قايمۇقۇپ قېلىۋاتقان خەلقئارا جەمئىيەت، بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي، خىتاينىڭ قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلىۋاتىدۇ. قىسقىسى، خىتاي بىزنىڭ ئوبرازىمىزنى بۇلغاش، داۋايىمىزنىڭ خارەكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، ئۆزىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، قولىدىن كەلگەن بارچە ئاماللارنى ئىشقا سالدى ۋە سېلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر تارىخىي پەيتتە، بىز ئۆز ئوبرازىمىزنى ئۆزىمىز قوغدىشىمىز تەخىرسىز بىر ۋەزىپىدۇر. ئۆتكەن يىللاردا بىر قىسىم ئەجەللىك خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، ئۆز ئوبرازىمىزنى بۇلغايدىغان ۋە داۋايىمىزنىڭ خارەكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ھەتتا خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بەزى ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويدۇق. يەنە ھازىرمۇ داۋاملىق بۇ خاتالىقنى سادىر قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز مەۋجۇت. ئەمدى بۇنداق خاتالىقلارنىڭ تەكرارلانماسلىقى ياكى داۋاملىق مەۋجۇت بولىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن، تۆۋەندە نۆۋەتتىكى سىياسىي پائالىيەتلىرىمىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. تۈركىيەدە ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پەقەت تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتلىرىدىن ھېس قىلغانلىرىمنى ئاساس قىلىپ سۆزلەيمەن. بۇ سەۋەبتىن ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر تۈركىيەدىن باشقا دۆلەتلەردىكى سىياسىي پائالىيەتلەردە مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن.

## 1. نامايىشلاردا ئوبراز مەسىلىسى

نامايىش ئەڭ ئۈنۈملۈك سىياسىي پائالىيەتلەردىن بىرى. نامايىش ئارقىلىق نۇرغۇن مەقسەدلەرگە يەتكىلى بولىدۇ. نامايىش بىرلا ۋاقىتتا كۆپ تەرەپلىمە ئۈچۈر تارقىتىدىغان بىر ھەرىكەت. بىز نامايىش قىلىۋاتقاندا، ھەم

دوستلىرىمىزغا، ھەم دۈشمەنلىرىمىزگە، ھەممە پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىمىزنى نامايەن قىلىۋاتقان بولىمىز. دۈشمىنىمىزگە قارىتا نەپرىتىمىزنى، نارازىلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز، ئىرادىمىز ۋە جاسارىتىمىزنى كۆرسىتىمىز. تاشقى دۇنياغا قارىتا ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرىمىز، دەردىمىزنى ئاڭلىتىمىز ۋە دۈشمىنىمىزنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىمىز. دېمەك نامايىش ئوبراز قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ياكى نامايىشتا ئوبراز ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز نامايىش ئارقىلىق ئۆز ئوبرازىمىزنى يارىتىمىز. بىز نامايىش ئارقىلىق پەقەتلا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئەمەس، بەلكى بىرلا ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ۋە كىم ئەمەسلىكىنى جاكارلايمىز. نامايىش بىر سىياسىي پائالىيەت بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا نامايىش مەيدانى خالىغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان مەيدان ئەمەس، بەلكى مەنپەئىتىمىزگە ئەڭ ئۇيغۇن قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، ئۆزىمىزنى ئەڭ توغرا، ئەڭ ئېنىق تىلدا ئاڭلىتىدىغان ۋە دۈشمىنىمىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە رەسۋا قىلىدىغان بىر جەڭگاھتۇر. خەلقئارا جامائەت پىكرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزىمىزگە تارتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، دۈشمىنىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئەڭ زور جامائەت پىكرى بېسىمى شەكىللەندۈرۈش- نامايىشنىڭ تۈپ مەقسىتىدۇر.

نامايىش ئاچچىقىمىزنى چىقىرىدىغان، تەقۋالىقىمىزنى نامايەن قىلىدىغان ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنى كۆز-كۆز قىلىدىغان جاي ئەمەس. سىياسىي پائالىيەت ھېساپلانغان نامايىش ئېتىقادىمىزنى، دىنىمىزنى ياكى مەزھىبىمىزنى جاكارلايدىغان جاي تېخىمۇ ئەمەس. نامايىش كىملىكىمىزنى، نېمە ئۈچۈن نامايىش قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، كىمگە، نېمىشقا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى، نېمە تەلىپىمىز بارلىقىنى... ئەڭ گۈزەل بىر شەكىلدە جاكارلايدىغان مەيداندۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن قالايمىقان تووۋلاش شەرت ئەمەس، ساقچىلار بىلەن قارشىلىشىش شەرت ئەمەس. قەستەن غەزەپلەنگەندەك كۆرۈنۈشنىڭ ھاجىتى يوق، تەبىئىيكى كەلسە-كەلمەس كۆلۈشنىڭمۇ ئورنى يوق. مېنىڭچە، ئەڭ ئۈنۈملۈك نامايىش: تېنىچ، بىخەتەر ۋە رەتلىك ئېلىپ بېرىلغان، مەقسەتلەر ئېنىق نامايەن قىلىنغان، ئەڭ توغرا ئۇچۇر ئەڭ توغرا شەكىلدە ھەر قايسى تەرەپلەرگە يەتكۈزۈلگەن نامايىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەبىت دۆلەتلەر نامايىشچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ھەممىشە تېنىچ نامايىشلارنى تۇققۇنۇشقا ئايلاندۇرۇپ، ئارقىدىن ئامانلىق ساقلاش باھانىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

مۇشۇ مەنىدە، تۈركىيەدە يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان نامايىشلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا بىر قىسىم ئەجەللىك خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىۋاستە ئوبرازىمىزغا تاقىشىدىغان، داۋايىمىزنىڭ خارەكتېرىگە كۆلەڭگە چۈشۈرىدىغان ۋە نامايىشنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەتتا نامايىشنىڭ مەقسىدىگە تامامەن زىت ھالدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ئىككى خىل ئەھۋال ئۇمۇميۈزلۈك مەۋجۇت. بۇلاردىن بىرىنچىسى، نامايىشتا تووۋلىنىۋاتقان شۇئارلارغا؛ ئىككىنچىسى، نامايىشتا كىيىۋالغان كىيىملەرگە مۇناسىۋەتلىك. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار دىندار بولغاچقا ۋە تۈرك قېرىنداشلاردىن ئۆرنەك ئالغاچقا، نامايىشلاردا تووۋلايدىغان شۇئارلىرىمىز ئارىسىدا: «يا ئاللاھ، بىسمىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن گۈزەل، ئەمما مۇجمەل ئىبارىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەۋاتىدۇ. قىز-ئاياللىرىمىز دېگۈدەك قاپقارا ھىجاپ بىلەن يۈزى يېپىق ھالدا نامايىشلارغا قاتنىشىۋاتىدۇ. نەتىجىدە بىر پۈتۈن نامايىش پائالىيىتى قۇيۇق دىنىي تۈس ئېلىپ، بىر ئوبراز مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق سوئاللار تاشلىنىشى مۇمكىن: بۇ قانداقمۇ مەسىلە ھېساپلىنىدۇ؟ مۇسۇلمان بولغاندىكىن شۇنداق تووۋلىماي، ئەمىسە نېمىدەپ تووۋلىسا بولاتتى؟ قىز-ئاياللىرىمىز ھىجاپلانماي، ئەمىسە يېرىم-يالىڭاچ چىقسا بولامتى؟.... ۋاھاكازا. توغرا، ئەسلى بۇلار مەسىلە ھېساپلانماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتى بۇلارنى مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. چۈنكى بىر تەرەپتە ئۇيغۇرلارنى «دىنىي ئەسەبىي ۋە زوراۋان تېرورچى» دەپ باستۇرۇۋاتقان، ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن دۇنياغا «رادىكال ئىسلامچى» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان، شەرقىي تۈركىستاندا مىليونلىغان ياشلارنى جازا لاگېرلىرىغا سولاپ، بۇنى دۇنياغا «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش، قايتا تەربىيەلەش، نورمال ھاياتقا قايتۇرۇش ئۈچۈن» دەپ چۈشەندۈرۈۋاتقان تارىختىي دۈشمىنىمىز

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى؛ يەنە بىر تەرەپتە، دائىش، ئەلقائىدە ۋە تالىبان... دېگەندەك تەشكىلاتلارنىڭ تەسىرىدە، «ئىسلامدىن قورقۇش كېسىلى»گە گىرىپتار بولغان، ئىسلامىي قىياپەتلەردىن سەسكىنىدىغان ۋە گۇمانلىنىدىغان غەرب، ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرى بار بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. مۇشۇنداق بىر تارىخىي ۋەزىيەت بىزگە ئەقىل بىلەن ئىش قىلمىساق قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرماقتا. ناۋادا خىتاي بىزنى ئەسەبىيلىك بىلەن ئەيىپلەۋاتسا، خەلقئارا جەمئىيەت ئەسەبىيلىكنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇۋاتسا، بىز بولساق بۇنى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىغا بېرىپ ئىسپاتلىساق، ئۇ چاغدا بۇنى زامانىۋىي سىيىت نوچىلىق دېمەكتىن باشقا ئاماللىمىز يوق. «بۇ دېگەن ئەسەبىيلىك ئەمەس» دەيدىغانلار چۇقۇم چىقىدۇ. شۇنداق، بىزگە نىسبەتەن ئەسەبىيلىك ئەمەس، بەلكى نورمال ھايات شەكلى. ئەمما بىزنىڭ دۈشمىنىمىزگە نىسبەتەن، بىزنى قوللاۋاتقان ياكى بىز دەردىمىزنى ئاڭلىتىپ، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقان خەلقئارا جەمئىيەتكە نىسبەتەن بۇ ئەسەبىيلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ قارالماقتا. دۈشمىنىمىز بولغان خىتايغا پەرۋايىمىز پەلەك، ئۇنىڭغا قانداق كۆرۈنسەك بەرىبىر. بىراق، خەلقئارا جامائەتچىلىككىچۇ؟ ئۇلارغا قانداق كۆرۈنسەك، مەيلىمۇ؟ ئەگەر «ھەئە» دېيىلسە، ئۇنداقتا نېمىشقا نامايىش قىلدۇق؟ شۇلارغا دەردىمىزنى ئاڭلىتىش ۋە شۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نامايىش قىلدۇق ئەمەسمۇ؟

ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە، نامايىشتا دىنىي تۈسنى ئازايتىپ، مىللىي تۈسنى قويۇقلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ دىنىنى چەتكە قېقىش ئەمەس، بەلكى دىنغا توغرا ئەمەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. نامايىشلاردا دىنىي تۈسى قويۇق ياكى باشقىلاردىن ئارىيەت ئالغان شۇئارلارنىڭ ئورنىغا، بىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىمىز، مەقسىدىمىز ۋە تەلىپىمىزنى ئېنىق ۋە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان شۇئارلارنى دەسسىتىش كېرەك. نامايىشلاردا قىز-ئاياللىرىمىز ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك ياكى بولمىسا نورمال تۈرك خانىم-قىزلىرىدەك ھىجاپلىنىشى، قارا ھىجاپ بىلەن يۈزى يېپىق ھالدا نامايىشلارغا قاتناشماسلىقى لازىم. ناۋادا يۈزنى يېپىشنى ۋە قارا ھىجاپ كىيىشنى «ۋاجىپ» دەپ بىلگەن تەقدىردىمۇ، نامايىش كۈنىسى زۆرۈرىيەت نوقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، يۈزنى ئېچىۋېتىپ، باشقا رەڭدە كىيىنىپ چىقسا بولىدۇ. ئادەتتە، روپاش ئاياللار چېگرادىن كىرىپ-چىقىشلاردا، كۆچ ئىدارىلىرىدە ۋە باشقا زۆرۈر تەكشۈرۈش نوقتىلىرىدا، ئېھتىياج ياكى ئېھتىيات يۈزىسىدىن يۈزنى ئاچىدۇ. بۇنى يۈزنى ئوراش «ۋاجىپ» دەيدىغان ئالىملارمۇ دۇرۇس دەيدۇ. ئۇنداقتا، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئاچقان يۈزنى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئاچسا ئەلبەتتە، ئەرزىيدۇ. مەسىلە بۇنىڭ ئېھتىياج ياكى ئەمەسلىكىنى، ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ياكى ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشتە. ئەگەر يەنىلا مەن يۈزۈمنى ئاچسام بولمايتتى، مەن قارا ھىجاپ بىلەن چىقمىسام بولمايتتى دەيدىغان ھەمشىرىلىرىمىز بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار نامايىشقا چىقماي ئۆيدە دۇئا قىلىشى ياكى نامايىشقا چىققانلارنىڭ باللىرىنى بېقىپ بېرىشى... ئىشقىلىپ باشقا جەھەتلەردىن ياردەمدە بولۇشى كېرەك.

ئادەتتە، كىمنىڭ قانداق كىيىنىشى ئۆز ئەركىنلىكى بولسىمۇ، ئەمما نامايىش ئۈچۈر تارقىتىدىغان پائالىيەت بولغاچقا، ئوبرازغا دىققەت قىلماي بولمايدۇ. ئەگەر دىنىي شۇئارلارنى توۋلاش ۋە قارا ھىجاپ بىلەن يۈزى يېپىق نامايىش قىلىش داۋايىمىزغا پايدىلىق بولسىدى، ئەلبەتتە شۇنى تەرغىب قىلغان بولاتتىم. ھەممە ھىجاپسىز قىز-ئاياللاردىن ھېچبولمىغاندا، ۋەتەن-مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نامايىشقا بولسىمۇ، ھىجاپلىنىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولاتتىم. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەنپەئەتى ئىسلامنىڭ مەنپەئەتىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىدۇر. بۇ نوقتىدىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ توپ مەقسەتلىرىدىن بىرىدۇر.

بۇندىن كېيىنكى نامايىشلىرىمىزدا بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتمىسەك، قىلغان نامايىشىمىزنىڭ ئۈنۈمى بولمىغاننى ئاز دەپ، يەنە خىتاينىڭ مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلغان بولۇپ قالىمىز. بۇ خۇددى ئۆز پۇتىمىزغا، ئۆزىمىز پالتا چاپقانغا ئوخشايدۇ. نامايىش بىر سىياسىي پائالىيەت بولغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن سىياسىي ئۈنۈم قوغلىشىش لازىم. سىياسىي جەھەتتىن دۈشمەنگە پايدىلىق نامايىشنى قەتئىي قىلماسلىق كېرەك.

نامايىشلىرىمىزدا بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئۆزگەرمىسە، داۋاپىمىزنىڭ خارەكتېرى داۋاملىق غۇۋالىشىپ قالىدۇ. دۇنيا بىزنى بېسىۋېلىنغان بىر ۋەتەن-تۇپراقنىڭ داۋاچىلىرى دەپ ئەمەس، ئىمان داۋاسى قىلىۋاتقانلار دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ۋەتەن داۋاپىمىز كىشىلەرنىڭ كۆزىگە دىن داۋاسى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. نەتىجىدە، بىز ئىشغال قىلىۋېلىنغان ۋەتىنىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقانلار ئەمەس، دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلارغا ئايلىنىپ قالىمىز.

## 2. نۇتۇقلاردا ئۇبراز مەسىلىسى

نۇتۇق ئەڭ ئۈنۈملۈك تەشۋىقات قۇراللىرىدىن بىرى. سىياسىي پائالىيەتلەردە نۇتۇق ئىنتايىن مۇھىم سالماقنى ئىگەللەيدۇ. نۇتۇق سۆزلەش قابىلىيىتى كۈنىمىزدە، سىياسىي پائالىيەتلەردە نۇتۇق قازىنىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالماقتا. ھالبۇكى، نۇتۇقتا ئەڭ مۇھىم ئامىل تىل ۋە قىياپەتتۇر. تىلنى توغرا قوللىنىش ۋە قىياپەتكە ئەھمىيەت بېرىش ھەر بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچى سەل قارىسا بولمايدىغان ئىشلاردىندۇر. ماھىيەتتە، نۇتۇق سۆزلەشمۇ بىر خىل ئۇبراز يارىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، نۇتۇقتا سۆزلىنىۋاتقان سۆزنىڭ سۈپىتى ۋە مەزمۇنى ناتىقنىڭ ساپاسى ۋە قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇشۇ جەھەتلەردىن قارىغاندا، تۈركىيەدىكى پائالىيەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆز قىلغۇچىلاردا ساقلىنىۋاتقان ئەڭ مۇھىم مەسىلە تىلنى راۋان قوللىنالماسلىق مەسىلىسى بولماقتا. يا ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان، يا تۈركچىنى راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان بەزى كىشىلەرمۇ سەھنىلەردە سۆز ئېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تۇرۇپ ئۇيغۇرچىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى تۈركىيەدە شۇنچە يىل ياشاپ تۇرۇپمۇ تۈركچىنى ئۆگىنەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن سەھنىلەرگە، سەپنىڭ ئالدىغا چىقىشى پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمىگە ۋە مىللىي ئۇبرازىمىزغا دەخلى يەتكۈزىۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، رەھبەرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بىلىم ساپاسىنى ۋە نۇتۇق سۆزلەش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىشى، سەھنىلەرگە چىقىشتىن بۇرۇن پۇختا تەييارلىق قىلىشى كېرەك. ئەگەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ جەھەتلەردە ئاجىز كەلسە، ئۇنداقتا ئورنىغا باشقا ئىقتىدارلىق ۋە سالاپەتلىك كىشىلەرنى ۋاكالىتەن سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. چۈنكى ھەر سورۇندا باشلىقنىڭ سۆزلىشى شەرت ئەمەس. كىم مۇناسىپ بولسا، شۇنى ئالدىغا چىقىرىش، پائالىيەتتە ئۈنۈم ۋە ئۇبرازنى ئاساس قىلىش لازىم.

## 3. يىغىلىشلاردا ئۇبراز مەسىلىسى

ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، تۈرلۈك يىغىلىشلارغا قاتنىشىپ تۇرىمىز. بۇ يىغىلىشلارنىڭ بەزىسىنى ئۆزىمىز تەشكىللىسەك؛ بەزىسىنى باشقىلار تەشكىللەپ، بىزنى تەكلىپ قىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بىر يىغىلىش بولمىسۇن، ئۇنىڭ بىر ئۈچۈر تارقىتىش رولى بولىدۇ، ھەتتا يىغىلىش ئۆتكۈزگۈچىلەر بۇ نوقتىنى مەقسەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ئۆزىمىز يىغىلىش تەشكىللەيلى ياكى باشقىلارنىڭ يىغىلىشلىرىغا قاتنىشايلى، ھەر قاچان بىر ئۇبراز يارىتىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. مۇشۇ جەھەتتىن، تۈركىيەدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار باش بولۇپ ئۆتكۈزۈۋاتقان تۈرلۈك يىغىلىشلارغا قارايدىغان بولساق مۇئەييەن مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بىرىنچىدىن، رەسمىي يىغىلىشلاردىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت مارشىنى قويماسلىق. سىياسىي تۈس ئالغان يىغىلىشلىرىمىزدا تۈركىيە دۆلەت مارشى قويۇلىدۇ، بىز ئۆرە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. ھالبۇكى ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت مارشىنى بولسا قويمايمىز، ئۆرە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرمەيمىز. بۇ قانداق مەنتىقە؟ سىياسىي يىغىلىشلاردا مۇشۇنداق ئېغىر خاتالىقتا قانداقمۇ يول قويۇلىدۇ، بۇنىڭ نادانلىقتىن باشقا بىر چۈشەندۈرۈلۈشى بارمۇ؟ ئېنىقكى، بۇ دۆلەتچىلىك ئىدىيىمىزنىڭ تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە شەكىللىنىپ بولالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەرلەرنى ئاساس قىلىش. مەيلى دىنىمىز ياكى مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدە بولسۇن، ئاياللار-ئەرلەرنىڭ يېرىمى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئەرلەر ئاياللارسىز بىر پۈتۈن بولالمايدۇ. ھالبۇكى يېغىلىشلىرىمىزدا، سۆزگە چىقىدىغانلار، ئاساسەن ئەرلەر بولۇۋاتىدۇ. بۇ كىشىگە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورنى تۆۋەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، جانسىز، جۇشقۇن ئەمەس. پۈتۈن يىغىلىشلىرىمىز قىرائەت بىلەن باشلىنىپ، تەبرىك سۆزلىرى بىلەن داۋام قىلىپ، دۇئا بىلەن ئاخىرلىشىۋاتىدۇ. ئارىدا بىر قانچە ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش... دېگەندەك بەزى پائالىيەتلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيەتلىرى يوق دېيەرلىك.

تۆتىنچىدىن، مىللىي تۈس كەمچىل. يىغىلىشلىرىمىزدا ئۇيغۇرلۇقىمىزنى نامايەن قىلىپ تۇرىدىغان قىياپەتلەردىن پەقەت سۆيۈملۈك بايرىقىمىزدىن باشقا نەرسىلەر بەك كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئۇيغۇرلۇقىمىزنى نامايەن قىلىپ بېرەلەيدىغان ئەرچە، ئايالچە كىيىم-كېچەكلەر يوق دېيەرلىك. دوپپا كىيگەن ئەرلەر بىلەن ئەتلەس كىيگەن ئاياللارنى بەك ئۇچراتمايمىز.

مانا بۇ ئەھۋاللار يىغىلىشلىرىمىزنىڭ سۈپىتى ۋە بىزنىڭ ساپايىمىزنى نامايەن قىلىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ ناھايىتى ئاددى، ۋەتىنىمىزنى سۆيسەك، دۆلەت مارشىمىزنى جاراڭلىق ياڭرىتايلى، ئۇقۇيلى، ئۆرە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرەيلى. قىز-ئاياللىرىمىزنى تۆۋەن كۆرمىسەك، يىغىلىشلىرىمىزدا ئۇلارغا ئورۇن بىرەيلى، سۆز قىلىش پۇرستى بىرەيلى. ئۇلارمۇ ئۆز رولىنى دادىل جارىي قىلدۇرسۇن. قىرائەت ۋە دۇئالىرىمىز ئارىسىغا دىنىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى ۋە مىللىتىمىزنى كۈيلەيدىغان ناخشىلارنى، مۇزىكىلارنى ۋە ئۇسۇللارنى قوشايلى، سورۇنلىرىمىز رەڭدارلىقتا ۋە ھاياتى كۈچكە تولسۇن. دوپپا، ياغلىق، كانۋار، ئەتلەس كۆڭلەك... دېگەندەك ئۇيغۇرلۇقىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىيىم-كېچەكلەرنى كىيەيلى، ئۇيغۇرلۇقىمىز نامايەن بولسۇن.

## 4. يۇقۇرى دەرىجىلىك ئۇچرىشىشلاردا ئوبراز مەسىلىسى

يۇقۇرى دەرىجىلىك ئۇچرىششلار دېگىنىمىزدە، تەشكىلات مەسئۇللىرى ياكى مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياكى شەرقىي تۈركىستانغا ۋاكالىتەن، دۆلەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى، ئىدارە-ئورگانلىرى، ھەر قايسى سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە مەدەنىي تەشكىلات مەسئۇللىرى بىلەن ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە شەكىللەردە ئېلىپ بارىدىغان ھەر تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە مەدەنىي ئۇچرىششلارنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇنداق ئۇچرىششلارغا قاتناشقۇچىلار يالغۇز ئۆزلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى تەۋە بولۇۋاتقان دۆلەت ۋە خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەر قانداق بىر ۋەكىل پەقەت ئۆزى تەۋە بولغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتى بولىدۇ. ۋەكىل دېگەن ھېچقاچان ئۆزى خالاپ ئىش قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۆزى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ۋەكىللىك قىلىنغۇچىلارنىڭ تەلپى بۇيىچە ئىش قىلىدۇ. بولمىسا، ئۇنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

قىسقىسى، ۋەكىلنىڭ ئوبرازى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەت ۋە مىللەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ۋەكىل گەپ-سۆزدە، يۈرۈش-تۇرۇشتا ۋە كىيىم-كېچەكتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ھەر بىر ھەرىكەتتە ئۆزى تەۋە دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. شەخسىي ئېتىقادىي، تونۇشى ۋە ئادىتى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇچرىششلاردا چوقۇم ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ گۈزەل بىر شەكىلدە نامايەن قىلىشقا تىرىشىشى، ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزى مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ دېگەن ۋەكىل، ۋەكىل ھېچقاچان ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۈركىيەدە بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ھەتتا يېقىنقى مەزگىللەردە ئېلىپ بېرىلغان يۇقۇرى دەرىجىلىك ئۇچرىششلاردا ئىنتايىن ئېغىر مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغان ۋە بىزنىڭ ئوبرازىمىزغا جىددىي خىرىس شەكىللەندۈرۈۋاتقان ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت. بۇلاردىن بىرى، سالاھىيەتسىز كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىك داۋاسى قىلىشى بولسا، يەنە بىرى سالاھىيەتلىك

كىشىلەرنىڭ توغرا ۋەكىللىك قىلالماسلىقىدۇر.

بىرىنچىدىن، 35 مىليون ئۇيغۇرغا ۋاكالەتەن سۆز قىلىش ئۈچۈن، ھېچبولمىغاندا، كىملىكى ئېنىق، ئەخلاقى دۇرۇست، كەچمىشىدە داغ يوق، بەلگىلىك كۆرەش تارىخى بار، لاياقەتلىك ۋە مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىنغان كىشى بولۇشى كېرەك. مۇشۇنچىلىك ئەقەللىي شەرتنى ھازىرلىمىغان كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ياكى ئۇيغۇر مىللىتىگە ۋاكالەتەن سۆز قىلىشى تۈلمۇ بىمەنىلىكتۇر. ئادەتتىكى بىر ئىنسانغا نىسبەتەن ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تېرىشىپ شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇنىڭ تۆھپىسى، ئىقتىدارى نامايەن بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، خەلق ئۇنى قوللاشقا باشلايدۇ، ئاندىن ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، مۇنداقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان سالاھىيەتمۇ ئەمەس. ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ داۋا قىلىش ھەققى بولغان بىلەن، ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتى بولمايدۇ. داۋا قىلىش باشقا، ۋەكىللىك قىلىش باشقا. داۋا قىلىش ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ھەققى، ئەمما ۋەكىللىك قىلىش بولسا پەقەت بۇ سالاھىيەت بېرىلگەن كىشىلەرنىڭلا ھەققىدۇر.

ئىككىنچىدىن، ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ توغرا ۋەكىللىك قىلالماسلىقى ياكى قىلماسلىقى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلىدۇر. ئۇزۇن يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتىدە خەلقىمىزنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ۋە بۇنىڭ سايىسىدە ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بىر قىسىم مەسئۇللىرىمىزنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئۇچرىشىشلاردا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا زىيانلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغان قىياپەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر. 35 مىليون ئۇيغۇرغا ۋاكالەتەن ئوتتۇرىغا چىققان ھەر قانداق بىر كىشى يۈرۈش-تۇرۇش ۋە كىيىم-كېچەكلىرىدە، مانا مۇشۇ 35 مىليوننى ئوتتۇرھال بىر دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرىشى لازىم، گەرچە بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئادىتىگە، دىنىي چۈشەنچىسىگە ياكى قىزىقىشىغا توغرا كەلمىگەن تەقدىردىمۇ. يۇقۇرىدا دېگىنىمدەك، ۋەكىل ھېچقاچان ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇرلارغا ۋاكالەتەن ئۇچرىشىشلارغا قاتنىشىۋاتقان مەسئۇللىرىمىز ھەر ۋاقىت كىمگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە كىمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالىي مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشكە ئەرزىيدۇ.

## 5. تاراتقۇلاردا ئوبراز مەسىلىسى

تاراتقۇلار ئەزەلدىن ئوبراز قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. مەيلى گېزىت-ژۇرنال ۋە رادىئو-تېلېۋىزور... قاتارلىق كلاسسىك تاراتقۇلار بولسۇن ياكى كۈنىمىزدىكى ئالاقە تورىنى ئاساس قىلغان تور بەت، مۇنبەر، فېيسبۇك، تېۋىتېر ۋە يۇتيۇب... قاتارلىق زامانىۋى تاراتقۇلار بولسۇن، ھەممىسىدە بۇ خىل فونكسىيە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تارقىتىش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئىلغارلىشىشى تاراتقۇنىڭ كۈچىنى شىددەت بىلەن ئاشۇردى. نەتىجىدە، بۈگۈن تاراتقۇ ھەم دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ، ھەم دۆلەتنى ۋەيران قىلىشنىڭ، شۇنداقلا دۆلەت قۇرۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم قۇراللىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. بۇ سەۋەبتىن تۈزۈم ئەۋزەللىكىگە ئىگە دۆلەتلەر زامانىۋى تاراتقۇلارنىڭ ياردىمىدە توختىماي ئۆزىنى سىرتقا قارىتا تەشۋىق قىلىشقا كۈچەۋاتسا، تۈزۈم ئەۋزەللىكىدىن مەھرۇم قالاق ۋە مۇستەبىت دۆلەتلەر داۋاملىق ئاخبارات ئەركىنلىكىنى بوغۇش، تورنى قامال قىلىش بىلەن ئاۋارە بولماقتا. قىسقىسى تاراتقۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نۆۋەتتىكى سىياسىي كۆرەشلەردە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. تاراتقۇنىڭ نە قەدەر كۈچلۈك قۇرال ئىكەنلىكى «ئەرەب باھارى»دا ئېنىق ئىسپاتلاندى.

تاراتقۇلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ ئىس-تۈتەكسىز جەڭدە بار كۈچىمىز بىلەن ئەڭ گۈزەل ئوبرازىمىزنى نامايەن قىلىپ، دۈشمىنىمىزنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئېچىپ تاشلاش مۇھىم ۋەزىپىمىزدۇر. بىراق، بۇ جەڭگە بىزدىن زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە دۈشمىنىمىزمۇ ئىشتىراك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر

ئىش-ھەرىكىتىمىزنى ئويلاپ قىلمىساق بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى ۋە جىنايى قىلمىشلىرىنى يۇشۇرۇپ بولالمايۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھەر ۋاقىت بىزنى «قاچان پۇتلىشاركىن» دەپ ماراپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىزدىن سەللا بىخەستىلىك كۆرۈلسە، بۇنى باھانە قىلىپ دۇنيانىڭ كۆزىنى بۇياشقا ئۇرۇنىدۇ. قىسقىسى، ئاخبارات جېڭى قۇراللىق جەڭدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە پاراسەت تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەڭدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاساسىي تاكتىكىسى ھەق-ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، دۇنيا خەلقىنىڭ كۆزىنى بۇياش بولۇۋاتىدۇ. خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز ھەققىدە تارقاتقان خەۋەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، بىزنى بىر بولسا، «بەختلىك، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ خۇشال-خۇرام ياشاۋاتقان خەلق» سۈپىتىدە؛ يەنە بىر بولسا، «چەتئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ۋە خەلقئارالىق تېرورچى ۋە ياكى ئىسلامىي جىھادىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋان تېرورلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قەبىھ ۋە نادان كىشىلەر» قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، «ئۆزلىرىنى بولسا، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈۋاتقان، خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاۋاتقان، مەدەنىيەت ۋە ئاقارتىش ئېلىپ بېرىۋاتقان شاپائەتچى، ئامانلىق ساقلىغۇچى» قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. دۈشمەنىنىڭ تاكتىكىسى بۇ بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا بىزنىڭ تاكتىكىمىز بۇ مەسىلىدە، بۇنىڭ دەل ئەكسى بولۇشى كېرەك. يەنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىش قىلىپ خىتاينىڭ دېگەنلىرىنى ئىسپاتلاش ياكى داۋايىمىزنىڭ خاراكتېرىنى سۇسلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى خىتاي ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ئاق-قارىنى ئايرىش، مەسىلىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش، خىتاينى مات قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق كۆزى بۇيالغان دۇنيانىڭ كۆزىنى ئېچىش... قاتارلىقلار بىزنىڭ قېلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزدۇر. يەنە كېلىپ، بىز ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتقان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىزدىن ئەقىللىق ۋە بىزدىن ئەستايىدىل كىشىلەرگە تولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ قەتئىي ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە بىزنىڭ چەتئەللەردىكى ئاخبارات كۆرىشىمىز ئاساسلىقى ئىككى خىل تاراتقۇ شەكلىنى تەڭ قوللىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلماقتا. بىرى، رەسمىي تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئاۋازىمىزنى دۇنياغا ئاڭلىتىش؛ يەنە بىرى بولسا، شەخسىي تاراتقۇلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش. رەسمىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنغان بايانات ياكى خەۋەرلەر بىر قۇر تەھرىرلەش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش باسقۇچىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا ئالدىراپ ئوبراز مەسىلىسى كۆرۈلمەيدۇ. كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھەل قىلىش بىر قەدەر ئاسان بولىدۇ. ئەمما، فېيسبۇك، تېۋىتېر، ۋاتېساپ ۋە يۇتيۇب... دېگەندەك شەخسىي تاراتقۇلارنىڭ ئىگىسىمۇ، مۇھەررىرىمۇ دەل بىز ئۆزىمىزدۇر. بۇنداق خۇسۇسىي تاراتقۇلىرىمىزدا تارقاتقان ۋە ھەمبەھىرلىگەن ئۇچۇرلار، ئەگەر دىققەت قىلمىساق بارا-بارا ئۆز ئوبرازىمىزغا ۋە مىللىتىمىزنىڭ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئوبرازىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ. بۇ جەھەتتىن، ھېس قىلىشىمچە، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار خۇسۇسىي تاراتقۇلاردا، بولۇپمۇ فېيسبۇكتا تارقىتىۋاتقان ۋە ھەمبەھىرلەۋاتقان مەزمۇنلاردا مۇنۇ ئىككى مەسىلە ساقلانماقتا:

**بىرىنچى،** «تېرورلۇق»قا ئائىت ئۈن-سىن ماتېرىياللىرىنى تارقىتىش ۋە ھەمبەھىرلەش. مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە دىيانەتلىك كىشىلەر خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن تورلاردا جىھاد ۋە مۇجاھىدلارغا ئائىت ماتېرىياللارنى تارقىتىدىغان ۋە ھەمبەھىرلەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. دېمىسىمۇ بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنى ياخشى كۆرۈش نورمال ئىش. ۋاھالەنكى، نۆۋەتتە پائالىيەت قىلىۋاتقان خېلى كۆپ جىھادىي تەشكىلاتلار «تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى» تىزىملىكىدىن يەر ئالماقتا. مەسىلەن: دائېش، ئەلقائىدە، تالىبان، ھەتتا بىزنىڭ تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىمۇ نۇرغۇن دۆلەتلەر تەرىپىدىن «تېرورچى» تەشكىلات دەپ ئەنگە ئېلىنغان. شۇنداق ئىكەن، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ تەشۋىقاتىنى تارقىتىش ۋە ھەمبەھىرلەش بىزنىڭ نەزىرىمىزدە جىھادنى تەشۋىق قىلىش ھېساپلانسىمۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نەزىرىدە «تېرورلۇق»نى قوللاش دەپ قارىلىدۇ. دېمۇكراتىك دۆلەتلەر ئاخبارات ئەركىنلىكى تۈپەيلىدىن، ئالدىراپ قول سالمىسىمۇ، ئەمما بۇ خىل قىلمىش بەرىبىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. شەخسىي بىخەتەرلىك نوقتىسىدىن

ئېيتقاندىمۇ بۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن، بىز بۇ يەردە ئوبراز ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز. شۇڭا ئېخىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزنى «تېرورلۇق جىنايىتى» بىلەن ئەيىبلەۋاتىدۇ. خىتايلار بىزنى ئاتالمىش «تېرورلۇق» بىلەن ئەيىبلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز دۇنيادىكى «تېرورلۇق» ئاتالغان بارلىق پائالىيەتلەردىن ئىمكانقەدەر يىراق تۇرىشىمىز كېرەك.

**ئىككىنچى**، خىتاي تەرىپىدىن تارقىتىلغان بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى ئويلاشمايلا تارقىتىش ۋە ھەمبەھىرلەش. يېقىنقى مەزگىللەردە ۋەتەندىكى زۇلۇم ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر قىزلارنىڭ خىتاي ئەركەكلەر بىلەن توي قىلغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەيدانلاردا ناخشا ئېيتىپ-ئۇسۇل ئويناۋاتقانلىقى، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ يۈتلىرىنى يۇيۇپ قويۇۋاتقانلىقى نامايەن قىلىنغان رەسىم ۋە ۋىدىئولارمۇ بار. بۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى تور سەھىپىلىرىدە تارقىتىپ، ھەمبەھىرلەپ يۈردۇق. مەقسىدىمىز: خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇمىنى ئاڭلىتىش ئىدى. ئەمما، ئۇ خىل كۆرۈنۈشلەردىن زۇلۇم ئەمەس، ئىناقلىق نامايەن بولۇۋاتاتتى. ئۆزىمىزنى بىر چەتئەللىك ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ، بۇ كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ باقايلى. ئەگەر چۈشەنچە بېرىلمىسە، بىز بۇ كۆرۈنۈشلەردىن نېمىنى ھېس قىلارمىز؟ بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ بىر خىتاي ئەركەك بىلەن توي قىلىشى بىزگە نىسبەتەن ھاقارەت، ئەمما چەتئەللىكلەرگە نىسبەتەن نورمال بىر ئىش. بىر ئۇيغۇرنىڭ خىتايلار بىلەن تاماق يېيىشى بىزگە نىسبەتەن ئەيىب، ئەمما، باشقىلارغا نىسبەتەن ھېچ گەپ ئەمەس. ئاياللىنىڭ پۇتىنى يۇيۇش، بىزگە نىسبەتەن خورلۇق، ئەمما، باشقىلارغا نىسبەتەن ئىلغارلىق. نېمىشقا؟ چۈنكى بىز بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەجبۇرلاش بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز، ھالبۇكى باشقىلار بۇنى بىلمەيدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى تارقاتماسلىقىمىز، تارقىتىشقا توغرا كەلگەندە بولسا، چۈقۇم بۇنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى، مەجبۇرلانغانلىقىنى... ئەسكەرتىپ قويۇشىمىز كېرەك. بولمىسا، بىلىپ-بىلمەي خىتاينىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىش قىلىپ قويغان بولىمىز.

### خۇلاسە

چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر ئازدۇر-كۆپتۇر سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىۋاتىدۇ. سىياسىي پائالىيەتلەردە ئوبرازغا سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى ئوبرازىمىز بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى ۋە كىم ئەمەسلىكىمىزنى بەلگىلەيدۇ. خەقنىڭ يۇرتىدا ياشاۋاتقان مۇھاجىرلار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى، مەيلى بىز ئېتىراپ قىلايلى ياكى قىلمايلى، ھەر بىر ھەرىكىتىمىز بەلگىلىك دەرىجىدە ئوبراز قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ كاللىسىدىكى ئوبرازىمىزنى ئۇلار ئەمەس، بىز بەرپا قىلىمىز. قانداق بەرپا قىلساق، شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت ئوبرازىمىزغا دىققەت قىلىشىمىز، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالىي مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم.

2018-يىلى 13-مارت، تۈركىيە

# نامايىش: ھاياجان ۋە قىزغىنلىق

## ئۇيچان

بىرۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلگەن «5000 كىشىلىك نامايىش» جەريانىدا ۋە ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم

2018-يىلى 4-ئاينىڭ 27-كۈننى، ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىكى سىياسىي پائالىيەت تارىخىدا، ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كۈنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان ئۇيغۇر، ئەركىنلىك ئۈچۈن، ياۋرۇپانىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان بىلگىيە پايتەختى بىرۇسسېلغا يىغىلدى. بۇ قېتىملىق نامايىش ئۇيغۇرلار غەرب دۇنياسىدا ئېلىپ بارغان ئەڭ چوڭ نامايىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ نامايىش مەيلى سان، مەيلى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكىدا ئېلىپ بارغان مەيدان پائالىيىتى تارىخىدا يېڭى رېكورت ياراتتى. نامايىشقا يەتمىش ياشلىق بوۋايلاردىن تارتىپ، يەتتە ياشلىق باللارغىچە زوق-شوق بىلەن قاتناشتى. نامايىشقا تۆرلۈك سەۋەبلەردىن قاتنىشالمىغان ياكى قاتنىششىنى خالىمىغان كىشىلەرمۇ، بىر بولسا، تۆرلۈك يوللار ئارقىلىق گۈزەل تىلەكلىرىنى ئەۋەتتى؛ يەنە بىر بولسا، ئۈن-تىنسىز دۇئا قىلىشتى. ئىشقىلىپ، «ئاپېرىن» دېمىگەن، ھاياجانلانمىغان، نامايىشچىلاردىن سۆيۈنمىگەن ئۇيغۇر يوق دەپ ئويلايمەن. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ نامايىشقا قىتئەلەرنى ئاتلاپ كېلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پاسسىپلىقتىن قۇتۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى نامايان قىلىپ بەردى.

بىراق، مەزكۇر نامايىشنىڭ ئالدى-كەينىدە ۋە نامايىش جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلارمۇ يۈز بەردى. ئەسلىدە، بىزگە ئوخشاش سىياسىي پائالىيەتلەردىن قاچىدىغان، نامايىشلارغا ئاكتىپ قاتنىششقا تېخى ئادەتلىنىپ بولالمىغان بىر خەلققە نىسبەتەن، بۇ خىل ھاياجان ۋە قىزغىنلىق ئىچىدە يۈزبەرگەن بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا، ئالدىراپ تەنقىدىي پىكىر بايان قىلىشنى ئانچە مۇناسىپ دەپ قارىمايتتىم. مېنىڭچە بولغاندا، خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىقى داۋاملىق قوزغىتىلىشى ۋە بۇ يۆنىلىشتىكى تەشۋىقاتلار داۋاملىق كۈچەيتىلىشى كېرەك ئىدى. تەشۋىقات ۋە پائالىيەت جەريانىدا ھاياجان ۋە قىزغىنلىق تۇپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بەزى مەسىلىلەرنى بولسا، كۆپتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇنداق ئىشلار تەدرىجىي ئىزىغا چۈشەتتى. تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى سۇسلاشتۇرىدىغان، قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان ھەر قانداق پائالىيەتتىن ئىمكان بار يىراق تۇرۇش كېرەك ئىدى. چۈنكى سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ، جۈملىدىن نامايىشنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارايدىغان، ھېچبىر ئۆزرىسىز ياكى خىتايدىن قورقۇپ نامايىشقا چىقمايدىغان كىشىلەر يەنىلا كۆپ ئىدى. شۇنداق ئىكەن، بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ياكى قويماسلىق ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم. ئاخىرىدا، نامايىشتىن كېيىن، بولۇپمۇ بىر-ئىككى كۈندىن بۇيان يۈز بەرگەن بىر قىسىم كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قاراپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى نامايىشلىرىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن، يەنىلا بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئويلىغانلىرىمنى مۇۋاپىق بىر شەكىلدە دەپ بېقىشنى لايىق تاپتىم. ئۈمىدىم: دېگەنلىرىم، «مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن بۇرۇن تەنقىد قىلىش، ھەسسە قوشماي قۇسۇر ئىزدەش، مەيدانغا چىقماي ئاتكارچىلىق قىلىش، ئەڭ مۇھىمى، نامايىش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىش» بولۇپ قالمىغاي!!!

ئالدى بىلەن، بۇ قېتىمقى نامايىش چاقىرىقلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خۇرسەن بولدۇم. نامايىشنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى ئاكتىپ ھەمبەھىرلىدىم. نامايىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۇم. نامايىش يېقىنلاشقانسېرى تەشۋىقات چاقىرىقلىرىمۇ كۆچىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن تېخىمۇ سۆيۈندۈم. ھالبۇكى، ئارىدا بەزى ۋېدىئولار چىقتى. سۆزلەر بارا-بارا قۇپاللىششقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. تەشۋىقات بەزىدە

ئادەم قىززىقتۇرۇش رولىنى قاخشاش، قىيداش، تەنە، كەمسىتىش، نوچىلىق ۋە ھاقارەت قىلىشقا ئالماشتۇرۇۋالدى. باشتا بىر ئاز بىئارام بولدۇم. ئەمما، ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى قىلالمىغىنىم ئۈچۈن، مەندىكى گۇناھ تۇيغۇسى ئۇلاردىن ئاغرىنىشىمغا يول قويمىدى. بەلكىم، نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولغاندۇ. بىراق، بۇ خىل ھاياجان ۋە قىزغىنلىق نامايىش جەريانىدا ۋە نامايىشتىن كېيىن يۇقۇرى پەللىگە چىقتى. بىرى، «ئۇيغۇر بولساڭ، مۇسۇلمان بولساڭ، ئەركەك بولساڭ، ھەتتا ئادەم بولساڭ... نامايىشقا چىق» دەيتتى؛ يەنە بىرى، «ئەمدى نامايىشقا چىقمىغانلار بۇنىڭدىن كېيىن چىقمىسۇن...، ئۆزىنى ئۇيغۇر، مۇسۇلمان دېمىسۇن...» دەيتتى. ھەتتا «نامايىشقا چىقمىغانلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزمەيمىز...» دېگەنلەرمۇ بولدى. دېمەك، ھاياجان ۋە قىزغىنلىق، بىر خىل كەيپىدە ئەقىل ۋە تەمكىنلىك يۇشۇرۇنمىغان تەنتەك ھاياجان ۋە قىزغىنلىق باش كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. مانا! نامايىش جەريانىدىكى مىكروفۇن تالىشىش كۆرەشلىرى ۋە نامايىشتىن كېيىنكى «ھەقىقەتنى سۆزلەش» كومېدىيەلىرى بۇنىڭدىن بىشارەت بېرىۋاتتىدۇ.

توغرا، نامايىش بىر خىل ئاممىۋىي مەيدان پائالىيىتى بولغانىكەن، ئۇنىڭدا ھاياجان ۋە قىزغىنلىق كەم بولسا بولمايدۇ. ئاممىۋىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش جەريانىدا، ئاز تولا نۇقسانلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. تەشۋىقات خىزمىتىدە بىر ئاز مۇبالىغە قىلىشنىمۇ خاتا دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، بۇ ھاياجان ۋە قىزغىنلىقنىڭ كەينىدە ساغلام ئەقىل ۋە تەمكىنلىك يۇشۇرۇنغان بولۇشى كېرەك. ھەر قانداق ئىشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەندە رادىكاللىق كېلىپ چىقىدۇ. ئادەتتە، ئوڭچىللىق سولچىللىقنى، سولچىللىق بولسا ئوڭچىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھالبۇكى، توغرا يول، دىنىمىز كۆرسەتكەندەك، ئوتتۇراھاللىقتىن مەيدانغا كېلىدۇ. بىر مەسىلىنى يوق قىلىش ئۈچۈن، يەنە بىر مەسىلە پەيدا قىلىش، ھەرگىزمۇ مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ئەمەس.

كىچىكلىكىمدە، «ئىسلامنى چۈشۈنۈۋېلىپ» تېخى چۈشەنمىگەنلەر ئۈستىدىن ئەھكام كېسىشكە ئالدىرىغانلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئىسلامنىڭ سەككىز ئاساسىنى ئۆگىنىپلا، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئاللاھنىڭ دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇش» دېگەن ئاساسنى، نەزىرىمدە، تېخى مەنچىلىك تەقۋا بولۇپ بولالمىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا تەدبىقلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. ھەقىقىي ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولغان كاپىر، تاجاۋۇزچى ۋە زالىم خىتايلار ۋەتىنىمدە تۇرسا، «ئاللاھ يولىدىكى» ئۆچمەنلىكىمنى، ئىبادەتلىرىنى تولۇق قىلىپ بولالمىغان، تولۇق قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە ئەمەس خەلقىمگە قارىتىپ ئىسراپ قىلىپتىكەنمەن. شۇ چاغلاردا، بەزى دوستلىرىمنى «ھەققىگە دەۋەت قىلىمەن» دەپ قەستەن رەنجىتكەن. بەزىلىرى سالام قىلسىمۇ، «پاسىققا سالام قىلمايمەن» دەپ، ئالاقەمنى ئۈزگەن ئىدىم. كېيىن بىلسەم، شۇ چاغلاردا تولىمۇ ھاياجان، قىزغىن، ئەمما تەنتەك ئىكەنمەن. بىراق، بۇ ئىشلارنى پەقەتلا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان ئىدىم. ساداقىتىمدە ھېچبىر مەسىلە يوق ئىدى. مەسىلە چالا بىلگەنلىكىمدە، تەنتەكلىكىمدە، ئۇسلۇبۇمدا... ئىدى. ئالدى بىلەن ئىسلامنى ۋە رېئاللىقنى توغرا چۈشەنمەي، شەرىئەتنى خاتا تەتبىقلاپ، قاپقارا كاپىرنى قويۇپ، مۇسۇلمان ئارىسىدىن دۈشمەن ئىزدەپتىمەن. ئارقىدىن دەۋەت قىلىشنىڭ يولىنى بىلمەي، سالام قىلغان دوستلىرىمغا تەتۈر قاراپ، سۆزۈمنى ئاڭلايدىغان، ئەمما، ماڭا ئوخشاش ئەمەل قىلمايدىغان ياكى قىلىپ بولالمايدىغان كىشىلەردىن ئالاقىنى ئۈزۈپتىمەن. ئۇ يىللاردا مەنلا ئەمەس، مەن دېمەتلىك نۇرغۇن ياشلار ۋە بىزگە ئۇستازلىق قىلغان چوڭلارمۇ ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلغان ئىدى. بەزى «دەۋەتچىلەر» خۇددى خەلققە بىر نەرسە ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك، دەشنام قىلىپ سۆزلەيتتى. بەزى يۇرتلاردا بىچارە خەلقىمىز مەھەللە كومىتىتىغا بارسا، كادىرلارنىڭ تىل-ھاقارىتىنى؛ مەسچىتكە كەلسە، ئاخۇنۇملارنىڭ تەنە-دەشناملىرىنى ئاڭلايتتى. يا كادىرغا ئوبدان بولالماي، يا مۇللامغا ئوبدان بولالماي، بوينى پۈكۈك، غورۇرى سۇنۇق بىر ھالەتتە ياشايتتى. بەزىدە، شۇ قەدەر قوپال ۋە ساپاسىز «تەبلىغلەر»نى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا سورۇننى تاشلاپ چىقىپ كەتمەي، ئاللاھنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ دەپ، ئولتۇرۇۋاتقان خەلقىمىزگە قاراپ، بۇ خەلقتەك ئىمانلىق بىر مىللەتنىڭ دۇنيادا يوقلۇقىغا ئىشىنىپ قالىمەن. شۇنىڭ بىلەن، بىر چاغلاردا بالىلار بىلەن تالىشىپ يۈرگەن «ئۇيغۇرلاردا ھەقىقىي مۇسۇلمان بارمۇ؟» دېگەن گەپلەرنى ئويلىسام كۈلگۈم كېلىدۇ. قىسقىسى، مەن ئەينى چاغدا ئىسلامىي پرىنسىپلارنى

تەتبىقلاش ۋە ئىسلامىي دەۋەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا نىسبەتەن كىچىك بىر بالا ئىدىم. بۈگۈن كۆپىنچە خەلقىمىزمۇ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا نىسبەتەن، ئەينى چاغدىكى ماڭا ئوخشاش كىچىك بىر بالىغا ئوخشايدۇ. مەن كېيىن قىلغانلىرىمغا پۇشايمان قىلدىم. خەلقىممۇ كېيىن پۇشايمان قىلمىسۇن دەپ، بۇ ھېكايەمنى سۆزلەپ ئولتۇرۇپتىمەن. مەقسىدىمنى توغرا يەتكۈزەلىدىممۇ-يوق، بىلمەيمەن.

ئەمدى مەسىلىنىڭ نەق ئۆزىگە كېلەيلى. بۇ قېتىملىق نامايىش جەريانىدا ۋە نامايىشنىڭ ئالدى-كەينىدە يۈز بەرگەن بۇ خىل ھاياجان ۋە قىزغىنلىق ئاربىلاش چۇقان-سۈرەنلەر، ھەممە بۇلارغا ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بىر خىل نامۇۋاپىق پوزىتسىيەلەر ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە، يېڭى مەسىلىلەرگە يول ئاچىدۇ. نەتىجىدە، نامايىشقا چىقماسلىقتىن ئىبارەت پاسسىپلىقىمىز، نامايىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاكتىپلىقىمىز ئايلىنىپ قالىدۇ. نامايىشنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەش ياكى نامۇناسىپ ئۇسۇللاردا تەكىتلەش نۇرغۇن سۇئاللارغا يول ئاچىدۇ. مەسىلەن: نامايىش بىلەن ھەممە مەسىلە ھەل بولامدۇ؟ نامايىشقا چىققانلار چىقمىغانلاردىن بەكرەك ۋەتەنپەرۋەرمۇ ياكى نامايىشقا چىقىش-چىقماسلىق ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۆلچىمىمۇ؟ نامايىشقا چىققانلارنىڭ نامايىشقا چىقمىغانلارنى ئەيىبلەش ياكى كەمسىتىش ھەققى بارمۇ...؟ ۋاھاكازالار.

بىرىنچىدىن، نامايىش ھەممىگە قادىر ئەمەس. نامايىش بىزنىڭ داۋايىمىز يولىدىكى مۇھىم ۋاستىلىرىمىزدىن بىرى. نامايىش بىزنىڭ بىر خىل تاللىشىمىز ھەم بايلىقىمىز. ھەرگىزمۇ بارلىقىمىز ئەمەس. شۇڭا پۈتۈن دەسمايىمىزنى نامايىشقا سېلىشمۇ، نامايىشتىن، نامايىشنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان باشقا نەتىجىلەرنى كۈتۈشمۇ توغرا ئەمەس. بىزنىڭ ئالدىمىزدا نۇرغۇن خىزمەتلەر بار. بۇ خىزمەتلەرنىڭ بەزىسى ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلسا، بەزىسى يوشۇرۇن، ئۈن-تىنسىز ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىمىز دەيدىكەنمىز، مائارىپ، ئىقتىساد ۋە ھەربىي ساھەلەردە كۈچلەنمىسەك قەتئىي بولمايدۇ. ئىستىخبارات خىزمىتىمۇ بىز بىرىنچى قولدا تۇتۇپ ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەردىن بىرى. بۇ خىزمەتلەر نامايىشقا ئوخشاش ھاياجان ۋە قىزغىنلىقنى، تېخىمۇ توغرىسى نامايەن قىلىشنى ئەمەس، بەلكى سۇغۇققانلىق بىلەن تەر تۆكۈشنى، مىننەتسىز، ئۈن-تىنسىز ئىشلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، نامايىش ھاياجىنىدا، ھەممە كىشىلەرنى كوچىغا چىقىرىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ نوقتىلارغا سەل قارىساق كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىمىز.

ئىككىنچىدىن، نامايىشقا چىقىش-چىقماسلىق ھەرگىزمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ. بۈگۈنگىچە نامايىشلارغا چىقمىغان بولسىمۇ، ۋەتەن ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئۆلمالىرىمىز، ئالىملىرىمىز ۋە بايلىرىمىز بار. بۈگۈن بەزىلەرنىڭ نامايىشقا چىقىپ، بايراق كۆتۈرۈپ قويۇش بىلەنلا (ئەلبەتتە، بۇمۇ چوڭ ئىش)، ئۆزىنى شۇلاردىنمۇ ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشى ياكى شۇلارنى كەمسىتىشكە باشلىشى، ئەمەلىيەتتە، كىچىك بالىنىڭ قىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. نامايىش مەيدان پائالىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، چىققانلار ئاسان كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئەمما، بۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ چىقمىغانلاردىن ياكى چىقالمىغانلاردىن بەكرەك ۋەتەنپەرۋەر، ئىمانلىق، غۇرۇرلۇق... ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. خۇددى نامايىشقا ھەر خىل مەقسەتتە قاتنىشىدىغانلار بولغاندەك، نامايىشقا قاتناشمايدىغانلارمۇ بىردەك بولمايدۇ. بەزىلەر تېخىمۇ مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن قاتناشمايدۇ (ئەلبەتتە، بۇنداق تونۇغا كىرىۋالىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس). بەزىلەر خىتايدىن قورقۇپ، ئائىلىسىدىن ئەنسىرەپ قاتناشمايدۇ. بەزىلەر نامايىشنى «پايدىسى يوق» دەپ قاتناشمايدۇ. يەنە تەشكىللىگۈچىلەردىن ئاغرىنىپ قاتناشمايدىغانلارمۇ بار. مەن بۇ يەردە نامايىشقا چىقمىغانلارنى ئاقلىماقچى ئەمەس. پەقەت نامايىشقا چىققانلارنىڭ، چىقمىغانلاردىن «بەكرەك ۋەتەنپەرۋەر، بەكرەك ئىمانلىق، بەكرەك غۇرۇرلۇق...» ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى. بەلكىم نامايىشقا چىققانلار مۇشۇ بىر ئىشتا ياخشى، ئەمما باشقا جەھەتلەردىن قانچىلىك ياخشى بىلمەيمىز. قىسقىسى، ھاياجان ۋە قىزغىنلىق ئەقلىي تەپەككۇرنى تۇسۇۋالماسلىقى كېرەك دەپ ئويلايمەن.

ئۈچىنچىدىن، نامايىشقا چىققانلارنىڭ، چىقمىغانلارنى ئەيىبلەش ۋە كەمسىتىشكە ھەققى يوق. ئىنسان بىر ياخشىلىققا ئېرىشكەندە، ئالدى بىلەن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى، ئاندىن يېقىنلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا

تېرىشىشى كېرەك. چۈنكى بىزگە كەلگەن ياخشىلىق، بىز ھەر قانچە تېرىشقان بولساقمۇ، يەنىلا ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نىئمىتى. «مال-دۇنيانى ئۆزەم ئىشلەم تاپتىم» دەپ، زاكات بېرىشنى رەت قىلغان قارۇننى ئاللاھ يەرگە يۇتقۇزۇۋەتكەن. بىر ياخشىلىققا بىزنىڭ ئالدىدىراق ئېرىشىپ قالغانلىقىمىز، بىزنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. نىئمەتنىڭ شۈكرىسى، ئۇنى كۆرسىتىپ باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىش ياكى ئۇنىڭغا تايىنىپ باشقىلارنى كەمسىتىش بولماسلىقى كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىقى، كۆپىنچىمىز بۇنىڭ ئەكسىنى قىلىدىكەنمىز. بىر ئۆمۈر ناماز ئوقۇمىغان بىرى، نامازنى باشلاپلا، قىلىدىغان تۇنجى ئىشى ناماز ئوقۇمىغانلارنى ئەيىپلەش ياكى كەمسىتىشكە باشلايدىكەن. بىر ئۆمۈر تاماكا چەككەن بىرى، تاماكىنى تاشلاپلا، تاماكا چەككەنلەرنى ئەيىپلەشكە باشلايدىكەن. يەنە بىر ئۆمۈر پىيادە ماڭغان بىرى، ماشىنىغا يېتىۋېلىپلا، پىيادە قالغانلارنى كەمسىتىشكە باشلايدىكەن. ئەسلىدە، نىئمەتنىڭ شۈكرانىسى بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇلارنىڭ ئېرىشكىنى تېخى باشقىلار ئېرىشىپ بولالمىغان بىر نىئمەت. ئاللاھ بۇ نىئمەتنى ئۇلارغا نوچىلىق قىلسۇن، باشقىلارنى ئەيىپلىسۇن ۋە كەمسىتسۇن دەپ ئەمەس، كەمتەرلىك قىلسۇن، قېرىنداشلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولسۇن... دەپ بەرگەن ئىدى. مېنىڭچە، نامايىشقا قاتنىششىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن بىر نىئمەت. چۈنكى، باشقىلاردا يوق ماددىي ۋە مەنىۋىي ئىمكان شۇلاردا بار. باشقىلاردا يوق يۈرەك شۇلاردا بار. شۇلارنىڭ بەزىسى، تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، نامايىشقا چىقىشتىن قاچقانلار، كۆك بايراقتىن قورققانلار ئىدى. ئەمدى، بىر ئۆرۈلۈپلا «قەھرىمان» بولۇۋېلىپ، تېخى ئۆزىچىلىك قەھرىمان بولۇپ بولالمىغانلارنى ئەيىپلەپ كېتىش، ھەتتا كەمسىتىش توغرا ئەمەس.

ئۇنداقتا، نامايىش قىلمايلىمۇ؟ ياق، قىلايلى، ئەلبەتتە قىلىشىمىز كېرەك. نامايىشقا چاقىرىق قىلمايلىمۇ، تەشۋىق قىلمايلىمۇ؟ نېمىشقا قىلمىغۇدەكمىز، ئەلبەتتە قىلىمىز، بەلكى قىلىشىمىز شەرت. ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ مېنىڭچە، تەشۋىق (قىززىقتۇرۇش) قىلايلى، تەنە ئەمەس. ئىلھام بىرەيلى مالامەت ئەمەس. روھلاندۇرايلى، تەھدىت سالمايلى. يېتەكلەيلى، كەمسىتمەيلى. بۇ جەھەتتە، رەھبىرىمىز ۋە ئانىمىز رابىيە قادىرنىڭ برۇسسېل نامايىشىدىن كېيىن، ھۆسەيىن تەجەللىي بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىدە، تەجەللىينىڭ نامايىشقا چىقمىغانلار ھەققىدە سورىغان سوئالىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە بەرگەن جاۋابى ئالاھىدە ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. رابىيە ئانىمىزنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە جاۋابى ھەم توغرا، ھەم دانا بولدى دەپ قارايمەن. توغرا، رابىيە ئانىمىز دېگەندەك، چىقمىغانلار هامان چىقىدۇ، ئۇلارمۇ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزىلىرى ھەر خىل يوللار بىلەن نامايىشنى قوللاۋاتىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئۈن-تىنسىز خەيرلىك دۇئا قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ قولىدىن كەلگىنىچە قىلىۋاتىدۇ. توغرا، ئۇلار هامان چىقىدۇ. بىراق، بىرىمۇ ئۇيغۇر قالماي، ھەممەيلەن كوچىغا چىقىشى كېرەكمۇ؟ مانا بۇمۇ نامايىش هاياجىنى ۋە قىزغىنلىقىدا، پائالىيەتچىلىرىمىز ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان (بەلكىم ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ، ئۇلارنىڭمۇ بىر ئويلىغىنى باردۇ) ئويلىنىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم مەسىلە.

ناۋادا ئەقىل ۋە تەمكىنلىكتىن خالى بۇ خىل خاھىش ئارىمىزدا داۋاملىق ئەۋج ئالسا، ھەمدە سىياسىي پائالىيەتلىرىمىزنى قاپلىسا، ئۇنداقتا، كەلگۈسىدە تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەرگە يۇلۇقۇشىمىز مۇمكىن.

سىياسىي پائالىيەتلەردە داۋاملىق ھېسسىيلىشىش. يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا

قارىغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ تېپىك بىر ھېسسىي مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى تونۇپ يېتەلەيمىز. ھېلىمۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ تولىسىغا، ئەقلىمىز ئەمەس، ھېسسىياتىمىز ھاكىم بولۇۋاتىدۇ. بىر ئىشنى ياكى بىر كىشىنى ياخشى كۆرسەك، ھەممە نېمىسىنى ياخشى كۆرىدىغان؛ ئۆچ كۆرسەك بىراقلا ھەممە نېمىسىنى ئۆچ كۆرىدىغان خۇيىمىز بار. ئادەملەرگە، مەسىلىلەرگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىشنى ھېچ ئۆگىنىپ بولالمايۋاتىمىز. ئەمما، خەقنىڭ دۆلىتىدە، ياشاش ئۈچۈن چوقۇم ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. سىياسىي پائالىيەت قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. گەرچە نامايىش ئۈچۈن هاياجان ۋە قىزغىنلىق كەم بولسا بولمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ هاياجان ۋە قىزغىنلىقنىڭ كەينىدە، مۇستەھكەم ئەقىل ۋە تەمكىنلىك بولۇشى كېرەك. بولمىسا نامايىشتىن كۆزلىگەن ئۈنۈمنى ھاسىل قىلالمايمىز. نامايىشنى نۇقۇل هاياجان ۋە قىزغىنلىق بىلەنلا

ئەمەس، پىلان ۋە تاكتىكا بىلەن ئېلىپ بېرىشنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. پەقەت نامايىشتىلا ئەمەس، پۈتكۈل سىياسىي پائالىيەتلىرىمىزگە ئەقلىيلىك ھۆكۈمرانلىق قىلمىغۇچە، ئەتراپلىق، مۇكەممەل ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقالمايمىز. سىياسىي پائالىيەتلەردە ئەقلىيلىك ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. سىياسىي پائالىيەتلەرنى تەن دېسەك، ئەقلىيلىك ئۇنىڭدىكى جاندۇر.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش. يۇقۇرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ھەر

قانداق بىر مەسىلىدە ئوڭچىللىق سولچىللىقنى، سولچىللىق بولسا ئوڭچىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۈگۈنگىچە بۇنىڭ دەردىنى جېق تارتتۇق. كونىنى يېقىش، يېڭىنى بەرپا قىلىشتىن جېق ئاسان. ئىنسانىيەتنىڭ ئىنقىلاپ تارىخى بۇ نوقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. يېڭىنى پەيدا قىلىش ئارزۇسى شېرىن، ئەمما بەرپا قىلىش جەريانى ئاچچىقتۇر. يېقىنقى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان، «ئاقتاغلىق-قاراتاغلىق»، «مىللەتچى-دىنچى»، «دېموكراتىيەچى-ئىسلامچى» ۋە «مۇستەقىلچى-ئاپتونومىيەچى»... دېگەندەك قۇتۇپلىشىشتىن قۇتۇلالماي مۇشۇ دەم بولدى. قارايدىغان بولساق، مۇشۇ خىل قۇتۇپلىشىشنىڭ ھەممىسى نىسپىي مەسىلىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ مەھسۇلى. ئەمدى بولسىمۇ، نامايىشنى مۇتلەقلەشتۈرۈشتىن ساقلىنايلى. بولمىسا، ئۆزىمىزمۇ بىلمەي، بۇ قۇتۇپلار قاتارىغا «نامايىشچى» دېگەن يېڭى بىر قۇتۇپنى قوشۇپ سالىمىز. ناۋادا نامايىشنىڭ رولى مۇتلەقلەشتۈرۈلۈپ، نامايىشقا چىقىش-چىقماسلىق «ۋەتەنپەرۋەرلىك، مۇسۇلمانلىق ۋە ئىنسانلىق»نىڭ ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قالسا، بەزى كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، نامايىشقا چىقمىغان ياكى چىقالماي قالغان كىشىلەرنى كەمسىتىشكە ۋە يەكلەشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كەمسىتىلگەن ۋە يەكلەنگەن كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى نامايىش سېپىگە قوشۇلسا؛ يەنە بىر قىسمى، ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل خاھىش ئەقىل بىلەن كونترول قىلىنمىسا، بارا-بارا باشقا قۇتۇپلىشىشلاردا كۆرۈلگىنىدەك، «نامايىشچىلار» بىلەن «نامايىشقا چىقمىغانلار» ئارىسىدا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا نامايىشنىڭ رولىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋالماسلىقىمىز، نامايىشقا چىقىش-چىقماسلىقنى ئۆلچەم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالماسلىقىمىز، ئەڭ مۇھىمى نامايىشنى بارلىقىمىزغا ئايلاندۇرۇۋالماسلىقىمىز كېرەك. بەلكى نامايىش نورمال سىياسىي پائالىيەتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىشى، ئىمكانىيىتى يار بەرگەنلەر ئاكتىپ قاتنىشىشى، قاتنىشالماي قالغانلار توغرا چۈشىنىلىشى لازىم. تېخىچە نامايىشنىڭ نورمال سىياسىي پائالىيىتىمىزنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ بولالمىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ نامايىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ بولالمىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن بىر ئاز قاتتىق تېگىشنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغانلار چوقۇم بار. مەنمۇ بۇلارنى ئېتىراپ قىلىمەن ۋە توغرا چۈشىنىمەن. بىراق، ھەر ئىش يولىدا بولغىنى ياخشى. بىر مەسىلىنى ھەل قىلىمەن دەپ، يەنە بىر مەسىلە يارىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. يەنىلا «تەشۋىقات» تەشۋىقات (قىزىزىقتۇرۇش)تەك بولسا دەيمەن.

سىياسىي پائالىيەتلەردىن ئۈمىدسىزلىنىش. توغرا، خەلقىمىز بىر ئىشقا ئاسان قىزىزىيدۇ.

بىر ئىشتىن ئاسان سوۋۇيدۇ. شۇنداق ئىكەن، سۈنئىي يارىتىلغان نامايىش قىزغىنلىقى ئۇزۇن داۋاملىشالمايدۇ. ھەر ئىشتا، «بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى» نەق پايدىنى قوغلىشىپ كۆنۈپ قالغان خەلقىمىز، نامايىشتىن ۋەدە قىلىنغان نەتىجىنى كۆرەلمىگەندە، ئاسانلا يالتىيىپ قالىدۇ. دېمىسىمۇ، بۇ قېتىمقى نامايىشتىن كېيىنلا بۇنىڭ ئالامىتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شۇڭا نامايىشنىڭ خارەكتېرى ۋە رولىنى كۆپتۈرمەستىن، نامايىشنىڭ ئۈنۈمىنى مۇبالىغە قىلماستىن، سوغۇققانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق خەلقنى نامايىشقا چىقىدىغان قىلىش زۆرۈر. بولمىسا، «قالتىس» ئىش قىلىۋەتكەندەك تۇيغۇدا نامايىشقا چىققان كىشىلەر، ئۇ «قالتىس» ئىشنىڭ نەتىجىسى كۆتكىنىدەك چىقمىغاندا، ئاسانلا ئۈمىتسىزلىنىپ قالىدۇ.

ئاخىرىدا، دەيدىغىنىم شۇكى، نامايىش قىلايلى، ئەمما قىلغىنىمىز ياكى قىلالايدىغىنىمىز پەقەت نامايىشلا بولمىسۇن. نامايىش قىلايلى، ھاياجان ۋە قىزغىنلىق بىلەن قىلايلى، ئەمما، بۇ ھاياجان ۋە قىزغىنلىقنىڭ كەينىدە

ئەقىل ۋە تەمكىنلىك بولسۇن!!!

2018-يىلى 1-ماي، تۈركىيە

# بىر گوللاندىيەلىك بىلەن بولغان قىسقىچە سۆھبەت

ئابدۇرېھىم غېنى

يالغۇز كىشىلىك نامايىش جەريانىدا ھەرخىل سوئاللارغا دۇچ كەلدىم، بەزى سوئاللار مېنى ئۆز تارىخىمىز ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرسا،بەزى سوئال مېنى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيتى. بىر چەتئەللىك شۇنداق سورىدى ۋاقىتىم سىلەرنىڭ ۋەتەنگە بېسىپ كىرگەندە ئۇيغۇرلارنى قارا قويۇق قىرغىن قىلىپتىكەن. ھەتتا يىغلاۋاتقان كىچىك بالىمۇ ۋاقىتىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا يىغىسىدىن توختاپ قالىدىكەن.ۋاقىتىم ھەشقەرگە كەلگەندە مەسچىتلەرنى ئۇيغۇرلارغا چېقىشقا مەجبۇرلاپ قېنى سەن ئىبادەت قىلىۋاتقان خۇدايىڭنى چاقىرە ساڭا ياردەم قىلامدۇ؟ چاقە مەسچىتىڭنى دىسە ھىچ قارشىلىق قىلماي مەسچىتلىرىڭلارنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۆزەڭلار چېقىپتىكەنسىلەر. بۇنى قانداق چۈشەندۈرسە؟ ئۇيغۇرلار ئۆزەڭلارنى ئىخلاسمەن مۇسۇلمان دەپ ئويلايسىلەريۇ، ئەمما مۇقەددەس دىنىڭلار، غۇرۇرۇڭلار دەپسەندە قىلىنسا، ھەتتا ئاللاھنىڭ ئۆيى دەپ تەرىپلەيدىغان مۇقەددەس مەسچىتىڭلار نى چېقىشقا مەجبۇر قىلىۋاتسا، شۇ مەسچىتنى چېقىشقا قولغا تۇتقۇزغان ئەسۋاب بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرغا چىقىپ ھەي كاپىر سەن نىمە دەۋاتىسەن دەپ قارشىلىق بىلدۈرمەيتىكەنسىلەر؟ سىلەردە قارشىلىق قىلىش روھىي بارمۇ يوق؟ زۇلۇمغا ئۇچۇرغىنىڭلاردا دىنىڭلار،غۇرۇرۇڭلار دەپسەندە قىلىنغاندا قارشىلىق قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەڭلار بۇنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ سىلەر دىنىڭلارنىمۇ ياخشى بىلمەيدىكەنسىلەر؟ بەدەل تۆلەشنىڭ نىملىكىنى تېخىمۇ بىلمەيدىكەنسىلەر؟ شۇڭا ساڭا تەۋسىيەرىم مۇستەملىكىدە قالغان مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىقا قانداق ئېرىشكەنلىكىنى، قانداق بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكى ھەققىدە كۆپرەك ئىزدەن. مۇستەقىللىق قۇرۇق شوئارغا، ئارزۇ ھەۋەسلەرگە، ھاياجانغا كىلىدىغان نەرسە ئەمەس ،بەلكى ئادالەت،ھەققانىيەت ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى ئىزچىل تۆلىگەن بەدەلگە كىلىدۇ دەيدۇ. ئاتا ئانىسىنىڭ ئورۇق تۇققانلىرىنىڭ ئىزدىركىنى قىلالمىغان باشقا ئۇيغۇرلار نىمە ئۈچۈن ئەملىي ھەركەتكە ئۆتۈپ ساڭا ئوخشاش قۇلدىن كىلدىغان، ھېچنىمە تەلەپ قىلمايدىغان خىتاينىڭ زۇلمىنى ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى خەلقلەرگە ئاڭلاتمايدۇ؟ نىمە ئۈچۈن خىتايلارنى جازا لاگېرىدا بىگۇناھ يېتىۋاتقان ئاتا –ئانىسىنىڭ،ئورۇق-تۇققانلىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆز دۆلىتىدىكى پارلامىنت بىناسىنىڭ ئالدىغا كىلىپ كۈنلەپ، ئايلاپ تىنىچ شەكىللىك نامايىش قىلىپ شۇ دۆلەتتىكى خەلقنىڭ ھىسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، چوڭ - چوڭ ئاخبارات ۋاستىللىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشمايدۇ؟ قارا بۇ دەرەخكە چاپلانغان يۇقاپ كەتكەن مۇشۇك ئىزدەش ئېلانىغا؟ مۇشۇك ھەققىدە شۇ قەدەر تەپسىلى مەلۇمات بار. سىلەر ئىز دىركىنى قىلالمىغان ئۆز ئاتا - ئاناڭلارنىڭ، ئورۇق- تۇققانلىرىڭلارغا ئىگە چىقىپ مۇشۇك ئىزدىگەنچىلىك ئىزدىركىنى قىلمىساڭلار؟ ئاتا ئاتا - ئاناڭلارنىڭ سىلەرگە بەرگەن ھەققىنى قانداق ئادا قىلىسىلەر؟ ھەتتا ئۇيغۇرلار سىلەرگە زۇلۇم قىلىۋاتقان خىتايلارغا قارشى ھەركەتكە ئۆتمەي، سىلەر بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىراقتىكى ئىسلام دۆلىتىگە، سۇرىيەگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىسىلەر؟ سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا كىم زۇلۇم قىلسا شۇنىڭدىن قىساس ئېلىڭلار دەپ تۇرسا، سىلەرگە زۇلۇممۇ قىلمىغان، ھەتتا سىلەر ئۈچۈن بىر ئېغىزمۇ ئاخبارات ۋاستىللىردا سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن زۇلۇمى دۇنياغا ئاڭلاتمىغان ئەرەپلەرگە نەقەدەر ئەملى ھەركىتىڭلار بىلەن ياردەم قىلىپ ئۆزىڭلارنى خەلقئارا ئاغا تېرورىست دەپ باھانە بوپ بېرىشكە سەۋەب بۇلدىكەنسىلەر؟ سىلەردە سىياسى كاللا بىلەن ئىش قىلىدىغان، دۇنيانىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى ياخشى چۈشۈندىغان، ئۇيغۇر داۋاسىنى خەلقئارانىڭ سىياسى ئاتمۇسفىراسىغا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان لېدىرلار يوقمۇ؟ دەپ سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. بۇ قىسقىچە سۆھبەت ماڭا نىسبەتەن بىر تەربىيۋى ئەھمىيىتى بار دەرىس بولدى. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھىس قىلدۇردى ھەم بۇ ھەقتە تەپسىلى سوغاققانلىق بىلەن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدۇردى. ھەتتا يالغۇز كىشىلىك نامايىشنى داۋاملىق قىلىشتىكى ئىرادەمنى كۈچەيتتى. بۇرۇن چەتئەللىكلەر

بىزنى چۈشەنمەيدۇ دەپ ئويلايتىم،ئەسلىدە بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز چۈشەنمەيمەيدىكەنمىز.چەتئەللىكلەر بىزنى خېلى ئوبدان چۈشۈندىكەن، ئۇيغۇر ھەققىدە خېلى مەلۇماتى باركەن. مۇشۇنداق بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى ئىشلارنى تەپسىلى بىلدىغان چەتئەللىك بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى يەنە كىلىپ چەتئەلدىكى تەشكىلاتلار ئوتتۇرسىدىكى زىدىيەتتىن كىلىپ چىققان رەسۋاچىلىقلارنى بىلمەي قالارمۇ؟سۆزلىسەم گەپ تۇلا. شۇڭا نامايىشنى يالغۇز قىلسا ھىس قىلغان ئىشلار كۆپ بۇلدىكەن، نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بۇلدىكەنمەن. شۇڭا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلگىلى خېلى بولدى. قېنى توردىكى يازمىللىرى ئارقىلىق ۋەتەن ،مىللەتنى قۇتقۇزماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىز قاچانغىچە ئاتا ئانىسىنىڭ ئورۇق تۇققانلىرىنىڭ ئىزدىركىنى قىلىپ ئەملىي ھەركەتكە ئۆتمەي يەنىلا بىر - بىردىن قۇسۇر تېپىپ، ئاق تاغلىق قارا تاغلىق بۇلۇپ زېھنىنى، مەنىۋى ئىنىرگىيسىنى ختاي تاجاۋۇزچىللىرىغا قاراتماي ئۆز ئارا بىر بىرسىگە قارتىۋاتقان قېرىنداشلار نىڭ بۇنىڭغا نىمە دەيدىكىن!!!. زۇلۇمنى ئۇيغۇرغا ئاڭلىتىشتىن چەتئەللىكلەرگە ئاڭلىتىدىغان ئەملىي ھەركەتكە ئۆتەيلى!!! ھەممىمىزنىڭ كەمچىلىكىمىز بار، كەمچىلىكىمىزنى كۆرمەي ئارتۇقچىلىقىمىزنى كۆرەيلى. نىمىشقا ختايدىن بىر نەرسەلەرنى قىزغىنمايمىز ؟ تالاشمايمىز ؟ ئەمما ئۆز قېرىنداشلىرىمىز بىلەن كىچىكىنە بىر ئىشتا كىلىشەلمەي قالساق ياكى پىكىرلىرىمىز بىر يەردىن چىقماي قالسا، قىزغىنىپ بىر بىرىمىزنىڭ ئەيىپىنى ئېچىپ تىل ئاھانەت ياغدۇرىمىز. كىچىككىنە ئەملىي مىسال: ئاتا- ئانىمىزدىن مىراس قالغان زىمىننى ئۆز ئاكا - ئۇكۇللىرىمىزدىن، ئاچا-سىڭىللىرىمىزدىن تالىشىپ تام چاقسا بىر غېرىچۇ كەلمەيدىغان يەرنىڭ داۋاسىنى قىلىپ سوتمۇ - سوت ئەرىز قىلىپ ئۆمۈر بۇيى زىدىيەتلىشىپ گەپ قىلىشماي ھەتتا توي -تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرغىمۇ بارمايمىز. لىكىن ختايلار شۇنچە مۇنبەت زىمىنىمىزنى بېسىۋالسا، زىمىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرۋاتسا كارىمىز يوق، مېنىڭ بېشىمغا كەلمىگەندىكىن دەپ. ئەمدىچۇ پۈتۈن مىللەتنىڭ بېشىغا كەلدى. ئويغۇنايلى قېرىنداشلار!!! ئىتپاقلىشايلى!!! پۈتۈن زېھنىمىزنى ختاي تاجاۋۇزچىللىرىغا قارتىپ جازا لاگىرلىرىغا ئىگراۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ ئاھۇ زارىنى دۇنياغا ئاڭلىتىپ جازا لاگىرىنى تاقاشقا دۇنيانى ھەركەتكە كەلتۈرەيلى.

# ئانامنىڭ خېتى

## ئاپتۇرى ئانام

ئۆزۈڭدىن بىرى ۋەتەن بىلەن ھېچ بىر ئالاقە يوق ئىچىم سىقىلىپ يۈرەتتىم. بۈگۈن تۇيۇقسىز ئىشىك ئالدىغا پوچتىكەچ ئەكىلىپ قويغان بىر يېشىكنى كۆردۈم. قارىسام ۋەتەندىن كەپتۇ. شۇنچە خوش بولدۇم . ئۆيگە ئەكىرىپ ئايالىم، باللىرىم بىلەن ئاچتۇق. ھەممەيلەنگە بىردىن دوپپا، كانىۋاي كۆينەك، ياغاچ قوشۇق ،كىچەك ياغاچ بۆشۈك قاتارلىقلاردىن باشقا ئۆيىمىزنىڭ تۆرىگە ئىسىغلىق بوۋامنىڭ بىر چاپىنى بولىدىغان شۇمۇ تۇراتتى. ئۇ چاپاننى ئېلىپ سىلاشتۇرۇپ پۇراپ كەتتىم. قولۇمغا بىر نەرسە ئۇرۇلغاندەك قىلدى. سىلاشتۇرۇپ قارىسام، ئەستىرىنىڭ ئىچىگە تىقىلغان بىر پارچە خەتكەن . ئەستەرنى سۆكۈپ، خەتنى ئالدىم .خەت مۇنداق يېزىلغانكەن،

بىسمىللاھى رەخمانى رەھىم .

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئوغلۇم. ئۆزۈڭدىن بىرى سەن بىلەن ئالاقە قىلالمىدۇق . ئىمكانىيەت بولمىدى . ئاچاڭ، ئىنىڭ ۋە داداڭنى خىتايلار تۇتقۇن قىلدى. مەن يەتتە نەۋرەم بىلەن قالدىم . بۇ خالتىنى، ئىچكىردە ئوقۇيدىغان ھەدەڭنىڭ قىزى ئارقىلىق ساڭا ئەۋەتتىم . بۇ يەردىكى دەتلەرنى دىسەم بىر رومان چىقىدۇ. شۇڭا قىسقارتاي. ئۆزەڭ قانداراق تۇرۋاتىسەن. باللىرىڭ ئايالىڭ ياخشىمۇ؟ خىزمەتلىرىڭ ياخشى كېتىپ بارامدۇ؟ مەن سىنىڭ ئۇندىداردىكى دوسلار چەمبىركىگە چىقارغان، جۇڭگۇنى ماختايدىغان، خىتاي كومىنسلىرىنى مەدىھلەيدىغان، ئۆزەڭ غەرىپ دۆلەت پۇقراسى تۇرۇپ قىزىل بايراققا ئىنتىلدىغان نەرسىللىرىڭنى كۆرۈپ، ئەركىن دۇنيادىمۇ ئەركىن ياشيالماي يۈرگىنىڭدىن ئۆكۈندۈم. بەلكىم بىزگە خەۋىپ يېتىشنى ئويلاپ شۇنداق قىلغان بولۇشىڭ مۇمكىن. لىكىن ، بۇ قىلىقلىرىڭنى مىنىڭ كۆڭلۈم كۆتۈرمىدى. بىز ئۇنچە ئاجىز ئىنسان پۈشتى ئەمەس بالام . ،ساڭا ئەۋەتكەن بۇ بوۋاڭنىڭ چاپىنى ئىسىڭدىمۇ؟ بوۋاڭنى ئۆز ۋاقتىدا خىتاي كومۇنسلىرى، پومچىك دەپ ئۇرۇپ دومبالاپ، تىقىپ قويغان ئالتۇنلىرىڭنى چىقار دەپ ئايلاپ قىيناپ ئىقرار قىلدۇرالماي ئۆلتۈرۋەتكەن. شۇ چاغدا ئۈچىسىدا مۇشۇ چاپان بارتى. بوۋاڭ باش ئەگمىگەچكە، كىيىن داداڭ شۇ ئالتۇن كومۇشلەر بىلەن سودا قىلىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ، سىلەرنى ئالى بىلىم يۇرۇتلىرىدا ئوقۇشقا، ئىسىل ياشاشقا مۇيەسسەر قىلغان. سىلەرنىڭ، جۈملىدىن سىنىڭ، چەتئەلدە ئوقۇپ قىلىپ ئۆي ئوچاغلىق بولۇشىڭدا، شۇ بوۋاڭنىڭ قەيسرانە ئىرادىسىنىڭ نەتجىسى بار. سەن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كەلگىنىڭدە ۋىزا ئىلىش ئۈچۈن، خىتاي كونسۇلىغا قانچە قىتىم قاتراپ يالۋۇرغانلىرىڭنى دىگەن ئىدىڭ. شۇ چاغلاردىلا يۈرۈگۈم ئىزىلگەن. سەن كەلمىسەڭ ھىچگەپ ئەمەس، ئەر دەك ياشا. بوۋاڭدەك ياشاپ ئۆل. بىز سىنى ئەركىن ياشىسۇن دەپ رازىلىق بىرىپ، چىقارغان چەتئەلگە . باشقىلاردىن ئاڭلىسام ئاددى بىر نامائىشلارغىمۇ چىقمايدىكەنسەن . بىزنى خارۇ زەبۇن قىلغان خىتايغا بىر قارشىلىقمۇ قىلالمىساڭ، سەن ئەرمۇ؟ سەن داداڭ بوۋاڭنىڭ پۈشتىمۇ؟ گەپنى ئۇزاتماي بالام. ئەردەك ياشا نەدە ياشساڭ. مەسئۇلىيەتچان بول. ئائىلەڭگىلا ئەمەس، خەلقىڭگە ھەم ۋەتىنىڭگە. ۋەتىنىڭ باشقىلارنىڭ ئايىغىدا بولسا، سەن مەڭگۇ باشقىلارنىڭ ئايىغىدا ئۆمۈلەيسەن. باللىرىڭمۇ ھەم شۇ. بىزنى ئويلىما. بىز قەيسرانە ياشاۋاتىمىز. سەن بىچچارە بولما ھەرگىز . ھە راس خوشنىمىز ھۆسەنجاننىڭ قىزى ئامىنە باغۇ، سىنىڭ ساۋاقدىشىڭ ساڭا ئامراق قىز. ئاتا ئانىسىنى تۇتۇپ كىتىپ، ئۇ قىزنى خىتايغا تىگىشكە مەجبۇرلىغان. ئۇ قىز ماقۇل دەپ تەككەن. پۈتۈن مەھەللە ھەيران قالغان ئىدۇق. لىكىن توي كىچىسى ئۇ خىتاينىڭ كانىيىنى ساقال ئالغۇچنىڭ تىغى بىلەن كىسىپ ئۆلتۈرۋەتتى. پۈتۈن مەھەللە ئۇ قىزدىن پەخىرلەندى. ئۇقىزنى تۇتۇپ ماڭغاندا تىخى ۋاقىراپ ، بىز سەن خىتايلارنى مۇشۇنداق ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىمىز، بىز قورۇقمايمىز دىدى . بىر ھەپتە ئۆتۈپ، مەھەللە دوقمۇشىدا گازىر پۇچاق ساتىدىغان ئوسمانكام، ئۆيگە تۇققان بولۇپ كىرۋالغان ئىككى خىتاينىڭ بىشىغا

كەتمەن بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. ھازىر تۇققان بولۇپ كەلگەن خىتايلار، ئۆيلەردە بىللە يىتىش ئەمەس، ئايرىم ئۆيدە يىتىپ، كېچىدە تالاغىمۇ چىقالماي داسقا تەرەت قىلىپ پۇراپ كەتتى. دىمەك سىنىڭ خەلقىڭ قەھرىمان . سىنىڭ خەلقىڭ ئۆلمەيدۇ، سەن بىر بىلىملىك زىيالى. سەن بىلىمىڭنى ۋەتەن ئازاتلىغى ، خەلىق ئەركىنلىگى ئۈچۈن ئىشلەت. بولمىسا بەرگەن سۈتۈمگە مەن رازى ئەمەس. ئىنسان ھامان ئۆلىدۇ. گەپ شۇ ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيتىدە. مەن سىنىڭ ئاناڭ. ئاددى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى. لىكىن مەن ھازىر تىخىمۇ قەيسەر بولدۇم. مەن ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىللىرىمنىڭ كۆپى خىتايغا قارشى شىھىت بولدى ياكى تۈرمىدە . ئۇلار خەلىق ئاققان سۇدا ئاقتى. سەنمۇ ئائىلەڭمۇ شۇ سۇدا ئاققايسەن. ئاللاھ ھەممەيلەننى ۋەتەن ئازاتلىغىغا تۆھپە قوشۇشقا نىسىپ قىلغاي ئامىن . بىزنى ئويلىما، ۋەتەننى ئويلا . ئەردەك ياشا . خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بول. تۈرمىگە كىرسەممۇ سەندىن پەخرلىنىپ ياشاي. روھىڭنى چۈشۈرمە، خىتمىنى ئوقۇپ يىغلاپمۇ يۈرمە. روھى يوق ئىنسان ئۇ بىر جەسەت. ۋەتەن مىللەت روھى يوق ئىنسان، ئۇ جەسەتتىنمۇ بەتەر . خەيىر ئاللاھقا ئامانەت . مەن ئۈچۈن نەۋرىللىرىمنى سۆيۈپ قوي، كىلىن قىزىمغىمۇ چوڭقۇر سالىمىمنى يەتكۈزگىن. ئاللاغا ئامانەت.

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ كۆزۈمدىن ئىقتىيارسىز ياشلار تۆكۈلدى . ئايالىم قولۇمدىن خەتنى ئاستا ئىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى . مەن كىتاپ خانامغا كىرىپ ئاسمانغا قاراپ، خىيالغا كەتتىم. كۆز ئالدىمدا بۇۋامنىڭ ئىگىلمەس روھى، دادامنىڭ جاسارىتى، ۋە مىنىڭ قورقۇنچاق زىياللىغىم، قورقۇنچاق دىگىلى بولمىسىمۇ ،كەسپتە ئويلىغانچىلىك ۋەتەن توغرىسىدا باش قاتۇرمىغانلىغىم، قاتارلىقلار ......نەچچە قىتىم ۋەتەنگە بىرىش ئۈچۈن، خىتاي كونسۇلىغا ئايىغىم تىشىلغۇچە قاتىرىشىم، چوڭ دۆلەت گىراژدانى بولساممۇ ئەقلىغا سىغمىغۇدەك ماتىرىياللارنى تەلەپ قىلىشى، مەنمۇ زىرىكمەي ماسلىشىپ تەييارلىشىم، ۋىزا ئىلىپ ۋەتەنگە بىرىپ بولغۇچە، ۋەتەندىكى ھەرقايسى قاتلام بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ سۈڭەككە تەشنا لالما ئىتتەك، كەينىمگە كىرۋىلىشلىرى. بىركۈنى دادام بالام ھازىر ئۈچۈر تەرەققى قىلدى. بىز ۋىدىئولۇق كۆرۈشسەكمۇ بولىدۇ. سەن كىلىپ ئاۋارە بولمىغىن . ھەر قىتىم سىنى بۇنداق تولا ئاۋارە قىلسا، مەن چىدىمايدىكەنمەن، دىگەنلىرى كۆز ئالدىمدىن بىر بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى .

بۈگۈن 7-ئاينىڭ 3-كۈنى . ئۆگۈنلۈككە، يەنى 5-چىسلا خىتايغا قارشى 5-ئىيۇل شىھىتلىرىنى خاتىرلەش نامايىشى دۇنيانىڭ ھەممە يىرىدە بولىدۇ. مەن تۇرغان دۆلەتتىمۇ شۇنداق.

ئانام بۇ ئىشتىن بالدۇر خەۋىرى باردەك ئەۋەتكەن خالتىسى 40 كۈندە كەپتۇ . يەنى نامائىشقا ئىككى كۈن قالغاندا ئالدىم. ئىمىدىگەن توغرا كىلىش ھە ! ئانا جىنىم ئانا، سەن نەقەدەر ئالدىن كۆرەر ۋە ئۇلۇغسەن.

شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرسام، ئايالىم كۆزلىرى ياش ھالەتتە كىتاپخانىغا كىردى. 5-چىسلادىكى نامائىشقا تەييارلىق قىلايلى، ئەتە ئىدارىدىن رۇخسەت سوراي . ئايالىمنىڭ مەندىن بۇرۇن بۇ گەپنى ئىغىزدىن چىقىرىشى مىنى تىخىمۇ تەسىرلەندۈرۈپ غەيرەتلەندۈردى. بولىدۇ شۇنداق قىلايلى .باللارنىمۇ ئىلىپ بىرگە بارايلى. مەن توردىن ئادرىسىنى ئىزلەي .

ئايالىمنىڭ ئائىلىسىدىن بىرەر ئادەم تۇتۇلۇپ باقمىغان بولمىسىمۇ ھەرۋاقىت قايناپلا تۇراتتى . بۇ قىتىممۇ يەنە مىنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ سۆز باشلىغان ئىدى.

تۇيۇقسىز ئويلاپ قالدىم. ئاياللار نىمانچە غەيرەتلىك بوپ كەتتى ھە؟ بىز ئەرلەر بوشاپ كىتىپ بارامدۇق نىمە ؟

مانا بۈگۈن 5-ئىيۇل ئەتىگەن، مەن ۋە ئوغلۇم كانۋاي كۆينەك بادام دوپپا، ئىككى قىزىم بىلەن ئانىسى ئەتلەس كۆينەك ۋە گىلەم دوپپىللىرىنى كىيىپ ،ھەممەيلەن جۇشقۇن ھالەتتە نامايىش مەيدانىغا ماڭدۇق .

نامايىش مەيدانىغا بىرىپ، ھەممەيلەن شۇنداق ھاياجاندا كۆرۈشتۇق . بۇ ھاياجاننى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيمەن .خۇددى مۇشۇ نامايىش بىلەن ۋەتە ئەتە ئازاد بولىدىغان ھىسيات پەيدا بولدى . ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر

قىرىنداشلىرىمىزدىكى قىزغىنلىق، ۋاي سىلەرمۇ چىقىپسىلەر دەپ شۇنچىلىك قىزغىن قارشى ئىلىش ۋە تەبرىكلەشلەر، مەن خۇددى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس شۇ ئورۇنلاشتۇرغۇچىلارغا ياردەم قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم . ئەمىلىيەتتە بۇ نامايىشنى ئۆزىمىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان بولساقمۇ ئۇلارنىڭ مەدىيەلىرى مىنى تەسىرلەندۈرسە ،يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق خىجىللىققا باشلايتى.

مەن ئۆزەم ۋەتەندىمۇ خىتاي ھاكىمىيىتىدە خىزمەت قىلىپ باققان. ۋە ئوقۇغان كەسپىممۇ سىياسى ئىقتىساد بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇر داۋاسى ۋە سىياسىغا قاتنىشىش ئەمەس، كۆزەتكۈچىسىمۇ بولمىغان ئىدىم . بۈگۈن مانا بىرىنجى كۈنى .

يىڭى قەدەم، يىڭى باشلىنىش ، باللىرىمنىڭ ۋاقىراشلىرى ، ماڭا تىخىمۇ ئىلھام ئۇمۇد بېغىشلىدى.

خىتاي كونسۇلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەنمۇ ئاۋازىمنى قويۇپ قاتتىق ۋاقىراپتىمەن. ئاۋازلىرىم پۈتۈپ كىتىپتۇ . باللىق چاغلىرىمدىلا مۇشۇنداق ۋاقىراپ يۈرگەن، ئۇنىڭدىن كىيىن بولۇپمۇ چەتئەلگە چىقىپ بىرەر قىتىممۇ بىرسىگە ئۈنلۈك گەپمۇ قىلىپ باقماپتىكەنمەن. ئۇف ھاردۇغۇم چىقتى .

نامايىش بىلەن بىرەر چوڭ ئىش قىلالمىساقمۇ، بىرلىك قىلدىكەنمىز، ئۇيغۇر كىملىكىمىزنى نامايەن قىلدىكەنمىز،.

نامايىش تۈگەپ ماشىنىغا چىقىپ قايىتتۇق. باللىرىم ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۈزلەپ خوش بولۇپ كەتتى . كۆزۈم يولدا قولۇم رولدا خىيالىم ۋەتەن ئاسمانلىرىدا پەرۋاز قىلماقتا . نىمىشقا بالدۇرراق ئويغانمىغاندىمەن؟ نىمىشقا؟ يەنە مەندەك ئۇخلىغاندىن ئويغانمىغاندىن قانچىلىكى باردۇ؟ ھە

بۈگۈن 7-ئاينىڭ 6-كۈنى جۈمە. ئەتىگەن ئىشقا كەلدىم. تۈنۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىق . نامايىشتا تولا ۋاقىراپ ، دەم ئالماي مېڭىپ يۈرۈپ چارچىدىممۇ، ئىشقىلىپ كىچىچە ۋەتەندە يۈرۈپ چۈش كۈرۈپتىمەن . يەنە شۇ بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرىنىڭ تەھدىتلىرى ، بۇنداق چۈشلەرنى قانچە قىتىم كۆردۈم ئىسىمدە يوق . دائىم ۋەتەنگە بىرىپ قايتالماي قورقۇپ ئويغىنىپ كىتىمەن. بۈگۈنمۇ يەنە شۇ ھالەت .

ئىدارىغا كېلىپ ئىشلىرىمنى بىرەر قۇر تۈگۈتۈپ، دەم ئىلىش ئارلىقىدا كوفى ئىچكەچ، تۈنۈگۈن فىسبوكتا قوشۇۋالغان دوسلۇرۇم ۋە باشقىلار تەۋسىيە قىلغان كىشلەرنى ئىزلەپ قوشۇشقا باشلىدىم. مانا تىزدىنلا، گوللاندىيە، نورۋىگىيە، گىرمانىيە، تۈركىيە، كانادا، ئامرىكا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى سىياسىيۇنلار، ياكى شۇ يولدا يالغۇز ھەركەت قىلىۋاتقانلار، نەق مەيدان پىروگىرامما تارقىتىۋاتقان، قىرىنداشلىرىمنى ئىشقىلىپ ئۇيغۇر داۋاسىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شۇ يولدا مېڭىۋاتقان شەخىس ۋە تەشكىلاتلارنى قوشۇۋالدىم. ھەش پەش دىگۈچە فىسبوكۇم دۇنيانىڭ ھەر يىرىدىكى نامايىش ھەرىكەتلىرى ۋە بايراقلىرى بىلەن كۆك رەڭلا كۆرۈنىدىغان ھالەتكە كەلدى. بۇرۇن فىسبوكتىكى دوسلىرىم ئاساسەن خىزمەتداشلىرىم ۋە مەن ياقتۇرىدىغان چولپانلارغا ئەگىشىش ئىدى. ئەمدى ماڭا يەنە بىر يىڭى مەزمۇن قوشۇلدى .

مەنمۇ ھەم ئۇلارغا قوشۇلدۇم .

بۈگۈن شەنبە بولغاچقا ئادىتىم بويىچە ئايالىم ۋە باللىرىم ۋېلسىپىتلىرىمىزنى ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئىلىپ، دالىغا ماڭدۇق. ئادەتتە ئالاھىدە ئىش بولمىسىلا يازنىڭ ھەر شەنبە كۈنى دالىغا چىقىپ، ئائىلە بويىچە ۋېلسىپىت مىنىپ تاماقلىنىپ ھەم چىنىقىپ كىلەتتۇق،. ساياھەت ھەم چىنىقىشىمىز كۆڭۈللۈك بولۇپ كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. تاماقتىن كىيىن مەن كىتاپخانامغا كىرىپ فىسبوكنى ئاچتىم ۋە ھەر خىل مۇنازىرە نامايىش توغرىسىدىكى ئىنكاسلارنى كۆرۈپ سەل كىرىشىپ قالدىم . ھەش پەش دىگۈچە مەنمۇ ئىنكاسچىلا سېپىغا قىتىلىپ قالدىم. كۆپىنچە باشقىلارنى تىرىكتۈرىدىغان يازما يازىدىغانلارنىڭ كىملىكى نامەلۇم ئىدى .ئۇلارنىڭ ئاكونتىنىڭ ئىچىلغان ۋاقتى، بىرەر يىلغا بارمىغان. بەزىللىرى ئىسمى ئەر لىكىن ئاكۇنت تولدۇرغان يەرلىرى ئايال، بەزىللىرى ئاكۇنت ئىچىلغان كۈندىن باشلاپلا بايراق چىقىرىپ مۇستەقىللىق، ياكى دىنىنى تىللاش، دىگەندەك ئىشلار ئىدى . بەزى سىياسى يولدا ئۆز كىملىكى بىلەن كىتىپ بارغانلار چەتئەلگە

چىقىپ نەچچە يىللاردىن كېيىن، ئاندىن ۋەتەن مىللەت مۇستەقىللىق قاتارلىق تىملاردا باياناتلار ۋە يازمىلارغا كىرىشىپتۇ . لېكىن بۇ كىملىكى يوقلار ئېچىلغان كۈندىن باشلاپلا باشلاپ كېتىپتۇ. بۇ شۇنداق توغرا كىلىشمۇ، ياكى مەن گۇمانخورمۇ ؟

مانا ئىككى كۈن ئۆتتى. بۈگۈن چىسلاغا ئون . چۈشتىن كېيىن ئىداردا بىكار بوپ قاپتىمەن . فىسبوكقا چىقىپ ھەيران قالدىم. قاقشاشلار باشلىنىپ كېتىپتۇ. كىملەرنىڭدۇ تەشكىلارلاردىن نارازى بولۇشلىرى، كىملەرنىڭدۇ بىر نامايىشقا بارغاندا قىزغىن كۈتىۋلىنىشى، يەنە بىرسىگە باغاندا باشقىلارنىڭ كارى بولماسلىغى، بەزى نامايىش ئورۇنلاشتۇرغانلارنىڭ يەنە بەزى نامايىشچىلاردىن ئاغرىنىشى، ئوتتۇردىكى قارىغۇلارچە ئەگىشىپ ئىنكاس يىزۋاتقانلارنىڭ ئەمىليەتتىن بەكرەك تەرەپۋازلىقا ئىغىشى، ۋاھاكازالار ، ئۇف

بۇ ئىشلارمۇ ئادەم چارچاتقىلى تۇردىغۇ؟ ياكى مەن خاتا ئادەملەرنى قوشىۋالدىممۇ؟ ما زىيارەت فىلىملىرى ئىشلەيدىغانلار ئۈچرىغانلىك ئادەمنى زىيارەت قىلىپ ئاغزىدىن چىققاننى ئۇدۇللا بىرىۋىرىپ خەلىقنى قايمۇقۇشقا باشلاۋاتامدۇ ؟

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە ماڭدىم. ماشىنامغا چىقىپلا، خىيالغا كەتتىم. خىيال كەپتىرىم، ۋەتەندىكى ساددا دىھقانلار ئارسىدا پەرۋاز قىلماقتا. بىر قىتىم بىزنىڭ يىزىنىڭ بىر كەنتىدە ، بىر دىھقاننىڭ جايلىق يىرنى كەنىت باشلىغى ئۆزىنىڭ تۇققىنىغا بۆلۈپ بەرگەنلىك سەۋەبىدىن، دىھقانلار يىزىغا يىغىلىپ كەنىت باشلىغى ئۈستىدىن ئەرىز قىلىپ كەنىت باشلىغىنى ۋەزىپىسىدىن ئالغۇزۋەتكەن . لېكىن ما ئەركىن دۇنيادا ئۆزىنى بىلىملىك ۋە ئەركىن ئويلايدىغان ئۇيغۇرلىرىمىز، شۇ تەشكىلات باشلىقىنىڭ خاتالىقلىرىنى شۇ ئادەم ئۈستىدىن سۈرۈشتۈرمەي پۈتۈن تەشكىلاتقا ئارتىشىغا قاراپ ، سەۋيىمىز ۋەتەندىكى دىھقان ئاكامغىمۇ يەتمەمدۇ نىمە دەپ قالدىم .

خىياللار دادامنى ئەسلەتتى. دادام ئوتتۇر ئاسيادا سودا قىلغان چوڭ سودىگەرلەردىن ئىدى . دادام 2000-يىللىرى قازاقىستاندىكى سودىسىدا نەچچە مىليۇن زىيانغا ئۇچرىغان . شۇ چاغدا مەن ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقىلىرىم ئىدى . ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دادامدىن ئەھۋال سورىغاچ يوقلاپ باردىم . دادام بىلەن موڭدىشىپ، شىرىكىنىڭ دادامغا خىيانەت قىلغانلىغىنى بىلدىم ۋە تىرىكىپ سۆزلەپ كەتتىم . شۇ چاغدا دادام ماڭا، بالام تىرىكمە، بۇ مىنىڭ بىلىمىمنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولدى. ئەسلى تىجارە قائىدىسى دىندىمۇ ۋە جەمىيەتتىمۇ ئىنقى قەغەز قارىسى سىياھ ھالەتتە مىڭىشى كېرەك ئىدى. مەن ھەم بۇرۇندىن دادامنىڭ نەسىھىتى بويىچە شۇنداق قىلىۋاتقان بۇ قىتىم ھىسياتنىڭ كەينىگە كىردىم. ھەددىدىن ئارتۇق باشقىلارغا ئىشەندىم . بۇ ساۋاقنى پۇلغا سىتىۋالدىم.

شۇڭا ئۆزەمدىن كۆرەي. لېكىن ساڭا بۇ ساۋاق ھەقسىز قالسۇن. ئىسىڭدا تۇت، سودىمۇ سىياسىغا ئوخشاش، مەڭگۈلۈك پايدا مەنپەئەت بار. مەڭگۈلۈك دوسلۇق يوق . سەندىن پايدا كەلمىگەن ھامان باشقىلار سەندىن يۈزنى ئۆرۈيدۇ. ئۇنىڭدىن رەنجىمە، توختىماي تىرىشىپ ئۆزەڭنى تولۇقلاپ مۇستەھكەملەم تۇر . تىرىشچان ئادەم مەڭگۈ جەلىپكار بولىدۇ .

دادامنىڭ گەپلىرى مىنى دائىم ئويلارغا سالاتتى . دادام كۆپ ئۇقۇمىغان ئادەم ئىدى. لېكىن نىمانچە جىق ئىشلارنى بىلدىغاندۇ دەپ قالاتتىم. دادام ئۇ تاتقان زىيىنىنى بىر نەچچە يىلغا قالماي تولۇقلاپ يەنە سودىسىنى ئىزىغا سىلىۋالدى. دادامنىڭ ئىگىلىكى كۆزگە چىلىقمايتى . دادامنۇ بۇۋامدەك چارۋىچىلىق ۋە دىھقانچىلىق ئىشلىرىغا ھەۋەس قىلاتتى . نۇرغۇن يايلاق ۋە نۇرغۇن بوز يەرلەرنى ئاچقۇزغان . يايلاقلىرىدا نەچچە مىڭ قوي كالا، نەچچە يۈز ئاتلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدا تۈركمەنىستاندىن ئەكىرگەن نەسىللىك ئاتلىرى، دادامنىڭ گۆھىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يىزا بۇ يىزىلارغا ئۇن زاۋۇت ماي زاۋۇتلارنى سىلىپ، ھەر بىرسىدە بەش ئالتىدىن ئادەم ئىشلىتىپ، ساپ ئۇن مايلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ بازارغا سالاتتى. مەن دادامغا دادا ھازىر بازار دەۋرى. ھەممە ماركىلاشتى. بىزمۇ شىركەت قىلىپ كۆلەملىشلى. ،ماركا يارتايلى. ھۆكۈمەتمۇ قوللايدۇ. ياردەم مەبلەغلىرنى بىرىدۇ. مەن نازارەتتىكى تونۇشلاردىن ئالاقىلاشتىم چارۋىچىلىق كوپراتىپلىرىغا ياردەم پۇلى باركەن،

دىسەم، دادام: ماڭا ئالاھنىڭ ياردىمى يېتىدۇ. سەن تولا تاراقشىيدىغان ئىشلارنى ماڭا دىمە. ماڭا بۇ ئىشتا پايدا زىيان چوڭ مەسىلە ئەمەس. ئىزلىشىپ شۇ چارۋىلا كۆپەيسە دېھقانلار ساپ ئۇن ماي يىسە بولدى. شۇ يېتەرلىك. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى كىيىن چۈشىنىسەن. ماڭا ئۇنداق قۇرۇق ئابرۇينىڭ ھاجىتى يوق دەيىتى . مەن دادامنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا قايىل بولساممۇ، لىكىن بۇ جەھەتتە دادام قاتمال دەپ ئويلايتىم ،

مەن چەتئەلگە چىقىپ نەچچە يىلدىن كىيىن، دادام ئاپاملار مىنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار مەن تۇرغان يەرلەرنى ھەم، بۇ يەردىكى تەرەققىياتلارنى كۆرۈپ خوش بولدى . دادام ماڭا، بالام مانا بۇ دۆلەتتىكى تەرەققىيات ھەقىقى سىجىل تەرەققىياتكەن . شەھەردىن مىڭ كىلومېتىلاپ مېڭىپ تاغلارغا بارساڭمۇ، توك ،سۇ، گاز، ئەۋرەز قۇدۇقلىرى بار .بۇ تەرەققىياتنى ماختاۋاتقان بىجىڭ، شاڭخەي بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىغۇدەك. بىجىڭ شاڭخەيدە شەھەردىن ئەللىك كىلومېتىر چىقىپ كەتسەڭ ئەخلەتخانىلار. دادام ئاپاملارنى دوسلىرىم ئۆيلىرىگە مېھمانغا چاقىرۋالاتتى . بىر قېتىم ئۇزۇن يىلنىڭ ياقى ۋەتەنگە بارمىغان بىر دوستۇم ، دادامىلارنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرۋالدى .ئۇ دوستۇم ئۆيىدە ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىنى سۆزلەپ ،يىگىدىن ماشىنا ئالغانلىقىنى ۋەتەندە بولسا بۇنداق تۇرمۇش ۋە شارائىتقا ئىرىشەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ ۋەتەننى چۈشۈردىغان سۆزلەرنىڭ پۈرىغى چىقىپ قالدى . ۋنداق گەپلەر دادامغا پەقەتلا تېتىمايتى . دادام مىنى چەتئەلدە ئوقۇتقىنى ئۈنىڭ پەقەت مىنى ئىلىم مەرىپەت ئىگەللىسۇن دېگىنى ئىدى. ھەرگىزمۇ چەتئەلنى ۋەتەندىن ئارتۇق كۆرگىنى ئەمەس ئىدى . بولمىسا ئۆزى ئاللا بۇرۇنلا كۆچمەن بولۇپ ھەممەيلەننى ئىلىپ چىقىپ كىتەتتى . مېھماندارچىلىقتىن قايتىتتۇق . دادام بايام ئۇ دوستۇمنىڭ ئۆيىدە پەقەت مېھمانلىق سالاھىيەت ۋە مىنىڭ يۈزۈم بىلەنلا ھە دەپ ئاڭلاپ ئولتۇردى بولمىسا چوقۇم ئىغىز ئىچىپ گەپ قىلۋېتەتتى.

قايتىش يولىدا دادام ماڭا، ئوغلۇم، ماۋۇ ئاغىنەڭ ۋەتەندىن چىققىلى ئون نەچچە يىل بوپتۇ. كالىلىسى شۇ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىلەن ئوخشاشلىكەن . ئوقۇغان دەيسەن قەيەردە ئوقۇدىكىن تاڭ ؟ مۇشۇنداق ئۇقۇسا، مۇشۇنداق قىتىپ قالغان كاللا بولسا، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش ئەمەس، ،ۋەتەنگە ئازاب ئەكەلگۇدەك . ماڭا قارا ، بىلىم نەدە، تەجرىبە كىمدە بولسا ئىرىنمەي ئۆگەن . دۈشمىنىڭ بولسىمۇ مەيلى، ،بۇ بىر ئاددى ھەقىقەت. بىزمۇ ۋەتەننى تاشلاپ كىلەلەيمىز. ھەممىمىز تاشلاپ كەتسەك ۋەتەندە كىم قالىدۇ، سەنمۇ ماڭا تولا دىدىڭ بۇياققا كىلىڭلار، بۇ ياققا كىلىڭلار دەپ ، ھىلىمۇ خىتايلار بىردىن ئىككىدىن كىلىپ ئىگەللەپ بولدى. بىزمۇ كەتسەك بىزنىڭ يەر زېمىنلىرىمىزنى تۇپراقلىرىمىزنى خىتايلار تېخىمۇ باسىدۇ. سەن مىنى قاتمال خۇراپى دىسەڭمۇ مەيلى بالام، مەن شۇ يۇرتۇمدا بىر كىشلىك ئورۇننى بولسىمۇ ئىگەللەپ تۇراي، سىلەر ھامان كىلىسىلەر، ھەم سەنمۇ بىر كۈن مىنى چۈشۈنىسەن .

دادامىلار كىتىپ نەچچە يىلدىن كىيىن ،مەن يازلىق تەتىلدە ئائىلەم بىلەن ۋەتەنگە باردىم . ھەممە خوش بولدى . لىكىن ھۆكۈمەت ئانچە خوش بولمىدى. شۇنداقتىمۇ دادام يەنىلا ئامالىنى قىلىپ، مىنى ئۆيەر بۇيەرلەرگە ئاپىرىپ تۇردى. ھىلىمۇ ئىسىمدە ، دادام مەن تۇرغان دۆلەتنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى كۆرۈپ كەتكەن ئىدى. مەن باغاندىن كىيىن، بىزنىڭ يىراق ناھىيەدىكى تاغلىق يىزىدىكى، چارۋىچىلىق مەيدانىمىزغا ھەممەيلەننى ئىلىپ چىقتى. ئۇ مەيدانغا بۇرۇنمۇ كۆپ چىققان. لىكىن بۇ قېتىم باشقىچە ئىدى. ياغاچتىن سېلىنغان داچا ئۆيلەر، تام ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان. قۇدۇق كولاپ سۇ چىقارغان. ئىككى قەۋەتلىك ياغاچتىن سالغان ئالدىللىرى كۆك ۋە ئاق رەڭدە سىرلانغان، دەرىزىللىرىگە گۈللەر يامىشىپ ئۆسكەن ، يۇيۇنۇش، تاماق ئېتىش، ئىسسىق سۇ ئەسلىھەلىرى تولۇق، چۆپ باسىدىغان ئىسكىلات، چۆپ ئورايدىغان تىراكتۇر ماشىنىلار ، قوي كالا ئات ئىغىللىرىمۇ ياغاچتىن ئايرىم ئايرىم كەڭ ئازادە ياسالغان ، سورۇتلۇق ئاتلىرى ئايرىم بېقىلغان، ھەقىقى بىر غەربىلەشكەن چارۋىچىلىق مەيدانى پەيدا بولغان ئىدى ،مەنمۇ كىچىكىمدىن دادامدىن ئات مىنىشنى ئۆگەنگەن ھەم ياخشى مىنەتتىم.

بىز چۈشكە يىقىن چىققان ئىدۇق. چۈشلۈك تاماقنى يەپ ،بولغۇچە، دادام ئات باقارغا ئىككى ئات

ئىگەرلىتىپ تەييارلاپتۇ . دادام، ئوغلۇم ئىككىمىز ئات مىنگەچ بىر مۇڭدىشىپ كىلىلى دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككەيلەن ئاتقا مىندۇق . ئاتلار چاپچىپ تۇراتتى. مەن قار گىر ئاتقا دادام جىگەر قاشقىغا مىندۇق. مانا گۈلگە پۈركەنگەن كۆز يەتكۈسىز يايلاقلار ، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇردىغان قارلىق چوققىلار ،يايلاقنىڭ غەربىي تەرپىدىكى شۇ قارلىق تاغدىن ئىقىپ كەلگەن سۇنىڭ ئاۋازلىرى، يايلاق مەنزىرىسىگە مۇزىكا قوشقان ئىدى . ئاتلارنى ئازراق مەيلىگە قويۇپ، يايلاقتا ،بىر هازار چاپتۇردۇق ئاندىن ئاستىلاپ پاراڭغا چۈشتۇق .

ئوغلۇم قارا بۇ گۈزەللىككە، دۇنيادا ئاز تىپىلىدىغان مەنزىرىنىڭ بىرسى بۇ. بۇنداق گۈزەل زىمىننى باشقىلارغا تاشلاپ قانداقمۇ كەتكۈم كىلىدۇ . مۇشۇ زىمىندا هاياتىم ئاخىرلاشسا، بۇۋاڭ ياتقان قەبرىنىڭ يىنىدا ياتسام، ئارمىنىم شۇ بالام . هە بولدى سىنىڭ گىپىڭگە كىلىلى، ئىشلىرىڭ قانداراق ؟ خىزمىتىڭ نەتىجىلىكمۇ؟ سىنىغۇ چەتئەلگە چىقارغۇم يوقتى. لىكىن هەممىمىز بىر يەردە بولساقمۇ تازا ياخشى بولمىغۇدەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئوقۇيدىغان چىقىپ قالدىڭ. ئىنىڭ ئاچىللىرىڭ سەندەك ئوقالمىدى. لىكىن ئۇلار تىجارەتتە سەندىن يامان .

شۇ-شۇ دادا ، ئۇلار هازىر راسلام پىشقان تىجارەتچى بوپ قاپتۇ . مىنىڭ ئىشلىرىممۇ ياخشى . لىكىن سىلەرنى سىغىنىپ كىتىمەن . سىغىنغىنىڭ توغرا بالام . قارا بۇ ئاتلارغا يىراقتا بولسا كىشىنىشىدۇ. يىقىندا بولسا تىپىشىدۇ. هاياتمۇ شۇنداق. بەزىدە سىغىنىشمۇ بىر خىل يىقىملىق . قەيەردە بولايلى هاياتىمىز مەنالىق بولسۇن . ئاپاڭ بىلەن توي قىلغىلى قىرىق يىلچە بوپتۇ. ناهايىتى ئىناق ئىتىپاق ئۆتتۇۋاتىمىز. سەنمۇ هەم شۇنداق ئۆت. ئەر كىشىنىڭ بىرىنجى ئىشى ئائىلىگە مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ئائىلىگە كۆيۈنۈش ۋە ئائىلىدە تۆهپە يارتىش. ئايالىڭ قەيسەر بوپ كەتمىسۇن. سەن قەيسەر بول ، ئايالىڭ ئايالىق نازاكىدە بولسۇن، ئەرلەر ئاجىز بولسا ئاياللار قەيسەر بولىدۇ . شۇڭا ئايالىم قەيسەر ئايال دەپ ماختىنىپ ئەقمەق بوپ يۈرمە. ئايال ۋە قىزلىرىڭ نازكىتى بىلەن بولسۇن. غەربىي دۆلەتىدە تۇرۋاتىمەن دەپ هەممىنى ئەركىن قويۋەتمە. هەددىدىن ئارتۇق ئەركىنلىك ئادەمنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ. هەم مەغلۇبىيەتكە ئاپىرىدۇ. بالىلىرىڭنى پەندىلا ئەمەس، ئائىلىدە دىنىدا ۋە مىللى ئۆرپە- ئادەت ئۇيغۇر كىملىكىدە تەربىيەلە ،، مىنىڭچە سەن بۇنى قىلالايسەن. چۈنكى سەن مىنىڭ پۇشتۇم . شۇنداق بولسىمۇ دىگۈم كەپ قالدى. ئاڭغۇچە پارىڭىمىزنى بۇزۇپ يىراقتىكى قازاق ئۆيدىن ئىككى ئىت هاۋشىپ قوغلاپ كەلدى ۋە بىردەم توختىماي قاۋاپ ئاندىن كەينىگە قايرىلىپ كەتتى . دادام يەنە گىپىنى باشلىدى . قارا بالام ئا ئىتقا، ئۇ چىشلىمەيدۇ پەقەت قاۋايدۇ. چىشلەيدىغان ئىت ئۇنداق قاۋاپ پوپوزا قىلمايدۇ. دۇنيادا نۇرغۇ ن ئادەملەر بار باشقىلار ئۈستىدىن گەپ قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئاجىزلىغىنى كۆرسىتىپ سۆزلەيدۇ. لىكىن ئۆزى بىر ئىش قىلمايدۇ. ئىش قىلدىغانلار گەپ قىلمايدۇ. پەقەت نەتىجە كۆرسىتىدۇ. سىنىڭ كىملىكىڭ مۇهىم ئەمەس، قانداق نەتىجە چىقىرشىڭ مۇهىم. ئەڭ ئىسىل دەبدەبىلىك گەپ قىلساڭمۇ، نەتىجەڭ بولمىسا هەممىسى قۇرۇق گەپ. نەتىجەڭ بولسا ، ئەڭ ئاددى گىپىڭمۇ دانالار هىكمىتى سانىلىدۇ . پاراڭلار قىزىپ ،خىلى ئۇزۇن مىڭىپ كىتىپتۇق. ئات مىنمىگىلى ئۇزۇن بولغاچقىمىكىن ،يانپاشلىرىم ئاغرىپ كەتكەن ئىدى. بىز قايتىپ چارۋىچىلىق مەيدانىغا كەلدۇق. دادام بۇ يەرنى باشقۇردىغانغا كىچىك تاغام بىلەن يىقىن بىر ئاغىنىسىنى كۆچۈرۈپ ئىچىقىپ قوياپتىكەن. دادامنىڭ ئۇ ئاغىنىسى مىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. هەم چوڭ بىلەتتى. ئاتتىن چۈشۈپ تۇرشۇمغا ئۇ ئاغىنىسى كەلدى. جۆرە بالام بىردەم مۇڭدىشىلى دەپ. سۇ بويى تەرەپكە پىيادە ماڭدۇق . مەن تۇرغان دۆلەتنىڭ گەپلىرى، ئۇ بۇ تىملاردا قىزغىن مۇڭدىشىپ، گەپ دادام توغرىسىدا بوپ قالدى . قارا بالام دەپ گەپ باشلىدى ،دادامنىڭ ئاغىنىسى، داداڭ بۇرۇندىن مەرىت قولى ئوچۇق ئادەم. ما نەچچە يىلدا تىخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى. مەهەللىدىكى كونا مەكتەپ مەيدانلىرىنى ياستىپ بەردى . ئۇنۇۋىرستقا ئۆتتۈپ پۇلىنى تۆلەلمىگەنلەرنىڭ پۇلىنى تۆلىدى. هەم مەهەللىدىكى ئۇچ مەسچىتنى قايتىدىن چىقىپ سالدى. لىكىن ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى پەقەتلا بىلدۈرمىدى . ماندا چارۋىچىلىق ئورنىدىن نەچچە ناهىيەدە بار قارا، ئۇنىڭغا ئىنىللىرىنى، سىڭىللىرىنى، هەم نەۋرە تۇققانلىرىنى، بىزدەك دوس ئاغىنىلەرنى كۆچۈرۈپ قويدى. هەم نوپۇسىمىزنىمۇ مۇشۇ ناهىيەگە يۆتكىۋەتتى. نۇرغۇن ئىشلارنى جىمجىتلا قىلىدۇ. نىم ئويلايدىكىن تاڭ بىلمىدىم. بۇ ياقلارغا كەلسىمۇ يا سەهەردىلا كىلىدۇ، ياكى كىچىلەردە چىقىدۇ. كۈندۈزلىرى چىققان ۋاقتى كۆپ

ئەمەس . ئىشقىلىپ داداڭ بىر سىرلىق ياشايدىغان ئادەم. نىم ئويلايدىغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ دىسە. مۇشۇ خىياللار بىلەن بىردەمدىلا ئۆيىنىڭ ئالدىغا كىلىپ قاپتىمەن . ئۆيگە كىرىپ باللار بىلەن بىردەم ئويناپ، تاماق يەۋىلىپ كىتاپخامغا چىقىپ ، يەنە فىسبوك ۋاسساپلارغا قاراشقا باشلىدىم. نەچچە كۈنىنىڭ ياقى كۆپلىگەن ۋاسساپ توپلىرىنىڭ ساھىبى بولۇپ قالغان ئىدىم. ۋاسساپتا نۇرغۇن ئۇچۇرلار كەلگەن ئىدى. قۇلىغىمغا تىڭشىغۇچنى سىلىپ ئاڭلاشقا باشلىدىم. ھەرخىل ئەيىپلەشلەر، ھاقارەت سۈزلىرى، ئۆزىنى ئاقلاپ باشقىلارنى قارلاشلار، ئۇرۇشۇش دە تالاشلار، ئۇف، بۇ ئۇيغۇر داۋالىرى بۇرۇندىن شۇنداق بولغۇيتىمۇ ؟ ياكى ھازىر شۇنداق بولۇۋاتامدۇ ؟ ما ۋاسساپ توپلىرىدا شۇنچە ئادەم بولسىمۇ گەپ قىلدىغان بىر ئادەم يوق . بىرسى باشقىلارنىڭ گىپىنى كۆچۈرۈپ ئەكىرىپ قوياتتى، يەنە بىرسى ناھايىتى تىزلىكتە ئۇنىڭغا قارشى بىر گەپنى تاشلايتى . يا ما توپ قۇرغانلار ئۇلارنى باشقۇرماي پىتىنچىلار سەھنىسىنى ھازىرلاپ بىرەتتى. بۇ ئىشلار كىچىك چىغىمىزدا مەھەللىدە گەپ توشۇپ باشقىلارنى جىدەلگە سالىدىغان ئاياللارنى ئەسلىتەتتى. بۇ ئىشلار ئۇ ئاياللارنىڭ تىخىمۇ تەرەققى قىلىپ ئاۋازى بىلەن توشۇغىنىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ توپلارغا ناھايىتى ئۇلۇغ ئىسىملا قويىلاتتى . توپلاردىكى كىشلەرنىڭ سالاھىتى ھەر خىل ئىدى . پىرافىسسۇرلار، ئالىملار، دىندار مولللار، ئىشقىلىپ ھەممە ساھە بار ئىدى. لىكىن بىر يۈرەكلىك ئەركەك يوقتەكلا ئىدى. ھەي ما قىلىۋاتقىنىنىڭ توپىنىڭ ئىسمىغا، ئۆزەڭنىڭ ئەركەك نامىڭغا، ئىسلامغا ئۇممەتكە، زىت دىمىگەن ئىدى.

بارغانسىرى كۆڭلۈم پەرىشان بولدى. ئۈمۈدسىزلىك ۋۇجۇدۇمنى چىرمىدى. ۋەتەندىكى شۇ قىرىنداشلىرىم خەلقىم، سىلەر نىمىدىگەن ساپالىق نىمىدىگەن قەيسەر، سىلەر بىزدىن نىمە ئۈمۈد تە بىزلەر نىمە كويدا. ئى كەرىمى كەڭ قۇدرەتلىك ئاللاھ، بىزگە رەھىم قىلىڭ، بىزگە ھەقنى تونۇيدىغان كۆز ۋە قەلىب، ۋەتەننى ئازاد قىلىدىغان قورۇقماس يۈرەك ،بىرىڭ بېرگەيسىز. ئى ئاللاھ بىزنى رىياكارلىقتىن ساقلاڭ .ئامىن .

دۇئالارنى قىلىپ تۇيۇقسىز تامغا ئىسغلىق ھىلىقى بۇۋامنىڭ چاپىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇۋام شۇ قىيىن قىستاقلاردىمۇ ئىقرار قىلمىغىنى، ئۈمۈدلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردىغۇ؟ شۇ ئالتۇن كۆمۈشلەرنى ئىقرار قىلمىسام كەلگۈسدە ئەۋلاتلىرىم پايدىلىنىپ تەرەققى قىلىدۇ دەپ ئويلىغان بولغۇيتى. ئۆزى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تۇرسىمۇ ئۈمۈدسىزلەنمىگەنگەن. دىمەك مەنمۇ ئۇدسىزلەنمەي ئانامنمۇ ئۈمۈدسىزلەنمىدى . دادام تىخىمۇ ئۈمۈدۋار. بىز چوقۇم غەلبە قىلىمىز. نادانلىغىمىزمۇ چوقۇم تۈگەيدۇ، بىزمۇ يورۇقچىلىققا چىقىمىز ئىنشائاللا.

# قۇرئاندا مىللەت ۋە ئۇممەت

**باتۇر قاراخانلى**

ئۇقۇم – بىر نەرسە، ھېس – تۇيغۇ ياكى چۈشەنچىنىڭ ئىنسان زېھنىدىكى مەۋھۇم ۋە ئومۇمىي شەكلى، مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئىستاكان دېگەن ۋاقتىمىزدا چاق- چۇق ياكى ئەينەك ۋە ياكى مېتالدىن ياسالغان سۇ ئېچىشتە ئىشلىتىدىغان بويۇم زېھنىمىزدە پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ بويۇمنى ئىپادىلەيدۇ .

ناماز دېيىلگەندە مۇسۇلمانلار كۈندىلىك ھاياتىدا ئادا قىلىدىغان ئىبادەتنى ۋە ئۇنىڭ شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇقۇملار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۇقۇم ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئۇقۇملار كۆينەكنىڭ تۈگمىسىگە ئوخشايدۇ، بىرىنچى تۈگمە خاتا ئېتىلسە ئاخىرىغىچە خاتا ئېتىلگەنگە ئوخشاش، ئۇقۇملارنى چۈشۈنۈشتىكى خاتالىق سۆز - ھەرىكىتىمىزدىكى خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كۈنىمىزدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىرزىس چىقىرىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى « مىللەت » ۋە « ئۇممەت » ئۇقۇمى ھەققىدە زېھنىمىزدە ئورناشقان خاتا چۈشەنچىدۇر.

ئەقىدىمىزنىڭ ئۇل تېشى بولغان قۇرئان كەرىمدە بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئىشلىتىشى بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، يەنى زېھنىمىزدىكى مەنىسى پەرقلىق. بىز قۇرئانى ئاتالغۇلارنى قۇرئان ئىزاھلاپ بەرگەن ئاساستا چۈشەنمەستىن، ئەكسىچە قۇرئاندىن يىراق ئىزاھاتلار بىلەن چۈشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن مىللەت ۋە ئۇممەت مەسىلىسىنى توغرا شەكىلدە بىر تەرەپ قىلالماي، ئۇيغۇر جەمئىيىتى چوڭ جەھەتتىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

قۇرئاندا مىللەت ئاتالغۇسى 15 ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ « دىن، ئەقىدە، يول، شەرىئەت » دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ « مىللەت » ئۇقۇمىنىڭ قۇرئاندىكى مەنىسىدۇر.

قۇرئاندا بۇ ئاتالغۇ 8 ئايەتتە « مىللەتى ئىبراھىم » ( ئەنئام، 161؛ نەھل، 123... ) شەكلىدە، قالغان 7 ئايەتتە خىرىستىيان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ دىنى ( بەقەرە، 120 )، مەديەن خەلقىنىڭ ( ئەئراف، 88 – 89 )، ھەزرىتى يۈسۈپ قەۋمىنىڭ ( رەئىد، 37 )، ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ( ئىبراھىم، 13؛ كەھف، 20 )، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ( ساد، 7 ) دىنىنى ئىپادىلەپ كېلىش بىلەن بىرگە، ھەق دىن ( بەقەرە، 128 – 132 ) ۋە باتىل دىن ( يۈسۈپ، 37 – 38؛ ساد، 7 ) مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن .

« مىللەت » ئۇقۇمى تۈركىي تىلدا « ئوخشاش بىر رايۇندا ياشايدىغان، ئوخشاش تىلنى ئىشلىتىدىغان، ئۆرپ – ئادىتى ئوخشاش بولغان كىشىلەر توپى، خەلق » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئەرەپچىدىكى « قەۋم » ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە.

مەزكۇر ئۇقۇم ئەرەپچە ۋە قۇرئانى بولۇپ، ئۇيغۇرلار زېھنىدىكى يەشمىسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك تۈركچە شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

دىندا ئوقۇغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى « مىللەت » ئۇقۇمىنى ئاۋام تىلىدىكى يەشمىسى بىلەن چۈشىنىدۇ ۋە بۇ سەۋەپتىن مىللەتنى رەت قىلىدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن دىندا ئوقۇغان بىر قىسىم قېرىنداشلار بىلەن دىندا ئانچە چوڭقۇر خەۋرى بولمىغان، ئەمما مىللەتسۆيەر قېرىنداشلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولماقتا.

قۇرئانغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، ئاللاھ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئۇقۇملارنى ئۆزى

ئىزاھلاپ بەرگەن ( مەسىلەن: ياخشىلىق. بەقەرە، 177؛ ئىمان، بەقەرە، 177، 285؛ نىسا، 136 ) ۋەياكى ئىزاھلاپ ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇپ بەرگەن ( پاسىقلار، تەۋبە، 67 ).

« ئۈممەت » ئاتالغۇسىمۇ قۇرئانى ئۇقۇم بولۇپ، قۇرئاندا « دىن، مۇددەت، زامان » ( ھۇد، 8 )، « شاھىت » ( بەقەرە، 143 )، « يېتەكچى، ئانا، ئۈلگە » ( ئەئراف، 181؛ ئالئىمران، 104؛ نەھل، 120 )، « جامائەت، توپلۇم، خەلق » ( يۇنۇس، 99؛ ھۇد، 118 )، ۋە مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەلچىلەر ئەۋەتىلگەن قەۋمدىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ئېيتمىغان بارلىق كىشىلەرمۇ ئۈممەت دەپ تىلغا ئېلىنغان ( ئەنئام، 42؛ رەئىد، 130 )، ئەلچىلەرگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرمۇ ئۈممەت ( بەقەرە، 128 ).

كۈندىلىك ئىستىمالدا بۇ كەلىمە ئىمان ئېيتقانلار قەۋم پەرقىنى نەزەرگە ئالماي سۈدەك سىڭىپ كېتىش مەنىسىدە ئىشلىتىلمەكتە. بۇ مەنا تېگى تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كوممۇنىزمنىڭ ئالىي غايىسى بولغان قەۋم پەرقى بولمىغان كومۇنا دۇنياسى قۇرۇش بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ.

ئىنساندىكى تىل، تەن رەڭگى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ پەرقلىق تىل ۋە تەن رەڭلىرىدە يارىتىلىشى ئۆزئارا چۈشىنىش، قايىنىشىش ۋە تونۇشۇش ئۈچۈندۇر ( رۇم، 20 ). بۇ پەرقلەرنى رەت قىلىش تېگى تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قارشى چىقىش، ئاللاھنىڭ ئايىتىنى ئىنكار قىلىش بولىدۇ.

قول – قول ھالىتىدە، پۇت -پۇت ھالىتىدە مېڭىگە خىزمەت قىلالايدۇ، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەزالار بۇ سەۋەپتىن پەرقلىق يارىتىلغان.

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا قويغان سۈننىتى ھەر ئىشنى يېقىن ئەتراپىدىن باشلاشتۇر ( ئەنئام، 92؛ شۇئەرا، 214؛ تەھرىم، 6 ). ھەر ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزىدىن، ئاندىن قالسا يېقىن ئەتراپىدىكىلەردىن مەسئۇلدۇر. رەسۇلۇللاھمۇ قۇرئان دەۋىتىنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئائىلىسىدىن، ئاندىن جەمەتىدىن، ئاندىن قەبىلىسى...دىن باشلىغانىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنە دەۋرىدىمۇ ئىمان ئېيتقان ئەرەپ قەبىلىلىرى مەدىنىگە كۆچۈپ كەلمىگەن بولۇپ، ئۇلار قەبىلىسىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئىسلامنى ئۆگەنگەن ياكى رەسۇلۇللاھتىن ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان.

قۇرئان مۇئمىنلەرنى ياخشىلىقتا باشقىلارغا ئۈممەت بولۇشقا، يەنى ئۈرنەك بولۇشقا، پەرقلىق قەۋملەرنى ئاللاھ بەلگىلىگەن ئالەمشۇمۇل ياخشىلىقتا بىرلىشىشكە چاقىرىدۇ.

ئىنسانلار قەۋمى كىملىكىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغان ئاساستا ئالەمشۇمۇل پىرىنسىپلار ئاساسىدا بىرلىشىپ، ئورتاق ياخشىلىقنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، ئورتاق يامانلىققا قارشى تۇرالايدۇ، بىر ۋۇجۇد بولالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىلاھي تەقدىرى بولغان خاسلىقىنى، قەۋمى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئىنسان قايسى مىللەتتىن بولۇپ يارىلىشنى تاللىيالمايدۇ، ئەمما قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى تاللىيالايدۇ، بۇ ئىنساننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان بولۇپ، ئاخىرەتتە بۇ تاللىشىدىن جاۋاپكارلىققا تارتىلىدۇ.

ئۇقۇملارنى خاتا چۈشىنىۋېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۇقۇشماسلىقتىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جاسۇسلىرى ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئىككى كۆز قاراشتىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئۆزئارا كاللا سوقۇشتۇرۇش ئارقىلىق تىل – ھاقارەت قىلىش، ھەتتا بىر -بىرىنى دۈشمەن كۆرۈش دەرىجىسىگە ئېلىپ باردى.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان چاقىرىق، يازمىلار ۋە دەۋەتلەردە يۇقىرىقى ئوقۇمنى ئارلاشتۇرۇپ چۈشىنىپ قالغان بىر قىسىم قېرىنداشلارغا شەرئى ۋە ئەقلى دەلىللەر بىلەن قايتا – قايتا چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

شۇڭا ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مىللەت ۋە ئۇممەت ئۇقۇمىنى توغرا چۈشىنىپ، ئاللاھنىڭ رىزاسىنى كۆزلىگەن ھالدا مېڭىش ئۈچۈن بىر ئاللاھقا، بىر پەيغەمبەرگە، ئوخشاش قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلىق داۋاسى قىلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ بەزى بىر كۆز قاراش ۋە ياكى ئۇقۇمدىكى مەسىلىلەر سەۋەپلىك ئالدىراقسانلىق بىلەن پەتىۋا، ھۆكۈملەرنى چىقارماي سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

جاھالەت ئوقۇش يېزىشنى بىلمەسلىك بولماستىن، بەلكى چۈشەنچە، دۇنيا — قاراشنى ئاللاھ كۆرسەتكەن شەكىلدە بەرپا قىلىشقا بويۇنتاۋلىق قىلىشتۇر. مانا بۇ سەۋەپتىن رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ دۇنيا قارىشىنى، چۈشەنچىسىنى قۇرئان ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن ساۋاتسىز ئىنسانلار مۇئمىن؛ ساۋادى بار، رايۇنلار ئارا تىجارەت قىلغان، مەككىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇل ھەكەم مەۋجۇت چۈشەنچىسى، دۇنيا قارىشى، قىممەت — قاراشنى ئاللاھ ئەۋەتكەن ۋەھيى ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەبۇ جەھىل ( يەنى جاھالەت ئاتىسى ) دەپ ئاتالغاندى. 21 — ئەسىر ساۋاتسىزلىرىنىڭ ئوقۇش — يېزىشنى بىلمەيدىغانلار ئەمەس، بەلكى بىلىمنى يېگىلاپ تۇرمايدىغانلار ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇقۇمدىكى خاتا چۈشىنىۋېلىش كىشىنى سۆز — ھەرىكىتىدە خاتالىققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا قۇرئانى ئۇقۇملارنى ئاللاھ يېشىپ بەرگەن ئاساستا چۈشۈنۈشكە، چۈشەنچىمىزنى بۇ ئاساستا توغرىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلغاندا بىز بىرلىككە كېلىپ ئورتاق نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

# خەلىپە ۋە خەلىپىلىك

**باتۇر قاراخانلى**

خەلىپە كەلىمىسى قۇرئاندا كىشى، كىشىلەر ياكى خەلقنىڭ باشقىلارنىڭ ئورنىنى ئېلىشى، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشى مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ ( ئەنئام، 165؛ ئەئراف، 69، 74، 142، 150، 169؛ يۇنۇس، 14، 73؛ مەريەم، 59؛ نەمل، 62؛ فاتىر، 39؛ ساد، 26؛ زوخرۇف، 60؛ ھەدىد، 7 ).

خەلىپە - ھەزرىتى داۋۇت ھۆكۈمدار سۈپىتىدە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەبىگە ( ساد، 26 )، راشىد خەلىپىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خەلىپە، يەنى ۋارىس بولغانەك بىر باشقۇرغۇچىغا ئىز باسار بولۇش ۋە ئىگە بولغان ھوقۇقنى ئىشلىتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خەلىپىلىك ئەمەۋىلەردىن باشلاپ سىياسىي ئۇقۇم سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشكە باشلانغان.

رەسۇلۇللاھ ياشىغان دەۋردە ئەرەپ ئەنئەسىگە قارايدىغان بولساق، ئەرەپلەردە دۆلەتچىلىك ئېڭىدىن زىيادە قەبىلىۋازلىق كۈچلۈك بولۇپ، ھەر يۇرتنىڭ ئىشلىرى مەزكۇر يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئورتاق مەسلىھەتى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. قۇرئان دەۋتى باشلانغاندىن كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ دارۇل نەدۋەدە ئېچىلغان مەجلىسلىرى بۇنىڭ بىر ئۆرنىكىدۇر. مۇئمىنلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، قۇرئان دەۋىتىنى قانداق قىلىپ توختۇتۇش ھەققىدە مەككە مۆتىۋەرلىرى دارۇل نەدۋەدە يىغىلىپ مەسلىھەتلەشكەن ۋە چىققان قارارنى ئىجرا قىلغانىدى.

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ جامائەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە دائىر قۇرئان ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاشتا رەسۇلۇللاھ باشلامچىلىق قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھ دىنىي يېتەكچى ۋە ئۇلگە بولۇپلا قالماي شارائىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن مەدىنە مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ رەئىسى، يەنى ئۇلۇلئەمر ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىدى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ھەر دائىم مۇئمىنلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ۋە چىققان قارارغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، قۇرئان رەسۇلۇللاھنى كېڭەشكە بۇيرىغانىدى ( ئالئىمران، 159؛ شۇرا، 38 – ئايەتلەر ). بەدىر، ئۇھۇد، خەندەك، ئىفك ۋەقەسى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىگە ۋارىس بەلگىلىمەسلىكى قاتارلىقلار بۇنىڭ ئۆرنىكىدۇر. رەسۇلۇللاھتىن كېيىنكى راشىد خەلىپىلەرمۇ بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى بەنى ساقىفتە يىغىلىپ، مۇئمىنلەرگە كىمنىڭ باش بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەت ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇئەنھۇنى ئۆزلىرىگە باش قىلىپ سايلىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇئمىنلەر خەلىپە ئۇقۇمىنىڭ ئايەتتىكى ۋارىسلىق قىلىش مەنىسىگە ئاساسەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكىرنى خەلىپە ئۇنۋانى بىلەن ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇئمىنلەرگە باش بولۇپ سايلانغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ « خەلىفەتۇ خەلىفەتى رەسۇلۇللاھ – رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسىنىڭ خەلىپىسى »دىن ئىبارەت ئۇزۇن ئاتالغۇنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا ئىخچام شەكىلدە « ئەمىرۇلمۇئمىنىن – مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى » ئاتالغۇسىنى ئۇنۋان سۈپىتىدە ئىشلەتكەن.

خەلىپە ئاتالغۇسى ئەمەۋىلەردىن باشلاپ دادىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان سىياسىي ھوقۇقنى، يەنى سۇلتانلىقنى تەمسىل قىلىدىغان ئۇقۇم سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشكە باشلانغان. ئەمەۋىيلەر خەلىپىلىكنى قىلىچ كۈچى تارتىۋالغاندىن كېيىن رىم ئىمپېراتورلىرى ۋە ئىران كىسرالىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئۇسلۇبى بولغان ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىش سىستېمىسى قوبۇل قىلىنىپ ئەمىلىيلەشتۈرۈلدى. نەتىجىدە ئىسلام سىياسىتىدە تۈنجى ھالقىلىق ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلدى. ئىمپېرىيىنىڭ ئورنىنى خەلىپىلىك، ئىمپېراتور ئۇنۋانىنىڭ ئورنىنى

خەلىپە ئالدى.

قۇرئان رەسۇلۇللاھ ئۆلگە بولۇپ ئىجرا قىلغان باشقۇرۇش تۈزۈمى ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ئىسىم قويمىغان. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى بۇ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى خەلىپىلىك دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئىسمىغا ۋەكىللىك قىلىشقا باشلىغان.

ئىسلام خەلىپىلىكى تارىختا بەزى دەۋرلەردە مۇسۇلمانلارنى بىر بايراق ئاستىغا جەم قىلغان سىياسىي ئۇست قۇرۇلما، يەنى پىرامىدانىڭ ئۈچ نوقتىسى رولىنى ئويناپ كەلگەن بولۇپ، ئەرەپ يېرىم ئارىلى ئەرەپلەرنىڭ بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا بىرلىشىشىگە ۋەسىلە بولغان. ئوسمانلىلار دەۋرىدىمۇ ئوخشاش رولنى ئوينىغانىدى.

بەزى دەۋرلەردە پەرقلىق رايونلاردا پەرقلىق ئىسىم بىلەن، مەسىلەن: ئابباسىيلا خەلىپىلىكى ۋە قاراخانىيلار دۆلىتى، ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ۋە ئەندۇلۇس ئىسلام دۆلىتى، سەلجۇق دۆلىتىگە ئوخشاش مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ پەرقلىق ئىسىملار بىلەن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىمۇ تارىخىي رېئاللىقتۇر.

ئاللاھ ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن ئاخىرقى كىتابى قۇرئانى كەرىمنىڭ ھۇجرات سۈرىسى 9 – ئايىتىدە مۇسۇلمان جامائەت ياكى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

وَإِن طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا فَإِن بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَى فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّى تَفِيءَ إِلَى أَمْرِ اللَّهِ فَإِن فَاءتْ فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ

ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ( يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر ) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار ( ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ( ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن ) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، ( ھەممە ئىشتا ) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ.

مانا بۇ ئايەتتىن پەرقلىق رايونلاردا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ « مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداش » ( ھۇجۇرات، 10 ) پرىنسىپى ئاساسىدا بىر - بىرىنى رەقىپ ياكى دۈشمەن كۆرمەستىن، قۇرئان – سۈننەت كۆرسەتكەن ئورتاق قىممەت – قاراشلار ئاستىدا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى ( ئەنفال، 73 ) ۋە مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ قىلىشىنىڭ نورمال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمانلار ياكى ئىسلام ئەللىرى بىر مەركەزدىن ئىدارە قىلىنىشى زۆرۈر بولسا، ھەر قايسى ئەلدىكى يېتىلگەن ئالىملارنىڭ ئورتاق ئىجماسى بىلەن ب د ت غا ئوخشاش بىر ئورگان تەشكىللىنىشى ۋە خەلىپىلىك، يەنى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى مۇۋاپىق كۆرۈلگەن نامزاتلار ئۇستىگە ئېلىپ قەرەرلىك ھالدا ئىجرا قىلىشى مۇۋاپىق بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز يۇرتىدا دەخلى تەئەررۇزغا ئۇچرىغان ئىسلامنى ھىمايە قىلىشى، يۇرتىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ ھەق – ھوقۇقىنى قوغدىشى، يۇرتىدا ئىسلامنى ئۈستۈن قىلىشى قۇرئان تەلىماتىغا خىلاپ ئەمەس. شۇڭا باشقا يەرلەردە خەلىپە ئىزدەش ۋەياكى دەۋر تەقەززاسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ئۇقۇم بولغان خەلىپىلىكنى قۇرئان تەلىماتى دەپ قارىۋالماسلىقى، مەسىلىنى دەۋر ۋە شارائىتنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ئاساستا ھەل قىلىشى لازىم.

# ئىمان ۋە ۋەتەن

## تۇنيۇقۇق

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى ئىمان ۋە ۋەتەندۇر! ياراتقۇچىغا ئىشىنىش ئىنسانغا فىترەت قىلىنغىنىدەك، ۋەتەننى سۆيۈشمۇ ئىنسان تەبىئىيتىدۇر! ئانا ۋەتەن چۆل- باياۋان ياكى ياپيېشىل باغ- ۋاران بولسۇن، قىشمۇ- ياز ئاتەش تومۇز ياكى جۇدۇنلۇق قەھرىتان بولسۇن، مول مەدەن بايلىقى ياكى ئۇنۇمسىز سايلىقى بولسۇن، ئۇرۇش بولسۇن ياكى ئەمىنلىك بولسۇن، ھەتتاكى ۋەتەن- خەلقى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن بولسۇن، ۋەتەن مۇھەببىتى بارلىق دۇنيالىق تامالاردىن خالىس ھالدا سۆيۈشتۇر! ھەر كىم ئانىسىنى ياخشى كۆرگەن كەبى ئانا ۋەتىنىنى ياخشى كۆرىدۇ، پەخىرلىنىدۇ، سېغىنىدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، تۇزىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن، بالىلىقتا گۈزەل ئەسلىمىلەرگە چۈمۈلگەن، قىرانلىقتا قەۋىم- قېرىنداشلىرى بىلەن تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلگەن، قەدىردان ئەجدادلىرى كۆمۈلگەن ئانا ۋەتىنىگە مۇھەببەت باغلىشى ئىنسانىي تەبىئەت، ئىلاھىي نىئمەتتۇر! ئەنە شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھان ئەھلىنىڭ پىسەنتىگە چۈشمەيدىغان ئەرەب چۆللۈكىدىكى كىچىككىنە كەنت مەككىدىن مەدىنىگە ئايرىلار چاغدا:" ماڭا سەندىن ياخشى ۋە سۆيۈملۈك يۇرت يوقتۇر! ئەگەر قەۋمىم مىنى سەندىن چىقىرىۋەتمىگەن بولسا، باشقا جايدا تۇرمىغان بولاتتىم" دىگەن (تىرمىزى رىۋايىتى). شۇندا ئاللاھتائالاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە بىرىپ:" ساڭا قۇرئاننى پەرىز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە( يەنى مەككىگە) قايتۇرىدۇ] (قەسەس:85) دىگەن ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردا بىر قىبتىنى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، قېچىپ چىقتى ۋە مەديەنگە كەلدى. ئاندىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ مەديەندە [ئۆز- ئارا كېلىشكەن ( ئون يىللىق ) مۇددەتنى توشقۇزغاندىن كيىن، ئايالىنى ئىلىپ (مىسىرغا قاراپ) يولغا چىقتى]( قەسەس:29). بىلسەك، بۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام تېخى پەيغەمبەر بولمىغان بولۇپ، مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىشى پەيغەمبەرلىك مەجبۇرىيەت ئەمەس، ۋەتىنىگە مۇھەببەت يۈزىسىدىن ئىدى. مىسىرغا قايتسا يەرلىك قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ھەزرىتى مۇسا قورقماستىن ئانا يۇرتى تامان يول ئالغان ئىدى.

ئانا ۋەتىنىنى تەرك ئىتىپ ياقا يۇرتلاردا سەرمۇ- سەرگەردان بولۇش ئۇرۇغ- تۇغقان، قەۋىم- قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغاندىنمۇ مۇشەققەت سىناق بولغىنى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە مۆمىنلەرنى ماختاپ:[ ئىمان ئېيتقانلار ۋە ھىجرەت قىلغانلار] دىگەن ئايەتلەرنى كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپكى ساھابىلىرى بولغان مۇھاجىرلارنىڭ ئەنسارلارغا قارىغاندا ئەۋزەللىكى: مۇھاجىرلار دىنى، جېنى، مېلى ۋە كىشىلىك ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئانا ۋەتىنى مەككىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

قۇرئان كەرىمدە يەنە ۋەتەننى سۆيۈش ئۆز جېنىنى ئەزىز كۆرۈش بىلەن تەڭداش زىكىر قىلىنىپ:[ ئەگەر بىز ئۇلارغا:" ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كىتىڭلار" دەپ ئەمىر قىلغان بولساق ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتى](نىسا:66) دەيدۇ. ئاللاھ يەنە:[ سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ] (مۇمتەھىنە:8) دەيدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ۋەتىنىگە ۋاپادار بولىدۇ، ۋەتىنىنى ۋەتەن بولغىنى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۇستىگە، ئۇنىڭ

ئىسلام دىيارى بولغىنى ئۈچۈن ۋەتەن- خەلقنى ئىمان بىلەن ياخشى كۆرىدۇ. ۋەتىنىدە ئاللاھنى ئۇلۇغلايدىغان، دىننى سۆيىدىغان، سۈننەتكە ئەگىشىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى قوغداشنى ۋاجىب، ئۇنىڭ يولىدا جان بېرىشنى شېھىتلىك دەپ بىلىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەنە شۇنداق ۋەتەن سۆيگۈسى مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىمانغا ئوخشاش ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ پاك سۆيگۈلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، ئەقلى ساغلام، قەلبى پاكىز، ئىمانى ھەققانىي كىشىلىرىمىزگە ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننى جان - دىل بىلەن سۆيۈشنىڭ ئىنسانىي تەبىئەت، شەرىئەت قوللىغان ۋە قوغدىغان ئىلاھىي نېئمەت ئىكەنلىكىنى ئارتۇقچە سۆزلەش بىھاجەت بولسا كېرەك.

مەسىلە شۇكى، بىزنىڭ ئىنسانىي فىترەت ۋە ئىمانىي خىسلەت بولغان بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇمىز تولىمۇ يۈزەكى ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. قايناق ھېسسىيات ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانمايۋاتىدۇ. ئەمەلىي ھەرىكەت بولسا ئىلمىي خىزمەتكە ئايلىنالمايۋاتىدۇ. ئىلمىي خىزمەت قىلىۋاتقانلار بولسا يېتەرلىك قوللاپ- قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ!

400 يىل قۇللۇقتا ياشىغان ئىسرائىل قەۋمى فىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ۋەدە قىلىنغان شەھەر قۇددۇسقا كىرىشكە بۇيرۇلغاندا، ئۇلار سېپىل ئىچىدىكى بەستۇ- قامەتلىك ئەمالىقەلەردىن قورقۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:[ ئى مۇسا! مادامىكى ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى] دەيدۇ. ئەنە شۇ سۆزى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا:[ ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرۈيدۇ. پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن](مائىدە: 24~26) دەيدۇ. 40 يىلدىن كېيىن، سىنا چۆلىدە ئادىشىپ قالغان ئىسرائىل قەۋمى يۇشە ئىبن نۇننىڭ يېتەكلىچىكىدە سىنا چۆلىدىن چىقىپ، مۇقەددەس زېمىنغا كىرىدۇ.

بىزلەرنىڭ ھالىمىز ئەنە شۇ ئىسرائىل قەۋمىگە ئوخشايدۇ. كۆپىنچىمىز تاكى ئۆتكەن يىلغىچە كۆزىمىزگە زور كۆرۈنگەن خىتايلاردىن قورقۇپ، خىتايغا قارشى قىلىچ ئەمەس ئۈنىمىزنى چىقىرالمىدۇق. يۈرىكىمىزدە ھىلىھەم قورقۇنچ بار، چۈنكى جاسارەتكە چۈشلۇق ئۈمىد يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاغزىمىزدا دائىم ئاللاھنىڭ بىزگە ھامان نۇسرەت بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلساقمۇ، شۇ ئىشەنچىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت يوق. بىز گويا ۋەتەننىڭ ئازات بولىشىنى خۇدايىم بىلەن بىر قىسىم پىداكارلارغا ئىتتىرىپ قويۇپ،" سىلەر ۋە پەرۋەردىگارىڭلار بېرىپ كۆرەش قىلىڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى" دىدۇق. ئىسرائىل قەۋمىدە 40 يىلدىن كېيىن جەڭگىۋار يىڭى بىر ئەۋلاد بارلىققا كېلىپ مۇقەددەس زېمىنغا كىرگەن بولسا، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن 70 يىلدا ئىككى ئەۋلاد ئالماشتىيۇ، ئارىمىزدىن يۇشە ئىبن نۇن كەبى ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلىدىغان بىر يېتەكچى قوماندان چىقمىدى. ئەمما ئىگە- چاقىسى يوق خەلقىمىزنى تۇيۇق يولغا باشلاپ، ئالتۇندىن بۇت ياساپ بېرىدىغان سامىرىيلار ھەر زامان، ھەر ماكان كەم بولمىدى!

ئىسرائىل قەۋمى پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇپ، نەچچە ئەسىر سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. [ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە:" بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى ئاللاھنىڭ يولىدا جەڭ قىلايلى" دېيىشتى. پەيغەمبەر:" سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟" دىدى. ئۇلار:" يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟" دېدى. ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا بولسا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر] (بەقەرە: 246).

ھالا بۇگۈنكى كۈندە، بىز 3000 يىل بۇرۇنقى ئىسرائىل قەۋمىدىنمۇ ئېغىر كۈنگە قالدۇق، بىز ۋەتىنى تۇرۇپ

قايتالمايدىغان، ئاتا- ئانىسى تۇرۇپ كۆرۈشەلمەيدىغان، ئۆزىمىز ئەمىن جايدا بولساقمۇ روھىمىز كىشەندە ياشايدىغان مىسلىسىز سەرگەردانلىقتا قالدۇق. 80 يىل ئاۋالقى يەھۇدىلار ئۇچرىغان تالاپەتكە ئۇچراپ، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندا ناتسىسلارنىڭ جازا لاگېرىغا ئوخشايدىغان " يېپىق تەربىيەلەش" تۈرمىلىرىدە يۈزمىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىز سولاندى. ۋەتىنىمىز، ئاتا- ئانىمىز، قەۋم- قېرىنداشلىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان بولساقمۇ بىزدە يەنىلا:" يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئاتا- ئانىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق، قانداقمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلمايلى؟!" دېيەلىگۈدەك جاسارەت كەمچىل! بەلكى بىز كۆپىنچىمىز :" سىلەر ۋە پەرۋەردىگارىڭلار كۆرەش قىلىڭلار، بىز ئولتۇرۇپ تۇرايلى" دىگۈچىلەرمىز!

بۈگۈن 5- فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى خاتىرلەيمىز، ئەتە 5- ئاپرېل بارىن قىرغىنچىلىقىنى ياد ئېتىمىز، ئۆگۈنلۈككە 5- ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى ئەسلەيمىز! ئۇلار ۋەتەننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى يېنىدا تۇرۇپ، قانخور خىتايغا قارشى نەرە تارتقان شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر ئىدى! ئۇلار قوللىرىدا شاھادەت بايرىقى كۆتۈرگەن، ھۆرلۈك ئۈچۈن شېھىت بولغانلار ئىدى. ئۇلار خىتايغا مەجبۇرى ئىشلەشكە ئەكىتىلىپ، خىتايلاردىن ھارام تاياق يېگەن ئۇيغۇر باللار ئۈچۈن قوزغىلىپ چىققان ئاجىز خەلق ئىدى! ھالبۇكى، خىتاي ئىشغالىيىتىدە ئۆزۈن يىل ياشاپ فاشىست تۈزۈمگە كۆنۈپ كەتكەن روھىيتىمىز، خىتاي قورقۇنچىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنى ھۆر ئەللەردە تۇرۇپ شېھىت كەتكەنلەر ئۈچۈن شاھىد بولۇشتىنمۇ توسۇپ قويماقتا!

*ئۇلار باشتا ئىستىقلالچىلارنى تۇتتى، مەن سۈكۈت قىلدىم، چۈنكى مەن ئىستىقلالچى ئەمەس ئىدىم.*
*ئاندىن ئۇلار دىنىي ئۆلىمالارنى تۇتتى، مەن سۈكۈت قىلدىم، چۈنكى مەن دىنىي ئۆلىما ئەمەس ئىدىم.*
*ئاندىن ئۇلار زىيالىيلارنى تۇتتى، مەن سۈكۈت قىلدىم، چۈنكى مەن زىيالىي ئەمەس ئىدىم.*
*ئاندىن ئۇلار بايلارنى تۇتتى، مەن سۈكۈت قىلدىم، چۈنكى مەن بايلاردىن ئەمەس ئىدىم.*
*ئاندىن ئۇلار مىنى تۇتقىلى كەلدى، ئەمدى بولغاندا مەن ئۈچۈن ئۈندەيدىغان ئادەممۇ قالمىدى.*

- مارتىن نىموللىر

ئەزىز قېرىنداشلىرىم! گەرچە ھەممىمىز سىياسەت ئىچىدىكى ئىنسانلار بولساقمۇ، ھەممەيلەن سىياسەت قىلساق ياكى ئالدىنقى سەپتە كۆرەش قىلساق دىمەيمەن. ھەممىمىز خىتايغا قارشى مەيدان ئاشكارىلاپ، خىتايغا قارشى دۇئا- تەكبىرلەر بىلەن شۇئار توۋلىشىمىز كىرەك دەپ زورلىمايمەن. نىقاپ تاقاپ بولسىمۇ نامايىشقا چىققىن، ئانا ۋەتەن شەرقى تۈركىستان بايرىقىنى كۆزلىرىڭگە سۈرتكىن، ئاسماندا لەپىلدەتكىن، يۈرۈكۈڭدە زەرداپ بولۇپ كەتكەن ئازاپ- ئوقۇبەت، زۇلۇم، مۇسىبەتلەرنى خىتايىنى تىللاپ، ئەلچىخانىسىغا چالما ئېتىپ دەردىڭنى چىقار! قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈچە، گاللىرىڭ بوغۇلۇپ قالغۇچە خىتايىنى تىللىساڭمۇ پۇخادىن چىقمايسەن، ئۆچۈڭ تۈگمەيدۇ، تاغنى تالقان قىلالمايسەن. ئەمما روھىيتىڭ ئازراق بولسىمۇ كىشەندىن قۇتۇلىدۇ، قەلبىڭ ۋەتەن سۆيگۈسىدىن لەززەتلىنىدۇ، كۆك بايراقنىڭ سۆيۈملۈكلىكىنى يۈرۈكۈڭدىن ھىس قىلىسەن، ئىمانىڭغا ئىمان، ۋىجدانىڭغا ۋىجدان قوشۇلىدۇ! ئاندىن بىر ئۇخلاپ قوپۇپلا كۆۋەجەپ تۇرغان قايناق ھىسسىياتلىرىڭ تاتلىققىنە بىر چۈشكە ئايلىنىپ قالمىسۇن. ئىچىڭگە پاتمايۋاتقان غەزەپ- نەپرەتنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇر، بىر نەرسە ئۆگەن، بىلىم ئال! ئىستىقلال كۈنىمىزدە ۋەتەننىڭ تارىخىنى ئوقۇ، ئىبرەت ئال. مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرغان بولساڭ بەش ۋاخ نامىزىڭنى جايىدا ئوقۇ، دۇئا قىل. 5- فېۋرال شېھىتلىرىنى ئەسلىگەن بولساڭ ئۇلارغا ئوخشاش ۋەتەن- خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىل، خىزمەت قىل، كۆرەش قىل! مۇسىبەت ھەسرەتكە ئەمەس، ھەرىكەتكە تۈرتكە بولىشى كىرەك! بىز شېھىت كەتكەن مەرھۇملارنىڭ نامىنى ئەمەس، پىداكار روھىنى تەۋەرۈك بىلىشىمىز كىرەك!

خەلقىمىز ئارىسىدا ھىچقانداق ئىقتىسادىي مەنپەئەت قوغلاشماي مىننەتسىز مېھنەت قىلىۋاتقانلار

نۇرغۇن، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۇن- تۇنسىز خىزمەت قىلىۋاتقانلار نۇرغۇن. ئەمما بۇ خىزمەتلەرنىڭ بىردىنبىر مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولمىش ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ قوللاپ – قۇۋۋەتلەش قىزغىنلىقى تولىمۇ تۆۋەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغانلار قىلدىن قىيىق كەتسە ئىلمىي تەنقىدتىن ھالقىپ، تاپا- تەنىلەرگە، ئورۇنسىز جېدەللەرگە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. بەزىلەر يۈنۈس ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش پەندىيات دىدى، يەنە بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش چىرايلىقچە سەبىر قىلماقتا. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن، مىسىردا قۇل بولۇپ سېتىلىپ، قەدىردان دادىسىنىڭ يۇسۇپنىڭ پىراقىدا يىغلاپ ئەما بولۇپ قىلىشىغا سەۋەب بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىنى تېنۇۋېلىشىغا قارىماستىن، ئۇلارنى ئەپۇ ئەتكەن ۋە گۈناھىنى يۈزىگە سالمىغان. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام :[ قېرىنداشلىرىم بىلەن مىنىڭ ئارامىنى شەيتان بۇزغاندىن كىيىن سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كىلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى] دەپ ئۆگەي قېرىنداشلىرىنىڭ قىلمىشىغا شۇقەدەر چىرايلىق ئۆزرە قويغان. ئەگەر سەن قېرىنداشلىرىڭغا ئۆزرە قويمىساڭ ياكى ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىساڭ ئۇلارغا چىرايلىقچە تەكلىپ بەرگىن، تەنقىد بەرگىن، تۈزەتكىن، ئىسلاھ قىلغىن ئەمما كىرىشۋالما، ئىززەت- ئابرويىغا چېقىلىپ مەسخىرە قىلما. [مەسخىرە قىلىنغان قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولىشى مۇمكىن](ھۇجرات: 11). ئەگەر ئىلمىي تەنقىدنىمۇ قاملاشتۇرالمىساق ياكى ئىلمىي تەنقىد قوبۇل قىلالمىساق " سىلەر ۋە پەرۋەردىگارىڭلار كۆرەش قىلىڭلار، بىز ئولتۇرۇپ تۇرايلى" دىگىنىمىز تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر!

شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇر خەلقى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلاتسىيە يۈرگۈزۈش تۈمۈر تاپانلىرىدا جان تالىشىۋاتقاندا، ۋەتەننى ھەقىقىي سۆيۈش جېنى ۋە مېلى بىلەن توختاۋسىز پىداكارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش خەلقىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ئىلىم ۋە ئەمەلنى، زىيا چاچىدىغان دەپتەر ۋە قەلەمنى، قۇۋۋەت بىغىشلايدىغان ھەمكارلىق ۋە ياردەمنى ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆملۈك ۋە بىرلىكنى، ھىممەت ۋە نۇسرەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ياكى كەبىنى بىنا قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبى ئۆزىمىز بەرپا قىلايلى، ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلغاندا دىيەك بولغان مەقامى ئىبراھىمدەك دەستەك بولايلى، ياكى كەبە قايتا بىنا قىلىنغاندا ھەممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ھەجرەتۇل ئەسۋەدنى جايىغا سالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك تەدبىرلىك بولايلى. ئەمماكى [ پىششىق ئىگىرگەن يىپنى چۇۋۇپ پارچە- پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار] ( نەھل:92).

2018- يىلى 2- ئاينىڭ 5- كۈنى

# كۇردىستاندىن تۈركىستانغا نەزەر
**(ھېكايە)**
**تۈنيۇقۇق**




(1)

1949 - يىلى خىتاي كومىنىست ھۆكۈمىتى قورۇلۇپ، شەرقى تۈركىستان ۋە تىبەت زېمىنىنى بېسىۋالغاندىن بۇيان، مۇرەككەپ مىللىي زىددىيەتلەر باشتىن- ئاياغ خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقى بولۇپ كەلدى. خىتاي كومۇنىست ھۆكۈمىتى ئىزچىل ھالدا " خىتاي مىللەتچىلىكى" ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتمەكچى بولدى. ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ خىتايدىكى ئەھۋالى تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، سىياسىي ھوقۇقى يوق،جەمئىيەتتىكى ئورنى تۆۋەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىدا ئېغىر كەمسىتىش ۋە قاتتىق چەكلىمىلەرگە ئۇچرايتى. قانلىق تارىخى رىئاللىق ۋەمىللىي كەمسىتىشكە ئۇچراش سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچى خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، يوشۇرۇن خەۋپ پەيدا قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان ئاتالمىش "تېرورچىلارغا" تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغان بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداق بىر يوللۇق شەكىلدىكى ھەق- ھوقۇقىنى قوغداش ئۇرۇنۇشلىرى " مىللىي بۆلگۈنچىلىك، تېرورلۇق دەپ قارىلىپ، قاتتىق باستۇرۇلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتلىرىنى ساقلاپ بېرىش باھانىسىدا يىغىۋالدى. شەرقى تۈركىستاندا " ئاشقۇن ئىدىيەلەرنى تازىلاش" باھانىسى بىلەن مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى فاشىستىك تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا يىغىۋېلىپ، ئورگان تىجارىتى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. 2010- يىللىرىغا كەلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى ھەتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن قۇرۇق نامنىمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاساسىي دەپ قاراپ، ئېتىراپ قىلمىدى.

2011- يىلى 11- ئايدا دىكتاتور خىتاي رەئىسىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئۇدا ئىككى قارار دىن ئارتۇق رەئىسلىككە سايلىنىشى، خىتاي خەلقىنىڭ قاتتىق قارشى قوزغىلاڭ يۈز بەردى. خىتاي كومونىست ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك زورىيىپ، ئىسلاھاتچى دىموكراتچىلار بىلەن مۇستەبىت كومونىستلار ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتىلىدى. ھىندىستان جولام ئىگىزلىكىنى ئىگەللىدى، تىبەتلەر گە چېگرانى ئىچىۋەتتى. شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىكى دۆلەتلەر قايتىدىن خىتاي بىلەن دېڭىز تەۋەلىكى تالىشىپ، ئاراللارنى ئىگەللىدى، ئامرىكا جەنۇبى دېڭىزدا ئاۋىياماتكىلىرىنى كۆپەيتتى. تەيۋەن، تىبەت، شىياڭگاڭدا مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى يۇقىرى پەللىگە چىقتى. 90% ئىقتىسادى دېڭىز يولى ئىمپورت- ئېكسپورتىغا تايىنىدىغان، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئاساسلىقى ئىمپورت قىلىشقا تايىنىدىغان دۇنياۋىي سانائەت دۆلىتى بولغان خىتايدا مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى. سىياسەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي جەمىيەت پۈتۈنلەي قالايمىقانلاشتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن ئەسكەرلەرنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ مۇقىملىقنى ساقلاش، چېگرا رايونلارنى قوغداش، شەرقى تۈركىستاننى 2.6 مىلىيون بېڭتۈەن خىتاي ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇش بۇيرۇقى بىلەن كۆپ قىسىم ئەسكەرلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چېگرا رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كۆچمەن خىتايلار ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ، "جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان" دەپ، شەرقى تۈركىستاندىن ئىچكىرىگە قېچىشقا باشلىدى. يەرلەشلىكى نەچچە ئەۋلاد بولغان خىتايلارلا "قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆت" دەپ قېچىپ كەتمىدى. ئەمما ئۇلار ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن خىتايلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەتتى.

خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتتىن ئايانكى، مىللىي زىددىيەت ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان دۆلەتكە نىسبەتەن، دۆلەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلگەندە جەمىيەت مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي ۋە جەمىيەت تەرەققىياتى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ ئىچكى ئۇرۇشقا سەۋەب بولغاندا، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ. ئىچكى ئۇرۇش پارتىلاشتىن ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى " مىللىي بۆلگۈنچى، تېرورچى" دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى تولۇق ياشاش ھوقۇقىنىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تارتىۋالغانىدى. خىتاي ئىچكى ئۇرۇشى دەسلەپكى مەزگىلىدە، شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاجىز ، تاشقى كۈچلەرنىڭ قوللىشى كەمچىل بولغاچ، ئۇلارنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىمۇ كىشىلىك ھوقۇقتىن ھالقىپ كىتەلمىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن خىتاي كومونىست ھۆكۈمىتىگە دۈشمەن كەيپىياتتا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي دىموكراتچىل ئۆكتىچى كۈچلىرىگە ئىشەنمەيتى. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلاردا بولسا ئىچكى جەھەتتىن ئۇيۇشۇش بوشاڭ، خىتايدىكى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلاش تەدبىرلىرى كەمچىل ئىدى. خىتايدا ئىچكى ئۇرۇش كەسكىنلەشكەندىن كېيىن، ئىچكى قارشىلىق كۈچلەرنى ئازايتىش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا سىياسىي بېسىمنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرگە يۇكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىغا قويغان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ۋە ياكى مۇستەقىللىق تەلىپىگە قارىتا ھېچقانداق ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى. 2012 - يىلى 8- ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى " سىياسىي پارتىيە قانۇنى" ئېلان قىلىپ، يېڭى پارتىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا رۇخسەت قىلدى. ئەمما بۇ پارتىيەلەرنىڭ خاراكتېرى دىنىي پارتىيە ياكى مىللىي پارتىيە ياكى رايون خاراكتېرلىك سىياسىي پارتىيە بولۇپ قالسا چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(2)

شەرقى تۈركىستان خەلقى بۇلارنىڭ پەقەت قەغەز يۈزىدىكى گەپلەر ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ قولىدا مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مىللىي پارتىيە، مىللىي ئاپتونومىيەلەرنىڭ مەڭگۈ ئەمەلىيلىشىپ بولالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار خىتاي ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالغان پەيتنى قەتئىي قولدىن بېرىپ قويماسلىقنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇيغۇرلار خەلقئارانىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، خىتاي دىموكراتچىلارنىڭمۇ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە دىموكراتىك ئەلراي

پارتىيىسى قۇردى.

قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئەلراي پارتىيىسى قانۇنىي نوپۇزغا ئىگە، ئۇلار مىللىي مەنپەئەتنى قوغداش، قەھرىمانلار ئوبرازىنى تىكلەش، تاشقى دۈشمەن تەھدىتىنى ئاساسلىق كىرىزىس كۆرسىتىش ئارقىلىق مىللىي بىرلىك ۋە سىياسى مايىللىق ھاسىل قىلىپ، سىياسىي يۆلىنىش بەلگىلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بارغانسىرى مۇستەھكەملىنىۋاتقان مۇستەقىللىق قەدەملىرى خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئۇيغۇرلار بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن توقۇنۇشسا، بىر تەرەپتىن خىتاي ئۆكتىچى قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلىشاتتى. خىتاي ئۆكتىچىلىرى كومپارتىيە ھۆكۈمىتىنى ئۆرۈپ ئاتالمىش دىموكراتىك دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلسىمۇ، بىراق بۇ خىتاي دىموكراتچىلار خىتاينىڭ مەۋجۇد ئاپتونۇم رايون باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى ھەرگىز قوبۇل كۆرمەيدۇ. ھەتتا ئۇيغۇرلارنى خىتاي دىموكراتىك ئىسلاھاتىغا قارشى كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار بولسا "خىتاي ئۆكتىچىلىرى ئەگەر ئەڭ ئەقەللىي دىموكراتىيەگە بولسىمۇ ھۆرمەت قىلسا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك" دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش كومپارتىيەنى تەختتىن چۈشۈرۈشلا بولۇپ قالماستىن، يەنە خىتاينىڭ مەۋجۇد سىياسىي تۈزۈلمىسىدە كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىمۇ كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئۆكتىچىلىرى بىلەن بولغان سىياسىي ئىختىلاپى خىتاي ھۆكۈمىتى، خىتاي ئۆكتىچىلىرى ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئۈچ بۇرجەكلىك قارشىلىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ھەرقايسى تەرەپلەردىكى چوڭقۇر ئىختىلاپ خىتاي كىرىزىسىنى سىياسىي يول بىلەن تىنىچ ھەل قىلىش يولىنى ناھايىتى قىيىنلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى.

2013 - يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى ئەلراي پارتىيىسى ئۆزلىرى كونترول قىلغان رايونلاردا يۈكسەك ئاپتونومىيە جاكارلىدى. قورغاس – قازاقىستان چېگرىسى، قونجىراپ- قىرغىزىستان چېگرىسى، ۋاخان- قەشقەر چېگرىسىدىن "تۈيۈقسىزلا" مىڭلىغان قۇراللىق كۈچلەر شەرقى تۈركىستان چېگراسىدىن سوقۇنۇپ كىردى. 2014- يىلى نورۇزدا، "ئۇيغۇر يۈكسەك ئاپتونومىيە رايونى چېگرا ساقلاش، مۇقىملىقنى قوغداش" ئۈچۈن سابىق مىللىي ئارمىيە 5- كورپۇسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 15،000 كىشىلىك مىللىي ئارمىيە تەشكىللىدى. ئۇيغۇر قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئۇلارنىڭ مىللىي، دىنىي كىملىك بىرلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچ، بىرلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغان مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى.

چېگرا ساقلاشقا قالدۇرۇلغان بىڭتۈەننىڭ 2 مىليون ئالتە يۈزمىڭ ئەسكىرىي كۈچى بولسا پەقەتلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى مۇئاش، كاتتا ئىتىبار سىياسەتلىرى بىلەن زورىغا تۇرىۋاتقان بولۇپ، يولى بارلىرى پۇرسەت بولسىلا ئىچكىرىگە قاچاتتى. ئۇلار گەرچە ئاتاقتا ئەسكەر بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە 30%تىلا ھەقىقىي ئەسكىرىي تەلىم قوبۇل قىلغان، باشقىلار يىلدا 2 ئاي ھەربىي مەشىق قىلغان ئىشچى- دېھقانلار ھېسابلىناتتى. تەمىناتى ئۈزۈلگەن بىڭتۈەننىڭ كۆپ قىسىم ئەسكەرلىرى ھەقىقىي ھەربىي تەلىم كۆرمىگەن، ئىنتىزام جەھەتتىن بوش، جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن بولۇپ، ياشاش ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەييار تۇرغان، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا سىنالغان شەرقى تۈركىستان خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيە بىلەن روبىرو ئۇرۇش قىلىشتىن قورقۇپ، خىتاي شەھەرلىرىدىكى گازارمىلاردىن چىقالماي يېتىشاتتى.

ئەلراي پارتىيىسى مىللىي ئارمىيە تەشكىللەش جەريانىدا ئىزچىل تۈردە سىرتتىن خەلقئارا ئۇيغۇر دىموكراتچىلار پارتىيىسىنىڭ مەخپىي يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلاتتى. ئامرىكا ئۈزۈندىن بۇيان خىتايدىن يوشۇرۇن ھالدا مىللىي ئارمىيەگە سىياسىي ۋە قانۇن جەھەتتىن نۇقتىلىق ھالدا ياردەم بېرىپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا خىتايلار مىللىي ئارمىيە ۋە مىللىي ھۆكۈمەتنى ئامرىكىنىڭ كەشپىياتى دەپ قارىدى ۋە ئېتىراپ قىلمىدى. مىللىي ئارمىيە دەسلەپتە ئۆز كۈچىنى ساقلاش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قىلىشتىن ئۆزىنى تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېرورچىلار بىلەن تىلى بىر دەپ ئاتىلىپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ، شەرقى تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن

ئۇلار  خىتاي بىلەن ئاپاق- چاپاق دىگەن بەدنامغا قالدى.

(3)




بۇ مەزگىلدە 2014- يىلى 7- ئايدا ئافغانىستاندا  خاۋارىجلار  ئوتتۇرىغا چىقارغان  "خۇراسان ئىسلام دۆلىتى" تەشكىلاتىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.  خۇراسان ئىسلام دۆلىتى، بازا، تالىباندىن ئىبارەت ئۈچ قۇراللىق تەشكىلات ئافغانىستاندا ئۆز- ئارا پۇت تېپىشتى.  بۇ ئەھۋال ئافغانىستاننىڭ قوشنىسى بولغان شەرقى تۈركىستاننىڭ بىخەتەرلىكىگە قاتتىق تەھدىت پەيدا قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئامرىكا بىلەن روسىيەنىڭ سۈرىيەدە ئوينىغان "تىرورىزىمغا قارشى" ئۇرۇشلىرىدىن ئىبرەت  ئالغان  تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسى قەشقەرىيە چېگراسىغا يېقىن بەدەخشان ئۆلكىسىدىكى خىتاي ھەربىي گازارمىسىنى يوقىتىپ، 5 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ۋاخان كارىدورىدا پۇرسەت كۈتىۋاتقان ئىدى.        "خۇراسان ئىسلام دۆلىتى" قوزغىغان خاۋارىجلار  ئۇرۇش ئوتىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا تۇتۇشۇپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ خاۋارىجلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشىدىن قوغداش ئۈچۈن، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى خۇراسان ئىسلام دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇشتى. بازا تەشكىلاتى ئۇلارغا ياردەمدە بولماقچى بولغاندا، ئۇلار رەھنىگا – ئەرەكان مۇسۇلمانلىرىدىن ئۆلگە ئىلىپ:" بىز بىزنىڭ ۋەتەن قوغداش ئۇرۇشىمىز، شەرقى تۈركىستاننىڭ خەلقئارا  "تىرورىزىمغا قارشى ئۇرۇش" مەيدانىغا ئايلىنىپ قىلىشىنى خالىمايمىز" دەپ رەت قىلدى. ئۇلار  ھىزبۇتتەھرىر، بازا، دائىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن دۇنياۋى ئىسلام خەلىپىلىكى قۇرۇش دەۋاسىنىڭ نە خەلقئارا  ۋەزىيەت، نە خەلقئارا قانۇنغا ماس كەلمەيدىغان،  ئۇلۇغۋار  ئەمما ئىنتايىن سەزگۈر شۇئار  ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغان ئىدى. 2015- يىلدىن باشلاپ، تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئافغانىستاندا ئەسكەر مەشىقلەندۈرۈش، ئىقتىسادىي مەبلەغ توپلاش، پىدائىي ئەۋەتىش قاتارلىق ئۇسۇللار  ئارقىلىق، مەخپىي ھالدا مىللىي ئارمىيەنى قۇللىدى.   مىللىي ئارمىيە بىلەن تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى قويۇق ھەمكارلىق ئورنۇتۇپ،  بىرى ئىچىدىن، بىرى تىشىدىن ۋەتەننى قوغدايدىغان  ۋەزىيەت شەكىللەندى.   خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋە خۇراسان ئىسلام دۆلىتىدىن مۇداپىيەلىنىش ئىستىراتىگىيەسىدە تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسى  شەرقى تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر  قىسمى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلدى.    ئۇيغۇر قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ خۇراسان ئىسلام دۆلىتى تەشكىلاتىغا قارشى ئۇرۇشتا ئارقىمۇ- ئارقا غەلىبە قىلىشى بىلەن، ئۇيغۇر قۇراللىق كۈچلىرى خەلقئارانىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە كۈچلۈك ھىسداشلىقىنى قولغا كەلتۈردى. ئامرىكا ۋە روسىيەدەك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي

يارەملىرىگىمۇ ئېرىشتى.

ئامرىكا باشچىلىقىدىكى شى ئا ئە ت خۇراسان ئىسلام دۆلىتى بىلەن قارىغۇ ساچقان ئويۇنى ئويناۋاتاتقان بولۇپ، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىدى. ئامرىكىنىڭ بۇ ئويۇندا ئافغانىستاندىن كۆنسىرى زورىيىۋاتقان ختاي، روسىيە، ئىراننىڭ تەسىر كۈچىنى سىقىپ چىقىرىش ۋە ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىش، يىپەك يولى ئىستىرادىگىيەسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئاساسىي مەقسەت، ختاي ۋە روسىيە قوللاۋاتقان تالىبانلارنى ۋە ئۆزلىرىگە دۈشمەن ئەلقائىدە تەشكىلاتىنى خۇراسان ئىسلام دۆلىتى بىلەن بىرگە يوقىتىش ئىككىنچى مەقسەت ئىدى. شۇڭا ئامرىكا نامدا " خۇراسان ئىسلام دۆلىتىنى يوقىتىش"، ئەمەلىيەتتە ختاي ۋە روسىيەگە قارشى كۈچ توپلاش ئۈچۈن ئۆزۈندىن بۇيان ئافغانىستاندا شى ئا ئە تىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى ئاشۇردى، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى قوللىدى ھەمدە ئۇلارنى خەلقئاراغا " ۋەتىنىنى تېرورىزىمدىن قوغداۋاتقان قەھرىمانلار" ئوبرازىدا تەشۋىق قىلدى.

بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ختايلار ئامرىكىنى تېرورچىلارنى قوللىدى دەپ ئەيىبلىدى. ئامرىكا بولسا "بۇ پەقەت ۋەزىيەت ئېھتىياجى، خۇراسان ئىسلام دۆلىتىنى يوقىتىپ بولۇپلا ئۇلارغا قارىتا ھەربىي يارەمنى توختىتىمىز" دىدى. ختايلار شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى ئىشقا سېلىپ، ئافغانىستان، پاكىستان، تاجىكىستان ھۆكۈمەتلىرىنى بەدەخشاندىكى ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشقا چاقىردى. ختاي ھەتتا ئون نەچچە يىلدىن بۇيان پەيلەپ كۈندۈرۈۋالغان ئەرمەك ئاسراندى تالىبانلار نىڭ ھاكىمىيەت تۇتىشىغا يارەدەم بىرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، ھەربىي قۇرال- ياراق، ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەپ، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىگە قارشى ئۇرۇشقا سالدى. ئەمما بۇ رايونلارنىڭ ئەمەلىي كونترول ھوقۇقى ئاساسەن ئامرىكا بىلەن روسىيەنىڭ قولىدا ئىدى. پاكىستان ئۆزىنىڭ چېگراسىنى قوغداش بىلەن ئالدىراش، ھىندىستان تېبەتلەرنى قوللاۋاتقان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان چېگرانى بوش قويىۋەتكەن ئىدى. روسىيە ختاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتقان ئىقتىسادىي قارا قوللىرى، تاجىكىستاندىن 1000 كىۋادرات كىلومىتىر زىمىنىنى ئىگەللىۋالغانلىقى، ئافغانىستان ۋە جىبۇتىدا بازا قۇرغانلىقىدىن كۈچلۈك تەھدىت ھىس قىلاتتى. ختاينىڭ روسىيەنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان يىپەك يولى ئىستىرادىگىيەسى، تۆمۈر يوللىرى، ئوتتۇرا ئاسىياغا سالغان مەبلىغى روسىيە ئىقتىسادىغا ئېغىر رىقابەت پەيدا قىلغانلىقىدىن، ختاينىڭ شۇم نىيىتىنى بۇرۇنلا ھىس قىلغان ئىدى. روسىيە مۇمكىن بولسا ختاي ۋە ئامرىكىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى نىفتىلىك ۋە تەبئىي گاز بايلىقلىرىنى ئىگەللەپ، ختايىنى روسىيەگە بېقىندى قىلسام، 100 يىل ئاۋالقى روسىيەنىڭ شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەم دەيتى. روسىيە ھېچبولمىغاندا شەرقى تۈركىستاننىڭ، تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ ئۆزىگە بېقىندى بولىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا ختاي ھېچقانداق ئەمەلىي يارەمگە ئېرىشەلمىدى.

2015 - يىلى 1- ئاينىڭ 30- كۈنى، ئۇيغۇرلار ئۇ ئالدىغا "شەرقى تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى" قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. 9- ئاينىڭ 25- كۈنى شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئومۇمىي ئاۋازغا قويۇپ، 92% خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئامرىكا بىلەن ھىندىستان بۇ مۇستەقىللىقنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قەدەم- باسقۇچلارغا بۆلۈنگەن مۇستەقىللىق يولىدا يۈكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى بىر ىنجى قەدىمى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىككىنچى قەدىمى، تولۇق مۇستەقىللىق ئۈچىنچى قەدىمى ئىدى. گەرچە ئەلراي پارتىيىسى مۇستەقىللىق ئەمەس، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىلان قىلغان، قارىماققا زىمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە كەلگۈسىدە پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. بۇ ختاينىڭ سەۋر قاچىسىنى چاقتى. ختاي ھۆكۈمىتى:" ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت جاكارلىۋالسا بولمايدۇ، ئۇ چوقۇم ختاي خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئاۋازغا قويۇشىدىن ئۆتىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار جاھىللىق بىلەن ئۆز بىشىمچىلىق قىلسا، ئەھۋال تېخىمۇ ناچارلىشىدۇ" دەپ بايانات ئېلان قىلدى. بۇ ۋاقىت ختايدا ئىچكى ئۇرۇش ئەۋجىگە چىققان، ھەربى قىسىم كونتروللۇقنى يوقاتقان، غەرب دۆلەتلىرى

خىتاي دېموكراتچىلارنى كۈچلۈك قوللاپ قاتتىق ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى قانۇنىي كۈچگە ئىگە ئاپتونومىيە ھىمايىسىدىكى ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە تېخى ئاشكارا مۇستەقىللىق جاكارلىمىسا، ئۇرۇش قوزغاپ قويۇپ پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇلار ئۈچۈن بىر ئىشنىڭ كۆپەيگىنىدىن ئازايغىنى ئەۋزەل ئىدى.

(4)

ئىچكى ئۇرۇش سەۋەبىدىن كۆپ ئاجىزلاشقان، شەرقىي تۈركىستاننىڭمۇ قولدىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئامالسىز تۆۋەنچىلىك بىلەن روسىيەنى ياردەمگە تەكلىپ قىلدى. روسىيە 2015- يىلى 9- ئاينىڭ 30- كۈنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنى باشلاپ، ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەتى ۋە رايون بىخەتەرلىكىنى قوغداش باھانىسىدا "تېرورچىلارغا قارشى" ئۇرۇشقا كىردى. روسىيە ئۇرۇشقا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چوڭ غەلىبىگە ئېرىشىپ، خوراسان ئىسلام دۆلىتى ۋە ئەلقائىدە گازارمىلىرىنى قاتتىق بومباردىمان قىلدى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ۋە تالىبانلارنى كۈچەيتىپ، ئۆكتىچى كۈچلەرگە قارشى قوراللاندۇردى. قەندەھار ئۇرۇشى پۈتۈن ئۇرۇشنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. روسىيە بىر يىل ئىچىدىلا ئەلقائىدە ۋە خوراسان تەشكىلاتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يوقۇتۇپ، ئامرىكىنىڭ قويندىكى تورغاچنى ئوغۇرلاپ كەتتى.

2016 - يىلى خىتايدىكى ئىچكى ئۇرۇش توختاپ، دېموكراتچىلار بىلەن كومونىستلار بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردى. ھۆكۈمەتنى دېموكراتچىلار تەشكىلدى، ھەربىي ھوقۇق كومونىستلارنىڭ قولىدا بولدى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا خىرىس پەسىيىپ قالمىدى. خىتايغا نىسبەتەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى ئەلراي پارتىيىسى قۇرغان، ئەلراي پارتىيىسى بولسا قانۇنسىز تەشكىلات خەلقئارا ئۇيغۇر دېموكراتچىلار پارتىيىسىنىڭ شۆبىسى دەپ قارىلىپ ئېتراپ قىلىنمىدى. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسى بولسا "تېرورچى تەشكىلات" تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاشلا قانۇنسىز ئىدى. خىتاي ئارمىيىسى تۇرپان، قۇمۇل شەھەرلىرىگە توپلاندى. ۋەزىيەتنىڭ بارغانسىرى كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي ئارمىيىسى بىلەن جان تېكىپ قارشىلىشىش تەلپىمۇ كۈنسىرى يۇقىرى ئۆرلىدى، مىللىي ئارمىيە بىلەن خىتاي ئارمىيىسى رەسمىي تۈردە قۇراللىق توقۇنۇشتى. ھاكىمىيەت مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئۇزۇندىن بۇيان جىم ياتقان بىڭتۈەن ئەسكەرلىرىمۇ خىتاي مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەركىزىي شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا باشلىدى.

خىتاي بىلەن روسىيەنىڭ يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلغان ئامرىكا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىش ئۈچۈن خىتايغا ئەمدى ئۇيغۇرلارنى قوللىمايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، روسىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى يۇتىۋېتىش قارا نىيىتى بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاستىرتتىن خىتاي دېموكراتچىلىرىنى قوللاپ، كومونىست ھۆكۈمەتنى ئۆرمەكچى بولدى. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن روسىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش ئۈچۈن، روسىيەنىڭ باش ئەلچىسىنى خىتاي ھەربىيىنىڭ قولى بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈرگۈزدى. ئامرىكىنىڭ سۈيقەستىنى بىلىپ قالغان خىتاي روسىيەگە تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى. 2017- يىلى 12- ئايدا روسىيە، خىتاي، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىقلار قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە ئىتتىپاقلىشىپ ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، تېرورچىلارغا مەركەزلىك ھۇجۇم قىلىشقا پۈتۈشتى. ئافغانىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان چېگرالىرىنى قامال قىلدى.

(5)

ئامرىكا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پىلانىدا ئوڭۇشسىزلۇققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، 2018- يىلى 1- ئايدا شەرقىي تۈركىستان چېگرا تۇگۈنگە جايلاشقان بەدەخشان- ۋاخان كارىدورىدا تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسىدىكىلەرنىڭ مۇنتىزىم قوشۇن تۈرغۇزۇشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسى 5000 نەپەر

ئەسكىرى كۈچى بار بولۇپ، يەنە 10 مىڭ ئەسكەر توپلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئامرىكىنىڭ ھەربىي تەمىناتلىرى ۋە تەلىم- تەربىيەسىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇرلار بۈگۈن يوقىتىلمىسا ئەتە چوقۇم ئۆزىگە بالا بولىدىغانلىقى، بۇ قوللاشنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ رايون بىخەتەرلىكىنى قوغداش بولماستىن، ئۇيغۇرلارنى مۇستەقىللىقىنى قوللاش ئىكەنلىكى خىتايغا مەلۇم. تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ شەرقى تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ كەلگۈسىدە بېشىغا بالا بولىشىدىن قورققان خىتاي ئامرىكىنى "تىرورچىلارنى قوللىغان" دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسىنى يوقاتماقچى بولدى. روسىيە بىلەن خىتاينىڭ تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئامرىكا:" بىز شەرقى تۈركىستان قۇراللىق كۈچلىرىنى قوللىماقچى ئەمەس، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ خۇراسان ئىسلام دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكچى" دىدى. بەدەخشان رايونى تۈركىستان ئارمىيىسى بىلەن شەرقى تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسى بىرلىشىپ كىتىشتىن ئەنسىرىگەن خىتاي 1- ئاينىڭ 20- كۈنى بەدەخشاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا "شاپتۇل شېخى" ھەربىي ھۇجۇمىنى ئېلان قىلدى.

ئەمەلىيەتتەئامرىكا ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق قوللىسا خىتاي روسىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئامرىكىغا قارشى تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلارنى قوللىماي تاشلىۋەتسە، ئامرىكىدىن كۆڭلى سوۋۇغان شەرقى تۈركىستان روسىيەگە ئېغىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئامرىكا خىتاي- ئافغانىستان چېگرىسىدا 300 كىلومېتىرلىق قىزىل سىزىق رايون تەسىس قىلىش تەكلىپىنى بەردى، ئەمما خىتاي قوبۇل قىلمىدى. ئامرىكا شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاپ قويسا خىتاينىڭ روسىيە بىلەن بىرلىششۈلىشى، خىتاي بىلەن بىۋاستە تۇتۇشۇپ قىلىش ، ھەتتا ئافغانىستاندا ئىگەللەپ تۇرغان زىمىننى قولدىن چىقىرىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىدى. بەش بۇرجەك بىنا باياناتچىسى گەللوۋېي ئامرىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللىمايدىغانلىقى، ئۇلار بىلەن ھىچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېلان قىلدى.

خىتاي ئامرىكىنىڭ بوشىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسىگە ئەڭ ئاۋال ھاۋا ھۇجۇمى قىلدى. ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشمۇ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلدى. ئامرىكا شەرقى تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىگە ئاندا- مۇندا ياردەم بىرىپ قويغان بولسىمۇ، ئاساسىي ياردەمنى توختاتتى. روسىيە خىتاي ئايروپىلانلىرىنىڭ ئافغانىستانغا كىرىشى ۋە بومباردىمان قىلىشىغا بىر كۆزنى قىسىۋالدى. خىتاي تاكى ئافغانىستان- پاكىستان چېگرىسىغىچە ھۇجۇم قوزغايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامرىكا ۋاخانغا ھۇجۇم قىلساڭ مەيلى، ئەمما ئامرىكىنىڭ كابۇلدىكى ھەربىي بازىسىغا يېقىنلاشما دىدى. قىسقىغىنە بىر ئاي ئىچىدە 3000دىن ئارتۇق ئادىمىدىن زىيان تارتقان تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسى ساتقىنلىققا ئۇچرىغانلىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلدى. ئۇلار پاكىستانغا چېكىنىپ، خىتاينىڭ گۋادار پورتىغا تۇتىشىدىغان ئىقتىسادىي كارىدورىغا تەھدىت سىلىشنى نىيەت قىلدى.

**يەكۈن**

سىياسىي نىشاندىن ئالغاندا، تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ " خۇراسان ئىسلام دۆلتى" تەشكىلاتىنى يوقىتىش باھانىسىدا مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى نىشان قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن، شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىشى مەلۇم دەرىجىدە قانۇنىي ئادالەتكە ئىگە. 2014- يىلىدىن بۇيان ئۇلار خۇراسان ئىسلام دۆلتى تەشكىلاتىغا قارشى كۆرەشكە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارانىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خىتاي ئەسىرلەرگە تۇتقان ۋەھشىي مۇئامىلىسى خەلقئارا قانۇنغا زور دەرىجىدە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەسىرگە چۈشكەن خىتايلارنى قاتتىق خورلاش ۋە بىراقلا ئېتىپ تاشلاش قىلمىشلىرى تۈركىستان ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ خاراكتىرىنى بىكتىشكە زور توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. قانۇنسىز تەشكىلاتنى قوللاش خەلقئارا قانۇنغا ماس كەلمەيدۇ. ئامرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ قانۇنىي خاراكتىرىنى بەلگىلىمەسلىك ياكى قەستەن تىلغا ئالماسلىقى، ئەمما ئۇلارنى قۇرال سۈپىتىدە ئىشلىتىشى ئەمەلىيەتتە زور مەسئۇلىيەتسىزلىك ھىسابلىناتتى.

شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئاۋازغا قويۇلغان بولسىمۇ، خىتاي بىلەن روسىيەنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشى بىلەن تەستىقلانمىدى. خەلقئارا قانۇن جەھەتتىن شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى دۇنيانىڭ ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمىسىگىمۇ ئېغىر سىناق ھسابلىناتتى. ھازىرقى خەلقئارا سىستىما مىللىي دۆلەتنى ئاساسىي گەۋدە قالغان ھالەتتە قۇرۇلغان، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تېرىتورىيە پۈتۈنلىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى دۇنيا تىنچلىقىنىڭ ئاساسىي ھسابلىنىدۇ. خەلقئارا قانۇندا مىللەت ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى ناھايىتى مۇھىم پىرىنسىپ ھسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مۇھىم بولغىنى دۆلەت زىمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداش. مۇستەملىكە ياكى يېرىم مۇستەملىكە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مىللەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئىنتايىن مۇھىم قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇيغۇرلار بىرىنچى پىرىنسىپنى دەستەك قىلسا، خىتاي ئىككىنچى پىرىنسىپنى دەستەك قىلاتتى. شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان ھالەتتە، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق ئىلان قىلىشى خەلقئارا قانۇن- پىرىنسىپلارغا توغرا كەلمەيتى. خىتاي ھۆكۈمىتى:" شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل بولماقچى بولىدىكەن، شوتلاندىيە ئومۇمىي سايلىمى، جەنۇبى سۇدان ئومۇمىي سايلىمىغا ئوخشاش مەركىزى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ئومۇمىي خەلق ئاۋازغا قويۇپ بېكىتىشى كېرەك. ھەرقانداق بىر توپلام ياكى رايون ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولىۋالسا ياكى سىياسىي ھۆكۈمەت تەشكىللىۋالغانغا قانۇنىي كۈچگە ئىگە بولالمايدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەردە رايون خاراكتېرلىك ياكى مىللىي خاراكتېرلىك بۆلگۈنچى كۈچلەر بار. مەسىلەن: كانادانىڭ كۇبېك ئۆلكىسى، روسىيەنىڭ چېچېنىستان مەسىلىسى، ئىسپانىيەنىڭ كاتولىيە رايونى قاتارلىقلار بار. بۇ بۆلگۈنچى كۈچلەر دەۋاسىنى قانداقلا ياقىلىسۇن، ئاساسىي جەھەتتىن خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ. شۇڭا ئۇيغۇرلار خۇراسان ئىسلام دۆلىتى تەشكىلاتىغا قارشى ئۇرۇشتا قانچىلىك غەلبىنى قولغا كەلتۈرگەن، خەلقئارا جەمئيەتنىڭ قانچىلىك ھىسداشلىقىغا ئېرىشكەن، خىتاي زىمىنىدا قانچىلىك تېرىتورىيەنى ئەمەلىي كونترول قىلىپ تۇرىۋاتقان بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق ئىلان قىلىشىغا خەلقئارا قانۇنىي ئاساس يارىتىپ بېرەلمەيدۇ" دېدى. مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى پەرەز قىلغان قىزىل كۆز خىتايلار شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى 1949- يىلى 10- ئاينىڭ 5- كۈنىلا يوققا چىقىرىلغان ئىدى.

※ بۇ بىر ئەدەبىي ئەسەر. يىلنامىلەر كۇردىستاندا بولغان ۋەقەلەرگە ئاساسەن ئىلىنىدى. ۋەقەلەر كۇردىستاندا بولدى، مەن تۈركىستانغا ئەينەك قىلدىم. چۈشىنەلمىسەڭلار، يىلنامىلەرگە 10 يىل قوشۇپ ئوقۇساڭلار چۈشىنىشلىك بولىدۇ. يىلنامە ئۆتمۈشنىڭ بولغان بىلەن، ۋەقەلەر كەلگۈسىنى ئىپادىلەيدۇ.

2018 -3 -2

# ئۆزگىرىش ئىچىدە چېكىنىش(1)

**تۇنيۇقۇق**

3-ئاينىڭ 11- كۈنى خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاساسىي قانۇننىڭ 3- باب 2- بۆلۈم 79- ماددىسىدىكى:" خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ، مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئۇدا ۋەزىپە ئۆتۈشى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك" دېگەن تېكىستتىن " ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كىرەك" دېگەن قىسمى قىسقارتىلدى. شى جىنپىڭ 24- ئۆكتەبىر ئاياغلاشقان 19- قۇرۇلتايدا قايتىدىن رەئىسلىككە سايلانغاندا مەركىزى سىياسىي بىيورونىڭ 7 نەپەر دائىمىي ئەزالىقىغا رەئىسلىككە ۋارىس بولىدىغان ھېچقانداق نامزاتنى كىرگۈزمىگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزىلا شى جىنپىڭنىڭ داۋاملىق رەئىس بولۇش قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن ئىدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ 26- فېۋرالدا شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ ئۇدا رەئىس بولۇش ئىستىكىنى ئوچۇق ئاشكارىلىدى. 11- مارت بولسا قانۇن ئۆزگەرتىپ، كەلگۈسى ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس ھازىرلىدى. بۇ ئاساسىي قانۇندا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن نۇقتىلار ئاساسلىقى ئۈچ: 1- دۆلەت رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى مۇددىتى چەكلىمىسىنى بىكار قىلىش، 2- پارتىيە ھەممىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى قانۇنلاشتۇرۇش، 3- دۆلەتلىك تەپتىش كومىتېتى تەسىس قىلىش.

ئەمدى بۇ قانۇن ئۆزگەرتىشنىڭ ئارقىسىدىكى گۇمانلىق نۇقتىلار غا كەلسەك: قانۇن ئۆزگەرتىش تەكلىپ لاھىيەسى 26- فېۋرال ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەتتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، بىراقلا ئىلان قىلىنغان ۋاقتىدىلا زور غۇلغۇلا قوزغىغان. چۈنكى 26- فېۋرال مەركىزىي كومىتېت نامىدا ئىلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇن ئۆزگەرتىش لاھىيەسىدە 26 - يانۋار دەپ بار، بۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق يىغىن ئېچىلمىغان. بۇنىڭ ئالدىدا ئېچىلغان 19- قۇرۇلتاي 2- ئومومىي يىغىنى 19- يانۋار ئاياغلاشقان، 26- يانۋار قانۇن ئۆزگەرتىش لاھىيەسى چىقىرىلغان، 26- فېۋرال ئىلان قىلىنغان. 2- ئومومىي يىغىن ئاياغلىشىپ 1 ھەپتىدىن كېيىن چىقىرىلغان قانۇن ئۆزگەرتىش لاھىيەسى بىر ئاي كېچىكتۈرۈلۈپ مەركىزىي كومىتېت نامىدا ئىلان قىلىنىشى ئارىلىقتا شى جىنپىڭنىڭ قارا قولى بارلىقى، مەجبۇرى قانۇن ئۆزگەرتمەكچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ 2980 نەپەر خەلق ۋەكىلىدىن 2958 نەپەر ئاۋازنىڭ قوللاش، 2 ئاۋاز قارشىلىق، 3 ئاۋاز كىچىش، 17 ئاۋازنىڭ غايىپ بولۇشى بىلەن ئاساسىي قانۇننىڭ ئۆزگەرتىلىشى كومپارتىيە ئىچىدىكى قارشى كۈچلەرنىڭ ھەم ئاجىزلىقىنى، ھەم بۇ ئاۋاز بېرىشنىڭ ساختىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەسلىدە خىتايدا دۆلەت رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىس قاتارلىق ۋەزىپىلەر ئەسلىدە قۇرۇق مەنسەپ بولۇپ، دۆلەت ئورگىنىغا رەھبەرلىك قىلىش، مەمۇرىي ۋە ھەربىي ھوقۇق يۈرگۈزۈش دېگەندەك ئەمەلىي ھوقۇقى بولمايدۇ. رەئىسلىك پەقەت خەلقئارا قائىدە – يوسۇن ۋە سىمۋوللۇق ۋەكىل سۈپىتىدە قوللىنىدىغان مەنسەپ. بۇنىڭ مىسالى: خىتايدا 1949- يىلى دۆلەت قۇرۇلغان بىلەن، دۆلەت رەئىسلىك ۋەزىپىسى 1954- يىلى تەسىس قىلىنغان، ئاڭغىچە ماۋزىدۇڭ مەركىزى ھۆكۈمەت رەئىسى سۈپىتىدە دۆلەت باشقۇرغان. 1968- يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە پارتىيە شۇجىسى ماۋزىدۇڭ دۆلەت رەئىسى لىيۇ شاۋچىنى دۆلەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغان. 1975- يىلى ماۋزىدۇڭ قانۇن ئۆزگەرتىپ، دۆلەت رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى بىكار قىلغان. 1982- يىلى دېڭ شياۋپىڭ قانۇن ئۆزگەرتىپ، 14 يىل بىكار قالغان دۆلەت رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، ئەمما رەئىسلىك مۇددىتىگە چەكلىمە قويغان. 1987- يىلى دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت رەئىسى خۇياۋباڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىۋەتكەن، 1989- يىلى تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن دۆلەت رەئىسى جاۋزىياڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىۋەتكەن. 1993- يىلى جياڭ زېمىن رەئىس بولغاندىن كېيىن، پارتىيە شۇجىسى ۋە ھەربىي كومىتېت رەئىسى سالاھىيىتى بىلەن دۆلەت

رەئىسلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ هوقۇقنى بىرلەشتۈرگەن. 2003- يىلى خۇجىنتاۋ رەئىس بولغاندىن كېيىن، جياڭ زېمىن پارتىيە باش شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئىختىيارى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، باش شۇجىلىق ۋەزىپىسىنىڭمۇ ئۇدا ئىككى نۆۋەتتىن ئارتۇق تۇرماسلىق يوشۇرۇن قائىدىسىنى تۇزۇپ بەرگەن. ئەمما جياڭزېمىن هەربىي هوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەن. 2005- يىلىغىچە هەربىي هوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىنمۇ مەركىزىي سىياسىي بىيورو ئەزالىقىغا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى سەپلەپ، خۇ جىنتاۋنى قورۇق مەنسەپكە ئولتۇرغۇزغان. خۇ جىنتاۋ بولسا بارلىق هوقۇقنى بىراقلا شى جىنپىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ يەنە يېڭىچە يول ئاچقان. 2013- يىلى شى جىنپىڭ رەئىس بولغان بەش يىلدىن بۇيان، ئۇ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش باهانىسىدا جياڭ زېمىنىڭ شايكىلىرىنى تازىلىۋەتتى.

ئەمدىلىكتە شى جىنپىڭ 1982- يىلى دېڭ شياۋپىڭ بېكىتكەن " دۆلەت رەئىسىنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك" دېگەن ئاساسىي قانۇن ماددىسىنى ئۆزگەرتتى، ماۋزېدۇڭ زامانىسىدا كىرگۈزۈلگەن :" كومپارتىيە هەممىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ" دېگەن سۆزنى دېڭ شياۋپىڭ ئاساسىي قانۇندىن چىقىرىۋەتكەن، چۈنكى دېڭ شياۋپىڭ ئەينى چاغدا ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ شوئار ئارقىلىق هوقۇقنى پارتىيەگە، پارتىيە ئارقىلىق ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەنلىكىنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە كېيىنكىلەرنى چەكلىگەن ئىدى. شى جىنپىڭ بولسا ئۆزىگە هوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن قايتىدىن ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزدى. " پارتىيە هەممىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ" دېگەن شوئارنىڭ قانۇنغا ئايلىنىشى بۇنىڭدىن كېيىن كىم پارتىيەنىڭ ئەڭ ئالىي رەهبىرى شى جىنپىڭغا قارشى چىقسا، قانۇنغا قارشى چىققان هېسابلىنىدۇ، بۇرۇنقىدەك چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش نامىدا جازالىنىشىمۇ بولىۋېرىدۇ.

خىتايدەك قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغان، دۆلەت رەئىسىنىڭ ئەمەلىي هوقۇقى بولمىغان دۆلەتتە شى جىنپىڭ قاتتىق قارشىلىققا قارىماستىن ئالدىراپ- سىنەپ رەئىسلىك قانۇنىنى ئۆزگەرتىشى نېمە سەۋەبتىن؟ خىتايدا قانۇن خەلققە ئاساس قىلىنمىسىمۇ، رەهبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنى بىر ئويۇن قائىدىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. رەئىسلىك مۇددىتىنى ئىككى نۆۋەتتىن ئارتۇق بولماسلىق 36 يىللىق ئومومىي ئۇقۇمغا ئايلىنىپ بولغاندا، ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىش شى جىنپىڭنىڭ ئۇدا رەئىس بولىشى ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس تەمىنلەيدۇ. دۆلەت رەئىسىنىڭ ئەمەلىي هوقۇقى بولمىغان بىلەن، ئۇنىڭ ئىمزايىسىز قانۇن قانۇن بولمايدۇ، ئىش ئىش بولمايدۇ، رەئىس قانۇنلۇق تامغىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. بىراق شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ شى جىنپىڭنى ئۇدا رەئىسلىكتىن توسۇش ئاخىرقى قانۇنىي ئاساسىنىمۇ بەربات قىلىۋەتتى.

شى جىنپىڭ 19- قۇرۇلتايدا رەئىس ۋارىسى قالدۇرمىغان، ئۆز ئىسمى ۋە ئىددىيەسىنى پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈپ ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ بىلەن بەسلەشكەن. ئەمدىلىكتە بولسا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن دېڭ شياۋپىڭ 1982- يىلى بەلگىلىگەن "رەئىسلىك مۇددىتى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك" ماددىسىنى ئۆزگەرتىپ، ماۋزېدۇڭ بىلەن باراۋەر بولۇشنى ئىستىشى ئۇنىڭغا هەرگىز ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى شى جىنپىڭنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى، كۆرسەتكەن نەتىجىسى، قوللىغۇچىلىرى ماۋزېدۇڭ ۋە دېڭشياۋپىڭدەك يۇقىرى ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ ئارقىمۇ- ئارقا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىلمىشلىرى هەددىدىن ئاشقانلىق هېسابلىنىدۇ. خىتايلار ئاغزىدا ماقۇل دېگەن بىلەن، كۆڭلىدە قارشى تۇرىدۇ، بەش يىلدىن بۇيان ئىرىشكەن بۇرۇنقى قوللاشتىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ. ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، پۇرسەت تاپسا قارشى تۇرىدۇ. ئەمما هازىر ئارمىيە، ساقچى، تەشۋىقات قاتارلىق مۇهىم ئورۇنلار شى جىنپىڭنىڭ قولىدا. ئەگەر خىتايلار كەلگۈسىدە شى جىنپىڭنى ئۇدا رەئىسلىكتىن توسۇپ قالماقچى بولىدىكەن، چوقۇم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى كوللىكتىپ هالدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىماي تۇرۇپ غەلىبە قازىنالمايدۇ. ئەگەر كەلگۈسىدە 5-10 يىل ئىچىدە زور قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ قالسا، قانۇن ئۆزگەرتىش دەل بۇنىڭ ئوت پىلتىسى بولۇپ قالىدۇ.

12-3-2018

# ئۆزگىرىش ئىچىدە چېكىنىش(2)

**تۇنيۇقۇق**

21 ـ مارت، خىتاي "پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لايىھەسى" تارقاتتى ۋە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ "بارلىق يەرلىكلەرنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى ۋەزىپىسى 2019- يىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىشىنى شەرت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۆتكەن يىلى 19- قۇرۇلتايدا باشلانغان ھوقۇق كۆرۈشىنىڭ نەتىجىسى بۇ قېتىملىق 13- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا تولۇق تاماملاندى.

بىز ئاۋال يىقىنقى ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلەپ ئۆتەيلى: بىز 19 "- قۇرۇلتايدا خىتاي سىياسىي بىيوروسى يەتتە نەپەر دائىمىي ئەزاسى سايلاندى، ئەمما كاندىدات رەئىس بېكىتىلمىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈچ نەپەر ئەزا شى جىنپىڭ گورۇھىغا، ئىككى نەپەر ئىتتىپاقچىلار گورۇھىغا، ئىككى نەپەر جياڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى شاڭخەي گورۇھىغا تەۋە. ئەمما شاڭخەي گورۇھىدىكىلەر ئۆگىرىشچان كىشىلەر، شى جىنپىڭغا ئەگىشىپ كېتىدۇ، ئىتتىپاقچىلارمۇ شى جىنپىڭغا بېقىنىپ ياشايدۇ. 19- قۇرۇلتاينىڭ قىززىق نۇقتىسىدىن بىرى بولغان شى جىنپىڭنىڭ چىركىلىككە قارشى تۇرۇپ، دۈشمەن تازىلاشتىكى قابىل مۇشاۋۇرى ۋاڭ چىشەن ئەزالىقتىن قالدۇرۇلغانىدى. ئەمما شى جىنپىڭ ئۇنى يەنىلا ئەتىۋارلاپ مەسلىھەت سەپ تۇرىدۇ"" دىگەن ئىدۇق.

19- قۇرۇلتاي 24- ئۆكتەبىر ئاياغلاشتى. 31- ئۆكتەبىر شى جىنپىڭ ھەيۋەت بىلەن جياڭ زېمىنىنىڭ كونا ئۇۋىسى شاڭخەينى زىيارەت قىلىپ، يىڭى سايلانغان يەتتە دائىمىي ئەزا بىلەن پارتىيەگە قاسەمياد بەردى. ئەمەلىيەتتە شى جىنپىڭ بۇ زىيارەت ئارقىلىق جياڭ زېمىن گورۇھىنىڭ گۇمراھ بولغانلىقىنى جاكارلىغان بولدى.

شى جىنپىڭ بۇ يىل 11- مارت ئاساسىي قانۇندىن رەئىسلىك، مۇئاۋىن رەئىسلىك مۇددەت چەكلىمىسىنى بىكار قىلدى. 17 ـ مارت، شى جىنپىڭ رەئىسلىككە، قەدىناس مەسلىھەتچىسى ۋاڭ چىشەن مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. يىغىنلاردا ۋاڭ چىشەن يەتتە نەپەر دائىمىي ئەزا بىلەن بىر رەتتە ئولتۇردى. ئەمما گوۋۇيۈەن زۇڭلىلىقىغا لى كېچياڭ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە لى كېچياڭ كۆرسەتكەن خۇ چۈنخۇا قايتا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، 21- مارت گوۋۇيۈەنىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى تارقاقلاشتۇرۇشۇپ، قاتتىق ئاجىزلاشتى. دىمەك، ئىتتىپاقچىلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاشتۇرۇلدى.

ئەمدى "پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لايىھەسى" ماقۇللىنىپ، گوۋۇيۈەن- يەنى دۆلەت ئىشلىرى ئورگىنى تەركىبىدىكى 26تارماقنىڭ بىر قىسمى قىسقارتىلدى، قوشۇۋېتىلدى، چېچىۋېتىلدى ياكى ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئارقىلىق گوۋۇيۈەنىنىڭ ھوقۇقى تارقاقلاشتۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭغا تېخىمۇ مەركەزلىشىدۇ. شۇنداقلا دىڭ شياۋپىڭ يولغا قويغان ئىسلاھات ئىشكىنى ئىچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ بىرىنجى قەدىمى : "پارتىيە- ھۆكۈمەت خىزمىتى ئېنىق ئايرىلىش" دىگەنلەر ئارقىغا داجىيدۇ.

ئەمدى بىز خىتايچە خەۋەردە بار، ئۇيغۇرچە بەتكە قەستەن تەرجىمە قىلىنمىغان تۆۋەندىكى گەپكە كىلەيلى. " پارتىيە ھەممىگە يىتەكچىلىك قىلىش" قانۇنلاشتۇرۇلغاندىن كىيىن، يۇرگۇزمەكچى بولغان بۇ ئىسلاھاتتا ئاساسلىق ئىككى نۇقتا دىققەتنى قوزغايدۇ. ئۇلار: (1) كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات، نەشرىيات خىزمىتى، كىنو خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش؛(2) مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ خىزمىتى بۆلۈمى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دىن خىزمىتى، مۇھاجىرلار ئىشلىرى خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش؛(3) مەركەز تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سەرخىللاشتۇرۇش؛

بۇلارنىڭ يەشمىسى (1) بۇندىن كىيىن بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى: كىنو، تىلۋىزىيە، گىزىت، خەۋەر، تور،

ئۆزمىدىيا قاتارلىقلار تېخىمۇ قاتتىق تەكشۈرۈلىدۇ، تېخىمۇ كۈچلۈك قىزىللاشتۇرۇلىدۇ، توختىماي پارتىيە-ھۆكۈمەتنى ماختايدۇ. ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندا ئىلىپ بېرىلىۋاتقان قىزىللاشتۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك خىزمەتلىرى خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىمۇ كەڭ قانات يايدۇرىلىدۇ.

(2) خىتاي 1961- يىلىدىكى مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى دىنىي ئىشلار ئىشخانىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ئەسلىدە دۆلەتتىن باشقۇرۇدىغان مىللىي، دىنىي خىزمەتلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن بىۋاستە دەھرىي كومپارتىيە باشقۇرۇلىدىغان بولىدۇ. مەركىزىي كومىتېت بۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە دىندارلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كۈچەپ سىڭدۈرۈپ، دىنىنى دەھرىيلەشتۈرىدۇ، خىتايچىلاشتۇرىدۇ، تۇراقسىزلاشتۇرىدۇ. راھىپلاردىن تارتىپ پوپلارغىچە، موللىلاردىن تارتىپ موماي‍لارغىچە ھەممە ئادەم قىزىل ناخشا ئوقۇيدۇ، پارتىيەنى مەدھىيەلەيدۇ، كومپارتىيەگە دۇئا قىلىدۇ. مۇھاجىرلار خىزمىتىدە، خىتاي ئىچى-سىرتىدىكى مۇھاجىرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، قورقاق سىلىش، خىتايغا قارشى تەشۋىقاتلارنى بېسىقتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. سىز، بىز شەرقى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئەلۋەتتە بۇ خىزمەتلەرنىڭ نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرىشىدا بولىدۇ.

(3) خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ تور بىخەتەرلىكى شەرقى تۈركىستاننىڭ ھازىرقى تور بىخەتەرلىكىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

بۇ يېغىندا بولۇنغان دوكىلاتلاردىن يەنە خىتاينىڭ مۇقىملىقنى ساقلاش خامچوتى، دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىدىن 20% ئېشىپ كەتكەنلىكى يەنە بىر قېتىم دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. 7 يىلدىن بۇيان، خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىق نامىدىكى مۇقىملىقنى ساقلاش خامچوتى دۆلەت مۇداپىئە چىقىم خامچوتىدىن ئارتۇق چىقىۋاتقان بولۇپ، تاشقى دۈشمەندىن ئىچكى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش چىقىمى ئېشىپ كەتكەن. خىتاي ئاۋىياماتكا، ئايروپىلان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىق ئېغىر تىپتىكى قۇراللارغا خەجلىگەن پۇللارمۇ ئىچكى مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن قولىدا قۇرال يوق خەلقنى باستۇرۇشقا كەتكەن پۇلغا يەتمىگەن. بۇ تېخى پەقەتلا مەركەزنىڭ خامچوتى بولۇپ، يەرلىكتە ئەمەلىي خەجلىنىدىغان ئاساسىي قىسمى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. مۇقىملىقنى ساقلاش چىقىمىنىڭ كۆپ قىسمى شەرقى تۈركىستان، تىبەتكە ئوخشىغان چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاشقا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ 2017- يىلى شەرقى تۈركىستانغا سالغان مۇقىملىقنى قوغداش مەبلىغى 2016- يىلىدىكىدىن 92% ئاشقان. 2017- يىلى 9- ئايغىچە شەرقى تۈركىستاندا 100 مىڭ كىشىلىك ساقچى خىزمەت ئورنى ھازىرلانغان. مۆلچەردە بۇ چىقىم تېخىمۇ ئاشىدۇ، ۋەتىنىمىزدە زۇلۇم تېخىمۇ كۈچىيىدۇ دىگەن گەپ.

خىتاينىڭ ئىچكى- تاشقى بىخەتەرلىك خامچوتى دۆلەت ئومۇمىي ئىقتىساد تەرەققىياتىدىن ئىزچىل يۇقىرى، چىقىم كىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ كەلگەن. خىتاي كومپارتىيىسى دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئارمىيەنىڭ تەمىناتىنى ئاقسىتىپ قويسا بولمايدۇ، خەلقنىڭ قوزغىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇقىملىقنى ئوبدان ساقلىمىسا بولمايدۇ. خىتاي كۈچلۈك دۆلەت بولىمىز دەيدىكەن، يىپەك يولى ئىستىراتىگىيەسىگە مەبلەغ سېلىشنى توختىتىپ قويسا تېخى بولمايدۇ. ئىقتىساد يېتىشمىسە قانداق قىلىدۇ؟ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ، بۇرۇن قۇرۇق سۆلەتكە تۇرىدىغان كارخانا پارتىيە شۆجىسى ئەڭ چوڭ ھوقۇقتا ئىگە بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىدىكى خەلقئارالىق كارخانىلار دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى رىقابەتلەردە دۆلەتنىڭ ماكرولۇق قوللىشى بىلەن ناتوغرا رىقابەت ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار يەنە زور چىقىم بىلەن خەلقئارالىق كارخانىلارنى بازار باھاسىدىن يۇقىرى ھالدا سېتىۋالىدۇ، خىتايغا مەبلەغ سالغان چەتئەل كارخانىلىرىنى تىخنىكا سېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىلى شىياۋپىڭ ئىسلاھات ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىككىنچى قەدىمى: ھۆكۈمەت – كارخانا خىزمىتى ئېنىق ئايرىلىش، قانۇنلۇق بولىسىلا يولغا قويۇش دىگەن كۆرسەتمىلەر بىكار قىلىنىدۇ.

شى جىنپىڭ ئاساسىي قانۇن، سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەردە ئاساسەن دىڭ شياۋپىڭ بېكىتكەن يۆلىنىشلەردىن چەتنەپ، ماۋزېدۇڭ زامانىسىدىكى كونا سىياسەتلەرنى زورلاپ تىرىلدۈرمەكتە. خەلقئارا خىتايدىن ھۈركۈمەكتە، خىتاينى چەكلىمەكتە، يۈز ئۆرۈمەكتە. "بۈيۈك دۆلەت چۈشى" بىلەن پەپىلەنگەن خىتايلار مۇ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز تەختىنى ساقلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن كۆز بويامچىلىقىنى ئۇزاققا قالماي تونۇپ يېتىدۇ. شى جىنپىڭ قانچىكى ھەددىدىن ئاشسا ئۇنىڭ ئەجىلى شۇنچىكى يېقىنلايدۇ.

2018-3-22

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


https://cn.wsj.com/articles/CN-BCH-20180307154147

http://www.uycnr.com/xwzx/ttxw/201803/t20180322_1229624.html

https://baike.baidu.com/item/%E5%85%9A%E6%94%BF%E5%88%86%E5%BC%80/4149029

http://www.bbc.com/zhongwen/simp/chinese-news-43484361

http://www.gov.cn/zhengce/2018-03/21/content_5276191.htm#1

# تۇيۇق يولغا قايتا نەزەر

تۇنيۇقۇق




خىتاينىڭ چوڭ دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە كۆتىدىغان ئاساسلىق ئالتە تەلىپى بار بولۇپ، ئۇلار: بىرلا جۇڭگو پرىنسىپىنى قوللاش، خىتاينىڭ تەيۋەننى ئىشغال قىلىشىنى قوللاش، خىتاينىڭ بىر پارتىيە سىياسىي تۈزۈلمىسى خىتاينىڭ ۋەزىيىتىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى قوللاش، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ۋە جەنۇبىي دىڭىز چىگرا مەسىلىسىنى تەگمەسلىك، يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسىنى ئەمەلىي قوللاشتىن ئىبارەت. يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسى 2013- يىلى 9- ئايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا دۆلەت ئىستىراتېگىيەسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمما 5 يىللىق جەرياندا خىتايلار ئۇنى "ئىستىراتېگىيە" دېمەي " تەشەببۇس" دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولماقتا. 2018- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە يۈز بېرىۋاتقان جىددىي ئۆزگىرىشلەر ، كەسكىن رىقابەتلەر يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسىنىڭ قاتمۇ- قات توسالغۇلاردا قالغانلىقىنى ئاشكارىلىماقتا.

20- ئەسىردىكى ئۈچ چوڭ ئىستىراتېگىيە نۇقتىنەزىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن خىتاينىڭ يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسى نەزىرىيە جەھەتتىن ناھايىتى كاتتا، تەشۋىقات جەھەتتىن ئورتاق ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، شەرقىي ياۋرو- ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئىقتىسادىي ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر يەنىلا سۈكۈتتە ئەلا بىلمەكتە. بۇ غەربىي ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەر ئەمەلىيەتتە دەل خىتاينىڭ يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسىدىكى نىشان دۆلەتلەر بولۇپ، ئامرىكىدىن قالسا ياۋروپا خىتاينىڭ ئىككىنچى چوڭ بازىرى ھىسابلىنىدۇ. خىتاي شەرقىي ياۋروپانى كىرىش ئېغىزى قىلىپ غەربىي، شىمالىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىغا سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق، سىياسىتىگە تەسىر قىلىشنى خالايدۇ، ياۋروپانىڭ ئىلغار پەن- تېخنىكا، ئەقلىي مۈلۈك بىلىملىرىنى ئوغۇرلاش ئارقىلىق، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر خىتاينىڭ يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسىدىن ئەنسىرەيدۇ، خىتاينى سودىلاردا خەلقئارا سودا قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىۋاتىدۇ.

ئامېرىكا ئەقىل ئامبىرى ئىستىراتېگىيە ۋە خەلقئارا تەتقىقات مەركىزىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسىگە قاتناشقان 34 دۆلەتتىكى %89 قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرى خىتاي كارخانىلىرى بولۇپ، چەتئەل كارخانىلىرى ئارانلا %11 ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي كارخانىلىرى دۆلەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن بولغاچ، چەتئەل كارخانىلىرىنىڭ رىقابەتلەشمىكى تەس بولۇپ، سودىدىكى تەڭسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەزكۇر ئەقىل ئامبىرىنىڭ تەتقىقاتچىسى جوناسىن خىلمەن(Jonathan Hillman):" يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسى بولسا بىر ماركا، قاتتىق بەلگىلىمىلەرگە ئىگە پىلان تۈرى ئەمەس. ھەرقانداق بىر چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى يىپەك يولى قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمى بولالايدۇ. دەل شۇنداق بولغاچ، ئەگەر قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇددىتى ئۇزىراپ كېتىش، چىقىمى ئېشىپ كېتىش، مۇھتىنى بۇلغاش، يەرلىك ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلەتمەستىن، خىتاي ئىشلەمچىلىرىنىلا ئىشلىتىش قاتارلىق بىر تۈركۈم مەسىلىلەر يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسى ۋە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرىدۇ" دېگەن.

بۇ يىل بېشىدا فىرانسىيە خىتاينى زىيارەت قىلغاندا گەرچە يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسىنى ئاغزاكى قوللاپ قويغان بولسىمۇ، يەنە يىپەك يولى خىتاينىڭ جاھانگىرلىك يولى بولۇپ، ئۆتەك دۆلەتلەرنىڭ قوشۇمچە بويۇمغا ئايلىنىپ قالماسلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئەمما خىتاي خەۋەرلىرىدە ماكروننىڭ يىپەك يولىنى ماختىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسكەرتمىسىنى تىلغا ئالمىدى. خىتايغا زىيارەتكە كەلگەن ئەنگىلىيە باش ۋەزىرى تىرىسا مىي خانىممۇ يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسىگە قول قويمىدى.

ئۇندىن باشقا، خىتاينىڭ مەبلىغىگە ئېرىشكەن بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ چىرىكلىكى ياۋروپا ئىتتىپاقىنى چۆچۈتتۈۋەتكەن. ئىقتىسادىي كىرىزىس تۈپەيلى ئېغىر قەرزگە بوغۇلغان گىرېتسىيە خىتاينىڭ كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، 2016- يىلى 8- ئايدا گىرېتسىيەنىڭ پىرايۇس Piraeus پورتىنىڭ كۆپ قىسىم پايچېكىنى خىتايغا سېتىپ بەرگەن. ئوتتۇرا دېڭىزغا قارايدىغان پىرايۇس پورتى خىتاينىڭ يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسىدە ياۋرو- ئاسىيا، ئافرىقا لىنىيەسىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، خىتاينىڭ ياۋروپا بازىرىغا كىرىشتىكى بىر چوڭ دەرۋازا ھېسابلىنىدۇ. 2017- يىلى 6- ئايدا ياۋروپا ئىتتىپاقى ب د ت دا خىتاي كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئەيىبلىمەكچى بولغاندا، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەت گىرېتسىيەنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن توسۇپ قىلىندى. بۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىدا يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان كۆرۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ئەھۋال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. "يېگەن ئېغىز ئۇيۇلار" دەپ، گىرېتسىيەدىن باشقا ۋېنگىرىيە، كىرودىيە قاتارلىق ئىقتىسادىي ئاجىز دۆلەتلەرمۇ خىتايغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق، جەنۇبى دېڭىز مەسىلىلىرىدە خىتاينىڭ چىشىغا تەگمەسلىكنى تەشەببۇس قىلغان. [4] يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسىگە قاتناشقان شەرقى ياۋروپادىكى ۋېنگىرىيە تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنى بىۋاستە خىتاي كارخانىسىغا ھۆددىگە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، خىتاي كارخانىسىنىڭ ناتوغرا رىقابەت قىلغانلىقى گۇمان قوزغىغان. ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋېنگىرىيەنىڭ بۇ كېلىشىمنى قاتتىق تەكشۈرۈشكە باشلىغان بولۇپ، تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىمۇ مەسىلە بولۇپ قالغان. [5] ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي كارخانىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ناتوغرا ئىقتىسادىي يوللار ئارقىلىق ياۋروپاغا سىڭىپ كىرىپ، خىتاي مۇستەبىت سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنى پارچىلاش، سىياسىي تۈزۈلمىسى، قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ئەنسىرىمەكتە. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خىتاي كارخانىلىرىنى قانۇن ئارقىلىق چەكلەش تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، فىرانسىيە مۇئاۋىن باش مىنىستىرى قوللىدى. ياۋروپادىكى يېتەكچى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ خىتايدىن ئەندىشە قىلىشى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەۋقەسىنى ئىپادىلەپ بەردى.

ئۆتكەن يىلى 11- ئايدا ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر دىن تەشكىللەنگەن ھىندى- تىنىچ ئوكيان ئىستىراتېگىيەسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئىستىراتېگىيە ئىلگىرىكى ئاسىيا- تىنىچ ئوكيان ئىستىراتېگىيەسىنىڭ ئورنىنى ئالغان بولۇپ، ئاساسلىقى خىتاينىڭ زورىيىپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. 19- فېۋرال بۇ تۆت دۆلەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى "ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرەققىيات

ھەمكارلىق پىلانى" توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلدى. ئۇلار ئەتەي "بۇ خىتاينىڭ يىپەك يولى ئىستىراتىگىيەسى بىلەن رىقابەتلەشكەنلىك ئەمەس" دەپ قويدى. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى دۇنيا بويىچە بىرىنچى، ياپونىيەنىڭ ئۈچىنچى، ھىندىستان يەتتىنچى، ئاۋستىرالىيە13، بۇلارنىڭ يىغىندىسى ئەلۋەتتە دۇنيا بويىچە ئىقتىسادى كۈچى ئىككىنچى بولغان خىتايدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ تۆت دۆلەت بىرلىشىپ ھىندى- تىنىچ ئوكياندا خىتايغا تاقابىل تۇرسا، خىتاينىڭ كۈچى يەتمەسلىكى ئېنىق. 10- مارت، فىرانسىيە پىرىزدىنتى ماكرون ھىندىستانغا ئۈچ كۈنلۈك زىيارەتكە باردى، ھىندىستانغا قۇرال سېتىپ بەردى، ھىندى ئوكياندىكى فىرانسىيە ھەربىي بازىسىنى ھىندىستاننىڭ ئىشلىتىشىگە قوشۇلدى. فىرانسىيە ئاگېنتلىقى بۇ زىيارەتنى "خىتايغا قارشى ھىندىستاننى يۆلەپ تەڭپۇڭلۇق يارىتىش" دىدى. ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى بولسا:" ماكروننىڭ بۇ قېتىملىق ھىندىستان سەپىرى "ياۋروپا بىلەن ھىندىستاننىڭ خىتاي بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستىراتىگىيەسىگە قارىتا ئورتاق ئىنكاس قايتۇرۇشتا بىر پۇرسەت بولۇپ قالغۇسى" دىدى.

شەرقتە تىنىچ ئوكيان ئامېرىكىنىڭ ئالقىنىدا، جەنۇبتا ھىندى ئوكيان تۆت دۆلەتنىڭ قوينىدا بولۇپ، خىتايلارنىڭ دېڭىزدا تەسىر كۈچىنى زورايتمىقى بەسى مۈشكۈل. قۇرۇقلۇقتا خىتايغا قالغىنى بولسا شەرقى دېڭىزدىن شەرقى ياۋروپاغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلار. بۇنىڭ ئىچىدىن خىتاينى چىقىرىۋەتسەك، قالغىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە شەرقى ياۋروپا بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتىكى دۆلەتلەر ئاساسەن نىسبەتەن تەرەققىي قىلمىغان، ئىقتىسادى تۆۋەن، مۇقىمسىز، بىكىنمە دۆلەتلەر ھىسابلىنىدۇ. خىتاي غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان بۇ رايونلاردا تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ رايونلاردىمۇ خىتاي يەنە روسىيە بىلەن ھىندىستاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

خىتاي قۇرۇقلۇق يولدىن مېڭىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە تۆمۈر يول، تاشيول، ئېلىكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش، ئۈزۈن مۇددەت ھەمكارلىق ئورنىتىش ئۈچۈن بۇ دۆلەتلەرگە قارىتا تەسىر كۈچىنى زورايتمىسا بولمايدۇ. خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادا كۈچەيسە، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ ئارقا ھويلىسى دەپ قارايدىغان روسىيە بىلەن مۇناسىۋىتى كەسكىنلىشىپ قالىدۇ. نەچچە يىلدىن بۇيان روسىيە كۆزەتكۈچىلىرى بۇ توغرۇلۇق نەچچە قېتىم سۆزلىگەن، ئاگاھلاندۇرغان بولدى. خىتاينىڭ تاجىكىستان، ئافغانىستاندىكى يېڭى قۇرۇلغان ھەربىي بازىلىرى روسىيەنى جىددىيلەشتۈرۈپ، خىتاينىڭ يوشۇرۇن خەۋپىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقاردى. خىتاي جەنۇبى ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتىسە، كونا رەقىبى ھىندىستاننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. يېقىندىن بۇيان خىتاي مالدىۋدا ھىندىستان بىلەن تەسىر كۈچى تالىشىۋاتىدۇ، ھىندىستان 16 دۆلەت بىلەن بىرلىشىپ دېڭىز مانېۋىرى ئۆتكۈزۈپ ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ. ۋىتنام خىتايدىن ئەنسىرەپ، كونا رەقىبى ئامېرىكىنى ياردەمگە چاقىرۋاتىدۇ.

قارشى چىققان چوڭ دۆلەتلەردىن باشقا، يىپەك يولى ئىستىراتىگىيەسىگە قوشۇلغان دۆلەتلەرمۇ ئوخشىمىغان قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. مەسلەن 2017- يىلى دىكابىر سىرلانكا خىتايدىن ئالغان ئېغىر قەرىزنى تۆلىيەلمەي، خامبانتوتا پورتىنىڭ (Hambantota) 70% پاي ھوقۇقىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ۋە خىتاينىڭ نېفت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشىنى رەت قىلغان. دۆلەت تېررىتورىيەسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ قويىدىغان بۇ خىل ئېغىر ئاقىۋەت ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنى قاتتىق چۆچۈتكەن. نىپال، بىرما، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر خىتايغا ئېغىر دەرىجىدە يۆلەنگەن، زور سوممىلىق مەبلىغىنىڭ كەلگۈسىدىكى خەتىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، خىتاي مەبلەغ سالغان سۇ- ئىنشائات قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 3 دىمەك، خىتاينى چوڭ دۆلەتلەر قوللىمايدۇ، قوللايدىغان دۆلەتلەرنىڭ تايىنى يوق ئەھۋال شەكىللەنگەن.

يىپەك يولى ئىستىراتىگىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر نۇقتىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئۈچ نۇقتىنەزەرنى بىرلەشتۈرگەنلىكى بولسا، ھالقىلىق مەسىلىلىرىدىن بىرىمۇ دەل شۇ بولماقتا. چۈنكى يىپەك يولى ئىستىراتىگىيەسىنىڭ ماھىيىتى بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز يولىنى كونترول قىلىش بولۇپ، يېقىنقى زامان تارىخىدا ھېچقايسى بىر دۆلەت

بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككىسىگە ئىگە بولالىغان ئەمەس. يەنە كېلىپ دېڭىز- قۇرۇقلۇق لىنىيەسىنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن، ئارىلىقتا كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ مەنپەتىگە تاقىشىدىغان بولغاچ كىلىشتۈرمەك تەس. شۇڭا ئىككى تۈمەن خىتاي كارخانىسى چەتئەلگە مەبلەغ سالغان بولسىمۇ، 90% ئارتۇقى زىيان تارتقان.

ئەنە شۇنداق جۇغراپىيەلىك ئىستىراتېگىيە ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر سەۋەبىدىن، خىتاينىڭ يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسى گەرچە ئورتاق تەرەققىيات ۋە ئىچكى سىياسەتكە ئارىلاشماسلىقنى شۇئار قىلغان بولسىمۇ، خىتاي ئىشىنچە تاۋار ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى بازارغا سالىدىغان خىتاي مەنپەتىنى ئاساس، تەڭسىز رىقابەت ۋە ئۇچۇر- تېخنىكا ئوغۇرلاشنى ۋاستە، ئىقتىساد ئارقىلىق سىياسەتكە تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە بولغاچ، چوڭ دۆلەتلەر چىلبۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىۋاتىدۇ.

2018-3-16

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


https://www.independent.co.ug/france-signs-deals-china-warns-pillaging
https://www.ftchinese.com/story/001076174
http://www.bbc.com/zhongwen/simp/world-42903364
https://cn.nytimes.com/china/20170620/china-human-rights-greece-united-nations/dual
http://www.bbc.com/zhongwen/simp/world-42903364
https://www.ftchinese.com/story/001076137
http://www.xinhuanet.com/finance/2015-02/09/c_127473411.htm

# "قوش مەسجىد"

## تونيۇقۇق

قوش مەسجىد تىلغا ئېلىنسا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يادىغا يازغۇچى مۇھەممەدئېلى زۇنۇننىڭ " قوش مەسجىد" ناملىق مەشھۇر ھىكايىسى يادىغا يېتىش مۇمكىن. ھىكايىدە مۇنداق بىر پاجىئە سۆزلىنىدۇ: ئايكوچا ئەسلىدە قۇلۇم- قوشنىلار زامان- زامانلاردىن ئىجىل- ئىناق ئۆتۈپ كەلگەن بىر مەھەللە ئىكەن. بۇ كوچىنىڭ ئىمامى ياسىن داموللامنىڭ قوشماق ئوغلى، مەھەللىدىكى قوشماق ئاچا- سىڭىللار بىلەن توي قىپتۇ. ئۇلار قايچا توي قىلىپ، ئاكىسى سىڭلىسىنى، ئۇكىسى ئاچىسىنى ئەمرىگە ئاپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ قوشماق كېلىن خېنىم بىر- بىرىدىن تۆر تالىشىپتۇ، ئۇلارغا يان بېسىپ قوشماق ئاكا- ئۇكىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇلۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرگەن قۇلۇم- قوشنىلار بۇ ئىككى جۈپ قوشماقلارغا بولۇشۇپ، كوچىنىڭ ئىككى يېقىدىكى 19 جۈپ ئائىلىلىكلەرمۇ ئۆز-ئارا ئۆچ- ئاداۋەتلىشىپتۇ. ئۇلار ھەتتا بىر مەسجىدتە ناماز ئوقۇشنى راۋا كۆرمەي،كىچىككىنە تار كوچا ئىچىدە ئەسلى بار بولغان مەسجىدكە ئۇيمۇ-ئۇدۇل، ئوپمۇ ئوخشاش قىلىپ يەنە بىر مەسجىد ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايكوچىسى "قوش مەسجىد" دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. ئىككى ياقتىكىلەر دەرد- مۇشەققەت، ئازاپ- كۈلپەتلەردىمۇ بىر- بىرىگە بوي بەرمەپتۇ. "تۇڭگان يىغىلىقى" بولغان ۋاقتىدا باشقا كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇستەھكەم دەرۋازىلار بىكىتىلىپتۇ. ئەمما ئايكوچىسىدىكىلەر بىر دەرۋازىدىن چىقىپ- كىرىشنى راۋا كۆرمەي دەرۋازا بىكىتمەپتۇ. نەتىجىدە چېرىكلەر باستۇرۇپ كىرىۋېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق ئالماپتۇ، پۇشمان قىلماپتۇ. جاللات شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بىر- بىرىنى چېقىشىپ، تۇتۇپ بىرىشىپتۇ. ماۋزىدۇڭ دەۋرىدە " ئۇچكە، بەشكە قارشى" ھەرىكەتلەردە بىر- بىرىنى پاش قىلىپ :" مەن ئورۇق، سەن سېمىز" دەپ سۆكۈشۈپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇلار ھېلىھەم شۇنداق ياشاۋاتقۇدەك.

شەخسىي ئاداۋەتلەر جامائەت شەكلىگە تەرەققىي قىلىپ، نەتىجىدە قاباھەتلىك قىسمەتلەرگە مۇپتىلا بولغان ئىشلار دىنىي تارىخ بولسۇن، ياكى مىللىي تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەسلىدە رەببىگە خالىس تەقۋالىق قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان "قوش مەسجىدلەر " جامائەتلىشىش فۇنكسىيەسىدىنمۇ ھالقىپ، مەلۇم سىياسىي غەرەزلەر تۈرتكىسىدە بىنا قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا مەدىنەنىڭ كىرىش ئېغىزى قۇبا مەھەللىسىدە ئىسلامدىكى تۇنجى مەسجىد قۇبا مەسجىدىنى سالدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە قاتتىق ئالقىشقا ئېرىشىشى، مەدىنىدىكى خىرىستىئان راھىب ئەبۇ ئامىرنى تولىمۇ بىئارام قىلدۇ. ئەبۇ ئامىر رۇم ئىمپىراتورلۇقىدىن ياردەم سورايدۇ، رۇم ئىمپىراتورى ئۇنىڭغا ھەربىي ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدۇ. ھىجرىيە 9- يىلى، ئەبۇ ئامىرنىڭ مەدىنىدىكى شايكىلىرى قۇبا مەسجىدىنىڭ يېنىغا زىرار مەسجىدىنى سېلىپ، شۇ يەردە ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە مۇناپىقلار بىلەن توپلىشىپ، كېلىدىغان قوشۇننى ساقلىماقچى بولىدۇ. ئۇلار بۇ مەسجىدنى سېلىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا " بىز مەھەللىدىكى مېيىپ- ئاجىزلار ئۈچۈن بىر مەسجىد سالغان ئىدۇق، سىلى بىر ناماز ئوقۇپ بەرگەن بولسىلا" دەپ تەكلىپ بىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا يولغا چىققان بولغاچ: " بىز ھازىر سەپەر ئۈستىدە، سەپەردىن قايتىپ كەلسەك ئىنشائاللاھ ناماز قىلاي" دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ئاللاھتائالا ئايەت نازىل قىلىپ:[ بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈپ، كۇفرىنى كۈچەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم( يەنى ئەبۇ ئامىر راھىب)نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلدى. ئۇلار:" بىز

پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق" دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ. اللە گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك- شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر. ئۇ مەسجىدتە ھەرگىز تۇرمىغىن](تەۋبە:107) دەيدۇ.

ھىجرىيەنىڭ 64- يىلى، ئومومىي مۇسۇلمانلار مەككىدە ئابدۇللاھ ئىبن زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپە دەپ ئېتىراپ قىلىپ، مەككە مۇكەررەمنى پايتەخت قىلىدۇ. ئەمما بۇ خەلىپىلىكنى شامدىكى ئۇمەۋىيىلەر تەرەپتارلىرى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇمەۋىيىلەرنىڭ ۋارىسى، شامنىڭ ۋالىيسى ئابدۇلمەلىك ئىبن مەرۋان شامنى مەركەز قىلغان ھالدا دۆلەت قۇرۇش، دۆلەت مەركىزىنى مەككە، مەدىنىدىن يىراق دەمەشىققە يۆتكەش پىلانى بار ئىدى. بۇ ۋەجىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبن مەرۋان ھاجىلارنىڭ مەككە- مەدىنىگە زىيارەت بېرىش جەريانىدا ئابدۇللاھ ئىبن زۇبەيىرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا ھىجرىيەنىڭ 66- يىلى، ئابدۇلمەلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى قىبلىسى بولغان قۇددۇستىكى ئەقسا مەسجىدىنىڭ ھويلىسىغا ناھايىتى كۆركەم بېزەلگەن ئالتۇن گۈمبەزلىك مەسجىدنى سالدۇرىدۇ. ھىجرىيە 73- يىلى، ئابدۇلمەلىك ئىبن مەرۋاننىڭ قوماندانى ھەججاج ئىبن يۈسۈپنىڭ قوشۇنى ھەرەم مەسجىدىگە قاپسىلىپ قالغان ئابدۇللاھ ئىبن زۇبەيىرنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا مەنجانىق ئاتىدۇ، ئۇلار ئامالسىز تەسلىم بولىدۇ. ئەمما بۇ ھۇجۇمدا كەبە شەرىفمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

دىن سىياسىي ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە، ئەنە شۇنداق گۈزەل سۆزلەر بىلەن ۋەزخانلىق قىلىدۇ. [ئۇلار:" بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق" دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ]. بىرلىرى ئاجىز- مىسكىنلارغا زۇلمەت كېچىدە زەرەر يەتمەسلىكى ئۈچۈن "زەرار مەسجىدى" سالغانلىقنى دەۋا قىلسا، يەنە بىرلىرى رەسۇلۇللاھ مىراج سەپىرىگە ئۆرلىگەن تاشنى ئۇلۇغلاش باھانىسىدا " ئالتۇن گۈمبەزلەرنى" بەرپا قىلىدۇ. شەخسىي مەنپەئەت، قارا نىيەت، ھىيلە- سىياسەتلەر يېتەرلىك قوللاشقا ئېرىشىش ئۈچۈن پەردازلاشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شەيتانمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا چەكلەنگەن مېۋىنى يېگۈزۈش ئۈچۈن ئازدۇرغاندا:[ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى چەكلىگەنلىكى، پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر"] ( ئەئراف:20~21) [ "مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن" دەپ قەسەم ئىچىپ] بەرگەندى.

ئارىمىزدىمۇ ھەرخىل مەقسەتلەردە سېلىنغان "قوش مەسجىدلەر " ئاز ئەمەس. گەرچە ئۇلارنىڭ نىيەتلىرى ھەرخىل بولسىمۇ، ھەممىسى شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى، مىللىي ئازاتلىقنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. بەزىلىرى ئۈممەتچىلىك، بەزىلىرى مىللەتچىلىك، بەزىلىرى مۇستەقىللىق، بەزىلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك، بەزىلىرى دېموكراتىيە، بەزىلىرى مۆتىدىللىك نامىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ئۇلارنىڭ دەردى بىر بولسىمۇ، سۆزلىرى خىلمۇ- خىل، ھەر پىرقە ئۆزىدە بارى بىلەن خۇشالدۇر. توغرا، نىشاندىكى بىرلىك، ۋاستىدىكى بىرلىكنى تەقەززا قىلمايدۇ. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، غايىسى ئوخشاشلارنىڭ ئۆز- ئارا دۈشمەنلىشىشىدۇر! بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىقى ئەسلى غايە، ئورتاق دۈشمەننى ئۇنتۇپ، كونا سەپداشلىرىنى كۆرەشكە تارتىپ، شەخسىي زىددىيەتنى ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتۇر!

3- ئاينىڭ 15- كۈنى ئامرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى گېزىتى مۇخبىرى گىرىي شىخ ئىستانبۇلنىڭ ئىستىقلال كوچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن "بىر ئاۋاز بىر قەدەم" نامايىشىنى خەۋەر قىلغان ۋە سىيىت تومتۇرك ئەپەندىنىمۇ زىيارەت قىلغان. مەزكۇر خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، سىيىت تومتۇرك ئەپەندى تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان ئۇيغۇر مۇستەقىل دۆلىتى قۇرماقچى بولغانلىقى، بۇ ھەرىكەتنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن يىراق تۇتىدىغانلىقى، چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدىغانلىقى، خىتايدىن مۇستەقىل بولۇشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن خەۋەرنى ئوقۇپ چۆچۈپ كەتتىم! دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا ئون نەچچە يىل خىزمەت قىلغان، رابىيە قادىر خانىمغا مۇئاۋىن رەئىس بولغان سىيىت تومتۇرك ئەپەندىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن ئايرىلىپ يىل ئۆتمەيلا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى مۇستەقىللىق ئەمەس، يۇچەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدىغان كالتا كۆسەيلەرگە چېقىرىۋەتكىنىدىن بەكرەك، بۇ سۆزلەرنى خەلقئارالىق

مۇخبىرلارغا ئاڭلاتقانلىقىغا ھەيران بولدۇم. بۇ خەۋەر خەلقئارالىق داڭلىق گېزىتلەردىن بىرلەشمە ئاگېنتلىق، ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى قاتارلىقلاردا ئۇلاپ تارقىتىلدى.

ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا بۆلۈنۈش كۆرۈلگەندىن كېيىن، سېيىت تومتۇرك ئەپەندىنىڭ يېڭى بىر پارتىيە- تەشكىلات قۇرۇشى پەرەز قىلىنغان ئىدى. سېيىت تومتۇرك ئەپەندى يېڭى يىل كىرگەندىن بۇيان ياپونىيە، گوللاندىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كانديدات تەشكىلاتىنىڭ تەشۋىقاتىنى ئۇيدان قانات يايدۇردى. 3- ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 19- كۈنىگىچە گوللاندىيەنىڭ پايتەختى ئامستىردام شەھرىدە "شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تەشكىلاتى تەييارلىق كومىتېتى" قۇرۇلۇپ چىقتى. بۇ كومىتېتىنىڭ باياناتتىكى دەسلەپكى غايىسى: شەرقى تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان خەلقئارالىق مەركىزى تەشكىلات قۇرۇش ئىكەن. 25- مارت، مەمتىمىن ئەلا ئەپەندىنىڭ رابىيە قادىر خانىمنى زىيارەت قىلغان كۆرۈنۈشتە: يېڭى تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى مۇستەقىللىق سەپلىرىنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەنلىك ئەمەسلىكى، ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىكىگە يارىشا ئۆزلىرى چىقىشالايدىغان ئادەملەر بىلەن ئۆزى خالىغان رەۋىشتە ئۆز- ئارا قارشىلاشمىغان ھالدا مۇستەقىللىق دەۋاسىغا كۈچ چىقارسا قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ناھايىتى توغرا گەپ! ئەمما ئەگەر ئىش راست شۇنداق بولسىدى، بۇ قەلەمنى تەۋرىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

رابىيە قادىر خانىم ئۆزىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىكى 13 يىل جەريانىدا پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىلا ئەمەس، خەلقئارانىڭمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. سېيىت تومتۇرك باشچىلىقىدىكى شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بولسا خەلقئارالىق مەركىزى تەشكىلات قۇرماقچى. رابىيە قادىر خانىم ئۆز قان- تەرىنى تۆكۈپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى خەلقئارالىق مەركىزى تەشكىلات قىلىپ چىقسۇنيۇ، رەئىسلىكتىن ئىدىرلىققا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، سابىق مۇئاۋىنى سېيىت تومتۇرك ئەپەندىنىڭ يەنە بىر خەلقئارالىق مەركىزى تەشكىلات قۇرۇپ چىقىشنى قوللىسۇن، ئاندىن بۇنى زىددىيەتلەشكەنلىك ئەمەس دىسۇن.

ئەگەر سېيىت تومتۇرك ئەپەندىنىڭ مەقسىتى زىددىيەتلىشىش ئەمەس، ئۆزى بىلەن چىقىشالايدىغان كىشىلەر بىلەن مۇستەقىللىق دەۋاسىنى قىلىش بولسا بۇنىڭمۇ چوڭ كارايىتى يوق ئىدى. خاھ ئۇنى دېموكراتىيە دەپ ئاتىسۇن، خاھ ئىسلام دەپ ئاتىسۇن، خاھ مۇستەقىللىق دەپ ئاتىسۇن ئىختىيار ئىدى. ئەمما ئەسلىدە بار بولغان، پۈتۈن خەلقئارا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بار تۇرۇغلۇق، سېيىت تومتۇرك ئەپەندىنىڭ يەنە بىر خەلقئارالىق مەركىزى تەشكىلات قۇرماقچى بولۇشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ شۇ 13 يىللىق قان- تەرنىڭ مەھسۇلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقئارالىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئۆزلىرى ئايرىم بىر مۇستەقىللىق تەشكىلاتى قۇرسىمۇ بولاتتىغۇ؟ نېمىشقا خەلقئارالىق مەركىزى تەشكىلات قۇرماقچى بولۇپ قالدۇ؟ مۇستەقىللىق دەۋاسىنى مەۋجۇت خەلقئارالىق مەركىزى تەشكىلاتنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئېلىپ بارغىلى بولمامدۇ ياكى چوقۇم ئۆزى مەركەز بولۇشى كېرەكمۇ؟

كىشىنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى، سېيىت تومتۇرك ئەپەندىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تومتۇرك ئەپەندى د ئۇ ق ئىچكى زىددىيەتلىرىنى بىرلەشمە ئاگېنت ئارقىلىق خەلقئاراغا جاكارلاپلا قالماي، قۇرۇلتايغا قارشى چىقىشنى ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشلىشى بولدى. ئىگەللىنىشچە، سېيىت تومتۇرك ئەپەندى 3- مارت گوللاندىيەدىكى 20 كىشىلىك سۆھبەتتە د ئۇ ق ئىچكى قىسمىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەرنى تولۇق ئېچىپ سۆزلەپ بەرگەن، د ئۇ ق رەھبەرلىرىنى سۆككەن، تىللىغان. بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي يەنە د ئۇ ق غا قارشى تۇرۇشنى ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، " بۇ ئىمان بىلەن شەيتان ئارىسىدىكى كۆرەش" دەپ نەچچە قېتىم تەكرارلىغان، ئوتتۇرا يوللۇقنى بولسا "مۇناپىقلىق" دىگەن.

مانا بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى زامانىۋى "قوش مەسجىد"، قوش تەشكىلات، قوش مەركەزدۇر!

ئايكوچىسىدىكى بىر قورساقتىن تۆغۇلغان قوشماق ئىككى خېنىم سورۇندا تۆر تالىشىپ يۇرۇپ، پۈتۈن مەھەللە-كوينى جىدەلگە سۆرەپ كىرىپ، جامائەتنى بىر دەرۋازىدىن مەسجىدكە كىرمەيدىغان، تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە قارشى بىرلىكتە سىپىل تام سوقمايدىغان، بىر- بىرىنى مەن ئورۇن- سەن سىمىز دەپ پاش قىلىشۇتكەن، ئۇلارنىڭ شورىقۇرغۇرلىقى ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان ئىدى. 30.- يىللاردىكى پانئىسلامچىلار بىلەن پانتۈركچىلەر، 40- يىللاردىكى كومىنىستلار بىلەن گومىنداڭچىلار، روسپەرەسلەر بىلەن ئامرىكاپەرەسلەر، 90- يىللاردىكى ئىسلامچىلار بىلەن دىموكراتچىلار، 2014- يىللىرىدىكى مۇجاھىد سىپىدە چوڭ- كىچىك جامائەتلەر، 2018- يىلىدا دىموكراتچىلار ئارىسىدا گىرمانىيەنى مەركەز قىلغانلار بىلەن تۈركىيەنى مەركەز قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئىدى، ئەمما ئۇلار بەئەينى "قوش مەسجىدنىڭ" جامائىتى بولدى. ئەمدى بولسا شەخسىي زىددىيىتىنى ئىمانغا تاقاپ، بىر- بىرىنى "مەن مۆمىن، سەن شەيتان، مەن ئىستىقلالچى، سەن ئاپتونومچى" دەپ ئورتاق دۈشمەنگە تەڭ تاقابىل تۇرماي، بىر- بىرىگە شالا چاچرىتىپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ بۇسۇپ كىرىشىگە يوغان دەرۋازا ئېچىپ بەرمەكتە.

"سەۋىر- تاقەت قىلالمىدىم، بەرداشلىق بىرەلمىدىم. ئاخىرى ساڭا مۇراجىئەت قىلدىم:-

-بوۋا، ئوبدان بوۋا، كوچا مەھەللىمىزنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخى ساڭا بەش قولدەك ئايان. ئېيتقىنا كوچىمىزدىكىلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى؟" ( قوش مەسچىت:85- بەت(

سىلەر رەئىس، سىلەر رەھبەر، بىزلەر پۇقرا،
نام- ئاتاق، شان- شەرەپ سىلەرنىڭ بولسۇن،
سىلەر دانا،سىلەر ئانا، باش ئۇستىگە،
مال- دۇنيا ۋە مەنسەپ سىلەرنىڭ بولسۇن.

ئارزۇيۇم، تەلىۋىم بىر ئۇچۇم تۇپراق،
بىر ئۇچۇم تۇپراقكى ۋەتەن يارالغان.
سىلەرنىڭ بولسۇن شۇ مەنسەپ، نام- ئاتاق،
بىزلەرگە لازىمى يۇرت، ئەل، ماكان.

2018-3-27

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

http://time.com/52…/uighur-protest-china-security-crackdown/

https://m.facebook.com/story.php?story_fbid=106728653505491&id=100025050699006

# ھەسەن مەخسۇمدىن ئابدۇقادىر ياپچانغىچە

ئىلاۋە : مەزكۇر ماقالە 2009- يىلى رابىيە قادىر خانىمنىڭ ياپونىيەگە زىيارەتكە كېلىشى ئۈچۈن، خانىمغا كىپىللىك بەرگەن ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى نائوكو مىزۇتانى خانىمنىڭ 2015- يىلى يازغان "تۈركىيە، سۈرىيە، ئافغانىستان رايونلىرىدىكى خىتايغا قارشى ئۇيغۇر غازىلىرى" ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.




ناھايىتى كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرەش قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، ئەلقائىدە تەشكىلاتىنىڭ سۈرىيەدىكى تارمىقى " نۇسرەت فرونتى"غا قاتنىشىپ، ھەربىي تەلىم قوبۇل قىلىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلماقتا. بۇ ماقالە مۇھاجىر ئۇيغۇر قۇراللىق تەشكىلاتلىرىنىڭ 1990- يىلىدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرى بىلەن تۈركىيەدىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەلگۈسى تەرەققىيات ئەھۋالىنى مۇنازىرە قىلىدۇ.

**كىرىش سۆز:**

يەرشارى گېزىتىنىڭ 2015- يىلى 1-ئاينىڭ 21- كۈنىدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ج خ مىنىستىرلىكى مۇئاۋىن مىنىستىرى مىڭ خۇڭۋېي ۋە مالايسىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئەھمەد زاھىد ھامىدىنىڭ تىلغا ئېلىشىچە:" 300دىن ئارتۇق خىتاي پۇقراسى مالايسىيەنى ئوتتۇرا بېكەت قىلىپ ئۈچىنچى دۆلەتكە بېرىپ، ئاندىن سۈرىيە ياكى ئىراقتىكى ئىسلام دۆلىتىگە( دائىش) قاتناشقان. مىڭ خۇڭۋېي ئېيتقان " خىتاي پۇقرالىرى" بولسا شەرقى تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار. ئۇيغۇرلار بولسا تۈركىي مىللەتلەرگە تەۋە، كۆپ قىسمى مۇسۇلمان، ئۇلار ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستان 18- ئەسىرنىڭ ئايىغىدا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. ئۇيغۇرلار تىل، مەدەنىيەت ۋە دىن جەھەتتىن خىتايدىكى ئاساسلىق مىللەت خەنلەر بىلەن زور پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي جەمىيىتىگە سىڭىپ كىرىشى مۈشكۈل بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەر كۆپلەپ يۈز بەرگەن. ئۇنىدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا پاسپورت ئىشلەپ بېرىشى تەسلەشتۈرۈشلىگەچ، ئۇيغۇرلار خەتەرگە قارىماستىن خىتاي بىلەن چېگرىداش شەرقى جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارقىلىق چېگرادىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان مۇھىم تەھدىتكە ئايلانغان.

خىتايدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۆلىتىگە قاتنىششىنى خالاپ ئەمەس، تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قىلىشنى خالايدۇ. تۈركىي مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تىل ۋە دىن جەھەتتىن ئۇيغۇرلار تۈركلەرگە ئوخشاش. تۈركىيەلىكلەرمۇ شەرقى تۈركىستاننى تۈركلەرنىڭ بۆشۈكى دەپ قارايدۇ، شۇڭا ھېسداشلىق قىلىدۇ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن چەتئەلگە قاچقان ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەنقەرەدىكى ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرستى ئۇيغۇر پىرافىسورى ئەركىن ئەكرەمنىڭ دىيىشىچە:" تۈركىيەدە تەخمىنەن 30 مىڭ ئۇيغۇر بار]. بۇ سانلىق مەلۇماتنى ئۇن يىل بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، سان جەھەتتىن بىراقلا 2 تۈمەن ئاشقان.

خىتاي ج خ مۇئاۋىن مىنىستىرى مىڭ خۇڭۋېي ئىيتقان" 300 نەپەر ئۇيغۇر دائىشقا قاتناشتى" دىگەن سۆزمۇ ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي سانلىق مەلۇمات ئەمەس. ئۇ يوشۇرۇن بىشارەت بىرىپ، " دائىش كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنى مىللىي بۆلگۈنچى، تىرورىسست قىلىپ تەربىيەلەۋاتىدۇ" دىگەن ئۇقۇمنى خەلقئارا جەمىيەتنىڭ ئەس- خاتىرىسىگە سىڭدۈرمەكچى. ئەمەلىيەتتە دائىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلار نىسبەتەن ئاز، كۆپ قىسىم ئۇيغۇر جەڭچىلەر سۈرىيەدىكى نۇسرەت فرونتى ياكى ھۆر سۈرىيە فرونتىغا قاتنىشىپ، دائىشقا قارشى سەپتە تۇردى. تۈركىيە ھۆكۈمىتىمۇ جەنۇبى چېگرادا دائىشقا قېتىلماقچى بولغان ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ قالدى ياكى نازارەت ئاستىغا ئالدى. بىراق، خىتاي دائىرىلىرى بۇ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تىلغا ئالمىدى.

مەن ئۇزاق يىل كۆزەتتىم، كۆپ قېتىم تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ۋە ئۇيغۇر دىنىي ئۇستازلىرىنى زىيارەت قىلدىم. نۇسرەت فرونتى ۋە دائىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنى، سىياسىي مۇستەقىللىقنى نىشان قىلغان شەرقى تركىستان ئىسلام پارتىيىسى، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىدىكى ھەرخىل كۈچلەرنى تەكشۈردۈم، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

**1-دائىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلار**

2015- يىلى 2- ئاينىڭ 26- كۈنى، مەن فەيىسبۇكتا ئۆزىنى ئاكتىپ دائىش ئاتىۋالغان بىر ئۇيغۇرنى بايقىدىم. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا شەخسىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما يازما تىزلا ئۆچۈرىۋېتىلدى. ياردەمچىم ماڭا مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ بەردى. يازمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى( ت ئ پ )نىڭ ھازىرقى ئورنى دائىش كونتروللۇقىدىكى رايوندا ئەمەسكەن. ت ئ پ نىڭ شام تارمىقى (سۈرىيە تارمىقى) ۋە باشقا رايونلاردىكى تارمىقى تىزدىن ئىسلام دۆلىتىنى ئېتراپ قىلىشى كىرەككەن. مىللەتچىلىككە قارىغاندا، ئىسلامىيەتنى مۇھىم بىلىپ، خەلىپە تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىپ، ئەڭ ئاخىردا ئىسلام دۆلىتىنىڭ جەڭچىلىرى بىلەن شەرقى تۈركىستاننى ئازات قىلىدىكەن.

ئۆزىنى دائىش ئۇيغۇر جەڭچىسى ئاتىۋالغان كىشىنىڭ يازمىسىدىن مەلۇمكى:

1-خىتايغا قارشى ئۇيغۇر قۇراللىق تەشكىلاتلىرى( ت ئ پ، شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىدىن ئايرىلىپ چىققان تەشكىلات، كىيىن تونۇشتۇرۇلىدۇ) دائىش بىلەن قارمۇ- قارشى مۇناسىۋەتتە ئىكەن. 2- تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ پانتۈركىزىم ئىدىيىسى بىلەن دائىشلار كۆپتۈرۈۋاتقان ئىسلام سۈننى مەزھىپى خىلاپەت تۈزۈمى ئۆز-ئارا قارشى ئىككى خىل ئىدىيەكەن. 3- ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار تۈركىيەدە تۆت خىل كۈچ ھاسىل قىلىپتۇ: تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى، شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغانلار،( ئۇلارنىڭ سۈرىيەدە ھەربىي مەشىق ئېلىپ بىرىشىنى قوللىمايدىغانلار) ۋە دائىشچىلار.

دائىشنىڭ ئەسلى گەۋدىسى بولسا ئاشقۇن ئىسلام تەشكىلاتى ئەلقائىدەنىڭ ئىراقتىكى تارمىقى. ئۇلار ئىلگىرى ئىراقتا ساياھەتكە بارغان ياپونىيەلىك ياش ----- نى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ پاسبانى زەرقاۋى 2006- يىلى ئامرىكىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدا ۋاپات بولغان، ئاندىن باغدادىنى خەلىپە دەپ جاكارلىغان ۋەئىسمىنى ئىراق ئىسلام دۆلىتىگە ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن جانلانغان. ئەسلىدە ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر رايون خاراكتىرلىك تەشكىلات يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇسۇلمان ياشلارنى تىز سۈرئەتتە ئۆزىگە جەلىپ قىلغان. بۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى دائىش ئوتتۇرىغا قويغان " خىلافەت تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈپ، ئىسلام سۈننىي مەزھىپىنى خەلقئارالاشتۇرۇش". ئۇلار سۈننىي مەزھىپى باشقا مەزھەپلەرگە

قارىغاندا ئەلا، مەۋجۇت دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر ئارا چىگرالارنى بىكار قىلىپ، خەلىپە ھۆكۈمرانلىقىدىكى يېڭى دۇنيا بەرپا قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ تۈزۈم سىلىشتۇرما قىلساق، يۈز يىل ئاۋال سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان كومونىزىم بايرىقى ئاستىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق دېگەنلەرگە ئوخشايدۇ. ئەينى يىللىرى ياشلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىشنى ئارزۇ قىلغىنىدەك، ھازىرقى مۇسۇلمان ياشلارمۇ ئارقا- ئارقىدىن دائىشقا قاتناشماقتا.

### قانداق ئۇيغۇرلار دائىشقا قاتنىشىدۇ؟

يەرشارى ۋاقىت گېزىتى 2015- يىلى 5- فېۋرال خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا:" ئۆتكەن ئالتە ئاي ئىچىدە، ئاشقۇن تەشكىلات دائىش ئالدى- كەينى بولۇپ 120 نەپەر چەتئەللىك جەڭچىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىراق ۋە سۈرىيەدىن قېچىپ كەتمەكچى بولغان جەڭچىلەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 3 نەپەر خىتايدىن قېچىپ چىققان " شەرقى تۈركىستان ئۇنسۇرلىرى" بار. ئىراقنىڭ شىمالىدىكى كۇرد خەۋپسىزلىك ئەمەلدارىنىڭ " يەرشارى ۋاقىت گېزىتى"گە ئاشكارىلىشىچە:" ئۈچ كىشىنىڭ ئارىسىدا بىرى ياش بالا تۈركىيەگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سۈرىيەدىكى دائىشقا قېتىلغان. ئەمما ئۇ ئەمەلىي ئەھۋالدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، تۈركىيەگە قايتىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولغان. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ سەپداشلىرى يۇقىرىغا چېقىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولغا ئېلىنىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. باشقا ئىككى خىتاي گىراژدانى قۇراللىق كىشىلەر بولسا 2014- يىلى ئىراق چېگراسى ئىچىدە باشقا 6 دۆلەتتىن كەلگەن 11 نەپەر ئەزا بىلەن بىرگە كاللىسى ئېلىنغان، ئۇلارنىڭ جىنايىتى دۆلەتكە ئاسىيلىق بولغان.

تۈركىيەدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئابدۇلئەزىزنىڭ بىلدۈرۈشىچە، دائىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىكىكى دەل " يەرشارى ۋاقىت گېزىتى"دە ئېيتىلغاندەك نۇرغۇن ياشلار ھېچقانداق چۈشەنمەستىن، دائىشقا مۇنداقلا قاتنىشىپ قالغان. ئاندىن ئەمەلىي ئەھۋالدىن ھەم ئۈمىدسىزلەنگەن ھەم قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

## ئۇيغۇرلارنىڭ دائىشتىكى ئورنى قانداق؟

2015- يىلى 1- ئاينىڭ 26- كۈنى، ئامرىكا ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ ياردىمىدە، كۇرد ھەربىي قىسىملىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دائىشلارنىڭ قولىدىن سۈرىيەنىڭ شىمالىنى قايتۇرىۋېلىپ، تۈركىيەدىكى ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان رايونى كىبانىغا يېقىنلاشتى. تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار توپلاشقان مەھەللىلەردە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا دائىشقا قوماندانلىق قىلغىنى ئۇيغۇر ھەربىي ئەترىتى ئىكەن دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى. دائىش ھەربىي قىسمىنىڭ قوماندانى نۇردۇن دىموررا، 40 ياشلار ئەتراپىدا، ئايالى ۋە ئۈچ بالىسى ئىستانبۇلدا تۇرىدۇ. ئۆسەك سۆزلەرگە ئاساسلانغاندا نۇردۇن كۇرد ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىدا ئەسىرگە چۈشكەن، بۇ خەۋەرنى نۇردۇننىڭ قول ئاستىدىكىلەر نۇردۇننىڭ ئايالىغا تېلېفون قىلىپ ئۇقتۇرغان، قوماندانىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى نامەلۇم.

ئابدۇلئەزىزنىڭ بىلدۈرۈشىچە، دائىشتىكى ئۇيغۇرلار دائىم ئەمەلىي جەڭدىكى ئاۋانگارتلار بولۇپ كەلگەن. دائىشتىكى ئۇيغۇرلار سۈرىيە ئىچكى ئۇرۇشىدىكى باشقا ئۇيغۇرلاربىلەن ئۆز- ئارا قىرغىن قىلىشقان، ئۇلار تۈركىيە چېگرىسىغا يېقىن سۈرىيە شىمالىدىكى ھۆر سۈرىيە، نۇسرەت فرونتى گازارمىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان.

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى( شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى) دېگەن نېمە؟
دائىشتىكى ئۇيغۇر ياشلارغا پەرقلىق ھالدا، ھۆر سۈرىيە ۋە نۇسرەت فرونتىدا ھەربىي مەشىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى، شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئارقىلىق، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا سۈرىيەگە يوللانغان. ئۇلارنىڭ كۆلىمى دائىشقا قاتناشقانلاردىن كۆپرەك بولسا كېرەك.
تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشتىن ئاۋال، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى بولغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى بولسا بارىن ئىنقىلابىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى زەيىندىن يۈسۈپ

1989- يىلى 11- ئايدا تەشكىللىگەن تەشكىلاتنىڭ ئىسمى. بارىن ئىنقىلابى بولسا 1990- يىلى 4- ئايدا شەرقى تۈركىستاندىكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونۇم ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن چوڭ تىپتىكى قوراللىق قوزغىلاڭ. بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق قىسىم، بىڭتۇەن خەلق ئەسكەرلىرى كوللىكتىپ ھەمكارلاشقان، ھۆكۈمەت ۋە قوزغىلاڭچىلار ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېغىر چىقىم بولغان. زەيىندىن يۈسۈپ( 26 ياش) قوزغىلاڭدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇ ۋەقە خىتاي كېيىن شەرقى تۈركىستاننى قاتتىق كونترول قىلىشى ۋە چەتئەلدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا كۆپ تەرەپلىمە تەسىر پەيدا قىلغان. مەسىلەن، بارىن ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، 1992- يىلى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار تۈركىيەدە شەرقى تۈركىستان مىللىي ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈپ، كېيىنكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان.

1990- يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايوندىكى تۈركىي مىللەتلەر بىر- بىرلەپ مۇستەقىل بولۇپ، ھەرخىل مىللىي دۆلەتلەرنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇرلارمۇ مۇستەقىللىقكە ئىنتىلىپ، بارىن ئىنقىلابىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، خىتايغا ھاكىمىيىتىگە قارشى نۇرغۇنلىغان قوزغىلاڭلارنى كۆتۈردى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى. 1997- يىلى 2- ئايدىكى غۇلجا قىرغىنچىلىقىدا قۇربان بولغانلارنىڭ سانى بارىن ئىنقىلابىدا قۇربان بولغانلارنىڭكىدىن كۆپ بولدى.

1997- يىلى ئاخىرىدا، زەيىندىن يۈسۈپنىڭ بۇرادىرى ھەسەن مەخسۇم، ئابدۇقادىر ياپچان، ئىسمايىل قاتارلىق ئۈچ كىشى چېگرادىن ئوغۇرلۇقچە ئۆتۈپ ئافغانىستاننىڭ كابۇلدا تالىبانلارنىڭ دامولىسى مۇھەممەد ئۆمەردىن ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى. ئۇلار بىلەن ئافغانىستان تالىبانلىرىنىڭ كىلىشىمگە ئاساسەن، تالىبانلار ئۇيغۇرلارغا ياتاق، تاماق، تىرىلغۇ يەر ۋە ھەربىي تەلىم-تەربىيە قاتارلىقلارنى تەمىنلەيدىغان بولدى. پاكىستاندا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەر جەمئىي بولۇپ 120 كىشى ئاۋۋال پاكىستاندا يىغىلدى. ئاندىن ئۇلار ئافغانىستاندىكى ھەربىي مەشىق بازىسىغا بېرىپ، مەشىقلەندۈرۈلدى. ئۇلار ئۇچى زەيىندىن يۈسۈپنى خاتىرەلەش ئۈچۈن، يېڭىدىن قۇرۇلغان تەشكىلاتنى يەنىلا " شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" دەپ ئاتىدى.

ھەسەن مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر سىياسىي سەۋەبتىن شەرقى تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان بولماستىن،ئافغانىستان ۋە پاكىستاندا ھەربىي تەلىم ئېلىشنى ھىجرەت دەپ تونىغانلىقى ئۈچۈن چىققان ئىدى. توپلانغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنى مۇجاھىد دەپ ئاتايتى. ھىجرەت بولسا ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار مەككىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىش ئۇزۇن سەپىرى ئىدى.

مۇھاجىر مۇجاھىدلىق ئەنئەنىسى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ يۈز بەرگەن. 1933- يىلى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قەشقەر ۋە خوتەندە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، يېرىم يىل ئۆتمەي مەغلۇپ بولدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق كىشىلەر كەشمىر ۋە ئافغانىستان چېگرا رايونلىرىغا قېچىپ چىققان. ئۇلار ئىلگىرى ---- تاغلىق رايونلىرىنى ھەربىي مەشىق گازارمىسى قىلغان.

ھەسەن مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر ئافغانىستان تالىبانلىرى ھەربىي بازىلىرىدا تۇرۇش جەريانىدا، ئۇسامە بىن لادىن باشچىلىقىدىكى ئەلقائىدە تەشكىلاتى ۋە مىسىر جىھادىي تەشكىلاتلىرىدىكى ئەرەبلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئوتتۇرا شەرق مۇجاھىدلىرى بىلەن ئۇچراشقان. 2001- يىلدىكى 11- سىنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئامرىكا كابۇلغا ھاۋا ھۇجۇمى قوزغاشتىن بۇرۇن، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئافغانىستاندا ھەربىي تەربىيە ئالغان.

ئامرىكا تېرورلۇققا قارشى ھاۋا ھۇجۇمى قوزغىغاندىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى تالىبان ھۆكۈمىتىنى قاتتىق بومباردىمان قىلغان. ئۇيغۇرلار ئافغانىستاندىن پاكىستاندىكى ۋەزىرىستانغا كۆچۈپ پاناھلىنىپ، قايتىدىن

تەشكىللىنىش مەزگىلىدە،2003- يىلى 10- ئايدا ھەسەن مەخسۇم پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدا قازا تاپقان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئىسمايىل ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، مەجبۇرى ھالدا خىتايغا قايتۇرۇۋېتىلىپ، 2005- يىلى 11- ئايدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئافغانىستان تالىبان ھۆكۈمىتى بىلەن ئەڭ دەسلەپ كېلىشىم تۈزگەن ئۈچ كىشىدىن پەقەت ئابدۇقادىر ياپچانلا ساق قالغان.

ھەسەن مەخسۇم بىلەن ئابدۇقادىر ياپچان ھەر ئىككىسى قەشقەر يېڭىساردىن. ياپچان 1958- يىلى تۇغۇلغان، ھەسەن مەخسۇم ئۇنىڭدىن 4 ياش كىچىك. ئىككىسى بىرلىكتە ئىسلام مەدرىسىدە ئوقۇپ، 1990- يىلدىن 1996- يىلغىچە تۈرمىدە تەڭ ياتقان. ئۇلار تەشكىلاتنى قانداق باشقۇرۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئاخىردا ياپچان ئايرىلىپ كېتىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان، سۈرىيە، مىسىرلارنى چۆگىلەپ تۈركىيەگە كەلگەن. ھازىر بولسا ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر ياشلارغا قۇرئان ئۆگىتىدۇ.

**3: 1990- يىلىدىكى چەتئەل قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى: شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى ۋە شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى،**

1997- يىلىدىكى غۇلجا قىرغىنچىلىقىدىن 2001- يىلى 11- سىنتەبىر ۋەقەسى تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇشى مەزگىلىگىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئىككى قۇراللىق تەشكىلاتى مەۋجۇت ئىدى. بىرى ھەسەن مەخسۇم باشچىلىقىدىكى شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى، يەنە بىرى بولسا مەمتىمىن ھەزرەت قۇرغان شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى. مەمتىمىن ھەزرەت خوتەن قاراقاشتا تۇغۇلغان بولۇپ، ئازاتلىق تەشكىلاتىغا ئەمەلىي قوماندانلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ ئىسمى ئابلىمىت تۇرسۇن. ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش سەۋەبى غۇلجا قىرغىنچىلىقى بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى قازاقىستان تاغلىق رايونلىرى ۋە كەشمىردە ھەربىي بازىلارنى قۇرغان.

بۇ ھەر ئىككى تەشكىلات خىتاي ھاكىمىيىتىگە قۇراللىق قارشى تۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ. 1990- يىلىنىڭ ئايىغىدا، ئازاتلىق تەشكىلاتى بىر ئاز ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، ئاۋامنىڭ قوللىشىغا بەكرەك ئېرىشكەن. دەسلەپتە ئىككى تەشكىلات ئۆز- ئارا ھەمكارلاشقان، ئەمما كېيىن جىھادقا قارىتا كۆز قارىشى ئوخشىمىغاچ، ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئەسلى خىزمىتى سەھنە ئەسىرى مۇھەررىرى بولۇپ، زىيالىي ھېسابلىنىدۇ. ئۇ روسچە، خىتايچە بىلىدۇ، ئىلمىي پىكىر قىلىدۇ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىلغان دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى جەڭ قىلىپ ئۆلگەن كىشى جىھاد قىلىپ شېھىت بولغان كىشى ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئىسلام پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ھەسەن مەخسۇم ئىسلام شەرىئەت دۆلىتى قۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئىككى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدا قارمۇ- قارشىلىق شەكىللەنگەن. 2007- يىلى، مەن ئىستانبۇلدا مەمتىمىن ھەزرەتنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ:" ئادەمنى مۇسۇلمان ۋە كاپىر دەپ ئايرىش، ئاندىن دىن نامىدا يات دىندىكىلەرگە ئۇرۇش ئېچىش دۇرۇس ئەمەس" دېدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ داۋاملىق ھەمكارلىشىشىغا كۈچىگەن بولسىمۇ، ئۇتتۇقلۇق بولمىغان. ياپچاننىڭ قارىشىچە: مەيلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرسۇن، مەيلى ئىسلام دۆلىتى قۇرسۇن بۇ مەسىلىنىڭ تۈپ نىگىزى ئەمەس. مۇھىمى بۇ دۆلەتنى چوقۇم ئۆزىمىز قۇرغان بولىشى كېرەك. بۇ دۆلەت دېموكراتىك بولسىمۇ بولىدۇ، ئىسلامىي بولسىمۇ بولىدۇ، ھەتتا كوممۇنىستىك دۆلەت بولسىمۇ مەيلى. ئەمما بۇ دۆلەتتە چوقۇم ئۇيغۇرلار ئاساسىي ھوقۇقنى قولغا ئالغان بولىشى كېرەك. بايراقنىڭ شەكلى قانداق بولىشىمۇ مۇھىم ئەمەس.

بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ پائالىيەت چىقىمىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تەمىنلىگەن. بىراق ئۇ سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىختىيار قىلىپ ئىئانە قىلغان بولماستىن، بەلكى تەھدىت سېلىنغاندىن كېيىن، ئامالسىز پۇل چىقىپ قوللاشقا مەجبۇر بولغان، بۇ نۇرغۇنلىغان قارشىلىقنى قوزغىغان. ئازاتلىق تەشكىلاتى 1998- يىلى قۇرا ئەتكەسچىلىكى قىلىپ شەرقى تۈركىستانغا قايتىشتا، قازاقىستان قورغاس چېگرىسىدا بايقاپ قىلىنغان. مال توشۇشقا مەسئۇل جىنايەت گۇماندارى شۇئان تۈرمىگە سولانغان، كېيىن تەشكىلات بارا- بارا پارچىلىنىپ يوقاپ كەتكەن. بۇ ئىككى تەشكىلات قاقتى- سوقتى قىلغان پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى قىرغىزىستان

پايتەختى بىشكەك بازىرىدىن كەلگەن. بۇ بازار 2000- يىلىدىكى زور ئوت ئاپىتىدە پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. پۇل مەنبەسىدىن ئۈزۈلۈشمۇ تەشكىلاتنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى.

خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىزچىل تۈردە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. 2001- يىلى، خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن " شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرغان بولۇپ، مەقسىتى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي تەلىم ئېلىشىنى چەكلەش، شەرقى تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپاغا قېچىپ بېرىش يولىنى ئۈزۈۋېتىش ھەمدە چېگرادىن يوشۇرۇن ئۆتكۈچىلەر بايقىلىپلا قالسا دەرھال خىتايغا قايتۇرۇش ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق چەتئەلگە قېچىش يولى ئۈزۈلۈپ، شەرقى جەنۇبى ئاسىيا ئارقىلىق قېچىش باشلاندى.

2003- يىلى ھەسەن مەخسۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى 1990- يىلى ھەسەن مەخسۇم بىلەن ھەمكارلاشقان بىر ھەربىي ئابدۇلھەق ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ پاكىستاننىڭ ۋەزىرىستاندا تەخمىنەن يۈز نەپەر ئۇيغۇر جەڭچىنى يېتەكلەپ يۈردى. 2001- يىلى ئامرىكا تېرورغا قارشى ئۇرۇش باشلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن مەجبۇرى ئايرىلدى. ئەسلى خىتاي بىلەن كۆرەش قىلماقچى بولغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمۇ بۇ رايوندىن ئايرىلىپ، تۈركىيەگە يۆتكىلىشكە باشلىدى.

2002- يىلى، ئىسلام پارتىيىسى ئىچىدە ئىسىم ئۆزگەرتىش چاقىرىقلىرى پەيدا بولۇپ، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى دېگەن ئىسمغا ئۆزگەرتىشنى مۇھاكىمە قىلىشتى. تۈركىيەنىڭ پانتۈركىست مىللەتچى سىياسىيونلىرى ياۋرو- ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تۈركىي دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوسمانىيلار ئىمپىرىيەسىنىڭ ئۆتمۈش شەۋكىتىنى قايتىدىن تىرىلدۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى كەڭ تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ خىل پانتۈركىست ئىدىيە ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە كۆچۈشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىدى. ياۋروپا تارىخچىلىرى چارروسىيە تېرىتورىيەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى غەربى ئاسىيا، چىڭ سۇلالىسى تېرىتورىيەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى بولسا شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتىغان. ئەمما دەسلەپتە تۈركىيە خەلقىگە "شەرقى تۈركىستان" دېگەن ئىسىم ناتونۇش بولغاچ، ئۇلار ئاسانلا بۇ ئىسمنى شەرقى تۈركىيە، تۈركىيەنىڭ شەرقىدىكى كۇردلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار دەپ چۈشىنىۋالاتتى. ھەتتا بەزىلەر شەرقى تۈركىستان ھەرىكىتىنى كۇرد مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بولسا كېرەك دەپ چۈشىنىۋېلىپ، ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىققان. شۇڭا، كېيىن ئۇلار تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى دېگەن ئىسمغا ئۆزگەرتكەن.

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن ئىنتىزامى بوشراق، تەشكىلات قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ئەمەس بولۇپ، پەقەتلا بىر ئورتاق تەۋەلىك چەمبىرىكى شەكىللەندۈرگەن. ئىسلام پارتىيىسىنىڭ سۈرىيەدە شام بىرگادىسى بار، ئافغانىستاندىمۇ بىر بىرگادىسى بار. بىراق تۈركىيەدە بىرگادا تەسىس قىلمىغاچ، تۈركىيەگە بۇ تەشكىلاتنى ئىتراپ قىلىش- قىلماسلىقتەك ئاۋارىچىلىقنى تۇغدۇرمىغان.

2008- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇپ قالغان ت ئى پ ئەزاسى سەيفۇللاھ توردا بېيجىڭ ئولىمپىك پائالىيىتىدە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. 2012- يىلى، بۇ كىشى پاكىستاندا ئامرىكىنىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانى تەرىپىدىن پارتىلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇندىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ت ئى پ كۆلىمىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن. لېكىن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان خىتايدىن قېچىپ چىققانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، بۇ رايوندىكى ت ئى پ ئەزالىرى يەنە قايتىدىن جانلانغان ھادىسە كۆرۈلگەن.

### 4:  تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ۋە سۈرىيە نۇسرەت فىرونتى

شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ۋە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ھەر ئىككىسىنىڭ سۈرىيەدە ھەربىي ھەرىكەت ۋە مەشىق ئېلىپ بارغان ئەزالىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تۈركىيە ئارقىلىق سۈرىيەگە كىرىشنى پىلانلىغان. بىراق ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئۇسۇلى ئىككىگە بۆلۈندۇ: بىرى سۈرىيەگە بېرىپ ھەربى تەلىم ئېلىپلا

قايتىپ كىتىش. يەنە بىرى بىۋاستە جەڭگە قاتنىشىپ، ئۆكتىچىلەر بىلەن بىرگە سۇرىيە ئەسەد ھۆكۈمىتىگە قارشى كۆرەش قىلىش.

ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ مەھەللىسىدە مەن ئون نەچچە ئۇيغۇرنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭگە قاتنىشىپ باققان ياكى نۇسرەت فىرونتى ۋە ھۆر سۇرىيە ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ھەربىي تەلىم ئالماقچى بولغانلار. ئۇلارنىڭ ئوي خاتىرىسى مۇنداق:

" قايسى ھەربىي بازىغا بىرىپ، قايسى تەشكىلاتقا قاتنىششقا كىتىدىغان چىقىم ۋە شارائىت پەرقلىق. 2014- يىلى يازدا، ئاۋال ۋاستىچىغا بەش ئايلىق ھەربىي مەشىق ئۈچۈن 500 دوللار پۇل تاپشۇرسا، ئۇلارنى تولۇق جابدۇپ مەشىقلەندۈرگىلى ئىلىپ بارىدىكەن.

ئۇلار تۈركىيەنىڭ ھاتاي رايونىدىن، تۈركىيە تىلىغۇن سىگنالى تارتالىغۇدەك جايلاردىن ئۆتۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ تۈركىيە تىلىفۇنلىرى ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ئاندىن چىگرادىن ئۆتىدىكەن. چىگرا سىرتىدا ئۇلارنى كۈتىۋالىدىغانلار يىتەكلەپ، چىگرادىن مەخپى ئۆتۈپ سۇرىيەگە بارىدىكەن. ھەربىي گازارمىدا سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە قاتاردىن كەلتۈرۈلگەن يىمەكلىك ۋە كۈندىلىك بويۇملارنى، ئەرەبچە خەت يىزىلغان كورۇپكىلار بولۇپ، ھەربىي بازىنىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىت بارلىقى كۆرۈنەرلىك. ئۇلار 15~20 ئادەم بىر كىچىك ئەترەت بولۇپ ھەربىي مەشىق قىلىدىكەن. ھەر سەھەر بەش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر سائەت ئۇزاقلا يۈگۈرەش مەشقى قىلغاندىن كىيىن، نامازغا تۇرىدىكەن. ھەر ھەپتىدە بىر – ئىككى كۈن يەنە دالىدا جان ساقلاش ماھارەتلىرى ئۆگۈتۈلىدىكەن. گاھى يىرىم كىچىدە جىددىي يىغىلىپ، جىددىي ھەرىكەت قىلىپ ھەربىي مەشىق قىلىدىكەن. ھەربىي مانىۋىر قىلغاندا كۆچمە تىلىفۇن ئىشلىتىش چەكلىنىدىكەن. ئۇلار ئادەتتە روسىيە ياسىغان AK 47 قۇراللىنى ئىشلەتكەندىن باشقا يەنە M16 ، M4قاتارلىق ئامرىكا، مىسىر ۋە خىتاي ئىشلەپ چىقارغان قۇراللارنىمۇ كۆرۈپ بېقىپتۇ. ھەر كۈنى تەخمىنەن تۆت سائەت قۇرال ئىشلىتىش، چۇۋۇش، ئاسراش، قارىغا ئىتىشلارنى مەشىق قىلىدىكەن. ھەربىر ۋاق تاماقنى ئۆزى تەييارلايدىكەن. مەشىق جاپالىق بولغاچ، ھەر كۈنى كەچ بالدۇرلا ئۇخلايدىكەن. مەشىق كوماندىرى ئۇيغۇر بولۇپ، ئەرەب ئۇستازدىن بىرى قۇرئان ئۆگىتىدىكەن.

"سۇرىيەدە ئەرەبلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، سۇرىيەلىك ئاز سانلىق مىللەت تۈركمەنلەر تەرجىمە قىلىپ بىرەتتى. تۈركمەنلەرنىڭ ئانا تىلىمۇ تۈركى تىلى، ئەرەبچىگىمۇ ئۇستا، شۇڭا تىل ئالاقىسى ئاساسىي جەھەتتىن مەسىلە ئەمەس.

"نۇسرەت ۋە ھۆر سۇرىيەنىڭ مەشىق بازىلىرىدا يەنە باشقا دۆلەتتىن كەلگەن پىدائىي جەڭچىلەر بار. مەشىق ئەترىتى ئاساسەن دۆلەت تەۋەلىكى، تىل تۈركۈمى بويىچە ئەترەتلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇرلار باشقا دۆلەتلەردىكىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ.مەشىق ئەسلىھەلىرى ۋە تۇرالغۇلىرىمۇ ئايرىلغان بولۇپ، ھەرقايسى ئەترەتتىكىلەر قالايمىقان چۆگىلەپ يۈرۈشكە، باشقا ئەترەتتىكىلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ نىمىشقا خىتايدىن قىچىپ چىقىپ، ھەربىي مەشىققە قاتنىششىنىڭ سەۋەبلىرى نۇرغۇن. بىر ئۇيغۇر ياشلارنىڭ دەپ بىرىشىچە، بىرىنىڭ قىز دوستى ئۇرۇمچىدىكى 5- ئىيۇل ۋەقەسىدە ئىز- دىرەكسىز يوقاپ كەتكەن. بىرىنىڭ ئىتىزلىقىنى كۆچمەن خىتايلار تارتىۋىلىپ، تىرىكچىلىك قىلالمىغان. بىرى ساقال قويغانغا، شەخسىي مەدرىس ئاچقانغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن "ئۈچ خىل كۈچ" دەپ تۇتۇپ كەتكەن. بەزىسى سىياسىي جىنايەتچى تۇغقىنىغا پاناھلىق بەرگىنى ئۈچۈن خىتايلار سولاپ قويغان. ئۇلار سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق بىسىمى ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھىجرەت قىلىپ ئەسكەر بولۇپ، كەلگۈسىدە ۋەتىنىدە كۆرەش قىلماقچى بولغان. ئۇلارنىڭ دىيىشىچە، كىچىك دۆلەتكە ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تايىنىپ شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەربىي مەشىق قىلىشنىڭ مەقسىتى دەل ئۇلارنىڭ ئەمەلىي جەڭ ماھارىتىنى يىتىلدۈرۈپ، ۋەتىنى ئازات قىلىش يولىدا قۇربان

بولۇش.

مەن بۇ ياشلاردىن خىتاينىڭ سۇرىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاشقۇنلار، تىرورچىلار دەيدىغانلىقىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورۇدۇم. ئۇلار:" خىتاينىڭ بىزنى تىرورچى دەپ ئاتىشىنىڭ ئىككىلا خىل ئېھتىماللىقى بار: ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق زۇلۇم تارتىۋاتقانلىقىمىز بىلەن كارى يوق. يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق بولسا دەل ئۇلار بىزگە زۇلۇم قىلىۋاتقانلار. بىز قارشى تۇردۇق، ئەمما بىز تىرورچى ئەمەس، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرمۇ ئەمەس. بىز سىزدەك يالاڭباش، پادىچى ئىشتان، يات دىندىكى ئايال كىشى بىلەنمۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋېتىمىز. قانداقسىگە ئەسەبىي تىرورچى بولۇپ قالىمىز" دېيىشتى.

ئەمما مىسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى سەيىد قۇتۇپ يازغان " ئىسلام ئۇممىتىنىڭ نىشانى" دېگەن كىتابتا مۇسۇلمانلارنى ئورنىدىن قوزغىلىپ، جىھاد ئۈچۈن شېھىت بولۇشتىن يانماسلىقنى تەرغىپ قىلىدۇ. نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى بۇ كىتابنى ئوقۇغان، ئاندىن چەتئەلدىكى ئىسلامىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلاشقان ۋە خىتايدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان. بۇ كىتابنى شەرقى تۈركىستان مائارىپ، ھەمكارلىق جەمىيىتى قارىمىقىدىكى سۇتۇق بۇغراخان فوندى تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلغان. شەرقى تۈركىستاندىمۇ مەخپىي ھالدا تارقىلىپ يۈرگەن.

ت ئ پ ئىلگىرى مىسىر جىھادىي تەشكىلات مۇتەپەككۇرى ئابدۇقادىر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەرەبچە ئەسىرى " ئىسلامغا ئۇيغۇن جىھاد" دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلغان. كىتابنىڭ خەلقئارا ئۆلچەملىك كىتاب نومۇرى يوق. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسى 2011- يىلى " ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى" نامىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، زوراۋان بۇزغۇنچىلىق ئارقىلىق جىھاد قىلىشنى تەرغىپ قىلغان. كىتاب ئۆز چىقىمىغا نەشر قىلىنغانلىقىغا قارىماستىن مۇقاۋىسى توم ۋە ئېسىل بولۇپ، نەشر ھەققى بەك قىممەت بولسا كېرەك. بۇ كىتابنىڭ تەرجىمانى ئەمەلىيەتتە دەل شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى، ھەسەن مەخسۇم ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئۈچىنجى ئەۋلاد داھىي، ئىلگىرى ۋەزىرىستاندا پاناھلانغان ئابدۇلھەق. كىتابنىڭ مىسىرلىق ئەسلى يازغۇچىسى بىلەن ت ئ پ نىڭ رەھبىرى ھەر ئىككىسى ئىلگىرى ئافغانىستان ئەتراپىدا پائالىيەت قىلغان، ئۇلار تونۇش بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. ئېنىقكى، بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشنىڭ مەقسىتى دەل خىتايغا قارشى كۆرەشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى كۈچەيتىش، ئاندىن ئۇيغۇر ياشلىرىنى جىھادقا قىزىقتۇرۇش.

2014- يىلى 12- ئاينىڭ 3- كۈنى، سۇرىيەدىكى ئانچە مەشھۇر ئەمەس بىر جايدا، ت ئ پ شام بىرگادىسىنىڭ رەھبىرى، 30 نەچچە ياشلىق ئىبراھىم مەنسۇر تۈركىيەلىك مۇخبىر ئەردوغاننىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان، سۆھبەت خاتىرە ۋىدىيوسىمۇ يۇتۇپتا تارقالغان. ۋىدىيودا، ت ئ پ نىڭ بۇ رەھبىرى :" بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز 2012- يىلدىن باشلاپلا سۇرىيەگە ئادەم ئەۋەتىشكە باشلىغان، بىز سۇرىيە ئەسەد ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىمىز " دېگەن. نۇسرەت فرونتى 2012- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ت ئ پ ئۇلارغا قوشۇلغان.

تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم ئۇيغۇرلار نۇسرەت فرونتى ۋە دائىشقا قاتتىق قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى سۇرىيەگە بېرىپ تىجارەت قىلىپ باققان، يەرلىكلەرنىڭ ئۆتمۈشى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇ. سۇرىيەدە بۇرۇن مۇسۇلمانلار، خىرىستىيانلار، پىروتاستلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئوخشىمىغان دىندىكىلەر ئارا مۇناسىۋەت ناھايىتى ياخشى ئىكەن. شۇڭا بۇ ئۇيغۇرلار سەلەپى جىھادى ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ، سۇرىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتناشقاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە خىتايلار ياشاۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ جىدىلىگە ئارىلاشماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ.

ت ئ پ نىڭ قارىشىچە، شەرقى تۈركىستاندا ئىسلامى دۆلەت قۇرۇش كېرەك. بىراق تۈركىيەدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىش- قىلماسلىقتا ئوخشىمىغان قاراشقا ئىگە. ت ئ پ سۇرىيە

بىرگادىسىنىڭ رەھبىرىنىڭ قارىشىچە: ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي مەشىق قىلىشى دەل ئۇلار دۇشمەنگە دۇچ كەلگەندە، سوغۇققانلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش، ۋەتەنگە قايتىپ جىھاد قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش. ئۇ تۈركىيەدىن ئۈمىد كۈتۈپ دېيىشىچە: " تۈركىيە تارىختا خەلىپە تۈزۈمىنى قوللانغان، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارغا غەمخورلۇق قىلغان. مەن تۈركىيە خەلقى بىزنىڭ جىھادىمىزنى قوللىسىكەن،بىزگە قۇرال- ياراق تەمىنلىسىكەن، بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ رەھىمسىز خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلارنى ھەيدەپ چىقارسىكەن دەيمەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز- ئارا ياردەمدە بولىشى پەرىز، تۈركىيە خەلقى مىللىي مەدەنىيەت ۋە دىن جەھەتتىن بىز بىلەن ئوخشاش، بىز بىلەن قېرىنداش، ئۇلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن بىزنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن."

تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھرىدە " شەرقى تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمىيىتى" بار بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبىرى سېيىت تومتۈرك. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنىڭ تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە بۇنداق يولسىز تەلەپ قويىشى ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئۇ:" خىتايدىن جىنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قېچىپ چىققان ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئارزۇسى تىنچ- خاتىرجەم ياشاش، ئايىغدا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋە جەمىيىتىگە سىڭىپ كىرىش. 2009- يىلى، ئۈرۈمچى 5- ئىيۇل قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، 3000 نەپەر ئۇيغۇر ئوڭۇشلۇق ھالدا پاسپورتقا ئېرىشتى. ت ئ پ نىڭ قارىشى ئەمەلىيەتتە چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن ناچار تەسىر پەيدا قىلىدۇ" دىدى.

## 5 : شەرقى تۈركىستان مائارىپ ھەمكارلىق جەمىيىتى ۋە تىنچلىق يولى

تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قەيسەرى شەھرىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى ئايدىروم يېنىدا بىر ئۇيغۇر مەھەللىسى بار. ھەممەيلەن ئۇ يەرنى " تۈرك كەنتى" دەپ ئاتايدۇ. 1960- يىللىرىدا، تەخمىنەن شەرقى تۈركىستاندىن 300 نەپەر ئۇيغۇر ئافغانىستاندىن ئۆتۈپ، تۈركىيەنىڭ ياردىمىدە بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان. ئۇيغۇر كەنتىنى شەكىللەندۈرگەندىن بۇيان، كېيىن تۈركىيەگە قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئاۋال بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كېيىن ئاستا- ئاستا باشقا چىقىش يوللىرىنى تاپقان.

1990- يىللاردا مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى شەرقى تۈركىستان چېگراسىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تۈركىيەگە كېلەتتى. 2001- يىلى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى چېگرادىن قانۇنسىز كىرگەن ئۇيغۇرلارنى قايتۇرىۋېتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يول خەۋپكە ئۇچراپ، ئۈزۈلۈپ قالدى. كېيىن جانلانغان يول بولسا شەرقى جەنۇبى ئاسىيا ئارقىلىق ئاخىرىدا تۈركىيەگە باردى. ئۇيغۇرلار يۈننەن، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى چېگراسىدىكى يەرلىك بىدىكلەر ۋە ساقچىلارنى سېتىۋېلىپ، يول ئىزدەپ، چەتئەلگە قاچتى. چەتئەلگە قېچىشقا قەتئىي بەل باغلىغان ئۇيغۇرلار بارلىق مال- مۈلۈكىنى سېتىۋېتىپ، يېنىدا زور سوممىدا نەق پۇل ئېلىپ قاچقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دائىم قېچىش يولىدا بىدىكلەر ۋە ساقچىلارنىڭ قاقتى- سوقتى قىلىشىغا ئۇچراپ، مال- مۈلۈكىدىن ئايرىلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ باشقا تاللاش يولى يوق، خىتاينىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن چوقۇم خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش كېرەك.

قەيسەرىدىكى ئۇيغۇرلار 1960- يىلى قۇرغان شەرقى تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمىيىتى ئىزچىل ھالدا چەتكە قاچقان ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى قىلىپ كەلگەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى سېيىت تومتۈرك ئىككىنچى ئەۋلاد تۈركىيە ئۇيغۇرلىرىدىن. ئۇنىڭ دادىسى 1961- يىلى قاغىلىقتىن تۈركىيە قەيسەرىگە كەلگەن. سېيىت تومتۈركنىڭ ئېيتىشىچە، 2009- يىلى 5- ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن، تەخمىنەن 7000 ئۇيغۇر تۈركىيەگە قېچىپ كەلگەن. مەن ئۇنىڭدىن:" بۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئېتراپ قىلغان سانمۇ؟" دەپ سورۇدۇم. ئۇ جاۋاب بىرىپ :" تۈركىيە ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەقىقىي سانلىق مەلۇماتنى ئېلان قىلمايدۇ. بۇ سان ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ سانىغا ئاساسەن تەخمىن قىلىنغان" دىدى.

شەرقى تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپتە ياتاقلىرى ئاددى، ياتاقتا ئاستى-ئۈستى كارىۋات بار بولۇپ، قاچقۇن ئۇيغۇرلارغا ھەقسىز تۇرالغۇ تەمىنلەپ، كېيىنلىكى ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدىگەن. 5- ئىيۇل ۋەقەسىدىن بۇرۇن، زاپاس كارىۋات سانى يېتەرلىك بولۇپ، 5- ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن يېتىشمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەيسەرى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە شەددەت بىلەن كۆپەيگەن قاچقۇن ئۇيغۇرلارنى شەھەر غەربى شىمالىغا جايلاشقان كونا ساقچى ئولتۇراق بىناسىغا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ بىنا تەخمىنەن 1000 كىشىگە يېتىشلىك بولسىمۇ، ياتاق يەنىلا يېتىشمىگەن، گاھىدا بىر ئۆيدە ئىككى ئائىلە تۇرغان. 2015- يىلى 2- ئايدا ئۇلار ئۇ يەردە مەكتەپ ئاچقان، تۈرك تىلى ۋە قۇرئان ئۆگەتكەن، باللار ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈلگەن.

سېيىت تومتۈرك يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇ يەرلىك تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي نوپۇزىغا تايىنىپ، يەرلىك بىلەن ھۆكۈمەتسىز دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئۆز- ئارا چەكلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇ، قاچقۇن ئۇيغۇرلارغا ياردەم بىرىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى ئامرىكا ۋاشىنگتون، ياۋروپا ۋە ياپونىيەدىمۇ بىر ئاز تونۇلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ تۈركىيەدە ئىش بېجىرىش ئورنى يوق، يەرلىكتىن بىلىدىغانلارمۇ بەك ئاز.

6: دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۇيغۇر ئىسلام تەشكىلاتى – شەرقى تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيتى ۋە ئىستىقلال تىلۋىزىيەسى، مائارىپ جەمئىيتى ئىستانبۇل شەھەر مەركىزى، چاپا بىكىتى يېنىغا جايلاشقان. ئوتتۇرا شەرقتىكى ۋە تۈركىيەدىكى قوللىغۇچىلىرى ھەسسىلەپ ئىششىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەت خىزمىتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەن. ئەگەر قوللاش ۋە پىداكارلىق سەۋىيىسىدىن ئالغاندا، مائارىپ جەمئىيتى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ تەشكىلاتى ھىسابلىنىدۇ.

2001- يىلى ئامرىكا ئافغانىستاننى بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، بەزى پاكىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تالىپلاردىن تەخمىنەن 100 دەك كىشى "ۋەتەنگە قايتساق، بىزنى تىرورچى دەپ تۇتىۋالىدۇ" دىگەن مەقسەتتە تۈركىيەگە كەلگەن. 2006- يىلى بۇ بىر تۈركۈم دىنىي ئوقۇغۇچىلار شەرقى تۈركىستان مائارىپ، ھەمكارلىق جەمئىيتى قۇرغان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىلىرى ئۆزۈن يىل دىندا ئوقۇغان كىشىلەر ئىدى. مائارىپ جەمئىيتىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان پاكىستان لاھوردىكى پەنجاپ ئۇنىۋېرسىتىدا ئىسلام پەنلىرى ماگىستىرلىقىنى ئالغان. جەمئىيەتنىڭ نازارەتچىسى ئابلىكىمخان مەخسۇم مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتىدا پەلسەپە ئوقۇغان. ئىسلامنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى ئاساسلىقى قوللىغۇچىلارنىڭ قوللىشىغا تايىنىدىغان بولۇپ، 25 نەپەر خىزمەتچىسى ۋە قوشۇمچە خىزمەتچىلەر، پىدائىيلار بولۇپ نۇرغۇن ئادەم بار.

جەمئىيەتنىڭ غايىسى بولسا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۆتىدىل، ئاشقۇن، ئىلمىي، ئازغۇن، قۇراللىق، قۇرالسىز ھەر خىل ئىدىيەدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئىكەن. ئۇلار تۈركىيەگە تۇنجى كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يىڭى مۇھىتقا ماسلىشىشى، ئىقامەت ۋە ۋەتەنداشلىق تەلەپ قىلىشى، ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ بىسىمى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئاۋامنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىكەن. ئۇلار ھەر ھەپتە بىلىملىك كىشىلەرنى لىكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىدىكەن. جەمئىيەتنىڭ باش ۋە تارماق ئورۇنلىرىدا كىچىك باللارغا ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تارىخى دەرسى ئۆتىدىكەن، كىتابلارنى نەشر قىلىدىكەن. ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئۈچ رايوندا 4~6 ياشلىق باللارغا يەسلى ئىچىپتۇ.

1950-~60-يىللىرى تۈركىيەگە قېچىپ كەلگەن كونا ئەۋلاد ئۇيغۇرلار ئىلگىرى مائارىپ جەمئىيتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى تۇرغان، ھەممىدىن قاتتىق قارشى تۇرغىنى رىزا بېكىن بولغانىكەن. ختاي كومونىستلىرى شەرقى تۈركىستاننى بېسىۋالغاندا، رىزا بېكىن شەرقى تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان. كېيىن تۈركىيە ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، شانلىق نەتىجە ياراتقان. رىزا بېكىن :" تۈركىيەدىكى يىڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلار تۈركىيەنىڭ دىنىدىن خالىي جەمئىيىتىگە ماسلىشىپ بولغان، ئەمدى ئۇلارنى ئىسلام دىنى بىلەن بىرلەشتۈرىمىز دەپ شۇئار توۋلاش ۋە شۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى خەتەرلىك" دەپ قارىغان.

مائارىپ جەمىيىتىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بولسا قەشقەرلىك كاتتا تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى، تۈرك تىلى، ئەرەب تىلى، ئوردۇ تىلى، پەنجاپ تىلى، پارس تىلى ۋە ئىنگلىز تىللىرىنى پىششىق بىلىدۇ. خىتاينىڭ " يەرشارى ۋاقىت گېزىتى" 2013- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى شەرقى تۈركىستان مائارىپ، ھەمكارلىق جەمىيىتىنى تېرورىزىمنى قوللىغان، شۇنداقلا بىر قىسىم كىشىلەرنى سۈرىيەدە ھەربىيلىكتە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتكەن دەپ ئەيىبلىگەن. مەن مائارىپ جەمىيىتىنىڭ رەئىسىدىن بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ جاۋابەن:" كىسىپ ئېيتالايمەنكى، جەمىيىتىمىز ئۇنداق ئىش قىلمىدى. ئۇيغۇرلار بەك ساددا، ئاقكۆڭۈل ئەمما بىر ئاز نادان خەلق. ئەگەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بولساق، شۇ دۆلەت ھۆكۈمىتى ۋە كۈچلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا قالىدىغان گەپ. ھەقىقەتەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار توساقلاردىن ئۆتۈپ، بىر قىسىم ئەرەبلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دائىشقا قاتنىشىپ، ئانا ۋەتىنىنى بىرىنجى ئورۇنغا قويۇپ ئويلاشماي، تەتۈر ئىش قىلدى" دېدى.

مائارىپ جەمىيىتىنىڭ كۆپ قىسىم چىقىمى " ئىستىقلال قانىلى" ۋە " سادا " تور تېلېۋىزيەسىنى يۈرۈشتۈرۈشكە سەرپ قىلىنىدىكەن. بۇ ئارقىلىق دىنىي نۇقتىدىن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى مۇلاھىزە قىلىش مەقسەت قىلىنىدىكەن. قانال 2007- يىلىدىن باشلاپ ئېچىلغان بولۇپ، ھازىر ئەسلىھەلىرى تولۇق سەپلەنگەن بىر ستودىيوسى بار. ئىستىقلال قانىلىنىڭ پىروگراممىلىرى ئاساسلىقى مىللىي، دىنىي مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىكەن. سادا تېلېۋىزيەسى بولسا مەدەنىيەت- سەنئەت پىروگراممىلىرىنى ئاساس بولۇپ،. ئىككى پىروگراممىما مەزمۇن جەھەتتىن پەرقلىق ئىكەن. ئىستىقلال قانىلى پۈتۈن دۇنيا ئۇيغۇرلىرىغا دىنىي چۈشەنچىلەر، فىلىملەر تارقىتىشتىن باشقا، يەنە خەۋەر، ماقالىلەرنىمۇ تارقىتىدىكەن.

تۈركىيەدە يەنە خىتايلار مەبلەغ سالغان، تۈركىيەدىكى سولچىل سىياسىي تەشكىلات باشقۇرۇشىدىكى FMقانىلى بار بولۇپ،ئىسمى يۆلىنىش رادىئو- تېلېۋىزيەسى Yon Radyo ئىكەن. بۇ قانال ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش، كەچتە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا يېرىم سائەتتىن تارقىتىلىدىكەن. 2009- يىلى 5- ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ئېچىلغان بۇ قانال مەخسۇس تۈركىيەدىكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تۈرك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا تارقىتىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ پىروگراممىسىدا سىياسىي تەشۋىقات ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئاساسلىقى " ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدا نەقەدەر بەختلىك ياشاۋاتقانلىقى"دەك مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىدىكەن، گاھىدا خىتايچە لېكسىيەلەرنىمۇ تارقىتىدىكەن. ئىستىقلال تور تېلېۋىزيەسىنىڭ تور بېتى ئاساسلىق ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىدىكەن. ئىنگلىزچە ۋە خىتايچە ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز ئىكەن. تېلېۋىزيە باشلىقى ئابدۇلئەھەد:" ھازىر پەقەت ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچىلا مەزمۇنلارنى تارقىتىۋاتىمىز، تەسىرى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئۇيغۇر مەسىلىسىنى پۈتۈن دۇنياغا تېخىمۇ بەك تونۇتۇش ئۈچۈن ئىنگلىزچە ۋە خىتايچە تارقىتىشقىمۇ كۈچەش كېرەك. ئەمما قانىلىمىزنىڭ مەبلىغى ۋە ئادەم كۈچى يېتىشمەيدۇ" دېدى.

### 7: تېرورچىمۇ ياكى سىياسىي پاناھچىمۇ؟ - تايلاندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلار

2014- يىلى 3- ئاينىڭ 8- كۈنى مالايسىيە كۇئالالامپۇردىن خىتاينىڭ پايتەختىگە ئۇچقان مالايسىيە ئايروپىلانى يوقاپ كەتتى. ئايروپىلاننىڭ قالدۇقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئىزدەش جەريانىدا شەرقى جەنۇبى ئاسىيا ئارقىلىق خىتايدىن ئوغرۇلۇقچە قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلار بايقالغان. ئۇلار خىتاينىڭ جەنۇبى چېگرىسىدىن ئوغرۇلۇقچە ئۆتۈپ، تايلاند، مالايسىيە ئارقىلىق تۈركىيەگە قاچماقچىكەن. تايلاند چېگراسىدىن قانۇنسىز كىرگەن 400 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقىلى بىر يىلدىن ئاشقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 173 نەپەر ئايال بار ئىكەن. 2015- يىلى 6- ئاينىڭ 30- كۈنى ئۇلار تۈركىيەگە يولغا سېلىنغان، ئەمما 15 ياشتىن يۇقىرى ئەرلەرنىڭ كېتىشى چەكلەنگەن. بۇ ئاياللار تۈركىيەگە بارغاندىن كېيىن، قەيسەرى شەھرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بۇ قاچقۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تۇتقۇندا تۇرۇشىدا بىر نەچچە سەۋەب بار.

ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق، ئۆزىنى شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەپ ئاتايدىغان ئەركىن ئەزىز ئىسىملىك كىشى تايلاندتا مۇساپىر ئۇيغۇرلارغا دائىشقا سىمۇۋۇل قىلىنىدىغان قارا بايراقنى

تارقىتىپ بەرگەن ۋە ئۇلارغا سولاقخانىغا چاپلاپ قويۇشنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. شەرقى جەنۇبى ئاسىيادا ئەسلىدىنلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان روھىنگا (ئەرەكان) مۇسۇلمانلىرى بار بولۇپ، كىشىلەر بۇ خىل مەسىلىلەرگە ناھايىتى سەزگۈر ئىكەن. ئەركىن شۇ يىلى 3- ئايدا تۈركىيەدە يەنە ئۇيغۇرلارنى دائىشقا قاتنىششقا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، تۈركىيە ساقچى تەرەپ ئۇنى تۇتۇپ سوراق قىلغان.

تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇ مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، تەخمىنەن 7- ئاينىڭ 8- كۈنى، ھىلىھەم تايلاند ھۆكۈمىتى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان 109 نەپەر ئەر، 19 نەپەر ئاياللارنىڭ ھەممىسى خىتايغا قايتۇرىۋېتىلگەن. ئەينى چاغدا خىتايغا قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى خىتاي ھۆكۈمىتى "تېرورچى" دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىغا نۇمۇر سىلىنغان مەھبۇس كېيىملىرىنى، باشلىرىغا خالتا كەيدۈرۈپ، ئايروپىلاندا ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى ساقچى ئولتۇرۇپ خىتايغا ئېلىپ كەتكەن. ئۇلار قوپاللىق بىلەن ئايروپىلاندىن چۈشۈرۈلگەنلىكى تېلېۋىزور ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارالغان.

7- ئاينىڭ 12- كۈنى تايلاند ھۆكۈمىتى يەنە 8 نەپەر ئايالنى تۈركىيەگە يولغا سالغان. مەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلار تۈركىيەگە چۈشكەن ھامان ئۇلارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن تېزدىن تۇتۇش قىلدىم. زىيارەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

"مەن دەسلەپتە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 170 نەپەر ئۇيغۇرنى كۈتىۋالغانلىقىنى، ئاندىن يەنە يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆردۈم، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار خىتايغا قايتۇرۇۋېتىلگەندە، تايلاند ساقچىسى :" ئاۋۇ ئا ئەپەندى سىلەر بىلەن بىرگە ماڭىدۇ، ئا ئەپەندى ئىزچىل بىزگە غەمخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كىشى. ئۇ بۇرۇنلا تايلاندلىق ئايال بىلەن توي قىلغان، بانكوكتا ئۆزۈن مەزگىل تۇرغان" دىگەن. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى ئالداش، بىزنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلغان يالغان سۆزلەر، شۇڭا ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن ئايرىلغان. كېيىن بىزمۇ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلىش، گول بولۇشتىن ئەنسىرەپ، تۈركىيە تاشقى ئىشلار خادىمى بىزنى ئېلىپ كەتمىگۈچە تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن ئايرىلماسلىقنى ئىرادە قىلدۇق. كېيىن ئۇلار راستىنلا تۈركىيە تاشقى ئىشلار خادىمىنى تەكلىپ قىلدى، بىز ئاندىن خاتىرجەم ھالدا ئەگىشىپ ماڭدۇق. خىتايغا قايتۇرۇلماقچى بولغان ئۇيغۇرلار دىن بىرسى بىزگە تېلفۇن قىلىپ:" ئاياللارنىڭ نەق مەيداندا كېيىملىرى پۈتۈنلەي سالدۇرۇلۇپ، مەھبۇس كېيىمى كەيدۈرۈلدى، بەزى ئەرلەر قارشىلىق بىلدۈردى" دىگەن. كېيىن ئۇلارنىڭ تېلفۇنى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى."

**خۇلاسە:**

ئىلگىرى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىگە قاتناشقان، ئافغانىستان ۋە پاكىستاندا ھەربىي مەشىق ۋە رەسمىي جەڭلەرگە قاتناشقان تەجرىبىلىك ئۇيغۇرلار 40~60 ياشلار ئەتراپىدا. ھازىر سۈرىيەدە ھەربىي تەلىم ئېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭدىن تولىسى 20~30 ياشلار ئەتراپىدىكى ياشلار . ئافغانىستان ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن كونا ئەۋلاد دائىم:" 90- يىللاردا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش ھەرىكەتلىرى ئوق- دورا ئامبارلىرىغا ھۇجۇم قىلىش بولۇپ، قۇراللىق قولغا چۈشۈرسەكمۇ ئىشلىتىشنى بىلمەيتۇق. شۇڭا بىر ئاز ئەسكىرىي تەربىيەگە ئېھتىياجلىق ئىدۇق. بۇ مەسلىھەت يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ئامرىكا باشلىغان تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇشتىن پايدىلاندى. 2003- يىلى خىتاي بىرىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر تېرورچىلار تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، ئارىسىدا شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئابدۇقادىر ياپچانمۇ بار ئىدى. ئابدۇقادىر ياپچان: " شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى 2002- يىلى ئامرىكا تەرىپىدىن تېرورلۇق تەشكىلاتى دەپ ئېتراپ قىلىندى. ئەمما شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى دەپ بىر تەشكىلات يوق، بىز شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى،

بىراق تېرورچى تەشكىلات ئەمەس، بىز ئىنقىلابىي تەشكىلات! " دېدى.

ئۇندىن باشقا، دائىشلارنىڭ خەلىپە تۈزۈمىنى ياقىلايدىغان ئۇيغۇرلار بىلەنمۇ ئابدۇقادىر ياپچان ياخشى مۇناسىۋەت ساقلاپ كەلگەن. ئابدۇقادىر ياپچان ھەردائىم:" بىزنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنىمىز خىتاي، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش بولسا بىزنىڭ ئاخىرقى نىشانىمىز!" دەيدۇ.

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى نۇرمەمەت، باشقىلار ئۇنى " كىچىك سەيپۇللاھ" دەپ چاقىرىدۇ. 2015- يىلى 8- ئاينىڭ 6- كۈنى نۇرمەمەتكە ئوغلىنىڭ ئۇرۇشتا ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يەتكەن. 9- ئايدا مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ قول تېلىفۇنىنىڭ ئېكرانىغا ئوغلىنىڭ رەسىمى چىقىرىغلىق ئىكەن. ئۇ ماڭا:" قۇربان بولساقمۇ جىھاد يولىدىن قايتىساق بولمايدۇ" دېدى. سۈرىيەدىكى بۇ ئۇيغۇر قوشۇنى 2015- يىلى 9- ئايدا ئۆكتىچىلەرگە ياردەملىشىپ، ئەسەد ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىن ئىدلىپ ئايدىرومىنى تارتىۋالغان. 10- ئايدا، ئۆكتىچى قوشۇنلار بىلەن بىرگە روسىيە كۆرەشچى ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمانىغا ئۇچرىغان. 11- ئايدا روسىيە ھاۋا ھۇجۇمى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلاردىن 30 دىن ئارتۇق كىشى قۇربان بولغان. تور مېدىيالىرى ئارقىلىق تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىدىن قۇربان بولغانلارنىڭ ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جەڭگە قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قۇربان بولغانلارنىڭ سانىمۇ شىددەت بىلەن ئاشقان. ئۇلار نۇسرەت فىرونتى ۋە ھۆر سۈرىيە ئارمىيىسىدىكى ئورنىمۇ بارغانسىرى يۇقىرىلىغان. ئەمما ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. ئۇلار " سۈرىيەدىكى ئۇرۇش قۇربان بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. سۈرىيەدە ھەربىي مەشىق قىلسا بولىدۇ، قۇربان بولمەن دېسە چوقۇم ۋەتەنگە قايتىشى كېرەك" دەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر جەمىيىتىدە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ يېقىنقى مەزگىل تەشۋىقاتلىرىغا ئوخشىمىغان قاراشلار كۆپ. مەسىلەن بىر ۋىدېيودا بىر كىچىك قىز بالا قۇرال تۇتۇپ مەشىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش بار. يەنە بىر ۋىدېيو تەشۋىقاتىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىدىن قېچىپ، تۈركىيە تۈرمىسىغا ماسلىشالماي، خىزمەتمۇ تاپالماي، ھەممىسى سۈرىيەگە كۆچۈپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. يەنە مەسىلەن، 2015- يىلى ئۇيغۇرلار تايلاندتىن خىتايغا قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، قەيسەرىدە تۈرۈشلۇق 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر مۇساپىرلار ئۇن- تۈنسىزلا غايىپ بولۇپ، سۈرىيەگە كەتكەن. سۈرىيەگە ئوغۇرلۇقچە ئۆتۈش ئۈچۈن نۇسرەت فىرونتىغا پۇل تۆلەش كېرەك ئىكەن.سۈرىيەلىك خىرىستىيان دېھقانلىرى ئۇرۇش ئوتىدىن قېچىپ كۆچۈپ كەتكەن بولسا، خىتايدىن قېچىپ چىققان بۇ ئۇيغۇرلار تاشلاندۇق يېزىلارغا رۇخسەتسىزلا كىلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار يەرلىكلەر بىلەنمۇ باردى- كەلدى قىلمايدۇ.بۇ يېڭى كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئەمەلىيەتتە سۈرىيەدىكى يەرلىكلەر ئارىسىدا ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلغان.

ئابدۇقادىر ياپچان بىلەن سەپداش كونا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىدىكىلەر ۋە يېڭى ئەۋلاد ئۇرۇشقا تەجرىبىلىك ياشلارنىڭ تەسىر كۈچى ۋە ئورنى جىددىي ئىشىۋاتىدۇ. كەلگۈسىدە سۈرىيەدە ئىچكى ئۇرۇش توختىغاندا، ئۇيغۇر غازىلارمۇ جەڭدە پىشقان پارتىزانلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ۋەتىنىگە قايتىپ، خىتايدا ھەربىي ھەرىكەت قوزغامدۇ- يوق، ئۇنىسى نامالۇم. جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان سۈرىيەدىن بەكلا يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ بارالىشىمۇ ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. ئۇلار خىتايغا قارشى ھۇجۇم قىلسا قانداق ئىدىيىۋىي ئاساستا ھۇجۇم قىلىدۇ، قانداق ھەربىي نەزىرىيەنى تۈرتكە قىلىدۇ، بۇمۇ ئېنىق ئەمەس. خىتايغا ئۇرۇش قوزغىغان تەقدىردىمۇ، ھەرىكەت بىلەن نەزىرىيەنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي قوللىنىش مەسىلىسىگە قارىتا، ھازىرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىدە يەنىلا جاۋاب بولمىسا كېرەك.

2015-يىلى 12- ئاي

تۇنيۇقۇق تەرجىمىسى

پايدىلانغان مەنبەلەر:

ウイグル人の反中武装レジスタンス勢力とトルコ、シリア、アフガニスタン (中国リベラリズムの政治空間) -- (法治と人権を巡る闘い) [in Japanese]

تەيۋەنلىك تەتقىقاتچى ۋۇ جىيەنمىننىڭ ختايچە ماقالىسى

# ھىسسىي ئۆچمەنلىك، ئەقلىي مۇھەببەت

## تۇنيۇقۇق

ئۇيغۇر مىللىي ئازاتلىقى ۋە شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى تۈركىيە- خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ قېيىن ئۆتكەل. گەرچە شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئۇيغۇرلار ئاز، خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى قاتتىق مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئۇيغۇر مەسىلىسى يەنىلا بىيجىڭ بىلەن ئەنقەرە ئوتتۇرىسىدا ئەقىل لال بولغۇدەك غايەت زور تەسىرگە ئىگە. تۈركىيە خەلقى ۋە بەزى ئەمەلدارلار ئۇيغۇرلارغا ئىرقى، دىنىي، تارىخى جەھەتتىن كۆپ ھېسداشلىق قىلسىمۇ، ئەمما تۈركىيە ھۆكۈمىتى رەسمىي ۋە يېرىمرەسمىي پوزىتسىيەلىرىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قارىتا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن تۇيۇپ تۇرىۋاتىمىز.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب جاھانگىرلىرى مۇستەملىكىسىدىكى شەرقتە خىتاي " شەرقى ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى" دەپ ئاتالسا، غەربتە تۈركىيە " غەربى ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى" دەپ ئاتالغان. 1924- يىلى مۇستاپا كامال تۈرك مۇستەقىل تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. 1927- يىلدىن 1932- يىلغىچە تۈركىيەدە " يېڭى تۈركىستان" گېزىتى تارقىتىلغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۈركىيەنىڭ شەرقى تۈركىستاندا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىشىدىن ئەنسىرەپ، تۈركىيە بىلەن تاكى 1934- يىلغىچە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. 1934- يىلى شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، خىتاي ئاندىن تۈركىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قۇرغان. شۇنداقتىمۇ تۈركىيەگە بېرىپ شەھەر كۆرۈپ كەلگەن زىيالىي مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى، سابىت داموللاملار پانتۈركىزىم ۋە ئۇسۇلى جەدىد مائارىپىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىغا ئايلانغان. 1938- يىلى كامالتۈركنىڭ شەرقى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنى تۈركىيەگە كېلىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىشى بىلەن مەمەت رىزا بېكىن تۈركىيەگە كېلىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، گېنىرال بولغان. مەسئۇد سابىرى تۈركىيەدە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان، تىبابەت ئۆگەنگەن، ئىككى جۇمھۇرىيەتتە ئەسكەرلەر ئازدۇر- كۆپتۇر تۈرك قوماندانلارنىڭ تەربىيەلىشىدە بولغان.

1950- يىلى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، كومونىست خىتايلار ئۆزىنى ياپون باسقۇنچىلىرىدىن قۇتۇلدۇرغان ئامرىكىغا قارشى شىمالىي كورىيە ئۇرۇشىغا كىردى. تۈركىيە بولسا كومونىزىمغا قارشى تۇرۇپ، شىمالىي كورىيەگە ئەسكەر ئەۋەتىپ خىتاي بىلەن ئۇرۇشتى. تۈركىيەدىن شىمالىي كورىيەگە ئۇرۇش قىلغىلى بارغانلار ئارىسىدا ئۇيغۇر گېنىرال مەمەت رىزابېكىنمۇ بار ئىدى. 1952- يىلى، ئامرىكا تۈركىيەنىڭ شىمالىي كورىيە ئۇرۇشىدىكى تىرىشچانلىقىنى مۇكاپاتلاپ، تۈركىيەنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ( ناتو) ئەزا دۆلەت قىلدى. تۈركىيە ناتودىكى بىردىنبىر مۇسۇلمان دۆلىتى، بىردىنبىر ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تەۋە بولمىغان دۆلەت بولۇپ قالدى. شۇ كەملەردە خىتاي تۈركىيەنى ئىمپىرالىزىمنىڭ كۈچۈكى دەپ تىللايتى. تۈركىيە – خىتاي مۇناسىۋىتى ئۆز- ئارا دۈشمەن ھالەتتە بولۇپ، ھېچقانداق دىپلوماتىك مۇناسىۋەت يوق ئىدى.

1949- يىلى، يىل ئاخىرىدا تۈركىيە پارلامېنت ئەزالىرى ھىندىستانغا بېرىپ، شەرقى تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارغا خىزمەت، مەبلەغ ۋە تۇرالغۇ ۋەدە قىلىپ ئۇلارنى تۈركىيەگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان. 1952- يىلى مەمتىمىن بۇغرا تۈركىيەگە كەلگەن. ئارىلىقتا تۈركىيە شىمالىي كورىيە ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشىنى كېچىكتۈرگەن. 1952- يىلى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ تۈركىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئىستانبۇلدا كۆرۈشۈپ سۆزلىشىشى نەتىجىسىدە، تۈركىيە ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەگە كېلىشكە قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتى 1953- يىلى 3- ئاينىڭ 13- كۈنىگىچە 1850 نەپەر شەرقى تۈركىستانلىق مۇساپىرلارنى تۈركىيەگە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭغا ئوخشىغان يول بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەتكەن

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقامەت ئىشىمۇ ھەل بولغان. 1954- يىلى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەن، 1957- يىلى ۋەتەنداش بولغان. 1959- يىلى خىتاي باشقا دۆلەت تەۋەلىكىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆز دۆلىتىگە كېتىشىگە رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، 1961- يىلى تەخمىنەن 600 نەپەر ئادەم ئۆزىنى ئافغانىستان پۇقراسى دەپ قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئافغانىستانغا كەلگەن. ئۇلار ئافغانىستاندا 5- 6 يىل تۇرغاندىن كېيىن ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئۇيغۇر مۇساپىرلارنى تۈركىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈركىيە باش مىنىستىرى سۈلەيمان دەمىرنى قايىل قىلغان. 360 نەپەر ئۇيغۇر مۇساپىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ تۈركىيەگە كېلىپ، قەيسەرىگە ئورۇنلاشقان. دەسلەپتە تۈركىيە ھۆكۈمىتى گەرچە خىتاي بىلەن ھېچقانداق دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە مىللىي مۇستەقىللىق غايىسىنى قوللاپ كەتمىگەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا ئەركىنلىك، ئىشخانا ۋە ئازغىنە ياردەم پۇلى بەرگەن.

تۈركىيەدە ئەڭ ئاۋال قۇرۇلغىنى شەرقىي تۈركىستان مۇساپىرلار كومىتېتى بولۇپ، ھەرخىل سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، نۇتۇق سۆزلەپ، تەشۋىقاتقا كۈچەپ،تۈرك مىللەتچىلىكىنى تەرغىپ قىلغان. 1965- يىلى مەمتىمىن بۇغرا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەڭ ئالىي داھىي بولغان. 1976- يىلى مەمەت رىزا بېكىن رەھبەرلىكىدە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى قۇرۇلغان. شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى، شەرقىي تۈركىستان خەۋەرلىرى ئايلىق ژۇرنىلى، ھۆر تۈركىستان ئايلىق ژۇرنىلى، كۆك بايراق قاتارلىق گېزىت — ژۇرناللار تارقىتىلغان. شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، شەرقىي تۈركىستان ئاياللار بىرلەشمىسى، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى قاتارلىقلار قۇرۇلغان.

1970 - يىللىرى ئامرىكا- خىتاي مۇناسىۋىتى سوۋېتقا قارشى ياخشىلىنىشقا ئەگىشىپ، تۈركىيەمۇ خىتاي بىلەن ئالاقە ئورناتقان. 1971- يىلى 8- ئايدا، ئىككى تەرەپ پارىژدا ئورتاق بايانات ئېلان قىلدى. ئىككى تەرەپ مۇستەقىللىق، ئىگىلىك ھوقۇق، زېمىن پۈتۈنلۈكى، ئىچكى سىياسەتكە ئارىلاشماسلىق، ھوقۇقتا باۋارەر بولۇش ۋە ئۆز- ئارا مەنپەئەتلىنىش پرىنسىپى ئاساسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. تۈركىيە تەيۋەننى ئەمەس، خىتاينى بىردىنبىر قانۇنلۇق دۆلەت دەپ تونۇيدىغان بولدى، ب د ت دا خىتاينىڭ ۋەكىللىكىنى قوللىغان. 1989- يىلى تيەنئەنمېن ۋەقەسىگە قارشى غەرب دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي ئېمبارگو يۈرگۈزۈش تەرەپتارى بولسا، تۈركىيە خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق تەرەپتارى بولۇپ، ئېمبارگوغا قارشى تۇرغان. بۇنداق قىلىشىدا تۈركىيە سىپرۇس ۋە كۇردلار مەسىلىسىدە خىتاينىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى، شىمالدىكى تارىخي دۈشمىنى سوۋېتتىن مۇداپىيەلىنىشنى ئويلىغان. 1990- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزۈلگەندىن كېيىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۆزۈشىمۇ ئاياغلاشقان. تۈركىيە- خىتاي مۇناسىۋىتى ئاساسلىقى قورال سودىسىدا ئىپادىلەنگەن، چۈنكى غەرب دۆلەتلىرى كۇردلار مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، تۈركىيەگە قورال سېتىش چەكلىمىسى قويغان. تۈركىيە ناتودىكى سەپداشلىرىدىن ئالالمىغان قورال ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسىنى خىتايدىن سېتىۋالغان. ئەمما خىتاي- تۈركىيە مۇناسىۋىتى باشقا ئىقتىساد، دىپلومات جەھەتتە نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. 1991- يىلدىن 2002- يىلغىچە ئىككى دۆلەت ئىقتىسادى مۇناسىۋىتى ئادەتتىكىچە، تۈركىيەنىڭ خىتايغا سالىدىغان مەبلەغ خامچوتى 54 مىلىيون دوللار، ئەمەلىي سالغىنى 18 مىلىيون دوللار بولغان. خىتاينىڭ تۈركىيەگە سالغان مەبلىغى 161 مىلىيون دوللار، ئەمەلىيلەشكىنى 55 مىلىيون دوللار بولغان.

90 - يىللاردىن كېيىن، سوۋېت ئۆزۈلۈپ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا قانات يېيىشقا ئەگىشىپ، خىتايمۇ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى بۇرۇنقىدەك ئىچكى مەسىلە دەپلا قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. بۇ مەزگىلدە خىتايمۇ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. خىتاي تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان ھەرىكەتلىرىنى توسۇش ئۈچۈن تۈركىيەگە بېسىم چۈشۈرۈپ باققان، ئەمما تۈركىيە دەسلەپتە كۆرمەسكە سېلىش، رۇخسەت قىلىش ياكى بىۋاستە قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولغان. 1992- يىلى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن تۈركىيە رەئىسى تۇرگۇت ئۆزەل بىلەن ئىستانبۇلدا كۆرۈشكەندە، تۇرگۇت

ئۆزەل: سوۋېت ئىتتىپاقى يىقىلغاندىن كېيىن، شەرقى تۈركىستانمۇ مۇستەقىل بولۇش نۆۋىتى كەلدى" دېگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر كۈچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە ئاشكارا يول قويۇلغان. 1992- يىلى 12- ئايدا، ئىستانبۇلدا تۇنجى نۆۋەتلىك شەرقى تۈركىستان خەلقئارالىق يىغىنى شەرقى تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان، ئەمما مۇۋەپپىقيەتلىك خىزمەت قىلالمىغان. 1993- يىلى شەرقى تۈركىستان قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، گېرمانىيەگە يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولغان.

1994- يىلىغا كەلگەندە، خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان ھەرىكىتىگە بەرگەن ۋەدىلىرى كۆپۈككە ئايلىنىشقا باشلىغان. غەرب ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدا قالغان تۈركىيە ئۆز دۆلەت مەنپەئەتى ئويلىشىپ، ئۇيغۇرلارغا ئانچە قىزىقمايدىغان بولغان. 1994- يىلى 6- ئايدا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيەسىدىن قاتتىق ئۇمىدسىزلەنگەن ئالپتېكىن تۈركىيەدىكى ئاساسلىق ئۆكتىچى پارتىيە رەھبەرلىرى: سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسىدىكى بۈلەنت ئەجەۋىت، رەفا پارتىيىسىدىن نەجمەتتىن ئەرباكان، ۋەتەن پارتىيىسىدىن يۇلتۇز يىلماز ۋە باشقا پارلامېنت ئەزالىرىغا مايىل بولۇشقا باشلىغان. 1995– يىلى، ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن 95 يىشىدا ۋاپات بولغان. ئىستانبۇلنىڭ ئەينى چاغدىكى شەھەر باشلىقى رەجەپ تايىيپ ئەردوغان ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن شەرىپىگە قەبرە تاش قاتۇرغان. شۇ يىلى، تۈركىيە رەئىسى سۇلەيمان دەمىرەل خىتاينى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، مەخپى بۇيرۇق چىقىرىپ تۈركىيە ھەر قايسى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستان تەشكىلات يىغىلىشلىرى ۋە پائالىيەتلىرىگە قاتنىششىنى چەكلىگەن. 1997- يىلدىن باشلاپ، تۈركىيە ناتودىن ئېرىشەلمىگەن قۇراللارنى خىتايدىن سېتىۋېلىش، خىتاي بازىرىغا كىرىش، قىبرىس مەسىلىسىدە بىخەتەرلىك كېڭىشىگە ئەزا خىتاينىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق كۆرەشلىرى چەتكە قېقىلغان. 1998 - 12- ئايدا، 18 دۆلەتتىن كەلگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، 40 تىن ئارتۇق رەھبەر ۋە 300دىن ئارتۇق ۋەكىللەر شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ مەركەز دۇنيا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى خەلقئارا بىرلەشمىسى، شۇنداقلا مەمەت رىزابېكىن رەھبەرلىكىدىكى شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنىڭپورتىرىتى بولۇپ قالغان. ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە خىتاي ئولتۇرالماي قالغان، چەتئەلدىكى ئىستىقلالچىلارنى بېسىقتۇرمىسا، شەرقى تۈركىستاندىكى سىياستىنىڭ ئۇتۇق قازىنالمايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلغان. شۇندىن ئېتىبارەن، خىتاي خەلقئارادىكى شەرقى تۈركىستان خەلقئارا ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىنچىكە پىلان تۈزۈشكە باشلىغان.

1998 – يىلى، 12- ئاينىڭ 28- كۈنى تۈركىيەدە چىقىرىلغان 36- نومۇرلۇق قارارىدا شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى، شەرقى تۈركىستان بايرىقىنى چەكلەش بۇيرۇلغان. شۇ چاغدىكى باش مىنىستىر بۈلەنت ئەجۋىت ئۇيغۇرلار خىتاي بىلەن تۈركىيە مۇناسىۋىتىدە مەسىلە سۈپىتىدە ساقلانماسلىقى كېرەك دېگەن، شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ 10 ئەزاسى تۇتقۇن قىلىنغان. ئۇ يەنە تۈركىيەدىكى مەلۇم تەشكىلاتلار شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى چوقۇم كۈن تەرتىپكە ئەكىلمىز دەپ تۇرىۋالسا، شەرقى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلا تېخىمۇ ئېغىر كۈنگە قېلىشى مۇمكىن دېگەن. تۈركىيە خىتاينىڭ سىپرۇس مەسىلىسىدە گېرتسىيەنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلاردىن ۋاز كەچكەن. ئامالسىز قالغان شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ قالماستىن، ئەكسىنچە خەلقئارا جەمىيەتتە تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە دۆلەتلەرگە ئورۇنلاشقان. خىتاينىڭ قورقىنى ئىنقىلاپچىلارنىڭ تەھدىت پەيدا قىلىشى ئەمەس، خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىغا پەيدا قىلىدىغان سەلبى تەسىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي چاپىقىنى ئادالايمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ، شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنىڭ خەلقئارالىشىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولغان. قارىماققا خىتاينىڭ تۈركىيە سىياستى ئەسقىتىۋاتقان، تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلىيەلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئامالسىز غەرب دۆلەتلىرىگە قېچىۋاتقاندەك كۆرۈلدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە،خىتاينىڭ تۈركىيە سىياستى ئەمەلگە ئاشماستىن، ئەكسىچە تەسىر پەيدا قىلغان، شەرقى تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ خەلقئاراغا تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان. خىتاينىڭ تۈركىيەگە بېسىم

چۇشۇرۇشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى خىتاينىڭ قولى يەتمەيدىغان، سۆز- ھەرىكەت ۋە ئىش- پائالىيەتتە تېخىمۇ ئەركىن بولغان غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامرىكىدا يىڭىدىن تەشكىلاتلارنى قۇرغان.

2000- يىلى 4- ئايدا جياڭ زېمىن تۈركىيەگە زىيارەتكە بارغاندا، شەرقىي تۈركىستانلىقلار قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلغان. ئەمما تۈركىيە يەنىلا جياڭ زېمىننى ياخشى كۈتىۋىلىپلا قالماستىن، جياڭ زېمىننىڭ بوينىغا ئەڭ ئالىي شەرەپ ئالتۇن مېدالى ئېسىپ قويغان. 2000- يىلى تۈركىيە خىتاينىڭ ئۇكرائىنادىن سېتىۋالغان ئاۋىياماتكا كېمىسىنى تۈركىيە بوغۇزىدا چېگرادىن ئۆتكۈزمەي، 15ئاي ۋاقىت تۇتۇپ تۇرغان. خىتاي تولا يالۋۇرۇپ، ھەربىي تېخنىكا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئىقتىسادىي مەبلەغ، ساياھەت كىلىشىمى، ئىستىراخۇانىيە دەپ تولا ئۇستەك بېرىپ يۈرۈپ ئاران تەستە 2001- يىلى 11- ئايدا كېمىسىنى قايتۇرىۋالغان. 11- سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كىيىن، 2002- يىلى 2- ئايدا تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سائادەتتىن تانتان خىتاينى زىيارەت قىلغاندا، تۈركىيەدە خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ تېرورلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى قىلىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 2002- يىلى 4- ئايدا خىتاي باش مىنىستىرى جۇرۇڭجى تۈركىيە باش مىنىستىرى بۈلەنت ئەجىۋىت بىلەن كۆرۈشكەندە، تۈركىيە تەرەپ يەنە بىر قېتىم ھەرقانداق تېرورچىلارغا قارشى ئىكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر بۆلىكى ئىكەنلىكى، بۆلگۈنچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە چەكلىمە قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ قارارغا بىر قىسىم قاتتىق قولچىلار مۆتىدىلچىلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن يېقىن ئۆتىشىنى ئەيىبلىدى. ئۇلار : خىتايغا نىسبەتەن تۈركىيە پەقەتلا خىتاينىڭ ياۋروپاغا كىرىشىدىكى بىر ئۆتەڭ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي بازىرى ياۋروپادا، تۈركىيەدە ئەمەس. شۇڭا خىتاي بىزنىڭ ماللىرىمىزنى سېتىۋالدۇ، بىز خىتايدىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ دىگەن گەپ بەك كۈلكىلىك گەپ. بىز ئۇلارغا 3 مىليونلۇق مال ساتساق، ئۇلار بىزگە 70 مىليونلۇق مال سېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىزنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئىچكى ئىشىمىزغا ئارىلاشماڭلار دىگەن بىلەن، 60 يىلدىن بۇيان خىتاي تۈركىيەدىكى سولچىلانى قوللاپ، بىزنىڭ ئىچكى سىياسىتىمىزگە ئارىلاشتى. بۇ تولىمۇ مەنتىقىسىز ئىش" دەپ قارشى تۇرغان.

ئۇ چاغدىكى تۈركىيەگە نىسبەتەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئامرىكا، ئوتتۇرا شەرقتىكى قوشنا دۆلەتلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. خىتاي تۈركىيەگە نىسبەتەن ئىستىراتىگىيەلىك خەۋپ كەلتۈرمەيتى، خىتاينىڭ دىگىنىگە ماقۇل دەپ قويسا تۈركىيەنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە تاقاشقۇدەك ئىش يوق ئىدى. تۈركىيەلا ئەمەس، كۆپ قىسىم مۇسۇلمان دۆلەتلىرى، غەرب دۆلەتلىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارمۇ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنى قوللاشنى خالىمىغان ياكى قادىر بولالمىغان. بۇ خەلقئارا ۋەزىيەتتە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ئورۇن بىرىۋاتقان ۋە ئازدۇر- كۆپتۇر قوللاۋاتقان بىردىنبىر دۆلەت تۈركىيە بولۇپ قالغان. تۈركىيە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى چەكلەشتە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، باشتىن- ئاياغ يەنىلا مۆتىدىل يول تۇتقان. تۈركىيە ئاتا تۈرك ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشىدىنلا تۈرك مىللەتچىلىكىنى دەستەك قىلغان بولغاچ، خەلق ۋە ئەمەلدارلار ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستانغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلار كۆپ بولغان. تۈركىيەدە قۇرۇلغان تەشكىلاتلار ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك تەشكىلاتلار ھىسابلانغان.

2002- يىلى ئاق پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كىيىن، خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت ياخشىلىنىشقا باشلىغان. 2003 - يىلى 1- ئاينىڭ 14- كۈنى، ئاق پارتىيەنىڭ لىدىرى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان خىتايغا زىيارەتكە بارغان. ئەردوغان ئۆزى بىلەن 100دىن ئارتۇق ئەمەلدار ۋە سودىگەرلەرلەر ۋەكىلىنى باشلاپ بارغان بولۇپ، خىتاي بىلەن ئالاقىسىنى كۈچەيتمەكچى بولغان. خىتاي تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالچىلىرىنى قوللايدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى سەزگەن ئەردوغان تۈركىيەنىڭ بىرلا خىتاي دۆلىتى سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقى، خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى، ئۈچ خىل كۈچكە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەردوغان خىتايغا سەممىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىتايدىكى زىيارەت ۋاقتىدا،

16- يانۋار ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان :" تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى" دىگەن يىغىننى ئېچىلىشقا ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت قالغاندا بىكار قىلىۋەتكەن. بۇ ئەردوغان دەل 1995- يىلى ئىستانبۇل شەھەر مەركىزىدىكى سۇلتان ئەھمەد جامەسىنىڭ بىر قىسمىنى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ نامى بىلەن ئاتىغان، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئوسمان باتۇرلارنىڭ قەبرە تېشىنى مەسجىد ئىچىگە قاتۇرغان، ئۇلارنى "شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم ئەتكەن،تۈرك دۇنياسى مۇستەقىللىقى ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى " دەپ نۇتۇق سۆزلىگەن ئەردوغان شۇ ئىدى. 2002- يىلى 5- ئاينىڭ 26- كۈنى تۈركىيە مۇئاۋىن باش مىنىستىرى، شەرقى تۈركىستان ئازاتلىقىنى ئەڭ قوللايدىغان مىللىي ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ رەئىسى دەۋلەت باغچەلى خىتايغا ۋە ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە بارغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيە- خىتاي مۇناسىۋىتىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يىلدا بىر ئىككى قېتىم تۈركىيە رەھبەرلىرى بىلەن خىتاي رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە قويۇقلاشتى، بېرىش- كېلىش كۆپەيگەن.

2009- يىلى 5- ئىيۇل قىرغىنچىلىقىدا ئەردوغان بۇ ۋەقەنى :" ئىرقىي قىرغىنچىلىق" دەپ ئەيىبلىگەن. تۈركىيە سودا- سانائەت مىنىستىرى خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرغان. تۈركىيە ھۆكۈمىتى مىڭلىغان ئۇيغۇرلارغا مەڭگۈلۈك ئىقامەت ۋە ۋەتەنداشلىق بەرگەن. ئەمما ئەمما تۈركىيەلىك خەلقئارا سىياسەت تەتقىقاتچىسى فاتىخ فۇرتۇن 2010- يىلى يازغان :" ئۇيغۇر مەسىلىسى سايىسىدا تۈركىيە خىتاي مۇناسىۋىتى" دىگەن ماقالىگە كۆرە، تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللىشىدا ئاساسلىق سەۋەب ئىككى: 1- تۈركىيە خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش، 2- ئەڭ مۇھىمى تۈركىيەگە خىتاينىڭ دىققىتىنى تارتىش، بۇ ئارقىلىق خىتاي مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈش. تۈركىيە 1997- يىلدىن بۇيان خىتاي بىلەن يېقىنلىششنى كۆزلەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بېرىش ئارقىلىق، تۈركىيەنىڭ خىتايغا بەرگەن سىگنالى ئويۇن قائىدىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەكلىكى. تۈركىيە خىتايغا يېقىنلىشىش بىلەن بىرگە، ئاۋام خەلقىنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللاپ تۇرمىسا بولمايدۇ. شۇڭا خىتاينىڭ تۈركىيە ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئويلۇشۇپ، تۈركىيە ئۇيغۇرلارنى قوللاشنى سۇسلاشتۇرۇشى كېرەك".

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركىيە – خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى ئاساسلىق مەسىلە: بىرى ئۇيغۇر مەسىلىسى، يەنە بىرى تۈركىيە- خىتاي سودا مۇناسىۋىتىدە تۈركىيەگە ئىمپورت كۆپ، تۈركىيەدىن ئېكسپورتنىڭ ئاز بولۇشىدىن ئىبارەت تەڭپۇڭسىزلۇق. تۈركىيە رەھبەرلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاننى قوللاش نۇتۇقلىرى ئاساسلىقى ئاۋام خەلقنى ئاڭلىسۇن دەپ سۆزلەيدۇ. ئەگەر خەلق ئۇيغۇرلارنى قوللايمىز دىسە، بىراق پارتىيەلەر ئىنكاس قايتۇرمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى باشقا پارتىيەلەرگە بىلەت تاشلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارغا تەسەللىي بېرىپ قانائەتلەندۈرىدۇ، بىر تەرەپتىن خەلقىنىڭ كۆڭلىنى قانائەتلەندۈرىدۇ، بىر تەرەپتىن خىتاي بىلەن كېلىشىم ھازىرلاۋېرىدۇ. سىياسىي تەڭپۇڭلۇق بەك مۇھىم، تۈركىيە تاشقى مۇناسىۋىتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىدىيىۋىي ئېقىم ئەمەس، ئىقتىسادىي مەنپەئەتتۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا خىتاي بىلەن تۈركىيەنىڭ سودا، دىپلومات مۇناسىۋەتلىرى شۇ يۆلىنىشتە تەرەققى قىلدى، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بېرىش- كېلىشلەر كۆپەيدى. ئەردوغان بىلەن شى جىنپىڭ كۆرۈشكەندە ئىككى تەرەپ سودىسىنى 2020- يىلىغىچە تىرىلىيارد دوللارغا يەتكۈزۈش پىلانىنى ماقۇللاشتى. 2016- يىلى 15- ئىيۇل كەچتىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن، تۈركىيە بىراقلا روسىيە ۋە خىتايغا مايىل بولدى. 2017- يىلى 8- ئايدا، چاۋۇشئوغلۇ خىتايغا بارغاندا تۈركىيە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى تېرورچى تەشكىلات دەپ ئېتراپ قىلدى، ئەمما خىتاي pkk نى تېرورچى تەشكىلات دەپ ئېتراپ قىلمىغان ئىدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىسىردا تۇتقۇن قىلىنىشى، مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندا لاگېرلارغا سولىنىشى بولۇپ ئۆتتى،تۈركىيە ئۈندىمىدى. تۈركىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاتلىقى، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىنى ئاشكارا قوللاپ كېتەلمىسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ياردەمدە بولالايتى. مىليونلىغان ئۇيغۇرلار

قىرغىن قىلىنىۋاتقان، ئوچۇق- ئاشكارا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، تۈركىيە ئۇيغۇر مىللىتىنى، مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئاۋاز چىقىرىشتىن باش تارتتى. يېقىندا بىنالى يىلدىرىم ئېيتقان "خىتاي بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتىمىز بەك مۇھىم" دىگەن سۆزلەر يېڭى سۆزلەرمۇ ئەمەس، خىتايپەرەس دوغۇ پەرىنچەكنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى كونا مۇقام. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سۈلەيمان دەمىرەل، بۈلەنت ئەۋجىت، چاۋۇشئوغلۇ، ئەردوغانلارمۇ دىگەن. ئۇلارنىڭ نىمە دىگەنلىكى ئۇنچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى نىمە قىلىۋاتقانلىقى ئىدى. بىر قانچىلىغان تەتقىقات ماقالىلىرىدىن ئالغان نەتىجەمگە كۆرە، تۈركىيە ھۆكۈمىتى خەلقتىن كىلىۋاتقان بىسىمغا قارىماستىن، خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتتە ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ كۆۋرۈكنى بىسىپ ئۆتۈپ كىتىشنى خالاپ قىلىۋاتىدۇ.

ئوتتۇرا شەرق تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى روبىي يەللىنەكنىڭ قارىشىچە:" تۈركىيە خىتايغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، خىتايغا قارشى مىدىيا ۋاستىلىرىنى چەكلەۋاتىدۇ. ئەردوغاننىڭ ئۇيغۇرلارنى دەسمايە قىلىپ خىتايدىن ئىرىشكەن مەنپەئەتتىن قانچىلىك پايدىلىنالايدىغانلىقى، تۈركىيە- خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك مۇقىم ئىكەنلىكىنى ۋاقىت بەلگىلەيدۇ. يېقىنقى باياناتلارغا قارىغاندا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ستراتىگىيەلىك ھەمكارلىق ستراتىگىيەلىك شىرىكچىلىككە قاراپ تەرەققى قىلماقتا.

شەرقى تۈركىستان دەۋاسى 70 يىلدىن بۇيان شۇنچە ئاجىز رەۋىشتە تەرەققى قىلىشىغا قارىماستىن، خىتاي يەنىلا بۇ دەۋادىن شۇ قەدەر قورقىدۇ. خىتايغا نىسبەتەن مەيلى ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، خىتاي ھاكىمىيىتىگە ھەقىقىي تەھدىت پەيدا قىلالماسلىقى مۇمكىن، بەك بولسا ئۇششاق- چۈششەك قوزغىلاڭ پەيدا قىلىپ بېسىقىپ كىتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىككى ئاساسىي سەۋەبتىن ئۇيغۇر مەسىلىسى خىتاينىڭ كۆز تەرتىپىدىكى مۇھىم مەسىلە سانىلىدۇ. 1- ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەقىقىي تەھدىت بولمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا يوشۇرۇن خەۋىپ ھىس قىلدۇرىدۇ. 2- تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارغا پاناھلىق بىرىش ئارقىلىق خىتاينىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە بىر ئاز يول قويۇشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتىن خىتايمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدۇ. شەرقى تۈركىستان قوراللىق كۈچلىرىدىن مۇداپىيەلىنىش باھانىسىدە باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەربىي ھەمكارلىق قۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇستەك بەرگەن باھانىدە زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ، ئىقتىسادىنى كونترول قىلىدۇ. دىمەك بىز دوستىقىمۇ، دۈشمەنگىمۇ پايدا. شۇنىڭدەك، تۈركىيەدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ھەتتا شەرقى تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق تەرغىباتچىلىرىنىڭ بىر قىسمى خىتاي بىلەن بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستان بىلەن سودا مۇناسىۋىتى بار. خىتاي ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سودا ئالاقىسىگە يول قويۇپلا قالماستىن يەنە تېخى ئاستىرتتىن قوللاپ بېرىدۇ.

مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتىكىن، مەمەت رىزا بېكىن قاتارلىق مەرھۇملار تۈركىيەدىكى چەكلىك شارائىت ۋە ئازغىنە ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇرنى ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەكىلەلىگەن. شەرقى تۈركىستان دەۋاسىدىكى تايانچ بولىدىغان نۇرغۇن تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، ئۇششىۇ دەۋانى بوگۈنكى كۈنىمىزگە يەتكۈزگەن. شەرقى تۈركىستان دەۋاسى شۇلار ياققان مەشئەللەردىن ئۇلغىيىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارالغان.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


https://www.rfa.org/mandarin/yataibaodao/30697-20000419.html

http://www.fmprc.gov.cn/web/gjhdq_676201/gj_676203/yz_676205/1206_676956/xgxw_676962/t11032.shtml

https://besacenter.org/wp-content/uploads/2017/08/576-Tightening-China-Turkey-Relations-Yellinek-English-final.pdf

https://thediplomat.com/2017/01/in-turkey-us-loss-is-chinas-gain/

http://www.mei.edu/content/article/china_turkey_relations_grow_despite_differences_over_uighurs

https://zh.wikipedia.org/wiki/%E4%B8%AD%E5%9B%BD%EF%BC%8D%E5%9C%9F%E8%80%B3%E5%85%B6%E5%85%B3%E7%B3%BB

https://www.turkeyanalyst.org/publications/turkey_analyst_articles/item/426_turkey_and_china_merging_realpolitik_with_idealism.html

https://www.boxun.com/news/gb/china/2011/03/201103160149.shtml

http://qerindashlar.com/198/178/

# سۈرە رۇم ۋە ئۇيغۇرلار

## تەۋبىجان




قۇرئان كەرىم 30- سۈرە رۇمنىڭ بېشىدا مۇنداق ئايەتلەر بار :[ رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ. ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش اللەنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر. بۇ كۈنده مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ غالىپتۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر.](رۇم 2~5).

614- يىلى، پارسلار ئىلىيا(قۇددۇس)نى بېسىۋالغاندىن كېيىن، پارسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن يەھۇدىلار 57 مىڭدىن ئارتۇق خىرىستىئانلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، 35 مىڭ خىرىستىيانىنى قۇل قىلدى. پارسلار خىرىستىيالارنىڭ دىنىي مەركىزى ئىلىيانى خاراپ قىلىپ، مۇقەددەس تۇتىيا يادىكارلىقلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرىنى چېقىپ تاشلايدۇ. رۇملۇقلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەككە مۇشرىكلىرى خۇش بولۇپ كېتىدۇ. مەككە مۇشرىكلىرى بۇتلارغا ئىشەنگەچ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش كۆپ ئىلاھلارغا ئىشىنىدىغان پارسلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ياقتۇراتتى. مۇسۇلمانلار بولسا پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان، دىنىي جەھەتتىن ئۆزىگە يېقىنراق بولغان خىرىستىيان رۇملۇقلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ياقتۇراتتى. مەككە مۇشرىكلىرى ساھابىلەرگە ئۇچرىشىپ قالغاندا :" سىلەرمۇ كىتاب نازىل قىلىنغانلار، خىرىستىيانلارمۇ كىتاب نازىل قىلىنغانلار. بىز بولساق ساۋاتسىزلار، بىزنىڭ پارس قېرىنداشلىرىمىز سىلەرنىڭ خىرىستىيان قېرىنداشلىرىنى مەغلۇپ قىپتۇ. ئەگەر سىلەر بىز بىلەن ئۇرۇشساڭلار، بىزمۇ سىلەرنى مەغلۇپ قىلىمىز" دەيدۇ. بۇ ئايەتلەر شۇ سەۋەبتىن نازىل بولغان بولۇپ، پارس ساسانىيلار ئىمپىراتورلۇقى بىلەن شەرقى رۇم ئىمپىراتورلۇقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشتا رۇملۇقلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى، بىر نەچچە يىل ئىچىدە غەلىبە قازىنىدىغانلىقى خەۋەر بەرگەن.

[ رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ] ئايىتى نازىل قىلغاندىن كېيىن، مەككە مۇشرىكلىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرگە :" ھەي ئەبۇ بەكر، سىنىڭ دوستۇڭ رۇملۇقلار نەچچە يىلدىن كېيىن پارسلار نى مەغلۇپ قىلىدۇ" دەپتۇ، شۇ گەپ راستمۇ؟" دەپ سورايدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكر " ھەئە" دەيدۇ. مەككە مۇشرىكلىرىدىن ئۇبەي ئىبنى ھەلەف :" ئۇنداقتا بىز دو تىكىشەيلى، ئەگەر رۇملۇقلار غەلىبە قىلسا مەن ساڭا تۆت تۇياق تۆگە بىرەي، ئەگەر سەن ئۇتتۇرۇۋەتسەڭ، سەن ماڭا تۆت تۇياق تۆگە تۆلەيسەن" دېيىشىپ، 3 يىل مۇددەتنى ئۆلچەم قىلىشىپ پۈتۈشىدۇ. كېيىن مۆھلەتنى 9 يىلغا،

يۈتۈشكەن تۆگىنى 100 تۈياققا كۆپەيتىدۇ.

بىراق بەش- ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ رۇملۇقلار پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ. ئەكسىنچە 614- يىلدىن 619- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بارغانسىرى مەغلۇپ بولۇپ، پارس ساسانىيلار ئىمپېراتورلۇقى رۇملۇقلاردىن ھازىرقى سۈرىيە، پەلەستىن، لىۋان، ئاناتولىيە،يەمەن، مىسىر قاتارلىق جايلارنى تارتىۋالىدۇ. 619~622 - يىلغىچە ئالېكساندىرىيە ( مىسىر)، گىرىتسىيە ۋە مەرمەرە دېڭىز بوغۇزى قولدىن كېتىدۇ. شەرقى رۇم ئىمپراتۇرى ھېرەقىل ئاران تەستە پايتەختى قۇنستانتىنىيەگە ( ئىستانبۇل) قېچىپ كىلىۋالىدۇ، ھەتتا قۇستانتىنىيەمۇ تەرەپ- تەرەپتىن ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە ئىچىدە قىلىپ، ئىقتىساد، ئاشلىق يوللىرى يۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.

622 - يىلى، قۇنستانتىنىيە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ۋاقتتا، ھېرەقىل غەربى تۈركلەرگە قاراشلىق ئازەرلەرگە قىممەت باھالىق سوۋغا- سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ 15 ياشلىق يالغۇز قىزى مەلىكە ئەپيفانىيانى غەربى تۈرك خاقانى تونيابغۇ قاغانغا ياتلىق قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە غەربى تۈركلەردىن ئۆزىگە ياردەم بېرىپ، پارسلارغا ھۇجۇم قىلىشنى سورايدۇ. تونيابغۇ قاغان ماقۇل بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېرەقىل قوشۇننى ئۆزى باشلاپ جەڭ قىلىپ، دەسلەپتە پارسلاردىن ئاناتولىيەنى قايتۇرىۋالىدۇ. 623- يىلى ھېرەقىل بالقاندىكى ئاۋارلارغا ئولپان تۆلەپ، تىنچلىق كېلىشىمى تۈزىدۇ. شىمال تەرەپتىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، 624- يىلى 3- ئايدا ھېرەقىل 25،000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن بالقان، كاۋكاز رايونى ئارقىلىق ئەرمەنىيە، ئەزەربەيجانلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پارسلارنىڭ ئاساسىي زىمىنى ئىرانغا تەھدىت سالىدۇ. 624- يىلى تونيابغۇ قاغاننىڭ قوشۇنى شەرقتە خۇراسان تەرەپتىن پارسلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە پارسلارنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، تېھران، ئەسفەھانلارنى قولغا ئېلىپ، پارسلارنىڭ پايتەختىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. 625- يىلى خۇسراۋ 50،000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇلارنىڭ ئىران زىمىنىغا كىرىشىنى توسايدۇ. 626- يىلى، غەربى تۈركلەرگە بېقىندى ئازەر قاغانلىقىنىڭ قاغانى ئۇباچا قاغان قوماندانلىقىدىكى 40،000 كىشىلىك قوشۇن ئەزەربەيجان تەرەپتىن ئىرانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. 627- يىلى 9- ئايدا پارس ساسانىيلار شاھى خۇسراۋ نەينەۋادا ( موسۇل) شەرقى رىم ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. شەرقتە تونيابغۇ قاغان، شىمالدا 40،000 كىشىلىك ئازەر تۈركلىرى قوشۇنى، غەربتە 25،000 كىشىلىك ھېرەقىل قوشۇنىنىڭ ئۈچ تەرەپتىن قىسماققا ئېلىشى بىلەن پارسلار قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. 628- يىلى 1- ئايدا خۇسراۋ ھېرەقىلگە ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ خەت يازىدۇ. ھېرەقىلمۇ تارتقۇزۇپ قويغان زىمىنلىرىنى ئاساسەن قولغا كەلتۈرگەن، 15 يىل ئۇرۇش قىلىپ كۆپ چىقىم تارتقان بولغاچ ماقۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قاتتىق تالاپەت تارتىشى، رۇملۇقلارنىڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. غەلىبە قازانغان شەرقى رۇمنىڭ ئىمپىراتورى ھېرەقىل دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەن، "ئەگەر مۇھەممەدنىڭ دىگەنلىرى راست بولسا ئۇ مىنىڭ قەدىمىم ئاستىدىكى زىمىنلارغا ھۆكۈمران بولىدۇ" دىگەن ھېرەقىل شۇ ئىدى. دىگەندەك، بۇ قىتىملىق ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپنى ئېغىر چىقىمدار قىلىپ ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەن بولغاچ ، ئۇزاق ئۆتمەي مۇسۇلمانلار پارس ۋە رۇم ئىمپىراتورلۇقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. تونيابغۇ قاغان بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان شەرقى رىم ئىمپىراتورىنىڭ مەلىكىسى ئەپيفانىيا تالاس دەريا بويىدىكى پايتەختى مىڭبۇلاققا كىتىۋاتقاندا، تونيابغۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يىتىپ كىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توي بىكار بولۇپ، مەلىكە ئەپيفانىيا ۋەتىنىگە قايتىپ كىتىدۇ.

ئايەتلەردە ئۇيغۇرلار ۋە غەربى تۈرك خاقانى تونيابغۇ قاغان تىلغا ئېلىنمىغان، رۇملۇقلارنى مەغلۇپ قىلغان پارسلارمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما قۇرئان ئالدىن بىشارەت بەرگەن رۇملۇقلارنىڭ غەلبىسى تونيابغۇ قاغان ۋە غەربى تۈركلەرگە قاراشلىق ئازەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان. غەربى تۈرك خاقانى تونيابغۇ قاغان غەربى تۈرك قاغانلىقىنى يەر يۈزىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان باھادىر قاغان ئىدى. رۇم ئىمپىراتورلۇقىنى مەغلۇپ قىلغان پارس ئىمپىراتورلۇقى تونيابغۇ

قاغاننىڭ خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ھالاكەتكە يۈزلەنگەن، جان ھەلقۇمغا يېتىپ پايتەختىگە قامال قىلىنغان رۇم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قايتىدىن نىجاتلىق تېپىشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى. شۇ غەلىبە شەنىگە ئايەت نازىل بولغان، قىيامەتكىچە تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئايەتلەر رۇملۇقلارنىڭ غەلىبىسىدىن بىشارەت، تۈركلەرنىڭ ياردىمىگە ئىشارەت قىلغان ئىدى.

سۈرە رۇمدىكى بۇ بەش ئايەت گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان ئۆگۈتلەر كۆپ. 614- يىلى پارسلار رۇملۇقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرلىرىنى خاراب قىلدى، مۇقەددەس ئىبادەتخانىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. شەرقى رىم ئىمپېراتورى ھىرەقىل بۇ مەزگىلدە ھەتتا پارسلارغا تەسلىم بولۇپ، ئۇلارغا بېقىندى دۆلەت بولۇشنى ئويلىشىپ قالغان ئىدى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا غەلىبە ۋە نۇسرەت ئۆز ئىلكىدە بولغان ئاللاھتائالاھ [رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ] دىگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. ھالبۇكى بۇ خۇش بىشارەتكە مۇشرىك ئەرەبلەر تۇرماق، ھىرەقىلنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنمەيتى، ئەمما ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى شۇئان ئىمان كەلتۈردى. بىر نەچچە يىل دىمەك 3 يىلدىن 9 يىلغىچە مۇددەتنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنچىسىنىڭ چېڭلىقىدىن ئەڭ ئاز مۇددەت ئۈچ يىلنى مۆھلەت قىلدى ۋە رۇملۇقلارنىڭ غەلىبىسىگە تۆت تۆياق تۆگە دو تىكتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن 9 يىلغا ئۇزارتتى، ئۇبەي ئىبنى ھەلەف بۇنىڭ بەدىلىگە يۈز تۆياق تۆگىگە پۈتۈشتى. شۇ ئىشتىن 9 يىل ئۆتۈپ، 623- يىلى رۇملۇقلار تۇنجى غەلىبەنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاناتولىيەنى پارسلاردىن قايتۇرىۋالدى. رۇملۇقلار غەلىبە قىلدى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇتتى، بۇ ۋەقە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ مەزگىل دەل بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلارمۇ غەلىبە قىلغان ۋاقىت ئىدى. ھىجرەتتىن كېيىن دو تىكىشىش چەكلەنگەن بولغاچ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى 100 تۆياق تۆگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن سەدىقە قىلىۋەتتى. بۇنىڭدىن بىز ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ غەيىبكە بولغان ئىمانىغا تەھسىن ئېيتىمىز ۋە ئۈلگە ئالىمىز. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئەنە شۇنداق قاتتىق ئىشەنچ قىلغانلىقى ئۈچۈن "سىددىق" دەپ ئاتالغان.

نېمىشقا ئاللاھتائالاھ رۇملۇقلارنىڭ كەلگۈسىدە غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى؟ چۈنكى غەلىبە تۇيۇقسىزلا كەلمەيتى، بەلكى ئۇزۇن مۇددەت تەييارلىق كۆرۈش ۋە غەلىبە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى قىلىش، يېتەرلىك كۈچ توپلاش بىلەن بولاتتى. دۈشمەنگە قارشى قانچىكى تەييارلىق كۆرسە، نۇسرەت شۇنچىكى يېقىنلىشىدۇ. نۇسرەت بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۆزلىكىدىن كىلىپ قالمايتى، بەلكى بىر نەچچە يىل ئىزچىل تىرىشىش نەتىجىسىدە بارلىققا كىلەتتى.

شۇنىڭدەك، نېمىشقا نوھ ئەلەيھىسسالام 40 يىل سەرپ قىلىپ كېمە ياسىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاللاھتائالا نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى؟ ئاللاھتائالا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ نوھ ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگۈزۈپ، كېمىنى 40 يىلنىڭ ئورنىغا بىر يىلدىلا ياساپ پۈتتۈرۈپ، ئاندىن توپان بالاسىنى كەلتۈرسە بولمامتى؟ چۈنكى نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمىنىڭ نەسلى توپان بالاسى بىلەن زېمىن پاكلانغاندىن كېيىن زېمىن يۈزىگە ۋارىسلىق قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى سەبىرچانلىق، مۇستەھكەملىك ۋە ئاللاھقا شەكسىز ئىشىنىش بىلەن تەربىيەلەپ، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارغا مۇنەۋۋەر ئەجدادلارنى ھازىرلاش كېرەك ئىدى. كېمە چۆللۈكتە ياسالغان بولۇپ، ياساپ پۈتتۈرۈش ئۈچۈن 40 يىل ۋاقىت كەتكەنىكەن!!! مۆمىنلەر كېمە ياساشقا نامۇناسىپ چۆل- جەزىرىدە بۇ جاپا- مۇشەققەتلىك خىزمەتنى شۇنچە ئۇزۇن يىللار بويى داۋاملاشتۇرۇپ پۈتتۈرگەن! مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىمانى قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇلارنى ئىمانىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 40 يىل كەتكەن!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام نېمىشقا زىنداندا نەچچە يىل ياتتى؟ ئالتە ئاي ياتسا ئاندىن ئاللاھتائالاھ زىنداندىن چىقىرىۋەتسە كۇپايە قىلمامسىدى؟ [ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر] دىگەن سۆزىنى ئىسپاتلاشقا ئالتە ئاي ۋاقىت يەتمەسمىدى؟ نېمىشقا نەچچە يىل تۇردى؟ چۈنكى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام

كەلگۈسىدە مىسىردا يەتتە يىل ئاچارچىلىق ئاپەتى يۈز بېرىدىغان زاماندا مىسىرنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ، چوقۇم سەبىرلىك، ئىرادىلىك، قىيىنچىلىقلاردا مۇستەھكەم تۇرالايدىغان بولىشى كېرەك ئىدى. ئەنە شۇ مۇھىم ۋەزىپىگە قادىر بولالىشى ئۈچۈن ۋاقىت كېتەتتى.

نېمىشقا ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار مەككىدە 13 يىل قاتتىق دۈشمەنلىك، ئازاب- ئوقۇبەت، يۇرتىنى تاشلاپ ھەبەشكە ھىجرەت قىلىش، قورشاۋ ۋە ئاچارچىلىق ئازابىنى تارتقاندىن كېيىن، مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇسرەت قازىنىشى باشلاندى؟ ئاللاھتائالاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىدە 13 يىل ئازار يەتكەندىن كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلماي، بىر يىلدىن كېيىنلا رۇخسەت قىلسا بولماسمىدى؟ ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ۋە ھەمراھلىرىغا دۈشمەنلىكنىڭ 13 يىل داۋاملاشقان. بۇ ساھابىلەرنىڭ قەلبىدە ئىمانىنىڭ چوڭقۇر ئورۇنلىششى، ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنچ ۋە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلارنى كەلگۈسىدە ئىسلام دىنىنى زېمىن يۈزىدە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىشلارغا ھازىرلاش ئۈچۈن ئىدى.

[ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش اللەنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر] پارسلارنىڭ رۇملۇقلارنى مەغلۇپ قىلىشى بولسۇن ياكى رۇملۇقلارنىڭ پارسلارنى مەغلۇپ قىلىشى بولسۇن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەندۇر. غەلبىنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارمۇ، غەلبىنىڭ كەينىدىكى ئىشلارمۇ، غەلبىنىڭ سەۋەب- نەتىجىلىرىمۇ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. پايتەختى مۇھاسىرىگە ئېلىنغان رۇملۇقلار قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ پارسلارنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلغان، ئاندىن مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ئاجىز مۇسۇلمانلار كۆچىيىپ، پارس ۋە رۇم ئىمپىراتورلۇقىنى مەغلۇپ قىلغۇچە ئارانلا 15 يىل ۋاقىت كەتكەن ئىكەن.

[ ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ غالىپتۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر]. باتىل بىر مەھەل ھەقنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن، ئۇزى بىلگەن مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ تەدبىرى قانداق بولسۇن، ئۇ ھامان مەلۇم بىر ھىكمەت ئۈچۈن بولىدۇ. [كۆپىنچە كىشىلەر ھاياتى دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنىشىنىلا بىلىدۇ] ۋە ئۇمىدسىزلىنىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ ھىكمىتىنى چۈشەنمەيدۇ. ئاللاھنىڭ باتىلنى بىز مەزگىل ئۈستۈن قىلىشى ھەقنىڭ ھەقلىقىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، كىشىلەر باتىلغا چۈمگەن، كۇفۇرنى چوڭ كۆرگەنلىرىدە باتىلنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت قىلىپ، ئۇلارغا ھەقنىڭ نەقەدەر بىباھا ۋە قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننى زۇلمەت چۈللۈكىگە ئايلاندۇرغان، مەسجىدلىرىمىزنى خارابىلىق، مەكتەپلىرىمىزنى لاگىرلارغا ئۆزگەرتكەن، ئەرلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللىرىمىزنى قۇل قىلىۋاتقان، ئۇيغۇرلارنى يوقۇلۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان زالىم خىتايلارنىڭ كەلگۈسى 15 يىل ئىچىدە ھەتتا 6 يىل ئىچىدە تەختى كۆمپەيكۈم بولۇپ، خانىۋەيران بولىشى مۇمكىن. بۈگۈن يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، كەڭ جاھان تار كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەتە زەپەر مارشى بىلەن ۋەتىنىنى ئازات قىلىپ، خىتاي ئىمپىرىيەسىنى بىتچىت قىلىشى مۇمكىن. يات ئەللەرنى ئانا ۋەتىنىمىزدىن ئەزىز كۆرگەن، خىتاينى ئۇيغۇردىن چوڭ كۆرگەن، كۇفۇرنى ئىماندىن ئۈستۈن كۆرگەنلەرگە ھەق بىلەن باتىل ئايان بولۇپ، ئىمان ۋە ۋەتەننىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكى بىلىنگەن بولۇشى مۇمكىن. جانابى ئاللاھتائالاھ بىزلەرنى مۇساپىرلىق مۇشەققەتلىرىدە تاۋلاپ، ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىغا تەشنالىقىمىزنى كۈچەيتىپ، ۋەتەن ئۈچۈن پىداكار ئەۋلادلارنى تەييارلاۋاتقان بولىشى مۇمكىن.

رۇملۇقلارغا ئاللاھ غەلىبە ۋەدە قىلغان تۇرۇقلۇق، ئۇشبۇ غەلىبە سەۋەپسىزلا كېلىپ قالمىغاندەك، بىز ئۇيغۇرلارغىمۇ نۇسرەت تۇيۇقسىزلا كېلىپ قالمايدۇ. نۇسرەت ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ، ھەربىر شەرقى تۈركىستانلىقنىڭ، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ توختاۋسىز تىرىششى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. غەلىبە قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك تەييارلىق كۆرگەن بولساق، نۇسرەت شۇنچىكى يېقىنلايدۇ، غەلىبە شۇنچىكى تاماملانغان بولىدۇ.

چىدام- غەيرەت ۋە ئەقىل- پاراسەت بىلەن ئورتاق دۈشمەنگە قارشى كۈچ توپلاش، ھەمكارلىق ئورنىتىششلار نەتىجىسىدە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغان ئىنسانلارغا ئاللاھ نۇسرەت بېرىدۇ. [ئىنسان نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ؟] [ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ] ( نەجىم: 39،24- ئايەتلەر).

# قەينۇقا غازىتى ۋە ئۇيغۇرلار

**تەۋبجان**




ھىجرىيەنىڭ 2- يىلى، مىلادىيەنىڭ 624- يىلى، مەدىنىلىك مۇسۇلمان ئايالدىن بىرى قەينۇقا بازىرىدىكى زەرگەر دۇكىنىغا كىلىدۇ. يەھۇدى زەرگەر مۇسۇلمان ئايالنىڭ يۈزىنى ئاچقۇزۇش ئۈچۈن پوخور چاقچاق قىلىدۇ، مۇسۇلمان ئايال رەت قىلىدۇ. يەھۇدى زەرگەر مۇسۇلمان ئايالنىڭ كيىمىنىڭ ئۇچىنى بىر نەرسىگە چىگىپ قويىدۇ- دە، مۇسۇلمان ئايال ئورنىدىن تۇرغاندا كيىم سېلىنىپ كىتىپ، ئۇ مۇسۇلمان ئايال بازار ئوتتۇرىسىدا يالىڭاچ قالىدۇ. بازاردىكى يەھۇدى ياشلار ئۇ ئايالنى مازاق قىلىپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ. مۇسۇلمان ئايال بولسا نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ، قاتتىق چىرقىرايدۇ. بۇنى كۆرگەن مۇسۇلمان ئەردىن بىرى يەھۇدى زەرگەرگە ئىتىلىپ بىرىپ ئۆلتۈرىۋىتىدۇ. بازاردىكى يەھۇدى ياشلار ئۇ مۇسۇلمان ئەرنى ئۆلتۈرىۋىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلارنىڭ ئارىسىدا جىدەل يۈز بىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىلارنىڭ تىنىچلىق كىلىشىمنى بۇزۇپ، مۇسۇلمان ئايالغا پوخورلۇق قىلغانلىقى ۋە توپلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر قەينۇقا مەھەللىسىنى 15 كۈن مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كيىن، يەھۇدىلارنى مەدىنىدىن مەڭگۈلۈك چىقىپ كىتىش شەرتى بىلەن قويۇپ بىرىدۇ. ئۆزىنى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ باي، ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ باتۇر چاغلايدىغان قەينۇقا يەھۇدىلىرى خار ھالدا مەدىنىدىن چىقىپ كىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەدىنىدىكى يەھۇدىلار بىلەن تۇنجى جەڭ بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ ھەق- ھۆرمىتى ئۈچۈن بولىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئار- نومۇسى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى قوشۇن باشلاپ چىقىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ كيىمىنى سالدۇرىۋەتكەن سەۋەبلىك، پۈتۈن بىر قەبىلە ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ.

ھىجرىيەنىڭ 88- يىلى، ئىراقتىن ھىندىستانغا كەلگەن مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئىراققا قايتىش يولىدا 18 دانە تىجارەت كىمىسى دىيبىل ( كاراچى) پورتىدا دىڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ھىندى دىڭىز قاراقچىلار كىمىدىكى سوۋغا- سالام، خۇشپۇراقلارنى بۇلاپ، مۇسۇلمان ئاياللارنى ئەسىرگە ئالىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللاردىن بىرى " ھەي ھەججاج، ھەي ھەججاج" دەپ نىدا قىلىدۇ. ھەججاج ئۇمەييە سۇلالىسىدا ئىراق ۋە خۇراساننىڭ ۋالىيسى بولۇپ، ھەججاجغا ئۇ ئايالنىڭ نالىسى يەتكۈزۈلگەندە :" لەببەي، لەببەي" دەيدۇ. ھەججاج ھىندىلارنىڭ پادىشاھى داھىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاياللارنى قايتۇرۇپ بىرىشنى

سورايدۇ. ىىراق ھىندى شاھ داھىر "كۆچۈم يەتمەيدۇ" دەپ رەت قىلىدۇ. پۈتۈن سۇرۇك پادىشاھ تۇرۇپ "قاراقچىغا كۆچۈپ يەتمەيدۇ" دىگەن پادىشاھ بىلەن قاراقچىلارنىڭ تىلى بىر ئىكەنلىكىنى تەخمىن ئەتكەن ھەججاج مۇسۇلمان ئاياللارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ھىندىستانغا ئىلگىرى- كىيىن بولۇپ ئۈچ قىتىم قوشۇن ئەۋەتىدۇ. دەسلەپكى ئىككى قوشۇن دىڭىز جىڭىدە مەغلۇپ بولۇپ، شىھىت كىتىدۇ. ئاخىرىدا 18 ياشلىق قوماندان مۇھەممەد بىن قاسىم 20 مىڭ كىشىلىك سەرخىل قوشۇن بىلەن جابدۇنۇپ، قۇرۇقلۇق ۋە دىڭىزدىن تەڭ ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى يىل ئىچىدە ھىندىستاننىڭ شىمالى( پاكىستان) تەرەپلەرنى پۈتۈن فەتىھ قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار قوشۇنى قەينۇقا غازىتىدىن 90 يىلدىن كىيىن يەنە بىر قىتىم مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ نىداسىغا تىزدىن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئاياللارنى ئەسىرلىكتىن ھۆرلۈككە ئىرىشتۈرىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەن بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ئاياللارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، پۈتۈن پاكىستان فەتىھ قىلىنىدۇ.

مىللەتنىڭ ئانىسى، ئائىلىنىڭ ئار- نۇمۇسى، ئەرلەرنىڭ غورۇرى بولغان ئاياللارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان ۋەقەلەر قەدىمكى ئىسلام تارىخىدىلا ئەمەس، يىقىنقى ئۇيغۇر تارىخىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

1765- يىلى 2- ئاي، ئۇچتۇرپاندا ختاي بەگزادىسى سۇلۇن، بوزچى رەھمەتۇللاھنىڭ قىزى ئانارگۈلگە باسقۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىسىلىدۇ. نامازدىن يانغان جامائەت بۇ ھاقارەتلىك قىلمىشنى كۆرۈپ، ختاي بەگزادىسى سۇلۇننى ئۇرۇپ قوغلىۋىتىدۇ. سۇلۇن ئانارگۈلنىڭ دادىسى رەھمەتۇللاھنى ھاشارغا تۇتۇپ بىرىپ، ئانارگۈلنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. زىرەك قىز ئانارگۈل ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يىتىپ، دادىسىغا سەركەردە بولۇپ قوزغىلاڭ قىلىش توغرىسىدا خەت يازىدۇ. رەھمەتۇللاھ خەلقنى ختايلارغا قارشى قوزغىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ، شۇ كۈنىلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى 10مىڭغا يىتىدۇ. خەلق قوشىقى:

زۇلۇم ئاشتى، ھاشار- ئالۋان كىلىپ تىز،
ئاياغ ئاستى بولدى كۆپ خوتۇن- قىز.
تۆگەپ تاقەت، ئۇنىڭغا سەۋر – ئىمكان،
دىدۇق بولسۇن پىدا بۇجان، تۆكۈپ قان.

قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۈچ يول بويىچە ئىلگىرلەپ، ئۇچتۇرپان ئامبىلى سۇچىڭ تۇرغان قەلئەگە ھۇجۇم قىلىدۇ. مۇھاسىرىدە قالغان ئامبال ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ، چىرىكلەرمۇ ئوق- دورىلار بىلەن قوشۇپ ئۆزىنى پارتىلىتىپ ھالاك بولىدۇ. قەلئەدىن ئايالچە ياسىنىپ قىچىپ چىققان ئامبال ئوغلى سۇلۇن ۋە مۇناپىق ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللاھنى ئانارگۈل باشلىق قوزغىلاڭچى قوشۇن تۇتىۋىلىپ، خەلقنىڭ ئالدىدا قەتلە قىلىدۇ. ئۇچتۇرپاننىڭ گىنرالى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن 3000 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ مەغلۇپ بولىدۇ. ئارقىدىن ئۇ پۈتۈن قوشۇنى ۋە مىڭلىغان زەمبىرەكلەر بىلەن ئۇچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۈچدىن بىر قىسمىنى شىھىت قىلىدۇ، بىر تۈمەندىن ئارتۇق خەلق ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. دەل ماشۇ چاغدا تاغلاردا مۆكۈنۈپ يۈرگەن ئانار گۈل قايتا تەشكىللىنىپ ئۆز ئەتراپىدىكى ئالتە نەپەر قىز بىلەن ختاي لەشكەرلىرىگە قارشى پارتىزانلىق جەڭ قىلىدۇ.

بۇ باتۇر يەتتە قىزنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئۈچ ئاي داۋاملىشىدۇ، ئاخىرى مىڭلىغان ختاي لەشكەرلىرى توپ- زەمبىرەكلەر بىلەن قۇراللىنىپ، مۇلجەر تاغلىرىنى ئومومىيۈزلۈك مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. يەتتە قىز قەتئىي تەسلىم بولماي، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئىلىشىدۇ ۋە تىك تاغ چوققىلىرىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مىڭلىغان ختاي لەشكەرلىرى ئىز قوغلاپ يامىشىدۇ. قاتتىق ھاردۇق يەتكەن يەتتە قىز بەدەنلىرىدىكى يارىلارنىڭ ئاغرىغىنىنىمۇ تۇيماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن تاغلاردىكى قۇرام تاشلارنى چاشقانلاردەك ئۆمىلەپ يۈرگەن چىرىكلەرنىڭ ئۈستىگە غۇلاتقۇزۇپ، يۈزلىگەن نىجىس چىرىكلەرنى مىجىپ تاشلايدۇ. يەتتە قىزلىرىم ئاتقان

ئوقيالار چىرىكلەرنىڭ كۆكرەكلىرىگە سانجىلىپ نۇرغۇنلىرى ئۆلىدۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان چىرىكلەر  يەتتە قىزلار ئۈستىگە زەمبىرەك ئوقلىرىنى ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ. زەمبىرەكنىڭ زەربىسىدىن قۇرام تاشلار پاختىدەك توزۇشقا باشلايدۇ، چىرىكلەر بولسا سەبىرسىزلىك بىلەن قىستاپ كېلىدۇ. ئۆز غورۇرىنىڭ ئاياغ- ئاستى بولۇشىغا باش ئەگمىگەن، ياتقا بوي ئەگمەس ئىرادىسىنى ئۆزىگە مۇقەددەس دەپ بىلگەن بۇ ناتىۋان پەرىزات قىزلار تاغ چوققىسىنىڭ لىۋىگە كېلىپ، چەكسىز قاراڭغۇلۇققا تولغان تىگى يوق ھاڭغا قاراپ شۇڭغۇيدۇ ۋە قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەتتە قىزلىرىمنىڭ بۇ شانلىق كۆرەشلىرى داستان بولۇپ تارقىلىدۇ.

موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ يازغان " نۇزۇگۇم" داستانى يەنە بىر مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر قىزىنىڭ قەھرىمانلىق داستانىدۇر. نۇزۇگۇم 1825-يىلىدىكى قەشقەر خەلقىنىڭ چىرىك چىڭ ئەمەلدارلىرىغا قارشى قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى قەشقەر ئاھالىسىدىن ئون مىڭلىغان كىشنى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىدۇ. پالانغانلار قاتارىدا ئىلىغا كەلگەن نۇزۇگۇمنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرالمىغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى سۇلۇن ئەمەلدارىغا سېتىۋېتىدۇ. ياتلارغا خوتۇن بولۇشنى نومۇس بىلگەن نۇزۇگۇم كېچىسى سۇلۇن ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىدۇ. ئەمما نۇزۇگۇم ئۇزۇن ئۆتمەي تۇتۇلۇپ قىلىپ، دارغا ئىسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. نۇزۇگۇم ئىيتقان قوشاقلار ئۇنىڭ ئۆچمەس ھاياتى كەبى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا  نۇر بولۇپ تارقىلىدۇ.

1931 - يىلى، قۇمۇلدىكى خىتاي تەپتىش جاڭ جىسا تۇرمىدىكى سالى دورغىنىڭ قىزى ئاينىساخانغا ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئەگەر رازى بولسا سالى دورغىنى قاماقتىن بوشىتىدىغانغا ۋەدە بېرىدۇ. چوقۇر خىتاي جاڭ جىسانىڭ ئۇيغۇر قىزى ئاينىساخانغا ساقال تاشلاپ، ئەلچى كىرگۈزگىنى شۇ كۈنلا پۈتۈن مەھەللە-كويىدىكىلەرگە يېتىدۇ.  خەلق :" بۇ دۈيۈزلەرنىڭ قىلمىغان شۇ ئىشى قاپتىمۇ دىسە، بەزىلەر :" بۇنىڭ جاجىسىنى ئوبدانراق بىرىپ قويمىساق، ئەتە- ئۆگۈن بىردىن چىرىكنى ئۆيىمىزگە ئەكىرىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ" دىيىشىدۇ. جاڭ جىسا يۇقىرى- تۆۋەن يول مېڭىپ، سالى دورغىنى قاماقتىن بوشاتقۇزىدۇ، ئاندىن يەنە ئاينىساخانغا ئەلچى كىرگۈزىدۇ. سالى دورغا:" جىساغا بېرىپ ئىيتىڭلار، بۇلتۇز تاياق يىگەن چىرىكلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئىبرەت ئىلىپ، يامان نىيىتىدىن يانغاي. يۇرت يۇرت بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلار تائىپىلەرگە قىز بىرىپ باققان ئەمەس" دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىسا سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. سالى دورغا جاڭ جىساغا:" بىزدە نۇمۇسۇڭنى بەرگۈچە، جېنىڭنى بەر دىگەن گەپ بار. چىشمىدىن ئايرىلسام ئايرىلىمەن، نۇمۇسۇمدىن ئايرىلمايمەن، ساڭا قىز بەرگۈچە ئۆلگىنىم ياخشى" دەيدۇ. سالى دورغا بولغۇسى كۈيئوغلى مەڭلىك نىياز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر ھىيلە تۈزىدۇ. پىلان بويىچە سالى دورغا ئاۋال تويغا يالغاندىن ماقۇل بولغان بولۇپ، ئاينىساخانغا چاي ئىچۈرگۈزىدۇ. ئاندىن توي كۈننى بېكىتكۈزۈپ، تويغا تەييارلىق قىلغان بولۇپ ھەر تەرەپتىن ئادەم تويلايدۇ. توي كۈنى ئۇلار جاڭ جىسا ۋە ئۇنىڭ چىرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قۇراللارغا ئىگە بولىدۇ. 1931- يىلى 4- ئاينىڭ 12- كۈنى قۇمۇل دىھقانلار قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ.

قىزنىڭ ئار- نۇمۇسىنى ھاياتىدىن قىممەتلىك بىلگەن ئاتىلار، جاندىن جانانىنىڭ ئىپپىتىنى ئەزىز كۆرگەن يىگىتلەر، مۇسۇلمانىنىڭ قىزىغا يات كاپىرلارنىڭ چېقىلىشىنى ئۆلۈمدىن ئارتۇق كۆرگەن يۇرت ئەھلىنىڭ قوزغىلىپ چىقىشى بىلەن ئاينىساخاننىڭ ئىززەت- ھۆرمىتى قوغدىلىنىدۇ. ناتىۋان مەزلۇمەنىڭ شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن قوزغالغان قۇمۇل قوزغىلىڭى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا پۈتۈن شەرقى تۈركىستاندا ئازاتلىق ئۇرۇشى قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ غەلبىسى بىلەن يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى شانلىق يۈكسىلىشكە شارائىت ھازىرلاپ، ئاتۇشتا مەمتىلى تەۋپىق باشچىلىقىدىكى ئاقارتىش مائارىپى مەشئەل بولۇپ چاقنايدۇ.  بۇ قوزغىلاڭلار  يەنە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋەسىلە بولۇپ، شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن يىقىلماس ئابىدە تىكلەيدۇ.   ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر قىزى ئاينىساخاننىڭ خىتايغا خوتۇن بولماسلىقى ئۈچۈن بىرىلگەن قۇربانلىقنىڭ بەرىكەتلىك مىۋىسى ئىدى! مۇتەكەببىر دۈشمەنلەرنىڭ يەتتە قىزلىرىم، نۇزۇگۇم، ئاينىساخانلار  كەبى قىزلىرىمىزنى دەپسەندە قىلماسلىقى

ئۇچۇن تارىخىمىزدا تالاي قوزغىلاڭلار يۈز بەردى، تۈمەنلىگەن مەردانىلەر شىھىت بولدى. ئۇلارنىڭ مەغرۇر سىماسى خەلقىمىز ئارىسىدا داستان بولۇپ، ئەۋلادلارغا ئۇدۇم بولدى.

گەرچە بۇ قوزغىلاڭلار، ئىنقىلاپلار ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىمىزگە بېغىشلايدىغان ھاياتى كۈچى تولىمۇ زور بولىدۇ. ئىنقىلاب تەبىيىتىدىن بىر ئىجتىھاد جەريانى بولۇپ، گاھىدا مەغلۇپ بولىدۇ، گاھىدا غەلىبە قىلىدۇ. ئىنقىلاپ كۆپىنچە ئۆز ساھىپلىرىنىڭ چوقۇم بىر كۈنى غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ھۆددە قىلالىسىمۇ، چوقۇم مۇشۇ قېتىم، مۇشۇ خىل شەكىلدە غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ھۆددە قىلالمايدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىجتىھادىدا خاتالىشىدۇ، نۇرغۇن خاتالىقلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاندىن غەلىبە قولغا كېلىدۇ . شۇڭا بەزى مەغلۇپ بولغان ئىنقىلاپ باشچىلىرىنىڭ قەستەن بولمىغان، جاھىللىق بىلەن ئۆتكۈزمىگەن خاتالىقلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار مىللى قەھرىمان سۈپىتىدە خاتىرىلىنىدۇ . بۇ مەغلۇبىيەتتىن كەلگەن نەتىجە بولسا ئەڭ بولمىغاندا نومۇسنى يۇيۇش – قولدىن كەلگەنچە تىرىشىپ بېقىشتىن ئىبارەت بولىدۇ . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەۋلادلار قەددىنى تىك تۇتۇپ يۈرەلىسە، شىھىتلەرنىڭ ئاخىرەتتە يۈزى يورۇق بولىدۇ . مەيلى قانداقلا ئىنقىلاپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن چوڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى شۇكى: كېيىنكى ئەۋلادلار قەلبىگە غورۇر ۋە تىزپۈكمەسلىك ئىدىيىسىنى مىراس قالدۇرىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق شەرەپلىك ئەجدادلار روھى بىلەن يىگىت- قىزلىرىمىزنى تەربىيەلەيمىز!

2014 - يىلى 6- ئاي، رامىزاننىڭ 1- كۈنى يەكەن ئېلىشقۇ يېزىسىدا مۇبارەك رامىزان كېچىسىدە تاراۋى نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن قوشنىلار ئۆيىگە يىغىلغان ئازغىنە ئاياللار جامائىتى خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇرت ئەھلى قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن يۇرت ئەھلى توپلىنىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتتىن ئاياللارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ياۋۇز خىتاي ھۆكۈمىتى ئاياللارنى قويۇپ بەرمەيلا قالماستىن، ئۇلارنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن جامائەتنى ئوققا تۇتىدۇ. خىتايلار يەنە بۇ جىنايى قىلمىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىشقۇ يېزىسىدا ئومومىيۈزلۈك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ خەلقنى شېھىت قىلىدۇ. ئېلىشقۇ يېزىسىدىكى خوتۇن- قىزلىرىغا ئىگە چىققان غورۇرلۇق ئەرلەر رەببىنىڭ دەرگاھىغا يۈزى يورۇق ھالدا قايتىدۇ.

مەغرۇر خەلقىمىزنى نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان بويسۇندۇرالمىغان ھىيلىگەر خىتايلار باشقىچە شۇم پىلان تۈزدى. ئۇلار يولۋاسنى تاغدىن ئايرىش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، ئوتيۈرەك ئوغلانلارنى ھىجرەت نامىدا سۈرىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇشلارغا يوللىۋەتتى. ئانارگۈللەرنىڭ ئاتىلىرى لاگېرلاردا سىياسىي ھاشارلارغا تۇتقۇن قىلىندى. ئاينىساخانلارنىڭ ئاتىلىرى، پۈتۈشكەن يىگىتلىرى سولاققا ئېلىنىپ نابۇت قىلىندى. ھالا بۈگۈن، قىزلىرىمىزنى ياتلاردىن قورۇيدىغان ئەرلەر يوق ئۆيلەرگە بىردىن ئېپلاس خىتاي كىرگۈزۈلدى. ئەنە شۇنداق بولارىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر "ئويغانغان زېمىن" رومانىدا :" جاڭ جىسانىڭ جاجىسىنى ئوبدانراق بىرىپ قويمىساق، ئەتە- ئۆگۈن بىردىن چىرىكنى ئۆيىمىزگە ئەكىرىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ" دەپ يازغانىدى. ئاللاھ دانا يازغۇچىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدەك زىيالىيلىرىمىزنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ بەرسۇن!

تارىخىمىزدا ئىپپەت- نومۇسنى قوغداش ئۈچۈن شىھىت بولغان ئارسلارنلار كەم بولمىغاندەك، زالىم خىتاي تۈرمىلىرىدە ئىپپەت- نومۇسنى قوغداش ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىۋاتقان مىڭلىغان نۇزۇگۇملارنىڭ ھىلىھەم بارلىقىغا ئىشىنىمەن. ئاچا- سىڭىللىرى، خوتۇن- قىزلىرىنىڭ نومۇسنى ساقلاش ئۈچۈن قۇربان بولغان مىڭلىغان ئاتىلار، قېرىنداشلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن! خىتاي ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقى باشقىلارنىڭ قەلبىگە ئوت ياقماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ شىر يۈرەك ئەزىمەتلەرنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرىدۇ. خىتاي كاپىرلىرىنى خۇش قىلىش، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ روھىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن خىتاي بىلەن تويلاشقان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلىدۇ.

ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ئاللاھتائالا [ ئى مۆمىنلەر، سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلمايسىلەر ۋە :" ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل" دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر] ( نىسا: 75) ئايىتىنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەينۇقادا پوخۇرلۇققا ئۇچرىغان مۇسۇلمان ئايال ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قىلدى. زالىم ھەججاج ئەسىرگە چۈشكەن ئاجىز ئايالنىڭ نىداسىغا يۈرىكى ئېرىپ، لەكمىڭ لەشكەر بىلەن پاكىستانغا ئوت ئاچتى. ئۆچتۆرپاندا ئانارگۈلنىڭ ئىپپىتىنى قوغداش ئۈچۈن 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەندى. ئانارگۈل ۋە ھەمراھلىرى ئىپپەت ئۈچۈن تاغدىن سەكرەپ قۇربان بولۇپ، يەتتە قىزلىرىم ئابىدىسىنى تىكلىدى. نۇزۇگۇم يالغۇز جىنغا نۇرغۇن چىربىكلەرنى يەر يۇتقۇزدى. ئاينىساخاننىڭ تويى قۇمۇل قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولدى. تۇتقۇن قىلىنغان ئىلىشقۇ ئاياللىرىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، نەچچە مىڭلىغان خەلق قۇربان بولدى. دېمەك، قىز- ئاياللارنى قوغداش ئىسلامدا پەرز، ئىنسانغا قەرزدۇركى، ئۇ ھېچۋاقىت بەدەلسىز قولغا كەلمەيدۇ.

ۋەھالەنكى، بىزگە ھازىر جان تىكىپ ئار- نومۇسىمىزنى قوغداشمۇ تەسكە توختاۋاتىدۇ. مىڭلىغان ئەرلەر ۋەتەن ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىشنى خالايدۇ، تومەنلىگەن يىگىتلەر ئاچا- سىڭىللىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەييار. ئەمما ۋەتەننىڭ بوسۇغۇسىدىن ئاتلاش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس بولماقتا. ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ "قايىسىسىنى قۇتقۇزۇپ بولاي، ئۇ ھەمشىرىلىرىمنىڭ نىداسىنى ھەمبەھىرلەپ قويىدۇم، قولۇمدىن ئۇنىڭدىن باشقىسى كەلمەيدىكەن" دەپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە ياق! [ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشچە كۈچ توپلاڭلار] (ئەنفال: 60) دىگەن ئايەتنىڭ روھى بويىچە تىرىشىپ تەييارلىق كۆرۈشىمىز، مۇجادىلە قىلىشىمىز، كۈچ توپلىشىمىز ۋاجىپ! بىلىم كۈچتۇر، مائارىپ كۈچتۇر، ئىتتىپاقلىق كۈچتۇر، ئىقتىسادىي بايلىق كۈچتۇر، سىياسىي ئىقتىدار كۈچتۇر، رەھبەرلىك ماھارىتى كۈچتۇر، ھەربىي ماھارەت كۈچتۇر، سانائەت كۈچتۇر، ئۇچۇر تېخنىكىسى كۈچتۇر، تەشۋىقات كۈچتۇر، نامايىش كۈچتۇر، بارلىق پايدىلىق ئىلىم ۋە ئىش- ھەرىكەتلەر كۈچتۇر! ئەنە شۇ كۈچ ۋە كۈچكە ئېرىشىدىغان سەۋەبلەرنى قىلىش، شارائىتلارنى يارىتىش تەييارلىق قىلىشتۇر، كۈچ توپلاشتۇر!

بىز بەك ئاجىز، دۈشمەن بەك كۈچلۈك، ھەرقانچە تىرىشساقمۇ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسىگە ھەرگىز يىتەلمەيمىز دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما بىز تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز، سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز. سەۋەب قىل، تەلەپ قىل دەيدىغان گەپ بار، نەتىجە ئاللاھدىن! گەرچە بىز يىتەرلىك كۈچ توپلىيالمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دۈشمەنلەر ئاجىزلىششى مۇمكىن، بىز كۆرسەتكەن كىچىككىنە تىرىشچانلىق بىلەن غايەت زور غەلىبىلەر قولغا كېلىشى مۇمكىن. ئاللاھ دەيدۇكى: [ بوشىشىپ قالماڭلار، شىپھەت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر][ بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز، (يەنى غەلبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز. بۇ ئاللاھنىڭ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى مۇناپىقلاردىن ئايرىشى ئۈچۈندۇر ]( ئالئىمران: ( 140 ـ 139).

تىرىشچانلىقىمىز كۈتكىنىمىزدەك نەتىجە بېرەلمىگەن، ئىنقىلابىمىز قايتا- قايتا مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ بۇ مۇجادىلە يەنىلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرەپ بىغىشلايدۇ. ھەتتا تىرىشچانلىقلىرىمىز بەربات بولغان، قۇربانلىقلىرىمىز ئۇنتۇلغان، خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىدا ھېچقانچە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ھايات بولساق ئەۋلادلارغا، ۋاپات بولساق ئاللاھغا جاۋاب بېرەلەيمىز. [ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا [ (گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق دەپ) ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلغىنىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق]( ئەنفال: 164) دىيەلەيمىز.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئىسلاھ قىلسۇن، توغرا نىيەت، ئورتاق مەقسەتتە قەلبلىرىمىزنى بىرلەشتۈرسۇن! ئاللاھنىڭ ۋە ئەلچىسىنىڭ ھەقىقى ھاياتلىققا باشلايدىغان چاقىرىقىغا ساھابىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان

شەرەپلىك ئەجدادلىرىمىزدەك زالىمغا قارشى چاقىرىققا لەببەي دېيەلەيدىغان قىلسۇن !!!

2018- يىلى 6- ئاينىڭ 9- كۈنى شەنبە، ئىپتارلىق نەسىھەت

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

قۇرئان كەرىم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىماھالى، ئىسلام تارىخى

يەتتە قىزلىرىم – ھەبىبۇللا ئابلىمىت(گىرمانىيە)

نۇزۇگۇم داستانى – موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ

ئويغانغان زىمىن 1- قىسىم – [ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر]

# خىتايلار يوشۇرغان تارىخ -1

يىپەك يولىنىڭ ئىچىلىشى ۋە تۇنجى بىگتۇەن

تۇنيۇقۇق




ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان مەركىزىي ئاسىيادىكى ۋەتىنىمىز تۈركىستانغا جايلاشقان تارىم ۋادىسى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى، ئىمپېرالىزمىنىڭ ئالتۇن كۆۋرۈكى بولۇپ كەلگەن. 1492- يىلى ئىسپانىيەدىكى ئەندۇلۇس ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، كولومبو دېڭىز سەپىرىگە ئاتلانماستىن بۇرۇن يىپەك يولى شەرقى ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە شەرقى ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر يول ئىدى.

مىلادىدىن بۇرۇن تارىم ۋادىسى ھونلارنىڭ ئاشلىق بازىسى بولۇپ، ھونلار بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى تۈركلەرنىڭ كۈچلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن سۇلالىسى ھونلارنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىدىن قورقۇپ،70 يىل ئىچىدە ئالدى- كەينى بولۇپ مەلىكە قىزلىرىدىن ئوننى ھونلارغا خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بىرىش بەدىلىگە تىنچلىقنى ساقلاپ كەلدى. خەنلەر ھەر يىلى ھونلارغا يىپەك، تاۋار- دۇردۇن، مەي- شاراپ، گۈرۈچ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قىممەت باھالىق سوۋغا- سالاملار بىلەن ھونلارغا ئولپان تاپشۇراتتى. يىپەك بۇ ئولپان بويۇملار ئىچىدە ھەممىدىن ئەتىۋار بولۇپ، سۈپىتى ياخشى، ئۆزى يىنىك، كىيىم- كېچەك، يوتقان- كۆرپە ھەممىسىگە ئىشلىتەتتى. يىپەك بويۇملار ھوقۇق ۋە نوپۇزنىڭ سىموۋولى ئىدى. تەڭگە پۇل بىرلىككە كەلمىگەن ھەمدە يېتەرلىك سوققىلى بولمايدىغان ئۇ تارىخى دەۋردە يىپەك رەختلەر يەنە پۇلنىڭ رولىنى ئوينايتتى.

ھونلار خەنلەرنى تولا تاران- تاراج قىلىپ، ھەر قېتىمدا تەڭسىز كېلىشىمنامىلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى.

خەنلەر قىزلىرىنى هونلارغا خوتۇنلۇققا سوۋغا قىلىپ ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى هىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەنلەر هونلارنىڭ ئاشلىق بازىسى بولغان تارىم ۋادىسىدىكى بەگلىكلەرنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولدى.

بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن خەنلەر مىلادىدىن بۇرۇن 138- يىلى جاڭچيەننى سوۋغا- سالاملار بىلەن يىچانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. يولدا هونلار ئۇنى تۇتىۋېلىپ، 10 يىل ئەسىرلىكتە تۇرغان. جاڭچيەن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەهۋالىنى ئىگەللەپ چىققان. ئۇ غەربى خەن سۇلالىسىگە قايتىش يولىدا يەنە بىر قېتىم هونلارغا ئەسىرلىككە چۈشۈپ، بىر يىلدىن كېيىن ئاران تەستە غەربى خەنگە قايتىپ كەتكەن. 115- يىلى جاڭچيەن ئىككىنچى قېتىم جاڭچيەننى نەچچە يۈز مىليون سەر قىممەتتىدىكى سوۋغا- سالاملار بىلەن تارىم ۋادىسىغا ئەۋەتىپ، مەلىكىلىرىنى ئۇيسۇن خانلىرىغا ياتلىق قىلىش ئارقىلىق قۇدا- باجا بولۇپ، ئۇيسۇنلارنى هونلارغا قارشى ئىتتىپاقلىششقا چاقىرغان. ئەمما ئۇيسۇنلار خەنلەرنى ياراتماي قۇرۇق قول يولغا سالغان. جاڭچيەن گەرچە ئىككىلا قېتىم نىيىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، يىچاندىن ئىرانغىچە كۆرۈپ كەلگەن جاڭچيەن پامىر ئىگىزلىكىنىڭ ئۇ قېتىدىكى يېپيېڭى دۇنيانى، سودىغا ماهىر خەلق ۋە قايناق بازارنى كۆرۈپ، غەربنىڭ بازىرىغا يول ئېچىشنىڭ مۇهىملىقىنى بايقىغان. ئۇ يەنە پەرغانىلەرنىڭ چىلانتورۇق ئاتلىرىغا ئاشىق بولۇپ، هونلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئاتلارنى غەربى يۇرتتىن ئەكەلمەكچى بولغان.
شۇنداق قىلىپ شەرقتە شىئەندىن دىپلوماتىيە يولى بىلەن ئۇيسۇنلارنى ستىۋېلىش ئەسقاتمىغاندىن كېيىن،104- يىلى خەنلەر قوماندانى لى گۇاڭلى 60،000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئىككى يىل يول يۈرۈپ، لوپنورغا كەلمەي تۇرۇپ ئاچلىق ۋە ئۇسسىزلىقتىن تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ كەتكەن، قالغىنىمۇ جەڭدە ئۆلگەن.

102 - يىلى خەن سۇلالىسى 300مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن خىشى كارىدورىنى هونلارنىڭ هۇجۇمىدىن هىمايە قىلىپ، سەركەردە لى گۇاڭلىنى يەنە 60 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن، 70 مىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇن، ئىككى تۈمەن خىزمەتچى ۋە ئاشلىق ئۈچۈن 30 مىڭ تۇياق ئات، 100 مىڭ تۇياق ئات بىلەن غەربكە يۈرۈشكە يولغا سالدۇ. لى گۇاڭلى بۇگۈردە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، پەرغانىگە كىلىپ، پەرغانىنى ئۇزۇن مۇددەت مۇهاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ قولغا ئالالمىغان. ئاندىن پەرغانىلىكلەر خەنلەرگە چىلانتورۇق دۇلدۇل ئاتلاردىن ئون نەچچە تۇياق، ئادەتتىكى ئاتتىن 3000 تۇياق بېرىدىغانغا سۈلهى قىلدۇ. شۇنداق قىلىپ لى گۇاڭلى 130 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىر يىل ئۇرۇش قىلىپ ئاران نەچچە ئون تۇياق دۇلدۇل، 3000 تۇياق ئادەتتىكى ئاتقا ئېرىشدۇ. لى گۇاڭلى چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەندە بولسا بۇ قوشۇندىن ئارانلا 20 مىڭ ئادەم، ئون نەچچە مىڭ تۇياق چارۋا قايتىپ كىلەلەيدۇ. قالغان قوشۇننىڭ هەممىسى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش مۇساپىسىدە ئاچلىق، ئۇسسىزلىق ۋە جەڭدە ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بۇ ئىككى قېتىملىق يۈرۈشتە ناهايىتى ئېغىر زىيان تارتقان خەنلەر چېگرالارغا ئەسكەر يۆتكەپ بوز يەر ئېچىش، هەربىي دېهقان تەشكىللەش، شۇ ئارقىلىق چېگرا ساقلاش مەسىلىهەتىنى بىرىدۇ. 2

خەنلەر تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئەسكەر يۆتكەپ بوز يەر ئېچىش مىلادى 92- يىلى ئۆلگەن ختاي تارىخچى بەنگۇ يازغان " تارىخنامە" دىگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن. تۆۋەندىكىسى كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ ئاساسى مەنا تەرجىمىسى :

" جاڭچيەن غەربى يۇرت يولىنى ئېچىپ، لى گۇاڭلى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 68- يىلى جېڭجى قەيسەر ۋە ئىرادىلىك، تاشقى ئىشلارغا ماهىر بولغاچ بۇگۈرگە قورۇقچى بەگ قىلىپ ئەۋەتتى. جېڭجى جىنايىتى كەچۈرۈم قىلىنغان 1500 نەپەر مەهبۇسنى باشلاپ، بۇگۈردە چېدىر قۇرۇپ، بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق ۋە قوشۇن تۇپلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن بوز يەر ئېچىپ دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەنلەرنىڭ غەربى يۇرتتىكى دۆلەتلەرگە بارىدىغان ئەلچىلىرى، سودىگەرلىرىنى ئوزۇق- تۈلۈك ۋە ئۈچۈر- مەلۇمات بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. جېڭجى جىمىسارغا هۇجۇم قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، م ب 60- يىلى هونلاردا ئىچكى ئۇرۇش كۆتۈرۈلۈپ، هونلارنىڭ غەربى يۇرتقا مەسئۇل سول قانات بېگى خەن سۇلالىسىغا ئەل

بولدى. شۇنىڭ بىلەن جىڭجىنىڭ نامى چىقىپ كەتتى. خەن سۇلالىسى پادىشاھى جىڭجىنى ماختاپ يارلىق چۈشۈرۈپ:" غەربى يۇرت تۇتۇق بېگى جىڭجى يات ياۋايىلارنى تىنجىتىپ، شان- شۆھرەت تىكلەپ، ھون تەڭرىقۇتىنىڭ قىرىندىشى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جىمسارۋە تۇرپاننى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن " يىراقنى تىنجىتقۇچى بەگ" دىگەن ئۇتۇغات نامنى بەردۇق" دەپ تارتۇقلىغان. كىيىن ھونلار قوشۇن باشلاپ جىڭجىغا ھۇجۇم قىلدى. جىڭجى 1500 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، تۇرپان سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالدى. ھونلار سېپىلنى نەچچە كۈن مۇھاسىرىگە ئىلىپ، خەنلەرگە تېزدىن يوقىلىشنى بۇيرۇپ قايتىپ كەتتى. جىڭجىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن خەن شۇەندى ياردەمچى ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتكەندىن كىيىن، جىڭجى ئاندىن سېپىلدىن چىقالىدى ۋە كورلىغا قايتىپ تىرىقچىلىق قىلدى. ھونلاردىن خاتىرجەم بولغاندىن كىيىن، خەنلەر بۈگۈرنى مەركەز قىلغان ھالدا تۇرپان، كورلا، يەكەن قاتارلىق جايلارغا ئەسكەر كۆچۈرۈپ، بوز يەر ئاچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ جايلار خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولدى. " دەپ يازغان. (خەننامە: جىڭجى تەزكىرىسى، غەربى يۇرت تەزكىرىسى) 3

مانا بۇ بۇ يەنە يىپەك يولىنىڭ ھەقىقىي باشلىنىشى، ختايلارنىڭ شەرقى تۈركىستانغا ئەسكەر يۆتكەپ دېھقانچىلىق قىلىشىنىڭ تۈنجى مىسالى. شۇ رىۋايەتكە ئاساسەن ختايلار شەرقى تۈركىستاننى :" شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگوغا تەۋە" دىگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ تارىخ راستمۇ ياكى ئويدۇرۇلغانمۇ ياكى كۆپتۈرۈلگەنمۇ ئايرىم بىر مەسىلە. قانداقلا بولمىسۇن، ختايلارنىڭ بۇ يەردىكى ھىيلە- مىكىرلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. ھونلار تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى ئۇرۇشلاردىن دەستىدىن ئاجىزلاشقاندا خەنلەر سوقۇنۇپ كىرىۋالغانىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كىيىن ھونلار قايتا كۈچلىنىپ، قايتىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربى ئاسىيانى قايتىدىن قولىغا ئالدى. مىلادى 13- يىلى قاراشەھەر خەلقى ھونلار بىلەن بىرلىشىپ خەنلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ختايلارنىڭ ھەربىي دېھقانلىرىمۇ جىنىنى ئىلىپ قاچتى. غەربى خەن سۇلالىسى مىلادى 24- يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ئاغدۇرۇلدى. دىمەك ختايلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرقى تۈركىستاننى ئىگەللىۋالغان تارىخ زورىغا راست بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەتلا مىلادىدىن بۇرۇنقى 60- يىلدىن مىلادى 10- يىلىغىچە 70 يىل داۋاملاشقان بولىدۇ. 4

ئارىدىن 60 يىل ئۆتۈپ شەرقى خەن سۇلالىسى ئەلچىسى بەنچاۋ كەلدى. بەنچاۋ بولسا "خەننامە" ناملىق تارىخ كىتابنى يازغان بەنگۇنىڭ ئۇكىسى. مىلادى 73- يىلى بەنچاۋ 36 ئادەم بىلەن تارىم ۋادىسىغا كەلدى. ئۇ غەربى يۇرتتىكى ئۇششاق بەگلىكلەرگە ھونلاغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، " يات ياۋايىلارنىڭ قولى بىلەن يات ياۋايىلارنى يوقاتماقچى" ئىدى. 78- يىلى بەنچاۋ خەن جاڭدىغا مەكتۇپ ياردەم ياردەم سورىدى. 81- يىلى خەن جاڭدى ئۇنىڭغا مەھبۇسلاردىن تەشكىللەنگەن 1000 كىشىلىك ھەربىي دېھقان ياردەمچى قوشۇنى ئەۋەتتى. مىلادى 87- يىلى بەنچاۋ خوتەن، قەشقەر، ياركەنتلىكلەر بىلەن كۇچار، قاراشەھەرلىكلەرنى ئۇرۇشقا سېلىپ ، كۆپ قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولدى. شەرقى خەن بەنچاۋنىڭ كۆرسەتكەن نەتىجىسىنى تارتۇقلاپ، ئۇنىڭغا "غەربنى تىنجىتقۇچى بەگ" دەپ نام بەردى. 91- يىلى شەرقى خەن پىچاننى بېسىۋالدى. 94- يىلى غەربى ھونلار تەڭرىقۇتى پانغۇ تارىم ۋادىسىنى قايتۇرىۋالدى، 106- يىلى پىچاننى قايتۇرىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھونلار بىلەن خەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار شەرقى تۈركىستاننىڭ دەرۋازىسى پىچاننى تالىشىش بىلەن ئۆتۈپ، ئايىغىدا يەنىلا ھونلارغا تەۋە بولدى. خەنلەرنىڭ غەربى يۇرتنى ئىستىلا قىلىش قارا نىيىتى 20 يىل ئىچىدە قايتىدىن بەربات بولدى. 5 ( كېيىنكى خەننامە)

123 - يىلى بەنچاۋنىڭ كىچىك ئوغلى بەنيوڭ 600 نەپەر ھەربى دېھقان بىلەن بىلەن لۈكچۈندە بوز يەر ئاچتى. 124 – يىلى پىچاننى ئىشغال قىلدى. 125 – يىلى دۇنخۇاڭدىن 6000 كىشىلىك قوشۇن يۆتكەپ كىردى. 126- يىلىغىچە بەنيوڭ قۇمۇل، پىچان، توقسۇن، كۇچار، ئاقسۇ، يىڭىشەھەر قاتارلىق پامىر ئىگىزلىكىنىڭ شەرقىدىكى شەھەرلەرنى ئەل قىلدى. ئاندىن ئۇ شەھەرلەردىن يىغىلغان تۆت تۈمەن قوشۇن توپلاپ، قارا شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئەمما 127- يىلى خەن سۇلالىسى بەنيوڭنى ياندۇرۇپ ئەكىلىپ

تۇرمىگە تاشلىغان. شۇنىڭ بىلەن خەنلەرنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى ئىستىلاسى ئاياغلىشىشقا باشلىغان. 6

شەرقى خەن سۇلالىسى بولسا 125- يىلىدىن باشلاپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولۇپ، كېيىنكى تەپسىلاتىنى ”ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە“ دېگەن تېلۋىزيە فىلىمىدىن كۆرۈۋالساڭلار بولىدۇ.

بۇ تارىختىن بىر نەچچە ئىش ئايدىڭ بولىدۇ.

1- خەن سۇلالىسى ئەزەلدىن شەرقى تۈركىستان زېمىنىنى ياتلارنىڭ زېمىنى دەپ قارايتى. شۇڭا خەنلەر جىڭجى ۋە بەنچاۋغا ياۋايى ياتلارنى باستۇرغانلىقى ۋە ئۆز- ئارا ئۇرۇشقا سالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى تارتۇقلىغان.

2- بۇ مەھكىمىلەرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى غەربى تۈركلەر بىلەن ھونلارنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇش، شەرقتىن غەربكە قاتنايدىغان يىپەك يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئىدى. يەرلىك بەگلىكلەر بەنچاۋنى ئەلچى دەپ تونۇيتتى، بەگ دەپ تونۇمايتتى. قۇرۇلغان مەھكىمىلەر ھەر قېتىمدا سىپىل سوقۇپ، ئوردا بەرپا قىلغان بولماستىن، پەقەتلا ۋاقىتلىق چېدىر تىكىپ، دېھقانچىلىق قىلغان ئىدى. بۇ قورۇقچىلار خىتاي سودا كارۋانلىرىغا ئۆتەڭ ھازىرلاپ، ئوزۇق- تۈلۈك، ئۇچۇر مۇلازىمەت يەتكۈزەتتى، يەرلىك بەگلىكلەرگە قارىتا جاسۇسلۇق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى شەرقى تۈركىستاننى تولۇق ئىگەللىمىگەن، پەقەتلا جەنۇبتىكى بىر قانچە ناھىيە ۋە پىچاندا ئازغىنە مۇددەت قورۇقچى مەھكىمە قۇرغان. ھازىرغا قەدەر خىتايلار دەۋا قىلىۋاتقان قورۇقچى مەھكىمىلىرىنىڭ ئىزناسىمۇ تېپىلغىنى يوق، خىتاي يازغان تارىختىن باشقا تارىخى گۇۋاھچىسىمۇ يوق.

3 - جىڭجى 1500 كىشىلىك، بەنچاۋ 1000 كىشىلىك، بەنيوڭ 500 كىشىلىك ھەربىي دېھقان تۇرغۇزغان. لى گۇاڭلىدىن كېيىن ھەر قېتىم خىتايلارنىڭ پىچاندىن سوقۇنۇپ كىرىش ئۇسۇلى جىنايەتچى مەھبۇسلاردىن تەشكىللەنگەن ھەربىي دېھقان يۆتكەش بولغان. ئېنىقكى بۇنچىلىك ئادەم بىلەن ھونلارغا تاقابىل تۇرۇش تۈگۈل، نەچچە تۈمەن قوشۇنى بار يەرلىك خانلىقلارنىمۇ باشقۇرالمايدۇ. خەنلەر پەقەت يەرلىك ئۇششاق بەگلىكلەرنى ھونلارغا قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئارىلىقتا پىتنە تېرىپ، ئۆز- ئارا ئۇرۇشقا سالغان. بۇنىڭدا ئاساسلىقى تارىم ۋادىسىدا بىرلىككە كەلگەن چوڭ دۆلەت شەكىللەنمەي، ئۇششاق بەگلىكلەر ھالىتىدە تۇرۇشى سەۋەب بولغان.

4- 400 يىللىق خەن سۇلالىسى ئۈچ قېتىم غەربى تۈرك ئۇيسۇنلارنىڭ قىسمەن جايلىرىدا قىسقىنە ۋاقىت ئازغىنە ساندىكى ھەربىي دېھقان قورۇقچى مەھكىمىسى تۇرغۇزالىغان. ئاشۇرۇپ ئېيتقاندىمۇ غەربى تۈركلەر بىر مەزگىل خەن سۇلالىسىگە بېقىندى بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


1- يىپەك يولى:1- باب پىتىر فرەنكوفەن. خىتاي قۇدا- باجىلىق تارىخى: 631-688- سۈيمىڭ

2- ھونلار قىسقىچە تارىخى – تۇرغۇن ئالماس

3- (خەننامە: جىڭجى تەزكىرىسى، غەربى يۇرت تەزكىرىسى- بەنگۇ) 3

http://blog.sina.com.cn/s/blog_40df931a0102wigr.html

4،5- ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى- ت.ئالماس، كېيىنكى خەننامە: بەنچاۋ تەزكىرىسى- فەنيې

http://wyw.5156edu.com/html/z8399m9461j1442.html

6- كېيىنكى خەننامە – بەنيوڭ تەزكىرىسى – فەنيې

http://lishi.zhuixue.net/renwu/banchao/20598.html

http://military.china.com/hist…/…/20140124/18313343_6.html

# خىتاي يوشۇرغان تارىخ -2

تۆلكە ئۆز ئىنىغا ئۇرسە قوتۇر بولۇر

**تۇنيۇقۇق**



خىتاي تارىخىنى ۋاراقلىساق، تاكى 20- ئەسىرگىچە شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دېھقان مىللەتلەرگە پادىشاھ بولۇپ كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. خىتاينى تۇنجى بولۇپ بىرلىككە كەلتۈرگەن چىن شىخۇاڭ غەربى شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەردىن ئىدى. چىن شىخۇاڭدىن باشلاپ سوقۇلغان سەددىچىن سېپىلى ھەر قايسى دەۋرلەردە قايتا- قايتا ياسىلىپ ۋە تۇتاشتۇرۇلۇپ 5000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇققا يەتكەن بولسىمۇ، شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ تۆمۈر تاپانلىرىدىن قوغداپ قالالمىدى. ھونلاردىن كېيىن سيانپىلار تاكى سۈي، تاڭ سۇلالىسىغىچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە 16 دۆلەت قۇردى. سۈي، تاڭ سۇلالىسى تۈركلەر، ئۇيغۇرلارغا بېقىندى بولۇپ ئۆتتى. ئاندىن قىتانلار لياۋ سۇلالىسىنى، جۇرجىتلار جىن سۇلالىسىنى، موڭغۇللار يۈەن سۇلالىسىنى، جۇرجىتلارنىڭ ئەۋلادى مانجۇلار چىڭ سۇلالىسىنى قۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەر بولۇپ، نوپۇس سانى ئاز، مەدەنىيىتى بەك تەرەققى قىلمىغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، پادىشاھ بولۇپ كەلگەن ئىدى.

جوڭگونى تۇنجى قېتىم بىر لىككە كەلتۈرگەن چىن سۇلالىسىنىڭ تېرىتورىيەسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە جەنۇبى جوڭگونىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. چىن سۇلالىسىدىن كېيىن خەن سۇلالىسى قۇرۇلدى. خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشايدىغان خەنزۇلار华夏 خۇاشىيا دەپ ئاتىلاتتى، خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئاندىن خەن 汉 دەپ ئاتالغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشىيا 华夏中原دېگەننى خىتايچە قىسقارتىسىڭىز中华جۇڭخۇا بولىدۇ. دېمەك، ھازىرقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سۆز يىلتىزىدىن قارىغاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ خەلق جۇمھۇرىيىتى دېگەنلىك بولىدۇ.

خىتايلار خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى تارىختا يەنە سۇي隋، تاڭ唐، سۇڭ宋، مىڭ明 سۇلالىلىرىنى قۇرغانلىقى ۋە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. سۇي سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ سىياپىلار بولۇش ئېھتىمالى زور. خەنلەردىن بولغان تەقدىردىمۇ سۇي سۇلالىسى ئارانلا 38 يىل(581-619) ھۆكۈم سۈرۈپ، تۈركلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. سۇڭ سۇلالىسى(960-1279) قىتانلار، جۇرجىتلار، موڭغۇللار نىڭ بەسمۇ- بەس ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، باش كۆتۈرۈپ باقمىغان. مىڭ سۇلالىسى (1368- 1644 ) جۇ يۈەنجاڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان ”جۇ يۈەنجاڭنىڭ ئانىسى خۇيزۇ مۇسۇلمان ئىدى“ دېگەن خاتىرىلەر بار. مىڭ سۇلالىسى خىتاي تارىخىدا جەنۇبتىكىلەر شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەر سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ قۇرغان بىردىنبىر سۇلالە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بىز تەرەپكە يېتمىگەن، شۇڭا ئارتۇق سۆزلەنمەيدۇ.

مىلادى220 – يىلى خەن سۇلالىسى گۇمران بولۇپ، 500 يىلدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى. تاڭ سۇلالىسى قۇرغۇچىسى لى يۈەن ئەسلى سۇي سۇلالىسى تەيۈەن ئايمىقىنىڭ ئامبىلى ئىدى، لى يۈەننىڭ نەسەبى توغرىسىدا سىياپىي ئىدى دەيدىغانلار كۆپ. 617- يىلى لى يۈەن شەرقى تۈرك خاقانى سىۋارغاننى سۇي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ :“ پۈتۈن بايلىقلار سىلىگە قالسۇن، بەگلىك بىلەن زېمىن ماڭا قالسۇن،“ دەپ بىقىندىلىق بىلدۈرۈپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. سىۋارخان خۇشاللىق بىلەن لى يۈەننىڭ ئەلچىسى لىيۇ ۋېنجىڭغا 2000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن، 1000 تۇياق ئات قوشۇپ يولغا سالدى. لى يۈەننىڭ بۆرىنى قوتانغا باشلايدىغان ساتقىنلىقى كېيىنكى دەۋرلەردە ناچار تەسىر پەيدا قىلدى.1

618- يىلى تاڭ سۇلالىسى (618-907) قۇرۇلدى. پادىشاھ لى يۈەن ئۆزىنىڭ ساتقىنلىق تەپسىلاتىنى خەلقئالەم بىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن لىيۇ ۋېنجىڭنى ئۆلتۈردى. 2

627- يىلى شەرقى تۈرك زېمىنىدا تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ، نۇرغۇن چارۋا قىرىلىپ كەتتى، خەلق ئاچارچىلىقتا قالدى. شەرقى ئۇيغۇرلار باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە شەرقى تۈركلەرگە قارشى قوزغىلاڭ قىلدى. 630- يىلى تاڭ سۇلالىسى شەرقى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ غەلبە قازاندى، 100 مىڭ تۈركنى ئەسىر ئالدى. 639- يىلى 4- ئايدا كۈرشات لى شىمىننى گۆرۈگە ئېلىپ، ئەسىرگە چۈشكەن خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تاڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىردى. ئەمما پىلان ئەمەلگە ئاشماي، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇربان بولدى. 640- يىلى، لى شىمىن ئەسىر ئالغان تۈركلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنغا ئاسىناتۈرنى سەركەردە قىلىپ، تۇرپاننى بېسىۋالدى. 644- يىلى قاراشەھەرنى بېسىۋالدى. 648- يىلى كۇچار، قەشقەر، خوتەن خانلىقلىرىنىمۇ بېسىۋالدى. 650- يىلىغا كەلگەندە تارىم ۋادىسى تۈركلەرنىڭ قولىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى. 657- يىلى كۇچاردا ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

تاڭ سۇلالىسى بىر نەچچە ئورۇندا قورۇقچى بەگ مەھكىمىلىرىنى قۇرغاندىن كېيىن، تارىم ۋادىسىغا ھەربىي دېھقان يۆتكەپ، چېگرا قوغدىماقچى بولدى. 742- يىلى قۇمۇلدا 2467 ئۆيلۈك، 11570 خىتاي بار ئىدى. تۇرپاندا 9016 ئۆيلۈك، 48476 نەپەر خىتاي بار ئىدى. جىمسىاردا 2236 ئۆيلۈك، 9964 نەپەر خىتاي بار ئىدى. ئەنشى قورۇقچى مەھكىمىسىدە ئۈچ تۈمەن، تەڭرىتاغ ئەتراپىدا 3 تۈمەن قوشۇنى بار بولۇپ، يىغىپ كەلگەندە 100 مىڭدىن ئاشاتتى. 3

670 - يىلى تىبەتلەر خوتەن، قەشقەر، كۇچار، قاراشەھەرنى بېسىۋالدى. 692- يىلى تاڭ سۇلالىسى قايتىدىن تارتىۋالدى. گەرچە ئارىلىقتا سەككىز تۈرك قاغان جان تىكىپ قارشىلىق بىلدۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسى ۋە

تىبەتتىن تارىم ۋادىسىدىن قوغداپ قالالماقچى بولىسمۇ، ئاجىز كەلدى.

50يىللىق بىقىندىلىقتىن كېيىن،682 – يىلى ئىلتەرىش قاغان شەرقى تۈركلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈردى. 697- يىلدىن باشلاپ قارابالغاسۇندىكى شەرقى تۈركلەر تاڭ سۇلالىسى قىرالچىسى ۋۇزېتيەنگە ئېغىر سىلىقلارنى سالدى ۋە ھاقارەت قىلدى.4

717- يىلى غەربى تۈركلەرنىڭ يېڭى قاغانى تۈركەش سۇلۇ قاغان ئەرەب ۋە تىبەت قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، سوياپ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنى تاڭ سۇلالىسىدىن قايتۇرىۋالدى. ئۇچتۇرپان ۋە ئاقسۇ شەھەرلىرىنى قامال قىلدى. 720- يىلى سۇلۇ قاغان كۇچارنى قامال قىلدى، تارىم ۋادىسىكى خىتاي قوشۇنلىرىغا ئومومىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 5

751- يىلى، قىرغىزستانىڭ شىمالىدىكى تالاستا تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئاباسىيلار ئەرەب خەلىپىلىكى ۋە تۈرك ئىتتىپاقداشلىرى چوڭ ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا تاڭ سۇلالىسى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى،650- يىلدىن 100 يىل ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسى تۈركىستان زېمىنىدىن تولۇق قوغلاپ چىقىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى تاڭ سۇلالىسى بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقلىرى بولسۇن بۇ ۋەقەدىن كېيىن شەرقى تۈركىستان زېمىنىغا 1000 يىلغىچە تاخاۋۇز قەدەملىرىنى باسالمىدى.

بۇ مەغلۇبىيەت سەۋەبلىك تاڭ سۇلالىسى ئىچىدە ئۈڭلۈك- سۈيگۈن توپىلىڭى قوزغالدى. 755- يىلى ئۈڭلۈك- سۈيگۈن توپىلىڭى قوزغالغاندا تاڭ سۇلالىسى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدىن ياردەم سوراپ: " پۈتۈن مال- دۇنيا، ئوغۇل- قىزلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ بولسۇن، زېمىن بىلەن بەگلىك بىزگە قالسۇن" دەپ يەنە بىر قېتىم ئۆز دۆلىتى ۋە خەلقىگە ساتقىنلىق قىلدى. كېلىشىمگە ئاساسەن يابغۇ تېكىن 4000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئىسيانچىلارنىڭ 100،000 كىشىلىك قوشۇنىغا ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، بىر كۈندىلا 60،000 ئادىمىنى يوقاتقان.6

ئۈڭلۈك- سۈيگۈن قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بېقىندى بولدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا تۆلەيدىغان ناھايىتى زور بېقىندىلىق بېجى سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي يىمىرىلىپ، زاۋاللىققا يۈزلەندى.

**تارىختىن ئۇگۇتلەر:**

1- ۋەتىنىمىز تۈركىستان خىتايلار يازغان راست- يالغان تارىخلار بويىچە خىتاي ئىستىلاسىدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالدى – كەينى بولۇپ 90 يىل تۇردى. 500 يىلدىن كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 100 يىل خىتاي ئىستىلاسىدا تۇردى دېسەكمۇ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا نىسبەتەن 200 يىل دىگەن ھىچ گەپ ئەمەس.

2- ئەگەر خىتايلار 1000 يىل ئاۋال تۈركىستان زېمىنىدا قوشۇن تۇرغۇزغىنى سەۋەبلىك تۈركىستان زېمىنى خىتايلارنىڭ ئەزەلدىن ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسا،خىتايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھاكىمىيەت تىكلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن خىتايلارغا ياشىغۇدەك يەر قالمىغان بولاتتى.

3- ئەسىر قىلىنغان شەرقى تۈركلەر ئىچىدىن ئاسىناتۇرغا ئوخشاش خائىنلارمۇ، كۇرشادغا ئوخشاش باتۇرلارمۇ چىققان. خىتايلار پۈتۈن جاھانغا پەخىرلىنىدىغان تاڭ سۇلالىسىدىن تەختىنى ساقلاپ قىلىش ئۇچۇن ئۆز خەلقىنى، ئوغۇل- قىزلىرىنى قوشۇپ سىتىۋېتىدىغان تاڭ گاۋزۇ لى يۈەن ۋە تاڭ سۇزۇڭ لى خىڭلار چىققان.

4- خىتاي ئىستىلاسى ھونلار ۋە تۈركلەر ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچراپ، ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردا ئاندىن خىتايلارغا پۇرسەت يارىتىلغان.

5- شەرقى،غەربى تۈركلەرنىڭ مەغلۇب بولۇش سەۋەبىگە قارىساق، ھەرگىزمۇ تاڭ سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرالماي ئەمەس، بەلكى خىتايغا بولۇشۇپ بىر- بىرىگە قارشى چىققانلىقى، ئىتتىپاقلىقنى بۇزغانلىقى سەۋەبىدىن خار كۈنگە قالغان. تاڭ سۇلالىسى غەربى ۋە شەرقى تۈركلەرگە ئاساسلىقى يەنە تۈركلەردىن قوشۇن

توپلاپ، ئۆز- ئارا جىدەلگە سېلىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئالغان بولۇپ، يەكمۇ- يەك كەلگەن بولسا تاقابىل تۇرالمىغان بولاتتى.

6- تاڭ سۇلالىسى غەربكە ھەربىي دېھقان يۆتكەشنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بولۇپ، ئومومىي قوشۇن 100 مىڭدىن ئاشقان. 100 مىڭ دېگەن سان ئۇ دەۋردە ئەمەس، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ خېلى چوڭ سان ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ خەلقىمىز يەنىلا ئۇلارغا باش ئەگمىگەن، قايتا- قايتا قوزغىلاڭ قىلىش، تۈركلەر بىرلىككە كېلىش ۋە ئەرەب ئابباسىيلار قوشۇنى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش نەتىجىسىدە تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقارغان.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

”ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى“ – سىماگۇاڭ《资治通鉴》

تاڭ گاۋزۇنىڭ تۈركلەرگە بېقىندىلىق بىلدۈرگىنى توغرىسىدا- چېن يىنكې陈寅恪《论唐高祖称臣于突厥事》

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر:32 – شۆ زۇڭجېڭ薛宗正 _ 新疆民族

ئۇيغۇرلار:362- تۇرغۇن ئالماس

ئۇيغۇر يىلنامىسى:92 – مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا

ئۇيغۇرلار: 101 – لىيۇ زىشياۋ

2018-1-8

# دۈشمەن كىم؟

**ئارتۇچ بۇغرا**

ئاللاھ ئىزچىل ئەلچىلەر ۋە ۋەھيي ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەپ كەلدى. ئەلچىلەر ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىلەر ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن بەندە، بەندە بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، ھاياتىغا تەدبىقلاش بىلەن ئۈلگە بولدى.

ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەھيي ئۇ ۋەھيىنى يەتكۈزگۈچى ئەلچىلەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇزغۇنچىلىققا، بۇرمىلىنىشقا ئۇچراپ كەلدى، ئىنسانلار ئەسلى ۋەھيىدىن يىراقلاشتى ( ھەدىد، 16 ). ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇ ئارقىلىق قۇرئاننى ۋەھيي قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنسانلار قىيامەتكىچە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ بەردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن باشقا ئەلچىلەرنىڭ ۋە ۋەھيىنىڭ كەلمەيدىغانلىقى ( ئەھزاب، 40 ) يېتەكچىلىكنىڭ ئىنسانلاردىن ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارغا ئالماشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ بۇ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار گەۋدىسى بولغان قۇرئاننى ئۆزى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ( ھىجر، 9 ).

ئاللاھ قۇرئاندا كىتاپ ۋە مىزاننى نازىل قىلغانلىقىنى بايان قىلماقتا ( شۇرا، 17؛ ھەدىد، 25 ). مىزان، يەنى ئۆلچەم ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ بۇنىڭغا رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.
يەر يۈزىدە مۇئمىن ۋە كاپىرنىڭ شۇنداقلا باشقا ئېتىقاتتىكىلەرنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقى، بىرگە ياشايدىغانلىقى كېچە بىلەن كۈندۈزگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس سۈننىتىدۇر ( مائىدە، 48؛ يۇنۇس، 99؛ ھۇد، 118؛ نەھل، 98؛ شۇرا، 8 ). بىر يەردە ياشاش جەريانىدا پەرقلىق ئېتىقاتتىكىلەر بىلەن سۈركىلىش پەيدا بولغاندا قانداق ھەل قىلىش تەدبىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

بۈگۈن يەر يۈزىدە ئەڭ قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان مۇسۇلمانلاردىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلە دۈشمىنىنى ئېنىق تونۇيالماسلىقتۇر. كىمنى ئەڭ ئاساسلىق دۈشمەن دەپ تونۇشتا ئاللاھ مىزان قىلىپ چۈشۈرگەن، ئۆزى ئىمان ئېيتقان كىتاپقا مۇراجەت قىلماسلىقتۇر. بىز بىر كىتابى بار ئۈممەت تۇرۇپ، كىتاپ ۋە مىزانسىز كىشىلەردەك مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز. مانا بۇ سەۋەپتىن نىشاندىن ئاداشقان كېمە دولقۇنلار ئىچىدە بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا ئېقىپ يۈرگەندەك نىشانسىز يۈرمەكتىمىز.

دىنىمىزدا جىھاد تەكىتلەنگەن، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. جىھاد شەرت – شارائىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەت بولۇپ ئاللاھ بۇ ئىبادەتنى بەلگىلىك بىر پرىنسىپقا باغلىغان. ئاللاھ قەيەرگە بېرىپ جىھاد قىلساڭ بولىدۇ، دېمىدى. سېنىڭ دىنى ئېتىقادىڭدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ياكى سېنى يۇرتۇڭدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇنغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىل. سەن بىلەن دوستانە ئۆتكەن كاپىرلار بىلەن چىرايلىقچە ئۆت دېدى ( مۇمتەھىنە، 8 ـ 9 ).

رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە قارايدىغان بولساق، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن مەدىنىدىكى بارلىق مۇشرىكلار ياكى يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشمىدى. ئۇلاردىن كىم مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلسا ياكى قىلماقچى بولسا ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلدى ( بەدىر، ئۇھۇد، خەندەك، خەيبەر، تەبۇك ... ). ھۇدەيبىيەدە مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سۈلھى تۈزۈلگەندە، شۇ سورۇندا شاھىت بولغان ئىككى مۇشرىك قەبىلىسىدىن بىرسى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى رەت قىلمىدى. كېيىنكى يىلى بۇ مۇشرىك قەبىلە مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن قەبىلىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدىكى ئىتتىپاقنى شىپى كەلتۈرۈپ رەسۇلۇللاھتىن ھۇجۇم قىلغۇچى قەبىلىگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلمىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەبۇ

سۇفيان مەدىنىگە كېلىپ، رەسۇلۇللاھتىن سۈلھىنى يېڭىلاشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن تەۋبە سۈرىسى 1-ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ئەبۇ سۇفياننىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلدى.

رەسۇلۇللاھ مەككىنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن يېنىدىكى تايىپقا يۈرۈش قىلمىدى. مەككىدىكى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ھاۋازىن قەبىلىسىگە قارشى ئاتلاندى، ھۇنەيىن غازىتى بولدى. رەسۇلۇللاھنىڭ تۇتقان يولى بۇ ئىدى. ۋىدا ھەججىگە قاتناشقان ساھابىلەرنىڭ سانىنىڭ 100 مىڭدىن ئاشىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بار. بۇلاردىن مۇتلەق كۆپ سانلىقىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ « مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار » تەلىماتىغا ئاساسەن، ئاللاھ رازى بولغان ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يەر يۈزىگە تاراپ كەتكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئىران ۋە رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان جىھاد سەۋەبى ھەممىگە مەلۇم ( ئىران پادىشاھى ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋەت مەكتۇبىنى يىرتىپ تاشلىغان، رىم مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە رەقىب كۆرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان ).

يېقىنقى دەۋرگە كەلسەك، ئەرەپ قېرىنداشلارغا نىسبەتەن ئىسرائىل ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى 1- نومۇرلۇق دۈشمەن. ئۇلار پەلەستىنلىكلەرنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئاللاھ قويغان ئۆلچەمگە چۈشىدۇ. ئۇلارغا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بىۋاستە زىيىنى يەتمىگەنلىكتىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمەن دەپ قارىمايدۇ، ھەتتا ئىسرائىل ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربكە قارشى ئىتتىپاقداش دەپ قارايدۇ. بىزگە نىسبەتەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى 1 – نومۇرلۇق دۈشمەن. 1949 – يىللىرىدىن باشلاپ پەلەستىنلىكلەر يۇرتىدىن ئايرىلماي جىھاد قىلىۋاتىدۇ. 1970 – يىللاردىن تارتىپ ئافغانلارمۇ شۇنداق، 2003 – يىلدىن تارتىپ ئىراقلىقلار، 2011 – يىلدىن تارتىپ سۇرىيەلىكلەر يۇرتىدىن ئايرىلماي جىھاد قىلىۋاتىدۇ. بۇلار ۋەتەنچى، مىللەتچى بولۇپ قالمايدۇ. ئۇيغۇرلار قىلسا ۋەتەنچى، مىللەتچى بولۇپ قالىدۇ.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جىھاد قىلىش ئىسلامدا چەكلىنەمدۇ؟ ئۇيغۇرلار خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى شەرقىي تۈركىستاندا جىھاد قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولۇشقا ئۇرۇنسا ۋەتەنچى، مىللەتچى بولۇپ قالىدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جىھاد قىلىش كىملەرنىڭ قولى بىلەن توسۇپ قېلىنىۋاتىدۇ؟ ئۇممەت داۋاسىنى قىلىۋاتقان ئەل قائىدا 20 يىلدىن كېيىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بېيجىڭدا كېلىشىمگە ئىمزا قويىدى، بۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟ بىرمىدىكى ئاركان مۇسۇلمانلىرى بۇددىسلارغا قارشى قولىغا قورال ئېلىپ ئۆز دۆلىتىدە بۇددىسلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ ھەرىكەتكە ئۆتتى، ئەمىسە بۇلارمۇ مىللەتچىمۇ، قەۋمچىمۇ؟ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن 35 مىليون مۇسۇلمان دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا ئۇستى ئوچۇق تۈرمىلەرگە قامىلىپ، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زۇلۇم ئىچىدە يوق قىلىش، سۈرگۈن قىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. بۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوراللىق مۇھاجىتلارنىڭ پارتىزانلىق ۋە ئادەم تەربىيلەش ھەرىكتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ مۇنتىزىم قوشۇن تەربىيلەشكە كىم توسالغۇ بولىۋاتىدۇ؟ ئاتالمىش ئىسلام دۆلتىگە بېرىپ ئۆزىنى پىدائىيلىققا تىزىمغا ئالدۇرۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىتلارغا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كونسۇلخانا، ئەلچىخانا ئالدىدا پىدائىيلىق ئېلىپ بېرىشقا كىملەر توغرا پەتىۋا بېرەلمەيۋاتىدۇ؟ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش سىياسىتىگە، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر دىنىي ئالىملار، ئۆلىمالار بىرلىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جىھاد قىلىش پەرىز ئەيىن دېيىشىگە كىملەر، نېمىلەر توسالغۇ بولىۋاتىدۇ؟ دۈشمىنىمىزنى ئېنىق تونۇيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟